مەمتىمىن ھوشۇر ئەسەرلىرى 3

# قىرلىق ئىستاكان



شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى



مەمتىمىن ھوشۇر ئەسەرلىرى 3

# قىرلىق ئىستاكان



شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرلىرى : ئابلىكىم ھەسەن
قەلبىنۇر قادىر ئارسلان
مەسئۇل كوررېكتورى : ئابلىز ئابباس
مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى : غالىب شاھ

مەتتىمىن ھوشۇر ئەسەرلىرىدىن تاللانما (3)

**قىرلىق ئىستاكان**

ئاپتورى : مەتتىمىن ھوشۇر

*

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 2 - كوچا 1 - قورۇ، پ : 830049)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
ئۈرۈمچى دېڭىز - ئوكيان رەڭلىك باسما چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئۆلچىمى: 850×1168مم، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى : 11.875
2010 - يىل 5 - ئاي 1 - نەشرى
2010 - يىل 5 - ئاي 1 - بېسىلىشى
ISBN978-7-5371-8535-6
سانى : 1-5000
باھاسى : 30.00 يۈەن
بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز

# مۇندەرىجە

## ھېكايىلەر


سارالڭ ........................................ 1
بۇرۇت ماجراسى .............................. 28
قىرلىق ئىستاكان .............................. 50
ئالتۇن چىشلىق ئىت ........................... 96
چار خوراز .................................... 124
ئويغاق تۇرۇپ كۆرگەن چۈشلەر ................ 157
داپ ........................................... 181


## پوۋېست


ساۋاقداشلار ................................. 206

# ساراڭ

بىر نەرسە يېزىۋاتقان چېغىمدا ئۆيدىكىلەرگە : «مېنى قانداقلا ئادەم ئىزدەپ كەلسە ، ئۆيدە يوق دەڭلار» دەپ تاپىلاپ قويىدىغان ئادىتىم بار ئىدى . نېمە قارا باستىكىن ، بىر كۈنى ھويلىدا خىيال قىلىپ تۇرۇۋىدىم ، دەرۋازا شاراقلاپ قالدى . ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىرىپ كېتىشنى بىئەپ كۆردۈم ـ دە ، بېرىپ دەرۋازىنى ئاچتىم . ئالدىمدا ياش قۇرامىنىڭ نەچچىدىلىكىنى دەرھال پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان بىر كىشى تۇراتتى .

— بىر ئەسەر ئەكېلىۋىدىم ، كۆرۈپ بېقىشقا ۋاقتىڭىز يېتەمدىكىن ؟ — دەپ ناھايىتى سىپايە گەپ قىلدى ئۇ . «ياق» دېيىشكە ئاغزىم بارمىدى .

— قېنى ، ئۆيگە كىرىڭ ، — دېدىم .

مېھمان ئۆيگە كىرىپلا :

— سوغۇق سۇيىڭىز بارمۇ ؟ — دېدى .

— نېمە قىلىسىز ؟

— ئىچىمەن .

— چاي ئىچمەمسىز ؟

— سوغۇق سۇغا يەتمەيدۇ . سوغۇق سۇ تەبىئەتنىڭ ئۆز مېۋىسى ، قاينىتىپ ، قۇۋۋىتىنى ئۇچۇرۇۋەتكەن سۇدا نېمە مەززە بار دەيسىز ؟...

بىزنىڭ بۇ يازىدىغان ئاغىنىلەر ئىچىدە خىلمۇخىل ئادەملەر

ئۇچرايدۇ . مېھماننىڭ گېپىگە ئانچە ھەيران بولمىدىم . قىزىل بىر چىنە سوغۇق سۇ ئەكىرىپ بېرىۋىدى ، مېھمان ئۆرە تۇرۇپلا ئىچىۋېتىپ ، ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى ، ئاندىن چاپىنىنىڭ قويۇن يانچۇقىدىن ئەسەرنىڭ ئورگىنالىنى ئېلىپ ماڭا سۇنۇپ تۇرۇپ :

— بۇنى ھېكايە دېسەم بولارمۇ ، نېمە دېسەم بولار ؟ ياراپ قالغۇدەك بولسا ، ئۆزىڭىزنىڭ نامىدىلا ئېلان قىلىۋەتسىڭىزمۇ بولىدۇ ، — دېدى .

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز ؟ — مەن ھەيران بولدۇم .

— ئەمدى مېنىڭ دېگىنىم ، — دەپ چۈشەندۇرۇشكە باشلىدى ئۇ ئورگىنالنى ئالدىغا قويۇپ تۇرۇپ ، — ئانچە - مۇنچە بىرنېمىلەرنى يېزىپ ، كۆڭلۈمنى خۇش قىلىپ يۈرگەن بولسامۇ ، بۈگۈنگىچە بىرەرنى مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىپ باقمىغان . قاملاشمىغان بولسا ، خەق مېنى زاڭلىق قىلىدۇ ؛ قاملاشقان بولسا ، «چوقۇم باشقا بىرى يېزىپ بېرىپتۇ ياكى بولمىسا بىر يەردىن كۆچۈرۈپ ئوغرىلاپتۇ» دېيىشىدۇ . ئۇنىڭدىن ، ئۆزىڭىزنىڭ نامىدا ئېلان قىلىۋېرىڭ . يازغان نەرسەمنى خەقنىڭ ئوقۇغىنىنى كۆرسەملا ، ماڭا شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە…

ھەيران بولغىنىمدىن نېمە دېيىشىمنى ئۇقماي ، ئورگىنالنى قولۇمغا ئالدىم . مېھمان ھېلىقى سۇ ئىچكەن قاچىسىغا قاراپ - قاراپ قويۇپ ، قانداقتۇر بىر ئاھاڭغا غىڭشىپ ماڭا قاراپ ئولتۇردى .

ئەسەرنى باشتىن - ئاياغ ئوقۇپ چىقتىم . راستىنى ئېيتسام ، تازا بىر نەرسە چۈشىنىپ كېتەلمىدىم . ھېكايە (ئەگەر

ئۇنى ھېكايە دېيىش مۇۋاپىق بولسا )نىڭ بەزى يەرلىرى قاملاشقاندەكمۇ قىلاتتى ، بەزى يەرلىرى يەنە بىر قىسمىراق تۇراتتى . بولۇپمۇ مەزمۇنى ، ئادەمنىڭ بېشىنى قاتۇرىدىغان نەرسىمۇ شۇ . ئاپتورنىڭ نېمە ئىدىيىنى ئىلگىرى سۈرمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرماق تەس ئىدى··· يېقىندىن بېرى تەھرىر بۆلۈمىمىزگە مۇشۇنداق چۈشەنمەك تەسكە توختايدىغان بىر قىسىم ئەسەرلەر كېلىدىغان بولۇپ قالغانىدى . تۇرۇپ ، «بۇمۇ مۇشۇنداق يېڭى ئۇسلۇبتىكى بىرنېمە بولۇپ قالمىسۇن يەنە ؟ !» دەپ ئويلاپ قالدىم . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئورىگىنالدىكى بەزى خەتلەر تازا ئوچۇق ئەمەس ئىدى ، بەزى يەرگە كەلگەندە قەلەمنىڭ سىياھى يېتىشمەي قالغاندەكمۇ قىلاتتى .

— ماۋۇ يەرلەر نېمانچە تۇتۇق ؟ — دېۋىدىم ، مېھمان ئورنىدىن «لىككىدە» قوپۇپ ، ئۈستەلنىڭ ئۇ تەرىپىدە تۇرۇپ ، بۇ تەرەپكە بويىنىنى سوزدى :

— قېنى ، قېنى ؟ ھە ، كۆزدىن كەتتۇق دەڭە ، كۆزدىن . كۆزەينەك تاقاي دېسەم ، كۆرگەن ـ بىلگەنلەر : «ماۋۇ نېمىنىڭ ھالىغا باقماي ، كۆزەينەك تاقاپ كەتكىنىنى قاراڭلار !» دەپ قالامدىكىن ، دەپ تاقالماي يۈرىمەن··· ھېس قىلغانسىز ؟ زامان بەك تېز ئۆزگىرىپ كېتىۋاتىدۇ . ئالدىنقى يىللىرىدا دېھقانلار كەتمەن ـ گۈرجەكنى كۆتۈرۈپ : «گەندە بولسا تارتىۋالساق ، كۈزدە ئانچە ـ مۇنچە سەي ـ كۆكتات بېرەرمىز» دەپ ئېشىكىمىزدىن كەتمەيدىغان ، ھازىر «ماۋۇ خالىي جاينى تارتىۋەتسەڭ» دېسىڭىز ، «قانچە بېرىسەن ؟ !» دەيدۇ . بەزىلىرى تېخى «مېنى نېمە كۆرۈۋاتىسەن ؟ !» دەپ بىرمۇنچە رەنجىيدۇ··· ھە ، ھە ، سىياھى سۇسكەن ، دەمسىز ؟ قەلەمنىڭ سىياھى تۈگەپ

قالسا ، ئالدىرىغاندا ئۇنىڭ ئۇچىغا تۈكۈرۈپ - تۈكۈرۈپ قويۇپ يېزىۋېرىدىغانمۇ ئادىتىم بار دەڭە . ئۇنداق چاغدا سىياھ سۈمۈرتمەن ، دېسىڭىز ، كاللىغا كەلگەن گەپ قېچىپ كېتىدۇ . ھېلىقى ، ئىلھام قاچتى ، دېگىنىمىز شۇمىكىن ؟... ھە ، راست ، مۇشۇ تۈكۈرۈكنىڭ خاسىيىتى توغرىسىدىمۇ بىر نەرسە يازسامىكىن ، دېگەنىدىم ، يېزىپلا قالسام ، ئەكىلىپ كۆرسىتىمەن . مەسىلەن ، ئالايلى : دېھقان كەتمەن چاپقاندا قولىغا تۈكۈرىدۇ ، ئۇغۇ كەتمەننىڭ سېپىنى چىڭ تۇتىمەن ، دەپ شۇنداق قىلىدىغاندۇ ، ئەڭ قىزىقى ، يۈگۈرۈشكە چۈشكەن تەنتەربىيىچىلەرمۇ قولىغا تۈكۈرۈپ قويىدۇ . بەزىلەر سوقۇشۇپ قالسا بىر - بىرىنىڭ يۈزىگە تۈكۈرىدۇ ، بىزنىڭ كونا ئادىتىمىزدە بالىلارنىڭ بېشىغا چاقا چىقىپ قالسىمۇ چوڭلار تۈكۈرۈپ قويىدۇ . ئىشقىلىپ ، يازىدىغان بولسا بۇمۇ خېلى قىزىق بىرنېمە بولۇپ چىقىدۇ جۇمۇ... ئاڭلىدىڭىزمۇ ؟ بۇ يىل خوتەندە پاختىنىڭ باھاسى چۈشۈپ كېتىپتۇدەك... سىز نېمىشقا خوتۇنىڭىزغا ۋېلىسىپىت ئېلىپ بەرمەيسىز ؟... مۇنىڭدىن كېيىن قارمۇ نورمىلىق ياغقۇدەك... شىمالىي قۇتۇپقا يېقىن بەزى مەملىكەتلەردە كانكى باغلاپ ئىشقا بارىدۇ ، دەيدۇ ، راستمۇ ؟...

ھېلىقى ئاپتور مۇشۇنداق باش - ئۇچى يوق گەپلەرنى قىلغىلى تۇردى . «يائاللا ! بۇ ئاغىنىنىڭ ئەقلى جايىدا ئەمەسمۇ ، قانداق ؟» دەپ گۇمانلىنىپ قالدىم . «نېمىدەپ جۆيلۈۋاتىسەنوي ؟ !» دېمەكچىمۇ بولدۇم ، تۇيۇقسىز كاللامغا : «بۇنىڭ دەۋاتقانلىرىمۇ مەنىسى چوڭقۇر ، ئەمما دەرھال چۈشەنگىلى بولمايدىغان ھېلىقى يېڭى ئۇسلۇبتىكى گەپ - سۆزلەردىن بولۇپ يۈرمىسۇن !...» دېگەن گۇمان كەلدى - دە ،

ئۆزۈمنى ھەممىنى چۈشەنگەنگە سېلىپ «ھە» دەپ بېشىمنى لىڭشىتىپ ئولتۇرۇۋەردىم. ئاخىردا:

— بولىدۇ، ئەسىرىڭىزنى تەھرىر بۆلۈمدىكىلەر بىر كۆرۈپ باقسۇن، كېيىن جاۋابىنى بېرەيلى، — دېدىم.

ئۇ ناھايىتى ئەدەپ بىلەن:

— رەھمەت! — دەپ ئورنىدىن تۇردى.

«خۇداغا شۈكرى» دەپ يۈرىكىم ئورنىغا چۈشتى. «زادى مۇشۇ ئەسىرىم سىزچە بولامدۇ ـ بولمامدۇ؟» دەپ يېپىشىۋالغان بولسا، نېمە دېگىلى بولاتتى؟

— ھېلىقى گەپنى ئۇنتۇماڭ ـ ھە! — دېدى مېھمان ئىشىك ئالدىغا بارغاندا، — ئەسىرىم يارىغۇدەكلا بولسا، ئۆزىڭىزنىڭ نامىدا ئېلان قىلىۋېتىڭ، يازغىنىمنى مەتبۇئات يۈزىدە بىر كۆرۈپ، يۈرىكىمنى توختىتىۋالسام، كېيىنكى ئەسەرلىرىمنى ئۆز نامىمدا ئېلان قىلارمەن… گەپلىرىم تاقا ـ تۇقا بىلىندىمۇ، قانداق؟ ھەممە نېمە ئۆزگىرىۋاتىدۇ، دېدىمغۇ. ھاۋا رايىچۇ؟ 2 ـ ئايدا يامغۇر ياغقىنىنى قارىماسىز؟ بۇدا بىرلا قاتتىق بوران چىقسا ھۆپۈپ كېلەمدىكىن، دەيمەن…

— راست، توختىڭا، — دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتىم، — بۇ ئەسىرىڭىزگە ماۋزۇ قويماپسىزغۇ؟

— «ساراڭ» دەپلا ماۋزۇ قويۇپ قويۇڭ!

ئاپتور چىقىپ كەتتى. «نېمە گەپ بولۇپ كەتتا!» دەپ ئورنۇمدا بىرھازا ئولتۇرۇپ قالدىم. ئورىگىنالنى باشقىدىن قولۇمغا ئېلىپ، كۆز يۈگۈرتتۇم. ھېكايە مۇنداق يېزىلغانىدى.

*                    *

بازار ئىچىدە دۇكاندار بىر ئاغىنىمىز بولىدىغان. ئۇ تەنقىدلەنسىمۇ ئىسمى گېزىت - ژۇرناللارغا بىر چىقىپلا قالسا خۇش بولىدىغان ئەخمەقلەردىن بولمىغاچقا، ئۇنىڭ نامىشەرىپىنى بۇ يەردە «سەمەتجان» دەپ ئاتاپ تۇرايلى. سەمەتجان كىيىم - كېچەكگە ئانچە ئېتىبار بېرىپ كەتمەيتتى. قاچانلا قارىسىڭىز ئۇچىسىغا ئۆڭۈپ كەتكەن، ئۇزۇن - قىسقا نەرسىلەرنى كىيىۋېلىپ يۈرۈۋېرەتتى. «مال ئىگىسىنى دورىسا ھارام» دەپ، ئۇنىڭ دۇكىنىمۇ بىر تەرەپكە قىيسىيىپ كەتكەن، پەقەت ياغاچنىڭ خىللىقىدىنلا ھازىرغىچە ئۆرە تۇرۇۋاتقان كونا دۇكانلاردىن ئىدى؛ دۇكىنىغىمۇ مىخ، سوپۇن، قارىچاي، تازىلىق قەغىزى، ئارغامچا، چاق، سېنكا بوياق دېگەندەك ئۇدۇل كەلگەن نەرسىلەرنى ئەكېلىپ تۆكۈپ قويۇۋېتەتتى. دۇكاننىڭ ئىچىدە مال قويىدىغان كىچىككىنە تارچۇقمۇ بار ئىدى. بىز ئۈچ-تۆت ئاغىنە ھەر يەكشەنبە شۇ يەرگە كېلىپ يىغىلىپ قالاتتۇق. ئۇ يەرنى «تارچۇق» دېسەك سەل ھۆرمەتسىزلىك بولىدىغاندەكمۇ تۇرىدۇ. «كىچىك ئۆي» دەيمۇ قويايلى. بۇ ئۆي يازدا سالقىن بولاتتى. قىشتا سەمەتجان ئۇ يەرگە كونا مەشتىن بىرنى تېپىپ قويۇپ، ئازراق ئوت قالاپ قوياتتى. بىر - ئىككى رومكىدىن ئىچىپ، ئۆزىمىزنىڭ پارىڭىنى قىلىپ، بازارنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭىدىن خالىي، خېلى كۆڭۈللۈك ئولتۇراتتۇق. نېمە پاراڭ بولىدۇ، دەيسىلەر. ئارىمىزدا غازى ئىسىملىك بىرەيلەن بار ئىدى، ئۆزىمۇ غەلىتە كىيىنىپ يۈرۈشنى ياخشى كۆرىدىغان نېمىدى، يېقىندىن بېرى قوينىڭ توققۇزتونلۇقىدەك ئون-

يىگىرمە يەردە قات ـ قات يانچۇقى بار بىر چاپاننى ئۈستىدىن چۈشۈرمەي كىيىپ يۈرەتتى ، غەلىتە گەپلەرنى تېپىپ كىشىنى ھەيران قالدۇراتتى .

«ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ پالانى يەردە بىر خوتۇن توققۇزنى تۇغۇپتۇدەك ، ئۇنىڭ سەككىزى ئادەمگە ئوخشايدىكەن ، يەنە بىرىنىڭ نېمىگە ئوخشايدىغانلىقىنى تېخى تەكشۈرۈۋېتىپتۇ... تۇگمەن مەھەللىدە بىرىنىڭ بىر خورىزى بار ، دەپ ئاڭلىدىم ، ھازىرغىچە ئۇنىڭغا تەڭ كېلىدىغان خوراز چىقماپتۇدەك ، خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن ھېلىقى خورازنىڭ پېشانىسىدە بىرلا كۆزى بار ، دەيدۇ... ئامېرىكىدا ھازىر ئەرلەر ئەرلەرگە ئۆيلىنىپ ، خوتۇنلار خوتۇنلارغا تېگىدىغان ئىش چىقىپتۇ... گاگارىن ئايغا چىققاندا ، ئىككى ئادەمنى ئۇچرىتىپتۇدەك ، نېمە ئادەملەر سىلەر؟ دەپ سۈرۈشتۈرسە ، ئوقەت قىلغىلى چىققان ئاتۇشلۇقلاركەن... »

مۇنداق گەپلەرنى ئۇنىڭ نەدىن تاپىدىغانلىقىغا ئەقلىمىز يەتمەيتتى . ئەنۋەر دەپ يەنە بىرەيلەن بار ئىدى . ئۆزىنى ياساپ ـ تۈزەپ ، ئەپچىلگىنە بۇرۇت قويۇپ يۈرەتتى ، چاقچاققىمۇ ئۇستا ئىدى . ئەر ـ خوتۇن ئوتتۇرىسىدىكى ئەپسانە ئىشلارنى ھېكايە قىلىپ ، كۈلدۈرۈپ ئۇچەيلىرىمىزنى ئۈزۈۋېتەتتى . ئۆزىمۇ ھەممىمىز بىلەن ئەپسانە تىللار بىلەن چېقىشقاچقا ، بىزمۇ ئۇنى «ھەي ‹ئەپسانە ! ›» دەپلا قىچقىرىۋېرەتتۇق . مەن ئۇلارغا ئوقۇغان كىتابلىرىمدىن ئانچە ـ مۇنچە بىرنېمىلەرنى سۆزلەپ بېرەتتىم . سەمەتجان سودىسىنى قىلىپ ، پات ـ پات بىزنىڭ يېنىمىزغا كىرىپ بىرەر رومكا ھاراق ئىچىپ ، پاراڭ تىڭشاپ ئولتۇراتتى .

بىر كۈنى تالادا قار يېغىپ جۇدۇن بولۇۋاتاتتى . مەشكە تازا

ئۆتنى قالدۇرۇپ، پاراڭلاشقاچ ئىچىپ ئولتۇراتتۇق. بىرەيلەن:
— ناسۋال بارمۇ؟ — دەپ بىز ئولتۇرغان تارچۇقنا بىشىنى تىقىپ كىردى.
— ناسۋال يوقتى، — دېدى سەمەتجان ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ.
— پاھ، تازا مەززە قىلىپسىلەر - دە! — دەپ ھېلىقى خېرىدار مەشنىڭ يېنىغىلا كېلىپ، مۇزلىغان قوللىرىنى ئوتقا سۇندى.
— ئولتۇرۇڭ، ئىسسىنىۋېلىڭ! — دېيىشتۇق.
— ناسۋال دېگەن نېمىنى ئىزدىمىگەن يېرىم قالمىدى، — دېدى ئۇ سەمەتجان قويۇپ بەرگەن ياغاچ يەشىككە كېلىپ ئولتۇرۇپ، — بىر قېرى ئادەم «تاپقاچ چىقساڭ» دەپ بەك جېكىپ كېتىۋىدى. سىلەرنىڭ مۇشۇ دۇكاندا بار، دەپ ئاڭلىۋىدىم.
— بار ئىدى، تۈگەپ كەتتى. ھازىر ناسۋال دېگەننى چېكىدىغانلار ئازلاپ كەتكەچكە، ياسايدىغانلارنىڭمۇ تايىنى يوق. ماڭا بىر كىشى ئەكېلىپ بېرىدىغان، ئۇزۇن بولدى كەلمىدى… ھاراق ئىچەمسىز؟ — دەپ سورىدى سەمەتجان قولىدىكى رومكىنى خېرىدارغا سۇنۇپ.
— بوپتۇ، ئىچىپ قوياي.
خېرىدار بېشىدىكى قۇلاقچىسىنى ئېلىپ تىزىغا قويۇپ، ھاراقنى «گۇپپىدە» كۆتۈرۈۋېتىپ، رومكىنى قايتۇرۇپ بەردى.
— يائاللا، ماۋۇ سوغۇقنىڭ بولۇۋاتقىنىنى، — دېدى ئۇ ئاغزىنى ئالقىنى بىلەن ئېرتىپ تۇرۇپ، — باشقىچە ئويلاپ قالماڭلار، ئەپلىكرەك يەرنى تاپسام، ئازراق ئىچىپ

قىزىقۋالىمەن ، دەپ ماۋۇ بىر بوتۇلكا ھاراقنى ھېلىلا ماگىزىندىن ئېلىپ ، يانچۇققا سېلىۋالغانىدىم . تەڭ ئىچەيلى… پەيزىڭلارنى بۇزۇپ قويدۇممۇ ـ يا ؟ !

— ياق ، ئۇ نېمە دېگىنىڭىز…

ساقىيلىق قىلىۋاتقان غازى خېرىدار سۇنغان ھاراقنى قولىغا ئېلىپ ، بىر ئۇنىڭ ماركىسىغا ، بىر خېرىدارغا قاراپ :

— ھارىقىمىزمۇ يېتەرلىكتى . بوپتۇ ، بۇمۇ سىزنىڭ كۆڭلىڭىز ، — دەپ يېنىغا قويۇپ قويدى .

شۇنداق قىلىپ ، يەنە بىر ـ ئىككى رومكىدىن ئىچتۇق . خېرىدار ئۈچىنچى رومكىنى قولىغا ئېلىپ :

— بىر كۆرگەن تونۇش ، ئىككى كۆرگەن تۇغقان ، دېگەن گەپ بار . بۈگۈن ھەربىرىڭلار بىلەن تونۇشۇپ قالدىم ، كېيىن تۇغقانمۇ بولۇپ كېتەرمىز… بىر ناخشا ئېيتىپ بەرسەم قانداق دەيسىلەر ؟ — دېدى .

بۇ سودا بولۇپ تۇرىدىغان دۇكان بولغاچقا ، بىز ئەزەلدىن بۇ يەردە ناخشا ئېيتىشمايتتۇق . نېمە دېيىشىمىزنى بىلمەي سەمەتجانغا قارىدۇق .

— قېنى ، ئۇنچىلىك پەيزىڭىز بولسا ئاڭلايلى ، — دېدى سەمەتجان .

خېرىدار كۆزىنى سەل يۇمۇپ ، بىر قولىنى قۇلاقچىسىنىڭ تۆپىسىگە ئۇرۇپ تۇرۇپ ناخشىسىنى باشلىدى . ئۇ كونا ناخشىلارنى بوش ئاۋازدا يىغلىق قىلىپ ئېيتالايدىكەن .

بىردەمدىن كېيىن تالادا جۇدۇن كۆچىيىپ ، يىغىۋاتقان قار شىۋىرغانغا ئايلىنىپ كەتتى . سودىنىڭمۇ تايىنى بولمىدى .

— دۇكاننى ئىچىدىن ئېتىۋېلىپ ، ئارامخۇدا ئولتۇرىمىزمۇ ـ

يا ؟ — دەپ ئورنىدىن قوپتى سەمەتجان .
— ھوي ، توختاپ تۇرۇڭ ، مەن بىر سەرەڭگە ئەكىلىۋالاي ، سىلەرنىڭ دۇكاندا بارمۇ - يا ؟
— دۇكاندا سەرەڭگە يوق . ئەنە مەشتە ئوت بارغۇ .
— ياق ، تاماكا ئالىدىغان ئىشىممۇ بار ئىدى ، — دەپ تالاغا ماڭدى خېرىدار .
ئۇ شۇ چىقىپ كەتكەنچە يوقىلىپ كەتتى . دۇكاننىڭ ئىشىكىنى قىيا يېپىپ قويۇپ ، بىر - ئىككى سائەت كۈتتۇق ، يوق . ھارىقىمىزنى ئىچىپ ، ئۆزىمىزنىڭ پارىڭى بىلەن ئولتۇرۇۋەردۇق ، تۇرۇپلا بىرەرىمىزنىڭ ئېسىگە كېلىپ قالسا :
— ھوي ، ھېلىقى ئاداش نەگە يوقىدىھوي ؟
— جۇدۇندا كەچ قالماي دەپ ئۆيىگىلا قاراپ ماڭدىمۇ - يا ؟
— بەلكى بىرەر يېقىن ئاغىنىسى ئۇچراپ قالغاندۇ…
— ئۆزى زادى مەستمۇ ، ساقمۇ ؟
— ناخشىنى يامان ئەمەس ئېيتىدىكەن - ھە ! — دېيىشىپ قوياتتۇق .
شۇ كۈنى قىزىق پاراڭلار بىلەن دۇكاندا خۇپتەنگىچە ئولتۇرۇپ ، راۋۇرۇس تەڭشىلىپ قايتىپتۇق .
تۈن يېرىم بولغان ۋاقىتمىكىن ئەيتاۋۇر ، دۇكاندا ئولتۇرغان تۆتىلىمىزنى ساقچى ئۆي - ئۆيلىرىمىزدىن يىغىۋالدى . مېنىڭمۇ ھاراق تازا تۇتۇپتىكەن ، موتىسىكلىتتە سىلكىنىپ ئولتۇرۇپ جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىگە قانداق يېتىپ كەلگىنىمنىمۇ بىلمەي قالدىم . كىرسەم ئېلېكتىر چىراغلىرى يوپيورۇق يورۇتۇۋەتكەن يوغان بىر بۆلۈمدىكى ئۆزۈن ئورۇندۇقتا سەمەتجان ، غازى ، «ئەپسانە»لەر سالپىيىپ

ئۇلتۇرۇپ كېتىشىپتۇ. كۆزۈمگە ئۇستەل - ئورۇندۇق، تامدىكى رەسىملەر، يۇقىرىدا ئولتۇرغان بىر - ئىككى ساقچى خادىمى غۇۋا كۆرۈنەتتى...

سوراق باشلاندى. «دۇكانغا كىرگەن بىر خېرىدارنىڭ پۇلىنى ئېلىۋاپسىلەر» دېگەن گەپ بولۇۋاتقانلىقىنى سەل پەملەپ قالدىم. ھەممىمىز: «توۋا ماۋۇ تۆھمەتنى!» دېيىشىپ ياقىمىزنى تۇتۇشتۇق. غازىنىڭ كۆزى چەكچىيىپ كەتتى، ئورنىدىن قوپۇپ، بىرنېمىلەرنى دەپ خېلى قايناپ باقتى... يەنە نېمە گەپلەر بولدى، ئېسىمدە يوق. ئاخىرىدا يۇقىرىدا ئولتۇرغان بىر ساقچى (باشلىقىمىكىن دېدىم):

— ھەممىڭلار تېخىچە مەستلىكىڭلاردىن يېشىلمەپسىلەر، ئەتە پاراڭلىشايلى. ئوبدانراق ئويلىشىپ قويۇڭلار! — دەپ چىقىپ كەتتى.

بىزنى ئىشىك تۈۋىدە تۇرغان بىر ساقچى ئەگەشتۈرۈپ چىقىپ، ھويلىنىڭ ئارقا تەرىپىگە ئۆتكۈزۈپ، ئايرىم - ئايرىم ئۆيلەرگە قاماپ قويدى. مەن كىرگەن ئۆي چاققانغىنە ئۆيكەن. يۇقىرىدا بىر ياغاچ كارىۋات قويۇقلۇق تۇرۇپتۇ. نېمىشقا ئىسسىقكىن دېسەم، تالا تەرەپتىن ئوت قالىنىدىغان بىر تام مېشىمۇ بار ئىكەن. «يامان ئەمەسكەن، تۆتىمىزنى ئايرىۋەتمىگەن بولسا، قانچە كۈن ياتساقمۇ پاراڭ بىلەن گۇڭگۇر - مۇڭگۇر زېرىكمەيتتۇقكەن» دەپ ئويلاپ قالدىم.

ئەتىسى بىزنى سوراقمۇ قىلمىدى، چۈشكە يېقىن قويۇۋەتتى. ئۇقساق، ھېلىقى كاززاپ خېرىدار بىزنى ساقچىخانىغا چېقىپ سولىتىۋېتىپ، سەھەرگە يېقىن سەمەتجاننىڭ دۇكىنىغا ئوغرىلىققا چۈشۈپ، ئۆزى تۇتۇلۇپ قاپتۇ. «يائاللا، ماۋۇ

ئوغرىلارنىڭ ھىيلىسىنى» دەپ ھەيرانلا قالدۇق .

ئەگەر بىرەرى ئارقىڭىزدىن كېلىپ قولاق تۈۋىڭىزگە بىرنى سالىدىغان بولسا ، قانداق قىلىسىز ؟

بۇ سوئالغا ھەرقانداق ئادەم :

— مەنمۇ ئۇنىڭ قولاق تۈۋىگە كەلتۈرۈپ قويىمەن ! — دەپ جاۋاب بېرىدۇ .

ئەمەلىيەتتە ئۇنداق قىلالىشىڭىز ناتايىن .

ھېلىقى ۋەقە بولۇپ ، بىر - ئىككى ئايغىچە سەمەتجان دۇكىنىنى ئاچمىدى . بىر كۈنى ، زېرىكىپ چوڭ كوچىنىڭ ئوتتۇرىسى بىلەن كېتىۋاتاتتىم ، ئارقامدىن ۋاراڭ - چۇرۇڭ كۆتۈرۈلگەندەك بولدى . ئۆزۈمنىڭ خىيالى بىلەن بولۇپ مېڭىۋېرىپتىمەن . قولاق تۈۋىمگە بىر نەرسە «ۋاڭڭىدە» تېگىپ ، كۆزلىرىمدىن ئوت چاقناپ كەتتى . ئارقامغا ئىتتىك بۇرۇلۇپ قارىسام ، چىرايى قاپقارا بولۇپ كەتكەن گەۋدىلىك بىرنېمە يەنە ئۇرماقچى بولۇپ قولىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپتۇ . ھېلىقى ئادەمنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت يېنىپ تۇرىدۇ . ئەتراپتىكى ئادەملەرمۇ قورقۇنچقا چۈشۈپ ، بىز تەرەپكە قارىشىپ تۇرغانىكەن . كىمدۇر بىرى «قاچ ، ساراڭ !» دەپ ۋارقىرىدى . نەگە قاچىمەن ؟ مىنۇتلا كېچىكسەم يەنە بىر مۇشت يەپ ، ئۆزۈمنى يەردە كۆرۈشۈم تۇرغانلا گەپ . ئېتىلىپ بېرىپ ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ ، كانىيىغا ئېسىلدىم . ئىككىمىز پومداقلىشىپ كەتتۇق . ئىككى - ئۈچ تېپىك يېدىم ، بىقىنلىرىمغىمۇ بىرنەچچە مۇشت تەگدى . بەختىمگە ئۈستىمىزگە ساقچىلار كېلىپ قېلىپ ، مېنى ئاجرىتىۋالدى . ھېلىقى ساراڭ بازارنى ئاستىن - ئۈستۈن

قىلىپ ، ئادەملەرنى سۇر - توقاي قىلغىنىچە يۈگۈرۈپ يەنە بىر كوچىغا كىرىپ كەتتى .

ساقچىلارنىڭ ئىچىدىكى جۈغى كىچىكرەك بىرى ماڭا ۋارقىراپ كەتتى :

— نېمانداق ئۆزىڭىزنى ئايىمايدىغان ئادەمسىز ! ؟

— مەن نېمە قىلدىم ؟

— ئۇنىڭغا ئېسىلغۇچە قاچسىڭىز بولمامدۇ ؟

بۇ گەپكە ھەيران قالدىم . يەنە كېلىپ ، بۇ گەپ بىر قانۇننى قوغدىغۇچىنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتاتتى . مەن ئۇلارغا :

— بىكاردىن - بىكار ئادەم ئۇرسا بولامدۇ ؟ مېنىڭ شەخسىي ئىززەت - ھۆرمىتىم دەخلى - تەرۇزگە ئۇچرىدى . سىلەر ئۇنى تۇتۇپ ، جازالاپ بېرىشىڭلار كېرەك ، — دېدىم .

گېپىمنىڭ ئاقمايدىغانلىقىنى نەدىن بىلەي ، ساقچى ئاغىنىلەر كۈلۈشۈپ كەتتى : «قويۇپ بەرگەن بولساق ، بىقىنلىرىغا يەنە ئازراق مۇشت يېگەن بولسا بوپتىكەن» دېيىشىۋىدى ، ئەتراپقا ئولاشقانلارمۇ «پاراققىدە» كۈلۈۋېتىشتى . ئۆزۈمنى تاياق يېگەندىنمۇ بەتتەر ھاقارەتلەنگەندەك ھېس قىلدىم . جۈغى كىچىك ساقچى ئاغزىنى قىيسايتىپ مەنسىتمىگەندەك كۈلۈپ :

— ئۇ دېگەن ساراڭ ، ساراڭ بىلەن تەڭ بولىدىغانغا سەنمۇ ساراڭمۇ ! ؟ — دەپ كۆزۈمگە قادالدى .

— دېمەك ، ساراڭلار ئادەم ئۇرسا بولۇۋېرىدىكەن - دە ؟ !

— ساراڭغا سوت يوق ، دېگەننى ئاڭلىمىغانمۇسەن ؟

جۈغى كىچىك ساقچىنىڭ چىرايىنى مايماق قىلىپ كۈلگەن نەپرەتلىك كۈلكىسى جان - جېنىمدىن ئۆتۈپ كەتتى… ئۆيگە

بىرىپ كۆپكۆندۈزدە كەلگەن بۇ توغرا بالا ـ قازانى ئايالىمغا سۆزلەپ بىرىۋىدىم ، ئۇمۇ :
— يائاللا ، خۇدايىم بىر ساقلاپتۇ ـ دە ! راست دېگەندەك ، قاچماي نېمىدەپ ئۇنىڭغا ئېسىلىپ يۈرگەنسىز ؟ — دېدى .

شۇنىڭدىن باشلاپ ، ئىككى بىقىنىم قىسىپ ئاغرىيدىغان بولۇپ قالدى . نېرۋامدىنمۇ مەسىلە چىققاندەك قىلاتتى . ئۆيدە يالغۇز قالسام‍لا قورقىدىغان ، ئۆز ـ ئۆزۈمدىن چۆچۈيدىغان بولۇپ قالدىم . يېنىمدىن بىرى ئىتتىكرەك مېڭىپ ئۆتۈپ كەتسىمۇ يۈرىكىم سېلىپ ، ئاغزىمغا تىقىلىپ قالاتتى . ئايالىم : «دوختۇرغا بىر كۆرۈنۈپ باقسىڭىز بولامدىكىن» دەپ مەسلىھەت بەردى . خوتۇنىمنىڭغۇ قورقمايمەن ، ئەمما ئۇنىڭ گېپىنىمۇ ئوڭايلىقچە يەردە قويمايمەن . ئەتىسى ئەتىگەندىلا دوختۇرخانىغا بىرىپ ، ئۆزۈن ئۆچىرەتتە تۇرۇپ نومۇر ئالدىم . ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمىگە كىرىۋىدىم ، ئوتتۇرا ياش ، تولۇق كەلگەن بىر دوختۇر ئايال قولۇمدىن قەغەزنى ئالدى . «ياش ۋاقتىدا خېلى چىرايلىق نېمە بولسا كېرەك» دەپ ئويلاپ قالدىم . ئۇمۇ كۆڭلۈمدىكىنى سەزگەندەك قىلىپ ، ماڭا بىر قىسمىلا قاراپ قويدى . «ئېرىنىمۇ جىق ئالدىغان نېمىغۇ دەيمەن ؟…» دەپ ئۆچلۈكۈم كېلىپ قالدى . دوختۇر ئاق خالىتىنىڭ يانچۇقىدىن تىڭشىغۇچنى ئېلىپ ئۈستەلگە قويۇپ تۇرۇپ :
— نەدە ئىشلەيسىز ؟ — دەپ سورىدى .
— شۇمۇ گەپ بولدىمۇ ؟ !… سىز دوختۇر بولغاندىن كېيىن ئاۋۋال ئاغرىقتىن «نەرىڭىز ئاغرىيدۇ ؟» دەپ سورىماسىز ؟ — دەپ تېرىكىۋىدىم ، دوختۇرنىڭ يوغان كۆزلىرى ھەيرانلىقتا

تېخىمۇ يوغىناپ كەتتى ، — سىزنىڭ كۆڭلىڭىزدىكىنى بىلمەمدىم؟ ئاۋۋال نەدە ئىشلەيدىغىنىمنى سورىۋېلىپ ، ئىش ئورنۇمنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىگە قاراپ داۋالىماقچىمۇسىز؟… سىزگە مەنپەئەتى تېگىدىغان بىر يەردە ئىشلەيدىغان چىقىپ قالسام ، پالانى ئىشىمنى مۇنداق قىلىۋەتسىڭىز ، دېمەكچىمۇسىز؟ شۇمۇ داۋالاش بولدىمۇ؟! — دەپ ۋارقىرىغىنىمچە چىقىپ كەتتىم .

ھېلىقى ئايال ئارقامدىن «ساراڭ!» دەپ قاراپلا قالدى . ئۆيگە كېلىپ ئەھۋالنى دېۋىدىم ، خوتۇنۇممۇ :

— نېمە دېسە «ھە!» دەپ كۆرۈنۈپ ، دورىڭىزنى ئېلىپ يېنىپ كەلسىڭىز بولمىدىمۇ؟ راست ساراڭكەنسىز! — دېدى .

دوختۇرنىڭ «ساراڭ» دېگىنىگە ئاچچىقىدا تىللىغىنى دەيلى ، خوتۇنۇمنىڭمۇ «ساراڭ» دېگىنى نېمىسى؟ شۇنىڭغا قاراپ ، راست ساراڭ بولغان ئوخشايمەن ، دەپ قالدىم . ئۇنداقتا ، ساراڭ بولماقمۇ تەس ئەمەسكەن - دە!…

بەزىدە چۈشۈمدە ھېلىقى ساراڭنىڭ ئوت يېنىپ تۇرغان كۆزلىرى كۆرۈنگەندەك بولۇپ ، چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتەتتىم… قاراڭغۇ كېچىدە ئارقا كوچىلارنىڭ بىرىدە تەمتىرەپ كېلىۋاتسىڭىز ، يولنىڭ چېتىگە ماشىنىسىنى توختىتىپ قويغان شوپۇر تۇيۇقسىز چىرىغىنى ياندۇرۇپ ، كۆزلىرىڭىزنى قاماشتۇرۇۋېتىدۇ . ئۇنى «يولۇمنى يورۇتۇپ بېرىۋاتىدۇ» دەپ ئويلامسىز؟ ياق ، «كابىنكىدا قىلىۋاتقان ئەسكىلىكىمنى باشقىلار كۆرۈپ قالمىسۇن» دەپ شۇنداق قىلىدۇ . نۇر قانچە كۈچلۈك بولسا ، ئۇنىڭ دالدىسىمۇ شۇنچە قاراڭغۇ بولىدۇ… ئۇنداقتا ،

ھېلىقى ساراڭنىڭ ئوت چاچراپ تۇرغان كۆزلىرىنىڭ ئارقىسىغا نېمە شۇملۇقلار يوشۇرۇنغان بولغىيدى؟… شۇ ساراڭ بىلەن تەڭ بولغىنىمغا قارىغاندا، شۇ چاغدىلا ساراڭ بولۇشقا باشلاپتىكەنمەن-دە!… بولۇپمۇ ھېلىقى ۋىجىك ساقچىنىڭ مەسخىرىلىك كۈلكىسى بىلەن شۇنچە ئادەملەرنىڭ ئالدىدا ھاقارەتلەنگىنىمنى ئويلىسام، پۈتۈن بەدىنىم تىكەنلەشكەندەك بولاتتى.

ھازىرچە، ساراڭ بولغىنىمنى كۆپچىلىك ئادەملەرغۇ بىلىپ كەتكۇدەك بولمىدى. شۇنداق بولسىمۇ ناھايىتى روھىم چۈشۈپ كەتتى…

بىر كۈنى كوچىدا كېتىپ بېرىپ، تۇيۇقسىز ئالدىمدىلا كېتىپ بارغان ساقچىغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. بۇ ھېلىقى جوغى كىچىك ساقچىنىڭ نەق ئۆزى بولۇپ، مەندىن بىر - ئىككى قەدەم نېرىدىلا كېتىپ باراتتى. ئىككى سەكرەپ يېتىشىپ بېرىپ، قولاق تۈۋىگە بىرنى سالدىم، خېلى ئەپلەپ ئۇرغان ئوخشايمەن، يولغا «گۈپپىدە» چۈشتى. چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ، پۈتۈمغا بىر تېپىۋىدى، مەنمۇ دۈملا يىقىلدىم. قانداق قىلدى، دۈمبەمگە دىسلاپ تۇرۇپ، قولۇمنى ئارقىغا قىلىپ باغلىۋالدى (ساقچى دېگەندە ئۇنچىلىك پەم بولمىسىمۇ بولمايدۇ - دە!). شۇ ئارىلىقتا نەدىن پەيدا بولدى، ئاسماندىن چۈشكەندەكلا موتسىكلىتلىق بىر-ئىككى ساقچى يېنىمىزدا ئۈندى - دە، پۇت - قولۇمنى يەرگە تەگكۈزمەي ساقچىخانىغا يەتكۈزۈپ باردى.

— نېمە ئادەمسەن، نەدە ئىشلەيسەن؟ — دەپ سورىدى.

— ساراڭمەن! — دېدىم.

شۇنداق دېگىنىمنىلا بىلىمەن، ھېلىقىلار ئۇستى - ئۇستىگە دۈمبالاپ كېتىشتى. ئۇقسام، ھېلىقى ۋىجىك ساقچى باشلىقى

ئوخشايدۇ . ساقچىلارنىڭ جوغى كىچىكلەرنى باشلىق قىلىپ ، يوغانلىرىنى ئادەم ئۆرىدىغانغا قويىدىغىنىنى نەدىن بىلەي ؟ !

— مەن ساراڭمەن ، يالغان بولسا خوتۇنۇمدىن سوراپ بېقىڭلار ، دوختۇرمۇ بىلىدۇ ... — دېۋېدىم ، تېخىمۇ ئۆرۈپ كېتىشتى . شۇنىڭغا قاراپ ، «بۇ ساقچىلارمۇ ساق ئەمەس ئوخشايدۇ ، يېقىندىن بېرى ساراڭلار ئاۋۇپ كەتكەنمۇ ، قانداق ؟ !» دەپ ھەيران بولدۇم .

تۆت - بەش ئاي قامىلىپ قايتىپ چىقتىم . قاماقتىن بوشايدىغان چاغدا ، پۇقرا كىيىمدىكى بىر ساقچى : «سەن ئۇنداق يالغان ساراڭ بولۇۋالما - ھە ! بۇ قېتىم ساڭا كەڭچىلىك قىلدۇق... تاياق يېگىنىڭنى كۆرگەنلا يەردە سۆزلەپ يۈرۈۋەرمە ، بۇ دېگەن ئۆرىدىغان يەر» دېدى . ئۇنىڭ «يالغان ساراڭ» دېگىنىنى ئاڭلاپ خېلى روھىم كۆتۈرۈلۈپ قالدى . يېگەن تاياقنى سۆزلەپ يۈرىدىغانغا چىن ساراڭمۇمەن ؟ ئۆزۈمگە سەت - دە !

ئادەم دېگەن غەلىتە نېمە - دە ! چىقىپلا يەنە سەمەتجاننىڭ دۇكىنىنى ئەسلەپ قالدىم . راستىمنى ئېيتسام ، ئۇ يەردە بولىدىغان پاراڭ ، ئىچىشۋازلىقلار بىر كۈنمۇ ئېسىمدىن چىقمىغانىدى . ئاغىنىلەرگە سۆزلەپ بېرىدىغان خېلى قىزىق گەپلىرىممۇ يىغىلىپ قالغانىدى... بىر - ئىككى كۈندىن كېيىن يەكشەنبە كەلدى . «ئاغىنىلەر ھېلىمۇ شۇ دۇكانغا يىغىلىشىدىغاندۇ ؟ !» دەپ ئۆزۈمنى تۈزەشتۈرۈپ ، ئالدىراپ بازارغا چىقتىم . بېشىم ئايلىنىپ قالدىمۇ ، نېمە بولدى ، سەمەتجاننىڭ دۇكىنىنى ئوقەتچىلەر قاتارىدىن ئىزدەپ

تاپالمىدىم . بىر چاغدا ئالدىمغا غازى بىلەن «ئەپسانە» چىقىپ قالدى . ناھايىتى قىزغىن قول ئېلىشتۇق . ئۇلار :

— نېمە بولدۇڭ ؟

— كۆرۈنمىدىڭغۇ ؟

— تۇرمىگە كىرىپ قاپتۇ ، دەپ ئاڭلىدۇق ، راستمۇ ؟ — دېگەندەك سوئاللارنى ياغدۇرۇۋېتىشتى .

— ئالدىرىماڭلار ، دەيدىغان گېپىم جىق ، سەمەتجان قېنى ؟ — دەپ سورىدىم .

— دۇكىنىدا سودا قىلىۋاتىدىغۇ ، كۆرمىدىڭمۇ ؟ — دېيىشتى ئۇلار .

— دۇكان نەگە غايىب بولدى ، تاپالمىدىمغۇ ؟

— ھە ، بۇرۇنقى سەن كۆرگەن سەمەتجان بىلەن سەن كۆرگەن دۇكان يوق ، يۈرە ، بىز سېنى باشلاپ بارايلى .

ئۇلارغا ئەگىشىپ باردىم . دۇكان ئۆز جايىدا تۇرۇپتۇ ، مېنىڭ تاپالمىغىنىمنىڭمۇ سەۋەبى بار ئىكەن : سەمەتجان دۇكاننىڭ ئىچى - تېشىنى خىش بىلەن باشقىدىن ياسىتىپ ، يېپيېڭىلا قىلىۋېتىپتۇ . ھېلىقى بىز ئۇلپەتچىلىك قىلىدىغان تارچۇقمۇ يوق بولغاندەك قىلىدۇ . دۇكاننىڭ ئىچى ئەن رەخت ، كىيىم - كېچەك ، توقۇلما ماللار بىلەن تىنىپ كېتىپتۇ ، دۇكاننىڭ ئالدىغا ئېسىۋەتكەن شىپۇن دۇخاۋا ، ئەتلەس دېگەندەك خوتۇنلارنىڭ كۆزىنى ئويناتىدىغان ماللار دۇكان ئىچىنى قاراڭغۇلاشتۇرۇپ ، سەمەتجاننىمۇ ئاران پەرق ئەتكۇدەك قىلىپ قويۇپتۇ . سەمەتجاننىڭ ئۇستىدە يېپيېڭى كاستۇم - بۇرۇلكا ، بېشىدا تار گىرۋەكلىك شىلەپە ، بوينىدا باغلىماي (باغلاشنىمۇ بىلمەيدۇ ھەقاچان ! ) كەينىدىنلا ئېتىۋالىدىغان

گالستۇك. كۆزىمۇ سەل ماي باغلاپ قالغانمۇ، قانداق، بىز بىلەن پوكەي ئىچىدە تۇرۇپ سوغۇقلا سالاملىشىپ قويدى-دە، ئالدىدىكى خېرىدارلىرى بىلەن بولۇپ كەتتى… قىممەتلىك بىر نەرسەمنى يوقىتىپ قويغاندەك «لاسسىدە» بولۇپ قالدىم. ئاستىمىزغا سۇنۇق يەشىكلەرنى قويۇپ، كونا مەشنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىدىغان ھېلىقى كۆڭۈللۈك چاغلارنىڭ كەلمەسكە كەتكەنلىكىگە ئىچىندىم.

— يۇرۇڭلار، سەمەتجاننىڭ قولى بوش ئەمەسكەن، — دېيىشىپ ئارقىمىزغا قايتتۇق. ھېلىقى ئىككىسى:

— باي بولۇپ بۇ گۇيمۇ ئادەم تونۇماس بولۇپ قالدى.

— تاپقىنىنى ئۇ دۇنياغا يۇدۇپ كېتەلەمتى، ئاخىرىدا بىر يامان خوتۇنغا قالىدۇ…

— ھە، دەڭلار! دۇنيانىڭ كەينىگە كىرگەن ساراڭنىڭ ئىشى، — دېيىشتى.

«ھەرقانچە بولسىمۇ سەمەتجان ساراڭ ئەمەستۇ؟!» دەپ ئويلىنىپ قالدىم.

شۇنىڭدىن كېيىن، نېمىشقىدۇر قالغان ئۈچ ئاغىنە ھەر يەكشەنبە كۈنى مەسلىھەتلىشىۋالغاندەكلا يەنە سەمەتجاننىڭ دۇكىنى ئالدىدا ئۇچرىشىپ قالىدىغان بولدۇق. سەمەتجان بىزگە دۇكان ئىچىدە تۇرۇپ قاراپ قوياتتى. بىزمۇ ئۇنىڭغا سوغۇقلا جاۋاب قىلاتتۇق. جەم بولۇشقاندىن كېيىن، بىردەم-يېرىمدەم پاراڭلىششقا ئەپلىكرەك جاي ئىزدەپ كېتىپ قالاتتۇق.

كۈتمىگەندە، سەمەتجان بىر كۈنى ئۆيۈمگە كېلىپ قالدى. ساراي ئۆيگە باشلاپ، ئاستىغا كۆرپە سالدىم. خوتۇن چاي

قىلدى . سەمەتجان چاينى ئىچىپ ئولتۇرۇپ :

— نېمىشقا دۇكانغا كىرمەيدىغان بولۇۋالدىڭلار ؟ — دەپ سورىدى .

— ئالدىراشكەنسەن ، ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز سوراپ ، سىېنى ئاۋارە قىلمايلى دېدۇق ، — دېدىم .

— ياق ! — دېدى سەمەتجان كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ماڭا مەنىلىك قاراپ ، — قورسىقىڭلاردىكى گەپنى مەن بىلىمەن .

— بىزنىڭ قورسىقىمىزدا نېمە بولىدۇ دەيسەن ؟ ئۆزۈڭنىڭ مۇئامىلىسى شۇنداقراق تۇرىدۇ .

— راست گەپ قىلمىدىڭ ، ھېلىقى سومكىنى باشقىلارغۇ بايقىمىغان ، سەن كۆرۈپ قالغانتىڭ . ھەرقاچان ، شۇ پۇلنى ئۆزى يالغۇز جىمىقتۇرۇپ كەتتى ، دېمەكچىغۇسىلەر ؟

— قايسى پۇلنى دەۋاتىسەن ؟ مانا ، خۇدا تۇرۇپتۇ . گېپىڭنىڭ بىرىنى چۈشەنگەن بولسام…

— خۇپسەنلىك قىلما ، ھېلىقى بىز ھاراق ئىچىپ ئولتۇرغاندا كىرگەن خېرىدارنىڭ سومكىسى… شۇ چاغدا تالادا قاتتىق جۇدۇن بولۇۋاتاتتى . ھېلىقى ئاغىنە سەرەڭگە ئەكىرىۋالاي ، دەپ چىقىپ كېتىپلا يوقىدى . قارىسام ، سومكىسى سىېنىڭ پۇتۇڭنىڭ يېنىدىلا قاپتۇ . سەن ئۇنىڭغا قاراپ - قاراپ قويدۇڭ . مەن ئۇنى ئاستا تارتىپ ، ئەسكى مىشكاپ بىلەن باستۇرۇپ قويۇپ ، ساڭا كۆزۈمنى قىسىپ قويدۇم .

— توۋا ! بىرى ئېسىمدە بولسا…

— ئۇ چاغدا سومكىنىڭ ئىچىدە نېمە بارلىقىنى سەنمۇ بىلمەيتتىڭ ، مەنمۇ بىلمەيتتىم . خەقنىڭ سومكىسىنى نېمە قىلىدۇ ، دەيسىلەر ؟ دۇكان دېگەندە خېرىدارنىڭ سومكىسى

ئۇنتۇلۇپ قالىدىغان ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ . مېنىڭ خىيالىمغا ئۇ
چاغدا «سومكىدا پۇل بار» دېگەن نېمە كىرىپ چىقمىغانىدى .
نېمىنى ئويلىدىڭ دېسەڭ ، باشقىلارنىڭ مەخپىيەتلىكىنى بىلىشكە
ئوتتەك قىزىقىدىغان بىر كېسىلىم بار دېگىنە ، ئاشۇ تومپىيىپ
تۇرغان سومكىدا نېمە باركىن ، دەپلا قىزىققانىدىم . دېسەم
ئىشەنمەيسەن ، ھەركىمنىڭ سومكىسىنىڭ ئىچى قىزىق بىر
دۇنيا ! سومكىسىغا ئەينەك سېلىپ يۈرىدىغان ئەرلەر بار ، ئۇبدان
پىچاقتىن بىرنى سومكىسىدىن ئايرىمايدىغان خوتۇنلارمۇ بار . بىر
قېتىم بىرىنىڭ سومكىسىدا بىر خاتىرە دەپتەرنى كۆرۈپ قالدىم .
ئوقۇپ ، كۈلۈپ ئۆلەي دېدىم . شەھىرىمىزدىكى ھەممە تۇل
خوتۇنلارنىڭ ئىسىم - فامىلە ، ئادرېسى ، مىجەز - خۇلقى ، چىراي
شەكىللىرىنىڭ ئۇجۇر - بۇجۇرىغىچە زېرىكمەي يېزىپ چىقىپتۇ .
ھەرقاچان ، ئۆيلىنەلمەي يۈرگەن بىر بويتاقنىڭ ئىشى...
بولۇپمۇ ، ئاياللارنىڭ سومكىلىرىنىڭ ئىچىدىن چىقىدىغان
نەرسىلەر ئاجايىپ - دە ! ھەر خىل تۇگمە ، ئۇپا - ئەڭلىك ،
تازىلىق قەغىزى ، ئالتۇن - جابدۇق ، مۇھەببەت خەتلىرى ، رەسىم
دېگەندەك نېمىلەر . بىر قېتىم بىر ئايالنىڭ خاتىرىسىدىن چىققان
خەتنى ئوقۇپ بېقىپ ، تەسىرلەنگەنلىكىمدىن يىغلىۋەتكىلى تاسلا
قالغانىدىم... بەزى سومكىلاردىن يەنە خىيالىڭغا كەلمىگەن
نەرسىلەرمۇ چىقىپ قالىدۇ ، مۇنداق نېمىلەرنى كۆرۈپ بولۇپلا
سومكىنى دۇكانغا ئەكېلىپ ئېسىپ قويىدىغان گەپ . ئىگىسى
كېلىپ قالسا ، «رەھمەت» دەپ ، خۇشال بولۇپ ئەكېتىدۇ ،
ھېچنېمە كۆرمىگەن بولۇپ ، ئىچىدە كۈلۈپ ، رەھمەتنى ئېلىپ
ئولتۇرۇۋېرىسەن... ئۆزىمىزنىڭ گېپىگە كەلسەك ، سىلەر
كەتتىڭلار . دۇكاننى تاقاي دەپ تۇرۇۋۇشۇمغا ئېسىمگە ھېلىقى

سومكا كەلدى . قايتىپ كىرىپ ، سومكىنى مىشكاپنىڭ ئاستىدىن
تارتىۋېلىپ ئاچسام ، ئۈستىدە بىر كىر لۆڭگە تۇرۇپتۇ . لۆڭگىنى
شۇنداق كۆتۈرمەيمەنمۇ ، يائاللا ! كۆزۈمگە شۇنداق كۆرۈنۈۋاتام-
دۇ ، راستمۇ ؟ دەپ قالدىم . مەستلىكىممۇ تارقىلىپ كەتكەندەك
بولدى . سومكىنىڭ ئىچى لىقلا پۇل . چىراغقا يېقىن تۇتۇپ
قارىسام ، ھەممىسى بەش سوملۇق ، ئون سوملۇق پۇللار ئىكەن .
پۇرلەشكەنلىرىمۇ بار ، بەزى پۇللار چېچىلىپ تۇرىدۇ ، بەزىلىرى
بانكىدىن پېچەت چىققان پېتى باغلاقلىق . كەيپچىلىكتە پىكرىمنى
دەرھال يىغالمىدىم . «نېمە بولسا بولسۇن ، بۇ جىق پۇلكەن ،
دۇكاندا قويماي ئۆيگە ئەكېتەي» دېدىم . سومكىنى ئۆيگە
ئاپىرىپ ، خوتۇنغىمۇ كۆرسەتمەي ، كۆمۈرخانىغا تىقىپ
قويدۇم… ئۇنىڭ ئۇ يېقىدىكى ئىشلاردىن ئۆزۈڭنىڭ خەۋىرى بار :
بىزنى شۇ كېچىدىلا ساقچىخانىغا يىغىۋالدى . تۇزۇك سوراقمۇ
قىلماي سولاپ قويدى ، ئەتىسى قويۇۋەتتى . ئۆيۈمنى
ئاختۇرۇشقان بولسىمۇ تېپىۋالاتتى ، لېكىن شۇ كېچە ھېلىقى
ئەخمەق ئۆزى دۇكانغا ئوغرىلىققا چۈشۈپ ئىشنى بۇزدى . ئۇقسام
بۇ ئۇنىڭ چوڭ بىر تاۋكادا بىر كېچىدە ئۇتۇۋالغان پۇللىرى
ئىكەن . شۇ كۈنى ئۇ بىزنىڭ دۇكانغا كىرگەندىمۇ ئوبدانلا
مەستكەن ، بىزمۇ ھاراق ئىچىپ ئولتۇرغاچقا سەزمەپتۇق . ئۇ
دۇكانغا سومكىسىنى تاشلاپ قويغىنىنى ئۇنتۇپ ، خېلى يەرلەرنى
ئايلىنىپ يۈرگەن ئوخشايدۇ . كېيىن سەل ئېسىگە كېلىپ ،
پۇلنى بىزنى تىقىۋالغان ئوخشايدۇ ، دەپ ئويلاپ ساقچىخانىغا
مەلۇم قىلىپ ، بىزنى يىغدۇرۇپ كەپتۇ . ساقچىلار بىزنى
قامىۋېلىپ خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن ، ھېلىقى خېرىداردىن :
زادى سەن نېمە ئادەم ؟ ئۇنچىۋالا پۇلنى سەن نەدىن ئېلىۋىدىڭ ؟

نېمىگە كۆتۈرۈپ يۈرەتتىڭ؟ دەپ كوچىلىغىلى تۇرغانىكەن، ئۇمۇ قورقۇپ قاپتۇ. ئارىلىقتا ساقچىخانىدىن «غىپلا» قىلىپ چىقىپ كېتىپ، دۇكانغا تېگىپتۇ. مېنىڭ دۇكىنىمدىن نېمە ئوغرىلايدۇ دەيسەن، سومكىسىنى ئاختۇرۇپ كىرگەن گەپ!...

— توۋا، ئەسلى مۇنداق ئىش دە؟!

— مانا، ئاغىنە، سەندىن يوشۇرىدىغان ھېچ گەپ يوق.

— كېيىن قانداق بولدى، سومكىنى قايتۇرۇپ بەردىڭما؟

— ساراڭمۇمەن! سومكىدىكى ئۇنىڭ پۇلىمىدى. ھەممىسى خەقنى قاقشىتىپ ئۇتۇۋالغان پۇللار، بۇلىۋالغان بىلەن ئوخشاش. خۇدا ئۇنىڭغا بۇيرۇمىغاچ، ماڭا ئۇچراشتۇرغان...

بولغان ۋەقەلەرنى باشقىدىن كۆز ئالدىمدىن ئۆتكۈزۈپ ئولتۇرۇپ كەتتىم. سەمەتجان:

— بۇ سىرنى مەندىن باشقا سەن بىلىسەن، سومكىنىڭ ئىشىنى ھازىرغىچە ھېچكىمگە ئېغىز ئاچمىغانسەن، دەپ ئىشىنىمەن. مەنمۇ ئادەمگەرچىلىكنى بىلمەيدىغان ئادەم ئەمەس... ھېلىقى پۇللارنى ھازىرچە دۇكانغا دەسمايە قىلىپ تۇردۇم. پايدىسى بولسا يەنە تەڭ كۆرەرمىز. ئاز بولسىمۇ ماۋۇ ئىككى مىڭ سوم پۇلنى سەن تۇرمۇشۇڭغا ئىشلىتىپ تۇر، — دېدى ـ دە، ئىككى باغلام پۇلنى ئېلىپ ئالدىمغا قويدى.

— قوي، بۇ پۇلۇڭنى مەن نېمە قىلىمەن! — دەپ ئۇتتىن قاچقاندەك كەينىمگە داجىپ، پۇلنى نېرى ئىتتەردىم.

— ئال، سىنىڭ ھەققىڭ، — دېدى ئۇ، — ئاڭلىسام ھېلىقى قىمارۋاز ئالدىڭنى توسۇپ ئۇرغانمۇ ئوخشايدۇ...

— قايسى قىمارۋاز!؟

كۆز ئالدىمغا كۆزلىرى يېنىپ تۇرغان ھېلىقى ساراڭ

كەلدى ، راست شۇ چاغدا دۇكانغا ناسۋال سوراپ كىرگەن خېرىدار شۇ ئەمەسمىدى؟ ئېسىم نەگە كەتكەندۇ - ھە ! ۋاي بىچارە ، پۇلىنىڭ دەردىدە ساراڭ بوپتىكەن - دە !...

سەمەتجان كەتتى . ئۇنى ئۇزىتىپ قويۇپ كىرىپ ، پۇلنى خوتۇن كۆرۈپ قالمىسۇن ، دەپ ئالمان - تالمان نېرىراق بىر يەرگە تىقىشتۇردۇم .

شۇ كۈندىن باشلاپ ئارامىم بۇزۇلدى . ئۆزۈمنى خۇددى بىرىنىڭ جىنايى ئىشىغا شېرىك بولۇپ قالغاندەك ھېس قىلىپ ، بازارغىمۇ بارالمايدىغان ، ھېلىقى ئىككى ئاغىنەمنى كۆرسەممۇ خۇدۇكسىنىپ قاچىدىغان بولۇپ قالدىم... كېچىدە ياتساملا ئوت يېنىپ تۇرغان بىر جۈپ كۆز ئالدىمغا كېلىۋالاتتى ؛ سەمەتجان قويۇپ كەتكەن ئىككى باغلام پۇل مەن تىقىپ قويغان يەردىن ئۈچۈپ چىقىپ ، بېشىمنىڭ تۆپىسىدە ئايلىنىپ يۈرگەندەكلا قىلاتتى . سەمەتجان نېمىدەپ بۇ گەپلەرنى ماڭا ئاشكارىلاپ يۈردۇ ، بۇ پۇلنى قويۇپ كەتكىنى نېمىسى؟ قارىغاندا ئۇمۇ مېڭىسى قوچۇلۇپ ، ساراڭ بولغىلى تۇرغان ئوخشىمامدۇ؟...

مەھەللىمىزدە ناھايىتى نامرات ئۆتىدىغان بىر تۇل خوتۇن بولىدىغان ، ئويلا - ئويلا «بۇنداق پۇلنى ئاشۇ خوتۇن خەجلىسە ، ھالال» دېگەن يەرگە كەلدىم - دە ، پۇلنىڭ مىڭ سومىنى ئايرىپ ، بىر كېچىدە ئاستا ئاپىرىپ ، ئۇنىڭ ئىشىكى ئالدىغا تاشلاپ قويۇپ چىقتىم . ئىككى كۈندىن كېيىن ئايالىم :

— قاراڭ ، ئاۋۇ قۇدۇق بار ھويلىدىكى كەمبەغەل خوتۇننى بىلىسىزغۇ؟ مىڭ سوم پۇل تېپىۋالغانىكەن ، ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ ، جىڭ ساراڭكەن ! — دېدى .

— يائاللا ! بۇ دۇنيادا ساق ئادەم قالمىدىمۇ ، نېمە؟

قالغان مىڭ سومنى قانداق قىلىشىمنى بىلمەي گاڭگىراپلا

قالدىم . سەھرادا بىر تۇغقىنىمىز بولىدىغان ، ئۆيىگە چىقىپ قالساق ، ئەر - خوتۇن بىر بولۇپ كەچكىچە كىچىك بالىسىنى ماختاپ غىدىقىمغا تېگەتتى .

— قاراڭ ، قاراڭ ، گەپلىرىنىڭ تاتلىقلىقىنى .

— مەكتەپكە بارمايلا ھېلىتىن خەتلەرنى يېزىپ يۈرىدۇ .

— ھەدىلىرى نېمە قىلسا شۇنى دورايدۇ .

— چوڭ بولسا قانداق ئادەم بولۇپ كېتەر ، دەيمىز ، — دېيىشىپ كېتەتتى .

چوڭ بولغان بالىلىرىمۇ بار ئىدى ، بىر قانداق ئادەم بولۇپ كەتكىنى تايىنلىق ئىدى . بۇنداق چاغلاردا چىرايىغا زورلاپ كۈلكە يۈگۈرتۈپ «ھە ، ھە ، ھە ! قالتىس كەن جۇمۇ !» دەپ ئولتۇرماقتىن باشقا ئىلاج يوق ئىدى .

«ماختىسا ئۆزىنىڭ ئاغزى ، نېمە بولسا بولسۇن ، شۇ ياقلارغا چىقىپ ، بىر - ئىككى كۈن تۇرۇپ مېڭەمنى سەگىتىپ كىرەي» دېدىم . يېزىنى بىر ھەپتىگىچە ئايلىنىپ قايتىپ كەلسەم ، ئايالىم بۆلەكچىلا خۇشال ھېجىيىپ كېتىپتۇ . «بۇمۇ ساراڭ بولغان ئوخشىمامدۇ !؟» دەپ يۈرىكىم «جىغغىدە» قىلىپ قالدى .

— نېمە بولدۇڭۇي !؟ — دېۋىدىم :

— پۇل يوق ، پۇل يوق ، دەۋاتاتتىڭىز ، مىڭ تەڭگە پۇلنى ئەجەب ئوبدان يەرگە تىقىپتىكەنسىز - ھە ؟ — دېۋىدى ، تىلىم گەپكە كەلمەي قالدى .

— پۇ... پۇلنى دەمسەن ، نېمە قىلدىڭ ؟

— ھازىرقى ۋاقىتتا ، مىڭ تەڭگىڭىز قانچىلىك پۇل . بالىلارغا بىر قۇر كىيىم ئاپتىمەن ، قەرزلىرىمىزنى تۆلىدىم ، بەش كىلوگرام گۆش ، گۈرۈچ ، ئۇن ، ماي ، سۈتنىڭ پۇلى ، ئۆزۈمگە بىر قۇر نەرسە... شۇنداق قىلىپ تۈگىدى .

«ئۇھ !» دەپ بىر ئىغىر ئۇھ تىن يېنىكلىگەندەك بولۇپ قالدىم. «ئارىمىزدا ساقتىن مۇشۇ خوتۇن قالغان ئوخشىمامدۇ!؟» دەپ خاتىرجەم بولدۇم. لېكىن، ھېلىقى ئەسكى مەشتە يالقۇنجاپ ئوت كۆيۈپ تۇرىدىغان تارچۇق ئۆينى، قىزغىن پاراڭلار بولۇپ تۇرىدىغان كۆڭۈللۈك كۈنلەرنى يوقاتقىنىمىزنى ئويلىسام ملا كۆڭلۈم غەشلىككە تولىدىغان بولۇپ قالدى…

* *

ئەتىسى بۇ ھېكايىگە «ساراڭ» دەپ ماۋزۇ قويۇپ، تەھرىر بۆلۈمىدىكىلەرگە «كۆرۈپ بېقىڭلار» دەپ تاشلاپ بېرىپ قايتىپ كەلدىم. مۇنچە غۇلغۇلا بولۇپ كېتىشنى نەدىن بىلەي، كەچكە يېقىن تەھرىر بۆلۈمگە بارسام، ھەممە مۇھەررىر بىر بۆلۈمگە يىغىلىپ، ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىشىپ كېتىپتۇ. ئۇقسام، ھېلىقى ھېكايىنى ھەممىسى قولدىن - قولغا ئېلىپ ئوقۇپتۇ. ئۇلار مودېرنىزم، يېڭى پىروزىچىلىق، سىمۋولىزم، ئاڭ ئېقىمى دېگەندەك، چۈشەنمىگەن ئادەمنىڭ كاللىسىنى تېخىمۇ تۇتۇق قىلىۋېتىدىغان گەپلەرگە چۈشۈپ كېتىپتۇ.

— قالتىس ھېكايىلىقىدا گەپ يوق.

— مودېرنىزم دېگىنىمىز نەق مۇشۇ.

— مودېرنىزم دەپلا قويساق بولمايدۇ، بۇ مودېرنىزمنىڭ پالانى تۈرىگە كىرىدۇ.

— يېقىندا بىر ژۇرنالدا چەت ئەل يازغۇچىسى پوكۇنچىنىڭ مۇشۇ خىلدىكى بىر ئەسىرىنى كۆرگەندەك قىلىۋىدىم.

— ماياكوۋىسكىنىڭ «سولغا مارش» دېگەن شېئىرىمۇ مودېرنىزمنىڭ تارمىقى بولغان فوتورىزمغا مەنسۇپ…

بۇ گەپلەردىن ھېچنېمە چۈشەنمەي «بارغانسېرى دۆتلىشىپ كېتىۋاتىمەنمۇ ، قانداق ؟ چۈشتىكى سۈتنىڭ ئۇرنىغا سوغۇق سۇ ئىچسەم بوپتىكەن… » دېگەنلەر خىيالىمدىن كەچتى . شۇ ئارىدا بىرەيلەن :

— ھوي ، ئاغىنىلەر ، سىلەر شۇنداقمۇ دەيسىلەر ، مەن ئۇ ھېكايىنىڭ مەزمۇنىنى قىلچە چۈشەنگەن بولسام ئۆلەي ! — دەپ قالدى .

— سەن نېمىنى بىلسەن ! ؟ — دېدى ئۇنى بىرى رەت قىلىپ ، — چۈشىنىكسىز ، ئەمما قىزىقارلىق قىلىپ يېزىشنىڭ ئۆزى ماھارەت . فرېئۇد «سەنئەت چۈش دېمەكتۇر» دېگەن . «بۇ فرېئۇد دېگىنى كىم بولغىيدى ؟ » دەپ ئويلاپ تۇراتتىم ، يەنە بىرەيلەن مەندىن :

— سىزچە مۇشۇ ھېكايە زادى قانداق ؟ — دەپ سوراپ قالدى .

— ھە ! ؟ — دەپ چۆچۈپ كەتتىم . ئۆزۈممۇ نەق مۇشۇنداق سوئالنىڭ قويۇلۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ تۇراتتىم . ھەممەيلەننىڭ كۆزى ماڭا تىكىلگەنىدى . «ھېچنېمە چۈشەنمىدىم» دېيىش ساۋاتسىزلىقىمنى ئاشكارىلاش بولىدىغانلىقىنى پەملەپ قالدىم ـ دە ، — يېڭى ئۇسلۇبتىكى ئەسەرلەرنى ئالدىراپ رەت قىلىۋەتكەن بىلەنمۇ بولمايدۇ ، قېنى ، ئۆزۈڭلار مۇزاكىرە قىلىپ بېقىڭلار ، — دەپلا چىقىپ كەتتىم .

ھېلىقىلار تېخىمۇ قاتتىق ۋاراڭ ـ چۇرۇڭغا چۈشۈپ كەتتى . «ھەي ، مۇشۇلارمۇ ساراڭ بولۇپ قالمىغاندۇ ؟ خۇداغا ئامانەت ! » دەپ ئويلاپ قالدىم .

1988 ـ يىل ، غۇلجا

# بۇرۇت ماجىراسى

يەكشەنبە كۈنى بازار ئايلىنىپ كەلمەكچى بولۇپ كوچىغا چىقىۋېدىم ، كىمدۇر بىرى ئارقامدىن دولامغا شاپىلاقلىدى . بۇرۇلۇپ ، ئېسىل كاستۇم - بۇرۇلكا كىيىپ ، قارا كۆزەينەك تاقىغان بىر كىشىنىڭ ماڭا كۈلۈپ قول ئۇزىتىپ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم .

— ياخشىمۇسىز ؟ سىز بىلەن كۆرۈشكەنلىكىم ئۇچۇن ئۆزۈمنى ئىنتايىن بەختلىك ھېس قىلىمەن .

— رەھمەت ! — دەپ قولىنى سىقتىم .

— رەھمىتىڭىزگە ئېرىشكەنلىكىم ئۇچۇن يەنە بىر قېتىم تەشەككۈر ئېيتىشىمغا رۇخسەت قىلغايسىز !

«بۇ كىم بولغىيدى ؟» دەپ ھەيرانلا قالدىم . كۆزەينىكىنى ئېلىۋېتىۋىدى ، ئېسىمگە كەلدى .

— ھە ، سىز ھېلىقى ھېكايىنىڭ…

— شۇنداق ، شۇنداق . تونۇۋالدىڭىز ، زېھنىڭىزگە ئاپىرىن ! سىزگە «ساراڭ» دېگەن ھېكايىنى ئاپىرىپ بەرگەن كىشى بولىمەن .

— كىيىم - كېچەك ، گەپ - سۆزلىرىڭىز ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ ، تونۇماي قالغىلى تاسلا قاپتىمەن .

— مەن سىزگە دېگەنىدىمغۇ ؟ زامان ئۆزگىرىۋاتىدۇ . ئۆتكەندە مەن سىزنىڭكىگە كىيىپ بارغان تۆت يانچۇقلۇق

چاپىنىمنى ھازىر خوتۇنۇم نان ياقاندا تونۇر بېشىدا كىيىپ يۈرىدۇ . يازغان ئەسىرىمنىڭ ژۇرنالغا بېسىلغىنىنى كۆرۈپلا مانا بۇ كاستۇم - بۇرۇلكىنى سېتىۋالدىم . چەت ئەلنىڭ شلەپىسىدىن بىرنى دەمسىز ؟ ئادەمنىڭ بېشىدا گارشوكنى دۇم كۆمتۈرۈپ قويغاندەك تۇرىدىغان ئۇ نېمە بىلەن پەقەتلا خۇشۇم يوق . ئادەملەر ئۇنى ياراشقىنىدىن كىيىپ يۈرىدۇ ، دەمسىز ؟ مەن سىزگە ئېيتاي : چەت ئەللىكلەر ھېلىغۇ شلەپە ئىكەن ، بېشىغا شاپاقنى كىيىپ كەلگەن بولسىمۇ «قاراڭلار ، بىر ئوبدانلا يارىشىدىكەن- ھە ، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى بىز بۇنى نېمىشقا كىيمىگەندىمىز » دەپ شۇنىمۇ كىيىدىغانلار چىقاتتى… سەپسالغانسىز ، بەزىلەر ھازىر توي - تۆكۈنلەردە تاۋاقتا ئازراق پولۇنى ئاشۇرۇپ قويۇشنىمۇ «مەدەنىيەت » دەپ بىلىدىغان بولدى… ئاڭلىدىڭىزمۇ ، ياپونلار سىناق قىلىپ ئاتقان بىر بومبا ئاسمانغا چىقىپ كېتىپ ، تېخى چۈشمەيۋاتقۇدەك ، شۇڭا ھاۋا ئىسسىپ كېتىپ بارامدىكىن ، دەيمەن . قاراڭ ، 2 - ئاي كىرە - كىرمەيلا ئىللىق شامال چىقىۋاتقىنىنى ، بازار چۆرگىلەپ يۈرگۈچە مەھەللىڭىزدە لەگلەك چىقارسىڭىز بولمامدۇ ؟…

«ساراڭ »نىڭ ئاپتورى ئەنە شۇنداق تاغدىن - باغدىن سۆزلىگىلى تۇردى . ئۆتكەن - كەچكەنلەر نېمە دەپ قىلىشۋاتىدىكىن ، دەپ ئەتراپىمغا قاراپ قويدۇم ، خۇداغا شۈكۈر ! ھېچكىم بىزنىڭ گەپ - سۆزىمىزگە دىققەت قىلماپتۇ .

— پۇلنى تاپشۇرۇۋالدىڭىزمۇ ؟ — دېدىم ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ .

— ھە ، ھە… تاپشۇرۇۋالدىم . بىكارلا ئەۋەتىپسىز . ئەسەرنى ئۆزىڭىزنىڭ نامىدا ئېلان قىلغاندىن كېيىن قەلەم

ھەققىنىمۇ بەھۇزۇر خەجلەۋەرگەن بولسىڭىز بولاتتى . ھېكايەمنى ئوقۇپ ، قانچىلىك خۇش بولغىنىمنى دېمەيسىز ، شۇ خۇشاللىقىمدا يەنە بىر ھېكايە يېزىۋەتتىم . شۇنداق قىلىپ ، مەنمۇ بىر يازغۇچى بولۇپ قالىمەنمۇ ، قانداق ؟… يازغۇچى دېگەنلەرنىڭ بەزىلىرىنى خىيالىغا كەلگەننى توقۇپ ، ئوقۇغۇچىنى يالاڭ قات يىپتا ئۇچۇرۇپ ئوينايدىغان نېمىلەرمىكىن ، دەيمەن… بۇمۇ ھېلىقى ئىزا تارتماي سۆزلەۋەرسە چاقچاقچى بولۇپ قالغاندەك بىر گەپ دەڭە ! ؟…

ئۇ شۇنداق «مەنىسى چوڭقۇر» چۈشىنىكسىز گەپلەرنى قىلغىنىچە قوينىدىن بىر تۇتام ئورگىنالنى ئېلىپ ، قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويدى .

— ھېلىقى تۇكۇرۇك توغرىسىدىكى ئەسىرىڭىزمۇ ، نېمە ؟

— ئۇ گەپلەرمۇ ئېسىڭىزدىن چىقماپتۇ ـ دە ، ئۇنىمۇ يېزىپ قالارمەن ، بۇنىڭدىكىسى باشقا گەپ … — ئۇ بۇرۇلۇپ ماڭدى ـ دە ، بىر ـ ئىككى قەدەم باسمايلا يەنە ئارقىسىغا قاراپ ، — ھېلىقى كېلىشكىنىمىز بويىچە بۇنىمۇ ئۆز نامىڭىزدا ھەيدەۋېرىڭ ! — دەپلا كىشىلەر ئارىسىغا كىرىپ غايىب بولدى .

كوچا ئارىلاشتىن يالتىيىپ ، ئۆيگە قايتىپ كەلدىم . يالغۇز كىشىلىك ساپادا ئولتۇرۇپ ، ئۇنىڭ بۇ يېڭى ھېكايىسىنى ئوقۇشقا باشلىدىم .

* *

«بۇرۇت قويغانلارنى تىزىملاۋېتىپتۇدەك» دەپ ئاڭلاپ ھەيران قالدىم . نوپۇسقا خەتلىگەننى ، مەھەللىدە ساۋاتسىزلارنى ،

ئەخلەت پۇلى تۆلىمىگەنلەرنى تىزىملىغاننى كۆرگەن؛ مۇشۇ ياشقا كېلىپ بۇرۇت قويغانلارنى تىزىملىغاننى ئاڭلاپ باقمىغانىكەنمەن. توغرا، ھېلىقى بىر يىللاردا ساقال - بۇرۇتلارنى قايچىلىغاندەك ئىشلار بولۇۋىدى، يەنە شۇنداق بىر پالاكەت يۈز بەردىمۇ - يە؟...

تۇرۇپلا ئۆز - ئۆزۈمدىن ئەندىشىگە چۈشۈپ قالدىم. كوچىغا چىقسام، مەھەللىمىزنىڭ قوغداش ھەيئىتى ئۆمەرجان كېلىۋاتقانىكەن، «نېمىلا بولسۇن بىر سوراپ باقاي» دەپ ئالدىغا بېرىپ سالاملاشتىم.

— ئۆمەرجان، بۇرۇتى بارلارنى تىزىملاۋېتىپتۇدەك، دەپ ئاڭلىدىم، راستمۇ؟

ئۆمەرجان توختاپ ماڭا تازا بىر قارىۋەتتى - دە:

— بەللى، سىلە قاچانىڭياقى بۇرۇت قويۇۋالغانتىڭلا؟ — دەپ ھەيران بولدى.

— بىرەر يىلچە بولۇپ قالدى. قارىمامسىلە، بىزنىڭ ھېلىقى چوڭ ئوغۇل ئەخمەتجان قىلغان ئىشنىڭ تايىنى يوق، ھالىغا باقماي بۇرۇت قويۇۋېلىپ مېنى خىجىل قىلىپ قويدى. بالا بۇرۇت قويغان يەردە ئاتا بولغان ئادەم تاپتاقىرلا يۈرسەك بىر قىسما تۇرىدىكەن.

— مۇنداق دەڭلا، — دەپ ئەتراپىغا قاراپ پىچىرلىدى ئۇ، — سىلىنىڭ ماۋۇ بۇرۇتۇڭلىغۇ ئۇنچە گۇمانلىنىپ كەتكۇدەك بۇرۇت ئەمەسكەن. ئۈچ - تۆت كۈننىڭ ئالدىدا، مۇنۇ بازاردا سىلىگە ئوخشاش ئېگىز بوي، شاپ بۇرۇتتىن بىرى كۈپكۈندۈزدىلا پىچاق كۆتۈرۈپ، ئادەم بوغۇزلىماقچى بولغان ئوخشايدۇ. ھازىر بازار باشلىقىنىڭ ئۆزى بۇ ئىشنى

تەكشۈرۈۋاتىدۇ...

ئۆمەرجان شۇنداق ئۇچۇر بىرىپلا ئۆتۈپ كەتتى . بۇ گەپنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتىم . بويۇمنىڭ ئىگىزلىكى بىشىمغا بالا بولامدۇ ، قانداق ؟... ئۆمەرجاننىڭ «سىلىنىڭ ماۋۇ بورۇتۇڭلىغۇ ئۇنچە گۇمانلىنىپ كەتكۇدەك بورۇت ئەمەسكەن» دىگىنىگە قارىغاندا ، خۇداغا شۈكۈر ، ھىلىقى قاتىلغا بويۇم ئوخشىغان بىلەن بورۇتۇم ئوخشاشمىسا كىرەك... «شاپ بورۇت» دىگىنى قانداق بورۇت بولغىيدى ؟ بورۇنلاردا ھەۋەسكە بورۇت قويۇپ ، بورۇتىنىڭ ئىككى ئۇچىنى قولىقىغا يۆگىۋالىدىغانلار بولىدىغان ، دەپ ئاڭلىۋىدىم . شاپ بورۇت دىگىنى شۇندىقىدىن بولسا كىرەك... بورۇتۇمنى سىلاپ قويدۇم . ھەر ھالدا مىنىڭ بورۇتۇم يوقنىڭ ئورنىدىكى كۆتمەك بورۇتلاردىن ئىدى . ئازراق خاتىرجەم بولۇپ ھويلىغا قايتىپ كىردىم . پىشايۋاندا ئىگىشىپ تۇرۇپ ، ئايىغىنى مايلاۋاتقان ئوغلۇمنى كۆرۈپ ، يەنە ئەرۋاھىم ئۇركتى . ئۇنىڭ بورۇتىنىڭ مۇنچىۋالا يوغانلىقىنى بىر ئۆيدە يۈرۈپ نىمىشقا بايقىمىغاندىمەن ؟

— ئەخمەتجان ، ماڭا بىر قارىغىنا !

— نىمە ؟ — دەپ مەن تەرەپكە قارىدى ئۇ .

خۇداغا ئامانەت ! ئوغلۇمنىڭ يۇقىرىقى كالپۇكىنىڭ ئۈستىدە خۇددى كىچىكرەك بىر ياقىلىقنى بىكىتىپ قويغاندەك قويۇق ، قاپقارا بىر پارچە بورۇت ئىسلىپ تۇراتتى . مۇنداق بورۇتنى قويۇپ بىرىدىغان بولسا تۆت كۈندىلا قولاققا يىتىدۇ ـ دە !

— ئاۋۇ نىمەڭنى بۈگۈنلا يوقات !

— نىمىنى دەيسەن ؟

— بورۇتۇڭنى دەيمەن .

— مېنىڭ بۇرۇتۇم نېمىگە تاقاشتى ، دادا ؟ سېنىڭمۇ بۇرۇتۇڭ بارغۇ ؟ هازىر ھەممە كىشى...

— قۇرۇق گەپنى قوي ، هازىرلا ئىككىمىز ساتىراشخانىغا بېرىپ ، بۇ بالا ـ قازانى يوق قىلىمىز ، ئاڭلىدىڭمۇ ؟

مەنغۇ مەيلى ، ئوغلۇمغا بۇرۇتنى ئالدۇرۇش خۇددى ئۇنىڭغا كاللىسىنى ئالدۇرماقچى بولغاندەك ئېغىر كەلدى . بۇ يەرگە كەلگەندە ئاتىلىق ھوقۇقۇمنى ئايىماي ئىشلەتتىم . «ھېچبولمىغاندا بىر سۈرەتكە چۈشۈۋالاي» دېگىنىگە قويماي ھەيدەپ ئاپىرىپ ، كالپۇكىنىڭ ئۈستىدىكى ھېلىقى «ياقىلىق» نى ئالدۇرۇۋەتتىم . ئاتا ـ بالا ئىككىمىز تۇمشۇقىمىزنى چوپسا سالغان بوتىدەك پارقىرىتىپ ، ساتىراشنىڭ ئورۇندۇقىدىن قوپتۇق . ئەينەككە قاراپ قىلغان ئىشىمدىن مەمنۇن بولدۇم . ئىسمائىل ساتىراش بەرگەن پۇلۇمنى غەللىگە سېلىپ تۇرۇپ :

— توۋا دەيمەن ، ئاتا ـ بالا ئىككىڭلارنى قوشقاندا بۈگۈن ساتىراشخانىمىزغا كېلىپ ، بۇرۇتىنى ئالدۇرۇۋەتكەنلەر يىگىرمىدىن ئېشىپ كەتتى ، — دەپ ماڭا قاراپ سىرلىق ھىجىيىپ قويدى .

«بۇ ساتىراش ماڭا ئوخشاش ئىزىملىنىپ قېلىشتىن قورقۇپ بۇرۇتنى ئالدۇرۇۋەتكەنلەرنى پايلاپ يۈرەمدۇ ، قانداق ؟ » دېگەن بىر گۇمان كۆڭلۈمدىن كەچتى...

ئويلىغىنىمدەك بولدى ، كەچتە ئۆيگە كېلىپ ئەمدىلا بىر يۇتۇم چاينى ئوتلاپ تۇرۇۋىدىم ، ھويلىدىن بىرىنىڭ چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى . دېرىزىدىن قارىسام ، دەرۋازا ئالدىدا قوغداش ھەيئىتى ئۆمەرجان تۇرۇپتۇ . ئالدىراپ ئالدىغا چىقتىم .

— بۇرۇت قېنى ؟ — دېدى ئۇ ئەپتىمگە قاراپ .

— سىلىدىن ھېلىقى گەپنى ئاڭلاپ بېرىپلا چۈشۈرگۈزۈۋەتتىم .

— سىلى نېمانداق خۇدۇكى بار ئادەمدەك ئىشلارنى قىلىپ يۈرىدىغانسىلە ! — دېدى ئۇ تېرىككەندەك بولۇپ ، — بۇرۇتۇڭلىنى ئالدۇرۇۋەتكىنىڭلا بازار باشلىقىنىڭ قولىقىغا يېتىپتۇ . سىلىنى ئەتە ئەتىگەندە بازارلىق ھۆكۈمەتكە كەلسۇن ، دەيدۇ .

يېڭى كەلگەن بازار باشلىقىنى ناھايىتى ئاچچىقى يامان ئادەم دەپ ئاڭلىۋىدىم ، قوغداش ھەيئىتىنىڭ خەۋىرى ئارامىمنى بۇزدى .

* *

كەچلىك تامىقىمنى يەپلا ئۆزۈمنى ئورۇنغا تاشلاپ خىيالغا پاتتىم . ئايالىم قاچا - قومۇچىنى بېسىقتۇرۇۋېتىپ ، دۈگىلەكلەۋالغان توشۇك يىپلىرى بىلەن ئۇزۇن بىگىزلىرىنى ئېلىپ ، ئۇدۇلۇمغا كېلىپ ئولتۇردى . ئۇ پوپايكا توقۇشقا ناھايىتى ئۇستا ئىدى . بىكار بولۇپ قالسىلا بۇزۇلغان ، كونىرىغان يۇڭ كىيىملەرنى چۇۋۇپ ، باشقىدىن توقۇش بىلەن مەلىكە بولاتتى . قولىغا بىگىز چىقىشى بىلەن ئاغزىمۇ تەڭ گەپكە تېگەتتى ، گېپى توختاپ قالسا قولىمۇ توختاپ قالاتتى .

— ئاتا - بالا ئىككىڭلار نېمە بولدۇڭلار ؟ — دېدى ئۇ توقۇشنى باشلاپ .

— نېمە بوپتىمىز ؟

— بۇرۇت قويۇپ تاراقشىپ كېتىشۋېدىڭلار ، بۈگۈن بېرىپ

تەڭلا يوق قىلىپ كەپسلەرغۇ؟
يۈرىكى ئاجىز بۇ خوتۇنغا راست گەپنى ئېيتقۇم كەلمەي:
— بۇرۇت دېگەننى بىر قېتىم ئالدۇرۇۋەتكەنگە يوق بولۇپ كېتىدىغان نەرسە دېۋىدىڭمۇ؟ قويغۇمىز كەلسە يەنە ئون كۈنگە قالمايلا ئۆسۈپ، تەييار بولىدۇ، — دەپ قويدۇم.
شۇنىڭ بىلەن ئايالىم، پالانچىنىڭ بالىسى بۇ يىلمۇ ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەپتۇدەك... قاراڭ، پوكۇنچى ئىزا تارتماي ئۆزىنى مېنىڭدىن ئىككى ياش كىچىك، دەپ يۈرگۈدەك... پۇستانچى يەنە ئېرىدىن ئاجرىشىپ كېتىپتۇ... دېگەندەك ئۆزىنىڭ ئۇششاق گەپلىرىگە چۈشۈپ كەتتى. قۇلىقىمغا ئۇنىڭ بىرمۇ گېپى كىرمەيتتى. كۆزۈمگە ئۇنىڭ توختىماي مىدىرلاۋاتقان كالپۇكلىرى قانداقتۇر بىر مۇزىكىنى ئورۇنداۋاتقاندەك، قولىدىكى بىگىزلىرى بولسا شۇ مۇزىكىغا كەلتۈرۈپ ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كەتكەندەك كۆرۈنگىنى تۇردى... ئۆمەرجان ئېيتقان ھېلىقى شاپ بۇرۇت نېمىدەپ ئادەم بوغۇزلىماقچى بولۇۋىدىكىنا؟... بىر بۇرۇتلۇق ئىش تېرىسا ھەممە بۇرۇتلۇقلارنى تىزىملايدىغان بۇ قانداق تەكشۈرۈشتۇ؟... مەنمۇ نېمىدەپ ئالمان - تالمان بۇرۇتنى چۈشۈرگۈزۈۋېتىپ يۈرگەندىمەن. قېرىشقاندەك ھېلىقى شاپ بۇرۇتنىڭ بويىنىڭمۇ ماڭا ئوخشاش ئېگىز بولۇپ قالغىنىنى قارىمامدىغان... شۇنداق گادىرماچ خىياللار بىلەن تۈن يېرىمىغىچە ئۇخلىيالمىدىم.
سەھەرگە يېقىن دەھشەتلىك بىر چۈش كۆرۈپ، قورققىنىمدىن ۋارقىرىۋەتكەن بولسام كېرەك، ئايالىم مېنى تۈرتۈپ ئويغىتىۋەتتى.

— هوي ، هوي ، كۆزىڭىزنى ئېچىڭ ، كۆزىڭىزنى !...
كۆزۈمنى ئاچسام تاڭ يورۇپ كېتىپتۇ .
— نېمە بولدۇڭ ؟ — دېدىم بېشىمدا ھەيران بولۇپ قاراپ تۇرغان ئايالىمغا .
— ئۆزىڭىز نېمە بولدىڭىز ؟
— مەن نېمە بوپتىمەن ؟
— نېمانچە ۋارقىرايسىز ؟
— ھە ، چۈشەكەپ ۋارقىرىغان ئوخشىمامدىمەن ، — يوتقاننى قايرىۋېتىپ ، كارىۋاتقا پۇتۇمنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇپ ، كۆرگەن چۈشۈمنى ئېسىمگە ئالدىم ، — توۋا ، ئادەم دېگەن غەلىتە نېمىلەرنى چۈشەيدۇ - ھە !
— نېمە چۈشەپسىز ؟
— چۈشۈمدە ئىككىمىز مۇشۇ كارىۋاتتا ئولتۇرغۇدەكمىز . سەن ھەدەپ بىرنېمە توقۇۋاتقۇدەكسەن ، «نېمە قىلىۋاتىسەن ؟ » دەپ سورىسام : «سىزنىڭ كونا پوپايكىڭىزنى چۇۋۇۋاتىمەن ، شۇنى بالىلارغا ئەپلەپ بىرنېمە قىلىپ بېرەيمىكىن ، دەيمەن» دەپسەن . مەن ئويلىنىپ تۇرۇپ كېتىپ ، خۇشال بولۇپ كېتىپتىمەن-دە : «مېنىمۇ چۇۋۇپ باشقىدىن توقۇپ باقساڭ بولامدۇ ؟ » دەپتۇدەكمەن . كۇلمە ، راست ئاشۇنداق دەپتىمەن . سەن : «شۇنداق قىلسامغۇ بولاتتى . بىراق ، چۇۋۇپلا قويغاندىن كېيىن بەزى ئۈزۈلگەن - بۇزۇلغان يەرلىرىڭىز چىقىدۇ ، قايتا توقۇغاندا بۇرۇنقىدىن كىچىكلەپ كېتىسىز » دەپسەن . مەن : «كىچىكلەپ كەتسەم تېخى ياخشى . سادىغاڭ كېتەي ، خوتۇن ، مېنى ھازىرلا چۇۋۇپ تاڭ ئاتقۇچە بۆلەكتىن توقۇۋەتسەڭ !» دەپ يالۋۇرۇپتىمەن .

سەن «ماقۇل» دەپ ، كارىۋاتقا مېنى قىپيالىڭاچ قىلىپ سوزۇلدۇرۇپ ياتقۇزۇپ ، پۈتۈمنىڭ بارماقلىرىدىن باشلاپ چۆۋۈغىلى تۇرۇپسەن . بەدىنىمنىڭ چۆۋۈلۈۋاتقان يەرلىرىدە بىرى مېنى يېنىك غىدىقلاۋاتقاندەك سېزىم ھاسىل بوپتۇدەك . قىلچە ئازاب ھېس قىلماي ، ناھايىتى ھوزۇرلىنىپ يېتىپتۇدەكمەن . چۆۋۈلۈپ كانىيىمغا كەلگەن چاغدا ، يىپىنىڭ بىر يېرى چىگىلىپ قېلىپ ، بوغۇلۇپ قاپتىمەن . سەن قانچە ۋارقىرىسامۇ ئاڭلىماي يىپنى تارتىۋەرگۈدەكسەن . دەم ئالالماي ، ئۆزۈمنى ھەر تەرەپكە ئۇرۇپ ، كۆزۈمنى ئاچسام ، چۈشۈم . سەن يېنىمدا ئۆرە تۇرۇپسەن...

ئايالىم بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ كۈلۈپ تېلىقىپ قالدى .

— كۈلىدىغان نېمىسى بار ، بۇ دېگەن چۈش !

— ساراڭ بولدىڭىزمۇ ، ئادەمنى قانداق چۆۋۈپ توقۇغىلى بولىدۇ ؟... قويۇڭە ، ئورۇن - كۆرپىلەرنى يىغىۋېتەي ، — دېدى ئۇ .

شۇ چاغدا ئېسىمگە بازارلىق ھۆكۈمەتكە بارىدىغان ئىشىم كەلدى - دە ، ئالدىراپ كىيىندىم .

* *

بازارلىق ھۆكۈمەت ئىشخانىسىدىكى يوغان ئۈستەلدە قوغداش ھەيئىتى ئۆمەرجان بىلەن كېلەڭسىز سەمرىگەن يەنە بىر كىشى كىتىرلىتىپ بىرنېمىلەرنى يېزىۋېتىپتۇ . ئىشىكنىڭ يېنىغا قويۇلغان ئۇزۇن بەندىڭدە تازىمۇ پاكار بىر ئادەم ئولتۇرۇپتۇ . «مۇنداق پاكارلارنى چۆۋۈپ باشقىدىن توقۇيدىغان

بولسا ھېچنېمىلا چىقمايدىغۇ دەيمەن» دەپ ئويلىدىم ـ دە : «سەل نېرىراق سورولوڭلار ، ئاغىنە» دەپ ئۇنىڭ يېنىغا قىستالدىم .

— بۇ بىزنىڭ بازارلىق ھۆكۈمەتكە يېقىندىن تەيىنلىنىپ كەلگەن بازار باشلىقى بولىدۇ ، — دەپ تونۇشتۇردى ئۆمەرجان ھېلىقى سېمىز زاتنى ، — سىلەردىن بەزى ئىشلارنى ئېنىقلىماقچى بولۇپ چاقىرتقان .

بازار باشلىقى ماڭا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويۇپ :

— قېنى ، سۆزلەۋېرىڭ ! — دەپ بۇيرۇق قىلدى يېنىمدا ئولتۇرغان پاكار ئاغىنىگە .

پاكار ئاغىنە باياتىن بېرى ئەھۋال تونۇشتۇرۇۋاتقان بولسا كېرەك ، سۆزىنى داۋام قىلدى .

— تۆت ـ بەش كۈننىڭ ئالدىدىكى ئىشقۇ ، دەيمەن ، — دېدى ئۇ ، — ھە ، ھە… توغرا ، شۇ كۈنى يەكشەنبە ئىدى . مەن گۆش ـ پۇش ئالاي دەپ بازارغا چىقىۋىدىم ، بىر چاغدا ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ بولۇپ كەتتى . قارىسام ، ئاپتوبۇس بېكىتىگە يېقىن يەردە ئۈچ ياش نېمە بىر كىشىنى ئارىغا ئېلىپ دۇمبالىغىلى تۇرۇپتۇ . تاياق يېگۈچى ئۈچىگە تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتتىمۇ ، «شارتتىدە» قىلىپ يېنىدىن پىچاق چىقاردى . پارقىراپ تۇرغان پىچاقنى ھەممەيلەن كۆردۇق . ئەتراپتا قىيقاس ـ چۇقان چىقىپ كەتتى . كۆكتات سېتىۋاتقان خوتۇنلار قورقىنىدىن چىرقىرىۋېتىشتى… شۇ ئارىدا قانداق بولدى ، ئارقىدىن كەلگەن بىرى چاققانلىق قىلىپ ئۇنىڭ قولىدىن پىچاقنى تارتىۋالدى . ئۇ يەنە بىر پىچاقنى چىقاردى ، يەنە بىرەيلەن ئۇ پىچاقنىمۇ يۇلۇپ ئېلىپ چۆرۈۋېتىۋىدى ، ئۇنىڭ قولىدا تېخىمۇ يوغان يەنە بىر پىچاق پەيدا بولدى . شۇنىڭ بىلەن بازار ئىچىدە قاچ ـ قاچ بولۇپ

كەتتى . مەنمۇ قاچتىم . كۆرگەنلىرىم مانا شۇ .

«يائاللا ، نېمانچە جىق پىچاق بۇ . شۇنچىۋالا پىچاقنى ئۇ ئوغرى نەرىگىمۇ ئېسىپ يۈرگەن بولغىيدى ؟ ! » دەپ ياقامنى تۇتتۇم . بازار باشلىقى بېشىنى كۆتۈرۈپ :

— پىچاق كۆتۈرگەننىڭ تەقى ـ تۇرقى قانداقراق ؟ — دەپ سورىدى .

— ئېسىمدە قالماپتۇ ، ئىشقىلىپ ، بۇرۇتلۇق ، ئېگىز ئادەمدەك قىلغان…

— بويىنىڭ ئېگىزلىكى ماۋۇ يېنىڭىزدا ئولتۇرغان ئادەمگە ئوخشامدۇ ؟

يۈرىكىم «قارتتىدە » قىلىپ قالدى . پاكار ئاغىنە بېشىمدىن ـ ئايىغىمغىچە بىر قاراپ :

— ياق ، ياق ، بۇ كىشىدىنمۇ ئېگىزرەكمىكىن دەيمەن ، — دېدى .

«ئۇھ » دەپ يېنىك بىر تىندىم . پاكار ئاغىنە كۆزۈمگە خېلى ئىسسىق كۆرۈنۈپ قالدى . «ئۇنى چۈۋۈمىسىمۇ بولغۇدەك » دەپ ئويلىدىم . بازار باشلىقى ئۇنىڭ سۆزىدىن تازا قانائەت ھاسىل قىلمىغان بولسا كېرەك :

— بولىدۇ ، ھازىرچە قايتىپ بېرىپ ئوبدان ئويلىنىپ ، شۇ كۈنى بازاردا كۆرگەنلىرىڭىزنى ،ھېلىقى پىچاقچىنىڭ چىراي ـ شەكلىنى تەپسىلي يېزىپ ، ئەتىگىچە بىزگە ئەكېلىپ بېرەرسىز ، — دېدى .

پاكار ئاغىنە چىقىپ كەتتى . ئەمدى بازار باشلىقىنىڭ كۆزى ماڭا قادالدى .

— خوش ، — دېدى ئۇ بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرۇپ

تۇرۇپ ، — بۇرۇتنى نېمانداق ئالدىراپلا چۇشۇرۇۋەتتىڭلار ؟
ئۆمەرجاندىن بۇرۇتلۇقلارنى تىزىملاۋاتقاننى ئاڭلاپ قورقۇپ كەتكىنىمنى ئېيتماقچىدىم ، تىلىمنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان بۇ گەپنى كۇچەپ بوغۇزۇمغا يۇتۇپ ، يالغاندىن بىرنى توقۇدۇم .
— بىزنىڭ قولۇم - قوشنىلارنىڭ مىجەزىنى سىز بىلمەيسىز ، مانا ماۋۇ ئۆمەرجان ئوبدان بىلىدۇ ، — دېدىم ، — بىرەرى ياخشىراق بىر نەرسە سېتىۋالسا ، ئوبدانراق بىر كىيىم كىيسە ، ئىشقىلىپ ، ئازغىنە بىر يېڭىلىق بولغاننى كۆرسىلا «يۇيىمىز » دەپ ئۇن - يىگىرمە تەڭگە خەجلەتمەي قالمايدۇ . يېقىندىن بېرى ئۇلار : «پاھ ، مۇنۇ بۇرۇت سىلەرگە تازىمۇ يارىشىپتۇ . بۇرۇتنىڭ چېيىنى قاچان ئىچىمىز ؟ سىلەرنى ئوبدان بىر يۇمىساق زادى بولمايدۇ» دەپ ماڭا يېپىشىپلاۋېلىشتى . ئىش- ئوقەتنىڭ يوقىدا قاراپ تۇرۇپ بىرمۇنچە پۇلنىڭ كۆزىگە ياغاچ تىقماي دەپ تۇنۇگۇن ئىسمائىل ساتىراشنىڭكىگە بېرىپ پاك - پاكىز قىردۇرۇۋەتتىم .
بازار باشلىقى تاماكىسىنىڭ كۇلىنى قېقىپ ، كۆزۇمگە قاراپ تۇرۇپ كەتتى .
— بازاردىكى ۋەقەنى ئاڭلىدىڭىز...
— مېنىڭ زادى ئەقلىم يەتمەيۋاتىدۇ . بازاردىكى ۋەقە بىلەن مېنىڭ بۇرۇتۇمنىڭ نېمە مۇناسىۋىتى بار ؟
— بىلەمسىز ! — دەپ ئۇستەلنى «پاققىدە» بىرنى ئۇرۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى بازار باشلىقى ، — بۇرۇتى بارلارنىڭ يېنىدا چوقۇم پىچىقى بولماي قالمايدۇ... ئەجەب بۇرۇتمۇ ئەمەس ، كېيىنمۇ ئەمەس ، دەل بىزنىڭ بۇرۇتلۇقلارنى تىزىملايمىز دەۋاتقان چاغدا سىزنىڭ بۇرۇتىڭىزنى قىردۇرۇۋېتىش

خىيالىڭىزغا كېلىپ قاپتۇ - ھە؟… ئىش ئۇنداق ئاددىي ئەمەس. ئۆتكەن يەكشەنبە بازاردا بولغان ۋەقەنى سىز ئاددىي بىر ماجىرا دەپ ئويلامسىز؟ ياق، ياق. مەسىلىگە ئۇنداق يۈزە قارىغىلى بولمايدۇ. شۇ كۈنى ھېلىقى يوغان بۇرۇت بازاردىكىلەرنى پىچاق كۆتۈرۈپ قوغلاپ قېچىپ چىقىپ كەتكەندە، شۇ يەرگە بىر سومكىسى چۈشۈپ قالغانىكەن، ئەكېلىپ تەكشۈرسەك، ئىچىدىن يەنە ئوتتۇز — قىرىقچە پىچاق چىقتى…

— ئەمىسە، ئۇ پىچاق ياساپ ساتىدىغان پىچاقچىغا ئوخشىمامدۇ؟…

— گېپىمنى بۆلمەڭ! تۆمۈرچىنىڭ يېڭى سوققان پىچاقلىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىز سىزدىن ئوبدان بىلىمىز. ھېلىقى بۇرۇتنىڭ سومكىسىدىن چىققان پىچاقلارنىڭ ھەممىسى بىر - بىرىدىن يوغان، تۇتۇلغان پىچاقلار… خوش، سىز بۇ ئىشنى قانداق چۈشەندۈرىسىز؟ سىزچە ئۇ بۇرۇتلۇق شۇنچە پىچاقنى سېھىرگەرلىك قىلغىلى ياكى قىزىقچىلىق كۆرسەتكىلى كۆتۈرۈپ يۈرگەنمىدۇ؟… مۇشۇ تۇرغان ئورنىمىزنىڭ تارىخىدىن بەلكىم خەۋىرىڭلار يوقتۇ؟ بىر تارىخچى ئاغىنەمنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، نەچچە مىڭ يىلنىڭ ئالدىدا، ئىسكەندەر دېگەن بىرى ئۆزىنىڭ لەشكەرلىرىنى باشلاپ دۇنيانىڭ ھەممە يەرلىرىنى بويسۇندۇرۇپ، مۇشۇ جايغا كەلگەندە بىر توپ پىچاقچىلارغا يولۇقۇپ، ئالغا باسالماي چېكىنىپ كەتكەنىكەن. ئۇ پىچاقچىلارنىڭ ھەربىرى يېنىغا نەچچە ئوندىن پىچاقنى ئېسىۋالاتتىكەن، قارىماي ئاتقان پىچاقلىرىمۇ كېلىۋاتقان ھەرقانداق ئادەمنىڭ نەق ئىككى قېشىنىڭ ئوتتۇرىسىغا سانجىلىپ، ئارقىسىغا ئۇچۇرۇۋېتەتتىكەن… نەچچە يۈز يىلنىڭ

ئالدىدا، چىڭگىزخاننىڭ قاراقچىلىرى بۇ يەردىن ئۆتكەندە يەنە شۇنداق سانسىز پىچاقچىلار ئۇلارنىڭ سىپىگە قوشۇلۇپ غەربكە ماڭغانىكەن. بۇگۈنگە كەلگەندە ئارىمىزدا يەنە شۇنداق پىچاقچىلار باش كۆتۈرۈپ چىقىۋاتقاندەك قىلىدۇ. ئۇلارنى بىر پالاكەت تېرىمايدۇ، دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟… قايتىپ بېرىپ، بۇرۇتىڭىزنى قاچان قويغانلىقىڭىزنى، نېمە سەۋەبتىن چۇشۇرۇۋەتكەنلىكىڭىزنى، بۇرۇتلىرىڭىزنىڭ شەكلىنى… شەكلى دېگىنىم: توم بۇرۇتمۇ، بوم بۇرۇتمۇ، شاپ بۇرۇتمۇ، سىم بۇرۇتمۇ؟ ھەممىنى ئېنىق يېزىپ، ئەتىدىن قالدۇرماي بىزگە تاپشۇرۇڭ!

*　　　　　　　　*

بازارلىق ھۆكۈمەتتىن خۇددى بىرى مېنى چۆرگىلىتىپ قويۇۋەتكەندەك بېشىم گاڭگىراپ قايتىپ چىقتىم. ئۆيگە كېلىپمۇ قولۇم ئىشقا بارمىدى. راست دېگەندەك ھېلىقى بۇرۇت سومكىسىغا ئوتتۇز — قىرىق پىچاقنى سېلىۋېلىپ، نېمىشقا ئادەم قوغلاپ يۈرگەن بولغىيدى؟… ئىسكەندەر، چىڭگىزخان دېگەنلەر توغرىسىدا ئانچە - مۇنچە ئاڭلىغان، نەچچە يۈز يىللارنىڭ ئالدىدا ئۆتكەن بۇ پادشاھلار بىلەن بۈگۈنكى پىچاقچىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان چىقىپ قالغىنى قىزىق… ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ ئىشقا مېنىڭمۇ چېتىلىپ قالغىنىمچۇ!…

كەچتە قاغا پۈتى خەتلىرىم بىلەن بۇرۇتۇمنىڭ تۇغۇلۇشىدىن تارتىپ ئۆلگۈچە بولغان قىسقىچە تارىخىنى يېزىشقا ئولتۇردۇم. ئايالىم بېشىمغا كېلىپ قاراپ:

— بۇ بىر ـ ئىككى كۈندىن بېرى سىزگە نېمە بولدى ؟ — دېدى .

— نېمە بوپتۇ ؟

— بىردەم بېرىپ بۇرۇتىڭىزنى چۇشۇرۇۋېتىپ كېلىسىز ، بىردەم ھۆكۈمەتكە يۈگۈرىسىز ، بۈگۈن كەچكىچە قويغان ـ تۇتقىنىڭىزنى بىلمەي پىرقىراپ يۈردىڭىز ، مانا ئەمدى تەكشۈرۈش يېزىشقا ئولتۇرۇپسىز…

— تەكشۈرۈش ئەمەس ، ھاڭۋاقتى ! بۇرۇتۇمنىڭ تارىخىنى يېزىۋاتىمەن .

— بۇرۇتۇمنىڭ تارىخىنى ! ؟

ئايالىم ماڭا چەكچىيىپ قاراپلا قالدى . ئۇ چوقۇم مېنى ئالجىپ قاپتۇ ، دەپ ئويلىدىغۇ دەيمەن .

— بۇ دېگەن سىياسەت ، خوتۇن خەق ئارىلىشىدىغان ئىش ئەمەس ! — دەپ ۋارقىرىدىم ئۇنىڭغا ، — ماڭ يۈگۈر ، ئۆزۈڭنىڭ قازان ـ قومۇچۇڭنى بىل .

شۇ كېچە يەنە قورقۇنچلۇق بىر چۈش كۆرۈپ ئويغىنىپ كەتتىم . چىراغنى ياندۇرۇپ ، كۆرگەن چۈشۈمنى ئەسلەشكە تىرىشىپ ، بىرھازا ئولتۇرۇپ كەتتىم . ئايالىم ئويغىنىپ :

— يەنە نېمە بولدىڭىز ؟ — دېدى .

— قارا بېسىپتۇ ، قارىمامسەن چىلىق ـ چىلىق تەرگە چۆمۈپ كەتكىنىمنى .

— يەنە غەلىتە بىرنېمىلەرنى چۈشىگەن ئوخشىمامسىز ؟

— غەلىتە بولغاندا قانداق دېمەمسەن ، چۈشۈمدە ئۇخلاۋاتقۇدەكمەن . قۇلىقىمغا بىرنېمىلەرنىڭ گۇلدۇرلىگەن ، تاراقلىغان ئاۋازى ئاڭلانغۇدەك . «مېڭىپ كېتىۋاتقان ھارۋىنىڭ

ئۇستىدە ئۇخلاپ قاپتىمەن ـ دە !» دېگۇدەكمەن ؛ تۇرۇپلا يەنە : «ياق هارۋىدا ئەمەس ، تۇگمەندە ئۇخلاپ قاپتىمەن» دەپتىمەن . گۇلدۇرلىگەن ئاۋاز بارغانسېرى كۇچىيىپ ، تۇگمەننىڭ ئىچىگە شارقىراپ سۇ كىرگىلى تۇرۇپتۇ . بىر چاغدا قارىسام ، تۇگمەندە ئەمەس ، كىرئالغۇنىڭ ئىچىدە پىرقىراۋاتقۇدەكمەن . شۇنچە ۋارقىرىساممۇ ئاۋازىمنى هېچكىم ئاڭلىمىغۇدەك . تېپىچەكلىگەنسېرى ماغزاپنىڭ ئىچىگە چۆكۇپ كېتىپ بارغۇدەكمەن... مىڭ تەسلىكتە كۆزۇمنى ئاچسام ، ئۆي ئىچى قاپقاراڭغۇ تۇرۇپتۇ . قورققىنىمدىن چىراغنى ياندۇرۇۋالدىم . هېلىقى كىرئالغۇنىڭ تاراق ـ تۇرۇقى هازىرمۇ قۇلىقىمغا ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ .

ئەتىسى ناهايىتى هارغىن هالدا ئورنۇمدىن تۇردۇم . بېشىم هېلىمۇ پىرقىرىغاندەك بولۇپ قېيىپلا تۇراتتى . چۇشكە يېقىن بۇرۇتۇمنىڭ «تارىخى» يېزىلغان قەغەزنى كۆتۇرۇپ ، بازارلىق هۆكۇمەتكە باردىم . بۇ يەردە بۇرۇت ماجىراسى بىلەن چاقىرتىلغان يەنە بىرنەچچەيلەن سوراق قىلىنىۋاتقانىكەن ، ئىچكىرىگە كىرىشكە پېتىنالماي ، قولۇمدىكى قەغەزنى بوسۇغىدا تۇرۇپلا سۇنۇپ بەردىم .

بازارلىق هۆكۇمەتتىن چىقىپ ئۇدۇل بازار تەرەپكە كېتىپ قاپتىمەن . بازارنى ئارىلاپ ماڭدىم . كۆزۇمگە هەممىلا يەردە پىچاق بىلەن بۇرۇت كۆرۇنگەندەك قىلاتتى . مۇنۇ بۇرۇتلۇق قاسساپنىڭ قولىدىكى پىچاقنىڭ هەيۋەتلىكىنى قارىمامدىغان ، هېلىقى بۇرۇتنىڭ سومكىسىدىن چىققان پىچاقلارمۇ مۇشۇنداق تىرىك جاننىڭ قېنىنى ئېقىتىدىغان نېمىلەر بولسا كېرەك... ئاۋۇ تاۋۇزچىنىڭ قىلىچتەك ئۇزۇن ، ئەگرى پىچىقىچۇ؟ هەرقانچە

بولسىمۇ ئۇنداق يوغان پىچاقلاردىن ئوتتۇز ـ قىرىقىنى بىر سومكىغا سىغدۇرغىلى بولماس··· ماۋۇ يايمىچىلارنىڭ ئالدىدا تۇرغان پىچاقلارچۇ؟ بۇ يەردىن داڭلىق يېڭىسار پىچاقوويۇپ نەقىشلىنىۋەتكەن قەشقەر پىچاقلىرى، ئىككى بىسلىق خەنجەرلەر، تۆمۈر غىلاپلىق موڭغۇل پىچاقلىرى، ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ تۇرلۇك قىڭراقلىرى، يەرلىك ئۇستىلار سوققان خىلمۇخىل قەلەمتىراشلارغىچە بولغان تىغلىق ئەسۋابلارنىڭ ھەممە تۇرىنى تاپقىلى بولاتتى. ئېلىم ـ بېرىم قىلىنىشۋاتقانلارنىڭ كۆپىنچىسى بۇرۇتسىز ئىدى (ھەرقاچان ئۇلارنىڭ ئىچىدە چاندۇرماي بۇرۇتىنى قىردۇرۋەتكەنلەرمۇ خېلى بار). ئەگەر بۇ بۇرۇتسىز پىچاقچىلارغا بازار باشلىقى ھېلىقى بۇرۇتلۇق پىچاقچىلارنى قوشساق، ھەقىقەتەنمۇ بىر چوڭ خەۋپكە ئايلىناتتى ··· كۆزۈمگە ئالارمەن ـ ساتارمەنلەرنىڭ ۋاڭ ـ چۇڭى بىلەن گۇرۇلدەپ تۇرغان بۇ بازارمۇ يوغان بىر كىرئالغۇنىڭ ئىچىدە توختىماي پىرقىراۋاتقاندەك كۆرۈندى. «ھەرقاچان، بازار باشلىقى ئۇزاق ئۆتمەي بۇ بازارنى چۇۋۇپ باشقىدىن توقۇيدىغۇ، دەيمەن!» دەپ ئويلاپ قالدىم.

شۇنىڭدىن باشلاپ دەككە ـ دۇككىدە تالا ـ تۇزلەرگىمۇ چىقمىدىم، بىرەرىنىڭ بازارنى چۇۋۇپ توقۇۋاتقانلىقى توغرىسىدا خەۋەرمۇ ئاڭلىمىدىم. ئارىدىن ئىككى ئايچە ۋاقىت ئۆتتىمىكىن، بىر كۇنى غەيرەت قىلىپ كوچىغا چىقىپ، سودىلىقىمنى پۇتتۇرۇپ ئۆيگە قايتىپ كېلىۋاتسام، ئالدىمغىلا بازار باشلىقى چىقىپ قالدى. ئۆز كۆزۈمگە ئىشەنمەي قالدىم. ئۆردەكتەك ئىرغاڭلاپ كېلىۋاتقان بۇ كېلەڭسىز ئادەم قاملاشتۇرۇپ بۇرۇت قويۇۋالغانىدى. يېقىنلاپ كېلىپ قارىسام، خاتاسىز بىزنىڭ بازار باشلىقى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم! — دېدىم ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ. بازار باشلىقى توختاپ ماڭا قارىدى - دە:

— سىز كىم بولىسىز؟ — دېدى.

— ئىككى ئاينىڭ ئالدىدا سىزگە بۇرۇتۇمنىڭ تارىخىنى يېزىپ ئاپىرىپ بەرگەن كىشى بولىمەن.

— ھە، ھە. شۇ چاغدا مېڭىمىز قىزىپ كېتىپ، بىرمۇنچە ئادەملەرنى ئاۋارىچىلىككە ساپتىكەنمىز. شۇلارنىڭ ئىچىدە سىزمۇ بار ئىكەنسىز - دە؟... قارىمامسىز، ھېلىقى كېكەچ ھەممىمىزنى تەڭ پاراكەندە قىپتۇ.

— قايسى كېكەچنى دەۋاتىسىز؟

— ئاڭلىمىدىڭىزما؟ ھېلىقى بازاردا پىچاق كۆتۈرۈپ ئادەم قوغلىغان بۇرۇتچۇ... ئەسلىدە ئۇ قۇشخانىنىڭ خىزمەتچىسى ئىكەن. قۇشخانىنىڭ توك چاقى بۇزۇلۇپ قېلىپ، شۇ كۈنى ئۇ قاسساپلارنىڭ مال سويىدىغان پىچاقلىرىنى يىغىپ بازارغا چاقلاتقىلى ئەكىرگەنىكەن. ئاپتوبۇستا ئۈچ يانچۇقچى ئۇنى ئارىغا ئېلىۋېلىپ، قىستىغان بولۇپ يانچۇقىدىكى پۇلىنى سوقۇۋاپتۇ، كېكەچ پۇلنىڭ يىتكەنلىكىنى سېزىپ قېلىپ، ئاپتوبۇستىن چۈشۈپلا ھېلىقىلارغا ئېسىلىۋاپتۇ. يا ئولاشقان خەققە گېپىنى ئۇقتۇرالماي، يا ھېلىقى ئوغرىلارنى قويۇۋەتمەي چىڭ تۇتۇۋالغاندىن كېيىن، يانچۇقچىلار ئۇنى ئۇرۇپ قۇتۇلۇپ قاچماقچى بوپتۇ. تاياق ئۆتكەندىن كېيىن كېكەچمۇ پىچاق چىقىرىپتۇ. بولغان ئىش شۇ.

— شۇنچىلىك ئىشكەن، دەڭ!

— شۇنداق، شۇنچىلىكلا بىر ئىشكەن. مەن ئۇنى ئاغىنەمدىن چالا - پۇچۇق ئاڭلىۋالغان تارىخقا باغلاپ، چوڭقۇر

ئۇيلاپ كېتىپتىمەن. دوختۇرلار بۇنى «سىزىمى ئېشىپ كېتىش كېسىلى» دەيدىكەن. يۇقىرى رەھبەرلىكمۇ مېنى چاقىرتىپ: «بىر بۇرۇتنىڭ ئىشىنى دەپ جىمى بۇرۇتنى پاراكەندە قىلىدىغان قانداق باشلىقسەن؟» دەپ قاتتىق تەنقىدلىدى. خاپا بولمايسىز... بۇرۇتۇمغا قاراپ ھەيران بولۇۋاتامسىز؟ ئاڭلىسام يەنە بەزى رەھبەرلەر مېنى «بازار باشلىقى ئەزەلدىن بۇرۇتقا ئۆچ ئادەمتى» دەپ يۈرگۈدەك. رەھبەرلەرنىڭ پىكرىگە دىققەت قىلمىساق بولمايدۇ. مانا ئەمسە دەپ مەنمۇ بۇرۇت قويۇۋالدىم. يارىشىپتىمۇ؟

بازار باشلىقى قېلىنلىق بىلەن ھىجايدى، مەنمۇ دەردىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ جىلمايدىم-دە:

— يارىشىپتۇ، بەستىڭىزگە قارىغاندا بۇرۇتىڭىز سەل كىچىكرەك بولۇپ قاپتۇ. بولسا ئوبدانراق ئۆستۈرۈپ، قولىقىڭىزغا يۆگىۋالسىڭىز بولغۇدەك، — دېدىم.

— پاھ، پاھ... بۇ چاقچىقىڭىز قالتىس كەلدى-دە! — دەپ دىقماق قوللىرى بىلەن مۈرەمگە ئۇرۇپ قويۇپ ئۆتۈپ كەتتى ئۇ.

تۇرغان ئورنۇمدا تۇرۇپ قالدىم. «بۇ بازار باشلىقىمۇ كىرئالغۇغا چۈشۈپ كېتىپ، چۆرگىلەۋاتقىنىغا خېلى بولغان بىر نېمە ئىكەن-دە! مۇنداق كېلەڭسىز ئادەملەرنى سۈزۈۋېلىپ، ئاپتاپقا سېلىپ قۇرۇتۇپ، ئاندىن چۈۋۈپ باشقىدىن توقۇسا خېلى ئىخچاملىشىپ قالاتتىمىكىن...» دېگەنلەر خىيالىمدىن كەچتى.

ئۆيگە يېقىنلاپ قالغىنىمدا قوغداش ھەيئىتى ئۆمەرجان ئۇچراپ قالدى.

— ھوي ئۆمەرجان! — دەپ ۋارقىراپ توختىۋالدىم، —

بولغان يېڭىلىقلاردىن خەۋەرلەندۈرۈپمۇ قويماپسىلە .
— نېمە يېڭىلىقلاردىن ؟
— بۈرۈت تىزىملايدىغان ئىش ئەمەلدىن قاپتۇ ، بازار باشلىقىنىڭ ئۆزى بۈرۈت قويۇۋاپتۇ…
— كىمدىن ئاڭلىدىڭلا ؟
— مانا ھازىر ، كوچىنىڭ دوقمۇشىدا بازار باشلىقىنىڭ ئۆزىنى كۆردۈم .
— نېمە دېدى ؟
— «بۈرۈتۈم يارىشىپتىمۇ ؟» دېدى . «يارىشىپتۇ ، بەستىڭىزگە قارىغاندا بۈرۈتىڭىز سەل كىچىكرەك بولۇپ قاپتۇ . بولسا ئوبدانراق ئۆستۈرۈپ ، قۇلىقىڭىزغا يۆگىۋالسىڭىز بولغۇدەك» دېدىم .
ئۆمەرجان قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى - دە :
— بازار باشلىقىنىڭ بۈرۈتى ئۆسمەيدىغان بۈرۈتلاردىن - دە ! — دېدى .
— نېمە دەيدىغانسىلەر ، ئۆسمەيدىغان قانداق بۈرۈت ئۇ ؟
— سىلەر بىلمەمسىلەر ؟ بىزنىڭ بازار باشلىقىمىز تۇغما كوسا . بۇ قېتىم ، ھەممىسى ئۇنىڭ كۆزىگە قولىنى جونۇپ : «زادى بۈرۈتى بارلار ساقا نېمە قىلغان ؟» دەپ ئارامىنى قويمىغاچقا ، سەنئەت ئۆمەكتىن ئاشۇ جا بۈرۈتنى تېپىپ ئەكېلىپ تاقىۋالدى .
ئۆمەرجان كەتتى . بولغان ئىشلارنى باشتىن - ئاياغ كۆز ئالدىمدىن ئۆتكۈزۈپ ، يەنە بىرھازا تۇرۇپ كەتتىم . شۇنچە ياشقا كىرىپمۇ دۇنيانىڭ مۇنچە قىزىقلىقىنى چۈشەنمەپتىكەنمەن…
مانا شۇ ۋەقەلەر بولۇپ ئۆتكەنگە يېرىم يىلچە بولۇپ قالدى .

ئوغلۇم كالپۇكىنىڭ ئۇستىگە ئۆتكەنكىسىدىنمۇ يوغانراق بىر ياقىلىقنى بېكىتىۋالدى . لېكىن ، مەن بۇرۇت قويۇشقا ھازىرغىچە پېتىنالماي يۈرىمەن . يەنە بىرەر كېلىشمەسلىك يۈز بېرىپ ، بازار باشلىقىنىڭ «سېزىمى ئېشىپ كېتىش كېسىلى» ئەدەپ قالسا ، ئۇنى جا بۇرۇتىنى «شاققىدە» ئېلىپ يانچۇقىغا سېلىۋېلىپ ، خىيالىغا كەلگەننى قىلمايدۇ ، دەپ كىم ھۆددە قىلالايدۇ ؟ !...

1990 - يىل ، غۇلجا

# قىرلىق ئىستاكان

ئەمدىلا بۆلۈمگە كىرىپ چاپىنىمنى ئىلغۇغا ئېسىپ تۇرۇۋىدىم، ئىشىك ئېچىلىپ، بوسۇغىدا «سارالڭ»نىڭ ئاپتورى پەيدا بولدى.

— كېلىڭ! — دەپ زورىغا كۈلۈمسىرىدىم، «ئەتىگەندىلا بۇ ئالىجوقا ئاغزىغا كەلگەننى سۆزلەپ بېشىمنى ئايلاندۇرىدىغان بولدى - دە!...» دەپ كەيپىم ئۇچتى.

— ئۇھۇي!... ئىدارەڭلەر تازىمۇ يىراق يەردىكەنا، ياخشىمۇسىز؟

— ياخشى، ياخشى، ئولتۇرۇڭ!

— ھەرقاچان، بۇ بىرنېمىدىن نېمە بالاغا قالدىم، دەپ ئويلاۋاتقانسىز؟

— ياق، ئۇ نېمە دېگىنىڭىز؟!

— سىزنى ئۆيدە ئاۋارە قىلماي، دەپ ئۇدۇل تەھرىر بۆلۈمىگىلا كەلدىم... ھە، تېنىڭىز ساق؟ ... — ئۇ قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، قارشى تەرەپتىكى ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى، — مانا قاراڭ، يەنە بىر ھېكايە يېزىۋەتتىم.

ئۇ قويىنىدىن بىر ئورام ئورىگىنالنى ئېلىپ ئالدىمغا «گۈپپىدە» تاشلىدى - دە، ئەتراپىغا قاراپ كالپۇكىنى يالاپ قويدى.

— سۇ ئىچەمسىز؟ — دەپ سورىدىم مەن ئۇنىڭ بىرىنچى

قېتىم ئۆيۈمگە كەلگەندە بىر ئاپقۇر سوغۇق سۇنى ئۆرە تۇرۇپلا ئىچىۋەتكىنىمنى ئېسىمگە ئېلىپ .

— رەھمەت ، يولدا بىر رومكا قېقىۋالدىم .

— ئەتىگەندىلىما ؟

— بىز تەرەپتە بىر قاۋاق بار دەڭا ، — دېدى ئۇ ئورنىدىن سەل قوزغىلىپ قويۇپ ، — شۇنداق ئەتىگەندە ئاچىدۇ . ھېلىقىدەك ئىچمىسە تۇرالمايدىغان بولۇپ قالغان بىچارىلەر ئەتىگەندە كۆزىنى يىرتىپ ئېچىپلا شۇ يەرگە يۈگۈرىدۇ . ئاجايىپ بىر قاۋاق دەڭا ، بىلىدىغانلار ئۇنى «تېز قۇتقۇزۇش بۆلۈمى» دېيىشىدۇ . ھېلىقى پۈت - قولى تىترەپ تۇرىدىغان بايقۇشلار ئەتىگەندە شۇ يەردە بىر رومكىدىن قېقىۋېلىپ ، ئاندىن ئازراق ئادەم سىياقىغا كىرىپ تارقىلىپ كېتىشىدۇ . تاماكا بىلەن ھاراقنى ماگىزىنلارغا ھارغىچە تىزىۋېتىپ ، ھاراق ئىچمەڭلار ، تاماكا چەكمەڭلار ، دەيدىغىنىڭلارغا ھەيرانمەن... ھە ، شۇ دۇكاندا... ئۆرە تۇرۇپلا... بىر قولۇمدا شەپكەمنى تۇتۇپ تۇرۇپ ، يۈز گرامنى بىراقلا دۇم كۆمتۈردۈم . قاراپ تۇرغانلار قالتىس ھاراقكەشكەن ، دەپ قالدىغۇ دەيمەن !... مۇھەررىر دېگەننىڭ سۈرى بولىدىكەن ، ئالدىڭلاردا دادىلراق بولاي ، دېدىم . ئەيىبكە بۇيرۇمايسىز... تۇركىيىدە كاۋاپنى مېتىرلاپ ساتىدىغىنىنى ئاڭلىدىڭىزمۇ ؟... توخۇنىڭ قۇلىقىغا «چىم بۇلاق»نى چېلىپ بەرسە كۈنىگە ئىككى - ئۈچتىن تۇغقۇدەكقۇ ؟... ھازىرقى ئادەملەرنىڭ باھاسى چۈشكەن ماللارغا ئامراق بولۇپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرمەمسىز...

تاشقىرىقى بۆلۈمدىكى ياش خىزمەتچىلەر ئىشىكنى ئېچىپ ، باشلىرىنى تىقىپ قىزىقسىنىپ قاراپ قويدى . ئاپتور ئۇلارنىڭ

ھەربىرىگە ئورنىدىن تۇرۇپ سالام بەردى .

— ئەسەرنى قويۇپ كېتىڭ ، كۆرۈپ باقايلى ، — دېدىم گەپنى چاپسانراق يىغىشتۇرماقچى بولۇپ ، — ئەمما ، سىزگە ئېيتىپ قوياي ، ياراپ قالغۇدەك بولسا ئەمدى ئۆزىڭىزنىڭ نامىدا ئېلان قىلىمىز - ھە !

— ياپىرەي ، مېنى قورقۇتماڭ ! — ئۇ ئىككى قولىنى كېرىپ ، مەيدىسىنى ئالدىدىكى ئۈستەلگە تىرەپ تۇرۇپ مۇراجىئەت قىلدى ، — «مەرتەم ، مەرتەم ئۈچ مەرتەم» دېگەن گەپ بارغۇ ؟ ھېچبولمىغاندا ، قاراڭ ، مۇشۇ بىر نۆۋەت بولسىمۇ يەنە ئۆز نامىڭىزدا ئېلان قىلىپ تۇرۇڭ ، ئاندىن···

— قويۇڭ ، بۇ پەقەت قائىدىدە يوق ئىش - دە !

— مانا مەن ئۆزۈم ، ئۆز رازىلىقىم بىلەن سىزگە ئاپتورلۇق ھوقۇقۇمنى ئۆتۈنۈپ بېرىۋاتىمەن - دە ! بولمىسا سىزگە ھېچقانداق دەۋا - دەستۇرۇم يوق ، دەپ ھۆججەت قىلىپ بېرەي··· سىز «يوشۇرۇن لەززەت» دېگەن بىرنېمىنى بىشىڭىزدىن كەچۈرگەنمۇ ؟ بۇمۇ ئاجايىپ بىر سېزىم - دە !···

ئۆزۈمنىڭ يازغانلىرىمنى خەقلەرنىڭ ئوقۇپ نېمە دېيىشىۋاتقانلىقىنى سىرتتىن ئاڭلاپ ھۇزۇرلىنىپ كېتىمەن . ئۇلار ئەسەرنى سىزنىڭ يازغانلىقىڭىزنى بىلمىگەندىن كېيىن تەنقىدلىمۇ ، ماختاشىمۇ ، ھەممە ھەق گەپنى ئۆز ئالدىڭىزدا دەۋېرىدۇ . بەزىدە ئۆزۈممۇ خۇددى يات ئادەملەردەك «پالانى يېرى مۇنداق بوپتۇ ، پوكۇنى يېرى زادى قاملاشماپتۇ» دەپ ئۇلار بىلەن تالاش - تارتىش قىلىپ كېتىمەن . ناھايىتى قىزىق بولىدۇ . ئۆز ئەسىرىنى ئۆز نامىدا ئېلان قىلىدىغان ئاغىنىلەر مۇنداق لەززەتتىن مەھرۇم دەڭە . ئۇلارنى ئالدىدا ماختاپ قويۇشۇۋېرىدۇ ،

يالغان ماختاشقا ئەخمەق بولۇپ گىدىيىپ يۈرىدۇ، خەق ئارقىسىدىن كۈلىدۇ... يوشۇرۇن لەززەت دېگەن ئاجايىپ نەرسە-دە! مەكتەپتە ئوقۇپ يۈرگەن چاغلىرىمدا راستىنلا ساراڭدەك قىلىقلىرىم بار ئىدى. مۇھەببەت خەتلىرىنى تازا قاتۇرۇپ يېزىپ، قىزلارنىڭ يانچۇقىغا تۇيدۇرماي سېلىپ قوياتتىم. خەتنى ئوقۇغان بىچارە قىز ئۆزىگە كۆزى چۈشۈپ قالغان يىگىتنىڭ كىملىكىنى بىلەلمەي خېلى كۈنلەرگىچە ئاۋارە بولاتتى. بەزى قىزلار شۇنچىلىك ئۆزىنى يوقىتىپ قويىدۇ، دېمەمسىز، مېڭىسىگە دەرسمۇ چۈشمەي قالىدۇ. ئوقۇتقۇچى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ: «ھازىر نېمە دېدىم؟ دەپ سورىسا پارقىراپلا تۇرىدۇ. مەن ئىچىمدە كۈلۈپ ئولتۇرىمەن. بەزى تىرتەكرەك قىزلار خەتنى مۇئەللىمگىلا كۆتۈرۈپ بارىدۇ. ئەلۋەتتە مەن خەتنى پوچېركامنى ئۆزگەرتىپ يازىمەن - دە! شۇنىڭ بىلەن ئىشنىڭ ئاخىرى مۇئەللىمنىڭ سىنىپتىكى شوخراق بىر - ئىككى بالىنى چاقىرتىپ چىقىپ سوراققا تارتىشى بىلەن ئاياغلىشاتتى... ئۆزۈم بىرەر قىزغا راستىنلا كۆيۈپ قالغۇدەك بولسام، ئۇنىڭغا زادىلا سىرىمنى ئاشكارىلىمايتتىم. ھېلىقى قىزنىڭ باشقىلارغا كۈلۈپ قاراشلىرى، باشقا ئوغۇللار بىلەن ئوچۇق - يورۇق پاراڭلىشىشلىرى، كىملەر بىلەندۇر يوشۇرۇن كۆز بېقىشىشلىرى مېنى شۇنچە قىينىسىمۇ لېۋىمنى چىشلەپ چىدايتتىم. بۇ ئازاب، مۇنداق يوشۇرۇن كۆيۈش ماڭا يەنە يېڭى بىر خۇشاللىقمۇ بېغىشلايتتى...

— غەلىتە تۇيغۇ ئىكەن.

— شۇنداق، بىز ھەممىمىز ئىنسانغۇ، ھەربىر ئادەمدە ئۆزىگە تۇشلۇق غەلىتىلىك بولىدۇ، دەڭە. مانا مەسىلەن، ئادەم

ئۆلتۈرۈپ خۇشال بولىدىغانلار بار . بىراۋنىڭ تىنچ ماكانىنى خانىۋەيران قىلىۋېتىپ ، ئازابلانغان ئادەملەرگە قاراپ ھۇزۇرلىنىدىغانلارمۇ بولىدۇ... قاراڭ ، باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىپ ، ئۆزىنىڭ كىملىكىنى بىلىندۇرمەي كېتىپ قالغان ئادەمنىڭ شۇ ئالىيجانابلىقىدىن ئۆزىنىڭ ئالىدىغان شادلىقىنى سىز چۈشىنەمسىز ؟ ئەلۋەتتە ئۇ ئۆزىنى ئاشكارىلىسا ، ئۆزى ئېرىشمەكچى بولغان ئىچكى خۇشاللىقتىن قۇرۇق قالىدىغانلىقىنى بىلىدۇ . مۇنداق يۈرەكنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا ساقلىنىدىغان يوشۇرۇن ھاياجاننى ھەركىم ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن . پەقەت كىتابلارغىلا ئوچۇق يېزىشمايدۇ... ئۆزۈمنىڭ ئەسىرىنى باشقىلارنىڭ نامىدا ئېلان قىلىشىمۇ ماڭا شۇنداق خۇشاللىق بېرىدىغانلىقىنى بىلىپ قالدىم . ئۆتۈنۈپ قالاي ، ئەڭ ئاخىرقى قېتىمدا بولسىمۇ مېنى بۇ لەززەتتىن مەھرۇم قىلماڭ !...

— نامچۇ ؟ نامىڭىزنى چىقىرىشقا قىزىقمامسىز ؟ — دەپ ئۇنىڭ گېپىنى بۆلدۈم .

— نام دېدىڭىزما ؟... قۇرۇق ئاتاقنىڭ نېمىگە پايدىسى ؟ كۆرمەيۋاتامسىز ، ھازىرقى ئادەملەر ئۆلگەنلەرنىڭ ئابرۇيىنى جىنازىنىڭ ئارقىسىدىن كېلىۋاتقان ماشىنىلارنىڭ ئاز - كۆپلۈكى بىلەن ئۆلچەيدىغان بولدى... مانا سىز بىردىنلا بۇ ئەسەرنى مېنىڭ نامىمدا ئېلان قىلدىڭىز ، دەيلى ، كىشىلەر : «ئەنە ، پالانى دېگەن يازغۇچى كېلىۋاتىدۇ» دېيىشسە ، قورساقتا شۇنىڭغا لايىق ئۇماچ بولسا بولىدۇ - دە !... شائىر ، يازغۇچى دېگەنلەر بەزى سورۇنلاردا ئادەملەرنى ئاجايىپ شېئىرلارنى ئوقۇپ ھەيران قالدۇرۇپ ، قىزىق گەپلەرنى قىلىپ كۈلدۈرۈپ دوملىتىۋېتىدى-كەن . مېنى دېسىڭىز ، يولى كەلگەندە خوتۇنىغىمۇ گەپ تېپىپ

بېرەلمەيمەن . ئەر ـ خوتۇن سوقۇشۇپ قالساق ، گەپ قىلمايلا قوپۇپ دۇمبالايمەن ، داۋلىلاشسالىلا يېغلىپ قالىمەن… يېقىندىن بېرى ، شۇنداق كۆنلەر بېشىمغا كېلىپ قالسا چانمىسۇن ، دەپ بەزى خەق تونۇمايدىغان شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنى يادلىغىلى تۇردۇم . تېخى ھېلىلا ، ھېلىقى «تېز قۇتقۇزۇش بۆلۈمى»دە مەستلەرگە :

ئۆمرۈم بويى راھەت ئۆتتى ئۇ كېچە ،
گۈزەل يارىم بىللە بولغاچ تاڭغىچە…

دېگەندەك بىر نېمىلەرنى يادلاپ بېرىۋىدىم ، مەستلەر «ۋاي ـ ۋاي ـ ۋاي !» دەپ تاماقلىرىنى چېكىشىپ كەتتى . تېخى بىر ئىككىسى قولىدىكى رومكىلىرىنى ماڭا تەڭلەپ ئۆلپەتلەشمەكچى بولغانىدى ، ئاران قېچىپ چىقتىم . ئارقامدىن «ۋاھ ، شائىركەن ـ ھە !» دەپ گۇدۇڭلاشقىنىنى ئاڭلاپ قالدىم .

— ئۇ كىمنىڭ شېئىرى ؟ — دېدىم ھەيران بولۇپ .

— شەيخ مۇسلىھىددىن سەئىدى شىرازىنىڭ ، — دېدى ئۇ ، — سورىغانلارغا سەئىدىنىڭ دەپلا قويسىڭىز بولمايدۇ ، تولۇق نامىشەرىپى بىلەن شۇنداق ئۇزارتىپ ئېيتسىڭىز ھەيۋەت ئاڭلىنىدۇ .

كۈلۈپ كەتتىم .

— ئۇنداقتا ، سىز ئۆزىڭىزگە بىر ئەدەبىي تەخەللۇس تاپسىڭىز بولغۇدەك .

— تەخەللۇس دېدىڭىزما ؟ تەخەللۇسىمىز ھېلىقىدەك لەقەممۇ ؟… راست ، بۇ ئىش خىيالىمغا كەلمەپتۇ . سىزچە مەن

قانداق لەقەم ئىشلەتسەم بولار ؟

مەنمۇ دەرھال جاۋاب بېرەلمىدىم .

— بەزىلەرنىڭ يازغىنىدىن تەخەللۇسى يوغان بولىدىكەن ، — دېدى ئۇ سۆزىنى داۋام قىلىپ ، — مانا مەسىلەن ، پالانچىنى سىزمۇ بەلكىم تونۇيسىز ، ھېلىقى تاماكىسىنى ئارقا ـ ئارقىدىن پۇرقىرىتىپ چېكىپ ئولتۇرۇپ ، تاماكىنىڭ زىيىنى توغرىسىدا بىرنېمىلەرنى يازىدىغان ئاغىنە . «سوغۇق سۇ ئىچمەڭ» ، «قان بېسىمى بار ئادەم يىقىلىپ چۈشسە بولمايدۇ» ، «قوي گۆشى بەدەنگە پايدىلىق» ، «نان يېسىڭىز قورساق تويىدۇ» دېگەندەك تۈكى يوق نەرسىلەرنى يېزىپ ، گېزىت ـ ژۇرناللارنى توشقۇزۇۋېتىدۇ . «توۋا !» دەيمەن . 1 ـ ئايدىن كېيىن 2 ـ ئاي كېلىدۇ ، ئۆلمەيدىغان ئادەم بولمايدۇ ، دېگەندەكلا گەپقۇ بۇ !... شۇقداقلىقىغا باقماي ، تەخەللۇسى— «ھەيۋەت» .

— «ھەيۋەت» دەمسىز ؟

— ھە ، تەخەللۇسى «ھەيۋەت» !

— سىز «ساراڭ» دېگەن تەخەللۇسنى ئىشلەتسىڭىز بولامدىكىن ؟

— «ساراڭ» !... ساراڭ بولماقمۇ ئوڭاي ئەمەس دەڭە .

— قانداق دەيسىز ؟

— مانا مەسىلەن ، مېنىڭ بىر قوشنام بار . ئۇ ھېلىقى يامان يىللاردا ئون يىل تۈرمىدە يېتىپ ئاران ساراڭ بولۇپ چىققان . يېقىندىن بېرى كوچىمىزنىڭ دوقمۇشىدا يەنە بىرى پەيدا بولۇپ قالدى . ئاڭلىسام ، پۇل تاپىمەن ، دەپ تاڭ ئاتقۇچە دۇكان ئېچىپ ، ئۆرە تۇرۇپ ئۇخلايدىغان بولۇپ قالغان نېمە ئىكەن...

بەزىلەرنىڭ ساراڭلىقىغىغۇ زادى ئىشەنمەيمەن . ئۈچ ۋاخ تاماقنى بىر ئوبدان يەيدۇ ، گەپنى تەتۈر قىلىدۇ . يېقىندىن بېرى مۇشۇ ساراڭلىقنىڭمۇ باھاسى چۈشتىمۇ ، قانداق ؟

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز ؟

— قارىماسىز ، ساراڭلىقنى پۇلغا سېتىۋالىدىغانلار كۆپىيىپ كېتىۋاتىدۇ .

— كىملەرنى دەۋاتىسىز ؟

— ھاراقكەشلەرچۇ ! ؟... بىر تۈزۈك ئادەملەر ، قاراپ تۇرسىڭىز قاۋاقنىڭ ئىشىكىدىن پۇلنى كۆتۈرۈپ ساق كىرىپ كېتىپ ، بىر سائەتكە قالمايلا ساراڭ بولۇپ چىقىشىدۇ . مانا مۇنۇ ھېكايىدە شۇنداقلار توغرىسىدا يازدىم... كالىچىڭىزنىڭ ئىچىنى ئادراسماندا ئىسرىقداپ ، ئۆزىڭىزنى پات - پات ئاشلىتىپ تۇرغىنىڭىز ياخشى . ئاڭلىدىڭىزمىكىن ، ھېلىقى ئېلاخۇن دېگەن زاسۇيپەز يېڭى تۇغۇلغان بالىسىنىڭ ھەمراھىنى سىركە ، لازىغا مىلەپ يەپ قويۇپتۇدەك... چوڭ كۆۋرۈكتە بىر سەتەڭ بولىدىغان ، كالپۇكلىرىنى كۆرسىڭىز چوقۇم بوياق ئىچىۋالغان نەرسە بولسا كېرەك ، دەپ قالىسىز ، خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن يېقىندىن بېرى جىرىم غاجايدىغان بولۇپ قاپتۇ... ساتىدىغان زايوم يوقتۇ ! ؟... قېنى لەقەمنى ئويلىشىپ باقاي ، ئاڭغۇچە مۇنۇ ھېكايىنى ئۆز نامىڭىزدىلا - ھە !...

ئۇ شۇنداق دېگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىككە ماڭدى . غەلىتە گەپلەرنىڭ تەسىرىدە بىرھازا ئولتۇرۇپ كەتتىم - دە ، ئاندىن ئالدىمدىكى ئورىگىنالغا كۆز يۈگۈرتۈپ مۇنۇ ۋەقەلەرنى ئوقۇدۇم :

*　　　　　　　　*

ئاتلار پوشقۇرۇپ ياكى توپ ئوقلىرى گۈمبۈرلەپ چۇشۇپ تۇرغان جەڭ مەيدانىدا قەھرىمان ئاتالماققۇ ئوڭاي ئىش ئەمەس . ئۇ كىشىدىن ھەقىقىي جاسارەت ، قورقۇمسىزلىقنى تەلەپ قىلىدۇ . لېكىن ، كۈندىلىك تۇرمۇشتا ، ئەرزىمەس ئىشلار سەۋەبى بىلەنمۇ «قەھرىمان» ئاتىلىپ قالىدىغان ئەھۋاللار بولۇپ تۇرىدىكەن . چوڭلارنىڭ ئېيتىشىچە ، بۇرۇن بىزنىڭ مۇشۇ ناھىيە بازىرىمىزدا مەرۇپ دېگەن بىر پادىچى ئۆتكەنىكەن . ئۇ ناھىيىدىكى ھەممە سېغىن كالىلارنى يىغىپ ، بازار سىرتىدىكى سازلىقتا ھەيدەپ چۇشۇپ باقىدىكەن . بۇ ئادەم سەكرەپ يۈرگەن پاقىلارنى تۇتۇۋېلىپ تىرىكلا يۇتۇۋېتەلەيدىكەن . ھېكىم «قاۋان» دېگەن يەنە بىر نوچى ئۆتكەن ، دېيىشىدۇ . ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى ئون - يىگىرمە ئادەم بىر بولۇپ ئۇرۇپ ، چالا ئۆلۈك قىلىپ ياتقۇزۇۋەتسىمۇ ، بىردەمدىن كېيىنلا «لىككىدە» ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىدىكەن . ھەممىدىنمۇ كونىلار ئەمەت چوڭ دېگەن بىرىنىڭ ئىشلىرىنى ناھايىتى ئىشتىياق بىلەن پاراڭ قىلىشىدۇ ، ئەمەت چوڭ تامدەك ئېگىز ، بەستلىك ئادەم بولۇپ ، بىر قېتىم ئۇ بىر بايۋەچچە بىلەن بەسلىشىپ قېلىپ ، قۇيرۇقلۇق يوغان بىر قوينىڭ گۆشنى ئون ئىككى ئاق نان ، ئىككى ئاپقۇر ھەسەل بىلەن قوشۇپ يەۋېتىپ ، بايۋەچچىنىڭ ئاستىدىكى ئويناپ تۇرغان ئارغىماقنى ئېگەر - جابدۇقلىرى بىلەنلا قوشۇپ ئۇتۇۋالغانىكەن .

— مانا ھازىرقىدەك ئېسىمىزدە ، — دەپ ھېكايە قىلىشىدۇ چوڭلار بۇ ۋەقەنى ، — يازنىڭ تازا ئىسسىق بىر كۈنى ئىدى .

نۇرۇم دېگەن بىر بايۋەچچە بولىدىغان، بازارغا ھەيدەپ كىرگەن ماللىرىدىن نۇرغۇن پايدا كۆرۈپ، خۇشاللىقىدا بازاردىكى تونۇش - بىلىشلىرىگە بىر قوي سوياماقچى بولدى. يوغان بىر قوچقارنى ئىمىنئاخۇن شورپىچىنىڭ دۇكىنىنىڭ ئالدىغا ئەكىلىپ، ئەمدىلا باغلاتقۇزۇپ تۇراتتى، ئاسماندىن چۈشكەندەكلا شۇ يەرگە ئەمەت چوك پەيدا بولۇپ قالدى. ئەمەت قوچقارنىڭ دۈمبىسىنى سىلاپ قويۇپ:

— بايۋەچچە، سويساڭ ئىككى - ئۈچنى سوي، بۇ چىچقاق توقلاڭغا كىم تويىداۋاي، بىر ئادەممۇ يەپ قويا بۇنى! — دەپ چېقىشتى.

— نېمە!؟ — دەپ سەكرەپ كەتتى بايۋەچچە، — ئاشۇ قوچقارنى ئۆزۈڭ يالغۇز يەۋېتەلەمسەن؟

— يېمەي!

— يەنە بىر دەستە ناننىمۇ قوشۇپ يە.

— يەيمەن.

ئەتراپتىكى ھەممىمىز ئۇلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سالدۇق. بىرەيلەن خۇشامەت قىلىپ بايۋەچچىنىڭ يېنىغا يورغىلاپ بېرىپ، «يەنە ئىككى ئاپقۇر ھەسەلنىمۇ يە دېسىلە، ھەسەل غىققىدە قىلىپ قويۇپ، ھېچنېمە يېگۈزمەيدۇ» دەپ ئۆگەتتى. بايۋەچچە:

— يەنە ئىككى ئاپقۇر ھەسەلنىمۇ يە! — دېدى.

— دېگىنىڭنىڭ ھەممىسىنى ئەكەل. يەۋەتسەم ئاستىڭدىكى ئاتنى تىكتىڭمۇ؟ — دېدى ئەمەت.

«ئاپلا، بۇ گەپ چىڭغا ئايلىنىدىغان بولدى - دە!» دېيىشتۇق. بايۋەچچە:

— ماڭغۇ بۇ ئاتنى ئېگەر - جابدۇقى بىلەن بېرىۋەتسەممۇ

ھېچ گەپ ئەمەس، سەن قوڭالتاق ئۆتتۈرۈۋەتسەڭ نېمەڭنى بېرەرسەن؟ — دېدى.

— ئۆتتۈرۈۋەتسەم ئۆلگۈچە خىزمىتىڭدە بولاي!

گەپ شۇنداق بولدى. بايۋەچچىنىڭ قويىنى يەيمىز، دەپ يىغىلغانلار مال بازىرىدىكى كونا لاپاسنىڭ ئاستىغا توپلاندۇق. ئەمەت چوڭ يوغان چېلەكتە لىق سوغۇق سۇنى يېنىغا ئەكېلىۋېلىپ ئوتتۇرىدا ئولتۇردى. چايخانىنىڭ بىر پارچە كىگىزىنى سۆرەپ چىقىپ ئاستىغا سېلىپ بەردۇق. بىرھازادىن كېيىن ئىمىن ئاخۇن شورپىچى يوغان تەڭلىدىكى ھورى چىقىپ تۇرغان ئىسسىق گۆشنى ئىنجىقلاپ كۆتۈرۈپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا قويدى. بىر دەستە ناننىمۇ ئەكېلىشتى. بىر دەستە نان دېگىنىمىز ئون نان بولىدۇ. ئەمەت چوڭنىڭ ئالدىدىكى نان ئون ئىككى بولۇپ قالغانىدى. ئەمەت ئۇنى ساناپمۇ ئولتۇرمىدى. ئاۋۋال ئىككى ئاپقۇر ھەسەلنى كۆتۈرۈپلا ئىچىۋالدى، ئاندىن چېلەكنى ئېگىشتۈرۈپ، سوغۇق سۇدىن تازا بىر سۈمۈردى-دە، كالپۇكلىرىنى يالاپ بىزگە قاراپ كۈلۈپ:

— خۇدا ھەققى، كۆپچىلىك، سەل بىر نېرى تۇرۇڭلار، شامال ماڭسۇن، — دېدى.

دېمەكچىمۇ، توپلاشقانلارنىڭ تىنىقى، گۆشتىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان ھور قوشۇلۇپ ھاۋا تېخىمۇ تىنچىقلىشىپ كەتكەنىدى، بىز «دۇررىدە» ئورنىمىزدا ئولتۇردۇق. نۇرۇم بايۋەچچە ئات ئۈستىدە بېشىمىزدا قاراپ تۇراتتى. ئەمەت پوتىسىنى يېشىۋېتىپ، ماتا كۆڭلىكىنى ئارقا ياقىسىدىن تۇتۇپلا تارتىپ، بېشىدىن ھالقىتىپ تاشلاپ يېرىم يالىڭاچ بولدى. پېشانىسىدىكى تەرلەرنى مايلىشىپ كەتكەن دوپپىسى بىلەن

سوٚرتوٚپ ، گوٚشنى ئوٚستىخىنىدىن ئاجرىتىپ ئوٚشىاقلاشقا باشلىدى ، ئوٚنىڭ دوٚمبىسىدىن يول - يول تەر قوٚيوٚلاتتى . ئولتوٚرغانلاردىن بەزىلىرىمىز كوٚلىمىز ، بەزىلەر «ھەسەلنى كىيىن ئىچىدىغان گەپتى» دىسە ، يەنە بەزىلەر «ئاۋۋال ئىچكىنى دوٚروٚس بولدى» دەپ تالاشقىلى توٚردى . بەزىلىرىمىز «موٚنوٚ ئەمەت بوٚگوٚن قورسىقى يىرىلىپ ئوٚلوٚپ بىرەرموٚ !» دەپ ئەندىشىموٚ قىلاتتوٚق . نوٚروٚم بايۇەچچە قامچىسىنىڭ دەستىسى بىلەن بوٚروٚتلىرىنىڭ ئوٚچىنى يوٚقىرىغا كوٚتوٚروٚپ قويوٚپ :

— ھوي ، ئەمەت ، ژىنىڭ يىرىلىپ ئوٚلسەڭ مەن ئىگە ئەمەس - ھە ! مانا ، جامائەت توٚروٚپتوٚ ··· — دەپ ئەسكەرتىپ قوياتتى . ياشانغان بىر كىشى :

— يە ، ئەمەت ، ئوٚزوٚڭمىغوٚ ئوٚمروٚڭدە توٚزوٚك بىر تويوٚپ باقمىغان ، يەپ ئوٚلوٚپ كەتسەڭموٚ غەنىيمەت ، يە ! — دەپ مەدەت بەردى .

ئەمەت چوڭ گوٚشنى راسا ئوٚشىاقلىۋىلىپ بىر توٚتوٚش قىلدىكى ، ئەيىوٚھەنناس ، كوٚرمىگەن ئادەم ئىشەنمەيدوٚ . ئوٚ يوٚمشاق گوٚشنى قولى بىلەن كوٚرەپ ئاغزىغا ئىتىپ ، قولىنى سوٚنوٚپ ناندىن قوشوٚپ يەپ ، گوٚپوٚلدىتىپ سوغوٚق سوٚدىن ئىچىپ ، ھەش - پەش دىگوٚچە تەڭلىنىڭ تىگىگە يەتكوٚزدى . نان پاك - پاكىز توٚگىدى . ئەمەت گوٚشتىن سەسكىنىدىغاندەك ئەمەس ، يەنە ئىشتىھا بىلەن كوٚرەپ ، چاينىماي دىگوٚدەكلا يوٚتوٚۋاتاتتى . بايۇەچچە ئاتتىن چوٚشوٚپ :

— بولدى بەس ، ئەمەت ، ساڭا قول قويدوٚم ! — دەپ ئاتنىڭ چوٚلۋوٚرىنى ئوٚنىڭغا تەڭلىدى . شوٚ چاغدا بىرىموٚ :

— بولدى ، ھوي ئەمەت ، يەيدوٚ ، دىسە بالانى يەمسەن ؟ ماۋوٚ

گۆشكە بىزمۇ ئىغىز تېگىپ باقىلى ! — دەپ ئۇنىڭ ئالدىدىن تەگلىنى تارتىۋېلىپ ، قالغان گۆشكە بىرەر چىشلەمدىن ئىغىز تەگدۇق .

ئەمەت چوڭ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ، ئۇتتۇۋالغان ئىتىغىمۇ قارىماي ، چىڭقىلىپ ناغرىدەك بولۇپ كەتكەن قورسىقىنى لىغىرلىتىپ ، ھېلىقى مەرۇپ پادىچى پاقا يۇتىدىغان سازغا چۈشۈپ ، سۇدا يېرىم كۈن ياتتى… پاھ ، ئۇ زامانىنىڭ ئادەملىرى ئاجايىپتى ـ دە ! ھازىرقى ياشلارنىڭ تامىقى تاماقمۇ ، يېرىم تەخسە لەگمەننى ئىنجىقلاپ ئولتۇرۇپ ئاران يېيىشىدۇ…

چوڭلار ھېكايىنىڭ ئاخىرىنى ئەنە شۇنداق گەپلەر بىلەن چۈشۈرۈشىدۇ . ئېھتىمال ، ئۇ زامانىنىڭ ئادەملىرىنىڭ ئاشقازىنى بىر خو بۇغداي پاتىدىغان تاغاردەكلا يوغان بولسا كېرەك . مانا ، شۇنچىلىك ئۇزاق زامانلار ئۆتتى . ناھىيە بازىرىدا قانچىلىغان ئەرلەر ئۆلۈپ تۈگىدى ، نۇرغۇن ئىشلار ئەستىن چىقتى - يۇ ، پاقىنى تىرىك يۇتىدىغان مەرۇپ پادىچى بىلەن بىر قوينى پۈتۈن يەيدىغان ئەمەت چوڭلا ھازىرغىچە ئۇنتۇلماي كېلىۋاتىدۇ .

مانا ، يېقىندا ئولتۇرۇشتا بىرەيلەن قىرلىق ئىستاكاندا ھاراق ئىچىپ ، تاسادىپەن يەنە شۇنداق شۆھرەتكە ئېرىشىپ قالدى . بۇ ئۆتكەن قىشتا ، تالادا جاراڭلاپ سوغۇق بولۇپ تۇرغان بىر كېچىدە بولغان ئىش ئىدى .

كىچىكىمىزدىن بىللە ئويناپ چوڭ بولغان بىرنەچچەيلەن بار ئىدۇق . قىشنىڭ ئۇزاق كېچىلىرىنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ھەر شەنبە ئاخشىمى بىرەرىمىزنىڭ ئۆيىگە يىغىلىپ ، ئوبدان تاماق يەپ ، پاراڭلاشقاچ قارتا ئويناپ ، ئىچ پۇشۇقىمىزنى

چىقىرىشنى ئادەت قىلىۋالغانىدۇق. ئەلۋەتتە ئازراقتىن ھاراقمۇ ئىچىشىپ قوياتتۇق. قىلىشىپ كەلسەك گېپىمىزمۇ توگىمەيتتى. كىچىك چاغلىرىمىزدا شورا ئاتلاپ باغلارغا ئوغرىلىقچا چۈشكەنلىرىمىز، دەريا بويىغا چۆمۈلگىلى بارغاندا بولغان كۈلكىلىك ئىشلار، مەكتەپتە كىمنىڭ قايسى مۇئەللىمدىن تاياق يېگەنلىكى، كىمنىڭ كىمگە ئاشىق بولۇپ قالغانلىقى، خەلقئارا ۋەزىيەت، مال باھاسى، تۇرمۇشتا ئۇچرىغان قىزىقچىلىقلار دېگەندەك جىمى تېمىدا سۆز بولاتتى. بەزىدە بىر-بىرىمىزنىڭ بالا ۋاقتىمىزدىن يادنامە بولۇپ قالغان لەقەملىرىمىزنى كەلتۈرۈپ چاقچاق قىلىشىپمۇ كېتەتتۇق. مېنى ئۇلار ئوسمان «داڭگال» دېيىشەتتى. نېمىشقىدۇر كىچىك ۋاقتىمدا داڭگال يەيدىغان ئادىتىم بار ئىدى. خېلى چوڭ بولۇپ، بالىلار بىلەن ئويناپ يۈرگەن چاغلىرىمدىمۇ خۇمارىم تۇتۇپ كەتكەندە تام تۈۋلىرىنى سىيپاشتۇرۇپ، بىر تال داڭگالنى تېپىپ ئوغرىلىقچە ئاغزىمغا سېلىۋالاتتىم. ئاغىنىلەر ئىچىدە ئەڭ بۇرۇن ئۆيلەنگەنمۇ مەن. داڭگال يەيدىغان ئادىتىم ئۆيلەنگەندىن كېيىن قېپقالدى.

مانا، ماۋۇ خۇرۇم چاپان كىيگەن ئابدۇلنى ئالساق، مەكتەپتىكى چاغدا بالىلارغا ئانچە ئارىلاشمايدىغان ئوقۇغۇچى ئىدى. قانداقتۇر رومانلار، شېئىرىي كىتابلار، چەت- چۆرىلىرى تىتىلىپ، قەغەزلىرى سارغىيىپ كەتكەن نەرسىلەرنى تىقىشتۇرۇپ ئوقۇپلا يۈرەتتى. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققان يىللىرى ئۇ شېئىر يېزىشقا ھەۋەس قىلىپ، نۇرغۇن شېئىرلارنى يازدى. دەرس ۋاقتىدا ئۇنىڭ لېكسىيە يازىدىغان دەپتىرىنىڭ ئارىسىدا دائىم شېئىر يازىدىغان بىرەر ۋاراق ئاق قەغىزى

قىستۇرۇقلۇقلا تۇرىدىغان، ئىلھامى كەلگەندە دەرسنى قويۇپ، شېئىر يېزىپ چۈشۈپ كېتەتتى. ئۇنىڭ بەزى شېئىرلىرىنى چىرايلىق كۆچۈرۈپ، كونۋېرتلارغا سېلىپ، نەلەرگىدۇر ئەۋەتكىنىنىمۇ كۆرگەنىدۇق. ئوقۇش ئاخىرلاشقۇچە ئۇ سىنىپتىكى قىز - ئوغۇللارنىڭ خاتىرىلىرىنى ئۆزىنىڭ ئەستىلىك شېئىرلىرى بىلەن توشقۇزۇپ بولدى. لېكىن، گېزىت - ژۇرناللاردا بىرەر پارچىمۇ شېئىرى ئېلان قىلىنىپ باقمىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئابدۇل ھازىر مەتبۇئاتلاردا شېئىرى ئېلان قىلىنىپ تۇرىدىغان شائىرلارنىڭ بىرىنىمۇ ياراتمايدۇ.

«ھەممىسى ئوغرى! — دەپلا باھا بېرىدۇ ئۇ، — خەقلەرنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن كونا كىتابلاردىن، تازا قېلىنلىرى بىر - بىرىنىڭكىدىنمۇ كۆچۈرۈۋېرىدۇ···» بۇ گېپىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن بەزىدە ئۇ بىزنىڭ ئولتۇرۇشقا شۇنداق كۆچۈرمىچىلەر تەنقىدلەنگەن ماقالىلەر بار گېزىت - ژۇرناللارنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، ھېلىقى كۆچۈرمىچىلەرنىڭ چاۋىسىنى چىتقا يايغان تەنقىدنى ئۈنلۈك ئوقۇپ بېرىدۇ. ئاندىن كۆزىمىزگە تىكىلىپ «قانداق، مەن دېگەندەكمىكەن؟··· بۇ تېخى تۇتۇلۇپ قالغانلىرى، تۇتۇلمىغان ئوغرىلار ساماندەك!···» دەپ خۇلاسە چىقىرىدۇ.

ئابدۇل ئۇنىۋېرسىتېتقا ئوقۇشقا بېرىپ، ئاغرىپ قېلىپ بىر يىلدىن كېيىن قايتىپ كەلگەن. ھازىر ئۇ تېرىچىلىك قىلىپ بېيىپ كەتتى، تېخىچە ئۆيلەنمىدى، تازا مەست بولۇپ قالغان چاغلىرىدا ئۇنىۋېرسىتېتقا بارغاندا تونۇشقان بىر قىز ساۋاقدىشىنىڭ پارىڭىنى قىلىپ: «ئەجەبمۇ قىزتى - دە، كاساپەت! بۇ چاغقىچە بىرىگە تېگىۋالغاندۇ···» دەپ ھەسرەتلىنىپ قويىدۇ.

مۇنۇ ئورنىدا بىردەممۇ جىم ئولتۇرالمايدىغان يىگىتنى بىز تۇرسۇن «تېكە» دەيمىز. چىرايى كىچىك بالىنىڭكىدەك كۆرۈنگىنى بىلەن يېشى ھەممىمىزنىڭكىدىن چوڭ. بالا ۋاقتىمىزدا ئۇ تېكىدەك سەكرەپ، ھەممىمىزنى باغمۇباغ باشلاپ يۈرىدىغان، ئوغرىلىقچا چۈشىدىغان باشقا يەر تاپالمىغاندا، تام ئاتلىتىپ ئۆزىنىڭ بېغىغا باشلاپ كىرەتتى. كېيىن، مەكتەپتە ئۇ ئۇسسۇل، تانسا دېگەنلەرگە شۇنداق ئۇستا بولۇپ كەتتىكى، بىر چاغدا سەنئەت مەكتەپكە ئوقۇغۇچى ئېلىشقا كەلگەنلەر ئۇنى ئۇسسۇل سىنىپىغا قوبۇل قىلماقچى بولۇپ تالاشقاندا، «ئارتىسلىقمۇ ئىشمۇ!» دەپ دادىسى بەرگىلى ئۇنىمىدى، مەكتەپتىن چىقىرىۋېلىپ تىكىمچىلىكنى ئۆگەتتى. ھازىر ئۇ ناھىيە بازىرىدىكى ئۇستا كېسىمچىلەرنىڭ بىرى. تۇرسۇن «تېكە» ئولتۇرۇشىمىزنىڭ ئۇسسۇلچىسى ۋە قىزىقچىسى. ئاياللار توغرىسىدا ئەپسانە لەتىپە توقۇشقا شۇنداق ئۇستىكى، قويۇۋېرىڭ، كۈلدۈرۈپ ئۈچەيىڭىزنى ئۈزۈپ قويىدۇ. ئۇنىڭ چاقچاقلىرى تولىراق ئاياللارنىڭ ساغرىسى ئۈستىدە بارىدۇ. «مانا قاراڭلار، بۈگۈن ئىشخانىغا بىر خوتۇن كىرىپ كەلدى. ئىشەنمەيسىلەر، ساغرىسىغا سانتى قويسام بىر مېتىردىن ئوشۇق چىقتى»، «بىر تويدا بىر چوكان بىلەن ئۇسسۇلغا چۈشۈپ قالدىم. كاساپەتنىڭ ساغرىسى ساغرا ئەمەسمۇ، چوڭ جاۋۇردا ئۇيۇتقان لەڭپۇڭدەك لىغىرلاپ تۇرىدىكەن...» بۇ تېخى ئادەتتىكى گەپلەر، بەزى گەپلىرىنى ھەرگىز قەغەز بېتىگە يازغىلى بولمايدۇ. شۇنداقلىقىغا باقماي، ئۇمۇ ھازىرغىچە ئۆيلەنمىدى. ئۇنىڭ كۆز قارىشىچە، «خوتۇن ئېلىش ئەخمەقلىق، بالا تېپىش ساراڭنىڭ ئىشى» ئىمىش.

بۈگۈن بىزگە داستىخان سېلىۋاتقان مۇنۇ ساھىبخاننى بىز رەجەپ «تورپاق» دەيمىز . ئۇ ئانىسىنىڭ يالغۇز ئوغلى بولۇپ ، ئانىسىنى خېلى يوغانلا بولۇپ كەتكۈچە ئەمگەن . بىز بىلەن ئويناپ يۈرگەن چاغلىرىدىمۇ بەزىدە يۈگۈرۈپ بېرىپ ، دەرۋازا ئالدىدا ئولتۇرغان ئانىسىنى شاپىلدىتىپ ئېمىۋېلىپ كېلىدىغان . ئانىسى : «ۋاي تورپاق ، سەن قاچانمۇ چوڭ بولارسەن !» دەپ ئۇنىڭ دۈمبىسىگە مۇشتلاپ كېتىدىغان . مەكتەپتىكى چاغلاردا ئۇنى «رەجەپ ھازىرمۇ ئاپىسىنى چاپۇتلاپ يىقىتىپ ئېمىۋالىدىكەن» دەپ تېرىكتۈرەتتۇق . بەستىنىڭ يوغانلىقىغا باقماي ئۇ تولىمۇ قورقۇنچاق ئىدى . ئازراقلا چىشىغا تېگىپ قويساق «ئاپامغا دەيمەن !» دەپ ئۆيىگە قاراپ ماڭاتتى . قىزلار گەپ قىلىپ قويسا ، ھېچنېمىدىن ـ ھېچنېمە يوقلا ئۆپكىدەك قىزىرىپ كېتەتتى . ھېساب دەرسىدىن ھېچنېمە بىلمەيتتى . بىچارە ئاپىسى ئۇنى خالىمىسىمۇ زورلاپلا مەكتەپكە ئەۋەتەتتى ، شۇنداق قىلىپ ، ھەربىر سىنىپنى ئىككى يىلدىن «پۇختىلاپ» ئوقۇپ ، بىز تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگىچە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى ئارانلا تۈگىتىپ ، دادىسىنىڭ دۇكىنىغا مەش ـ كاناي ياساشقا چىقىۋالغان . ئانا سۈتىنىڭ خاسىيىتىمىكىن ، مانا ھازىر ئۇ بويۇنلىرى بوقىنىڭ بوينىدەك قاتلىشىپ تۇرىدىغان يوغان ئادەم بولدى . ئۇنىڭ بازار ئىچىدىكى دۇكىنىغا بارسىڭىز ، مەش ، چېلەك ، تۇڭ ، چوڭ ـ كىچىك داس ، چۆگۈنلەرنىڭ ئارىسىدا پۈتىڭىزنى ئالىدىغان يەر تاپالمايسىز . دۇكان ئىچىدىكى شاگىرت بالىلارنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭى ، بولقىلارنىڭ تۆمۈر لوملارغا تەگكەندىكى جاڭ ـ جۇڭ ئاۋازلىرى قۇلاق ـ مېڭىڭىزنى يەپلا كېتىدۇ . رەجەپنىڭ ئوقىتى ناھايىتى يۇرۇشكەن ، مەشچىلىك

ئۇنىڭ ئاتا ـ بوۋىسىدىن قالغان كەسىپ. ئېھتىمال، مۇشۇ ناھىيە بازىرىدىكى ئادەملەر ھازىر ئىشلىتىۋاتقان مەش ـ چېلەكلەرنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى رەجەپنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ياسىغان بولسا كېرەك. رەجەپنىڭ تۈيلىتىۋېرىپ پاكارلاپ كەتكەن چېلەكتەك دىقماق ئايالى تولىمۇ مېھماندوست…

نۆۋەتتىكى ئولتۇرۇشىمىز مانا شۇ رەجەپ «تورپاق»نىڭ ئۆيىدە بولۇۋاتاتتى. تاماق تارتىلىشىنىڭ ئالدىدا ئۇ ئۆزىگە ئوخشاش بەستلىك، ئوتتۇرا ياشلارغا كېلىپ قالغان بىر كىشىنى باشلاپ كىردى، ئۇنىڭ قاپقارا بۇرۇتى ئاق سېرىق چىرايىغا تازىمۇ ياراشقان بولۇپ، سالاپەتلىك كۆرۈنەتتى.

— قوشنىلارنى ئىزدەپ كەلگەن مېھمان ئىكەن، قوشنىمىز ئۆيىدە يوق. بىردەم ـ يېرىمدەم ئولتۇرۇپ كېتىڭ، دەپ تۇتۇۋالدىم، — دەپ تونۇشتۇردى رەجەپ.

— ئوبدان بوپتۇ، قېنى يۇقىرى ئۆتۈڭ! — دېيىشىپ ئورنىمىزدىن تۇرۇپ، مېھماننى تۆرگە تەكلىپ قىلدۇق.

— قوزغالماڭلار، قوزغالماڭلار! — دېگىنىچە ئۇ بىز بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، ئارىمىزغا كېلىپ ئولتۇردى.

نېرىن چۆپ تارتىلدى. نېرىن چۆپ يېيىلىپ، تاۋاقلار يېرىملاشقاندا، رەجەپ «تورپاق» مېھمانلارنى تاماققا زورلاپ قويۇپ، ھېلىلا ئۆزى گۆشىدىن ئاجرىتىپ داستىخان ئۈستىگە تاشلاپ قويغان يىلىكنى قولغا ئالدى ـ دە، سۇندۇرۇپ يىلىكنى شوراپ ھۇزۇر قىلماقچى بولۇپ، بەكسىنىڭ ئارقىسى بىلەن ئۈستىخانغا تاقىلدىتىپ ئۇرۇشقا باشلىدى، خېلى ھەپىلەشتى ـ يۇ، سۇندۇرالمىدى.

— جېنىڭنى قىينىمىغىنا، سۇندۇرالمايسەن، قوينىڭ قارا

يىلىكى ئاۋۇ ! — دېيىشتۇق بىز .

— قېنى ، مۇنۇ «تېكە» ، بىر نېمە قىلالامدىكىن ، — دەپ تۇرسۇنغا سۇندى رەجەپ .

— «تورپاق»نىڭ كۆچى يەتمىگەن يەردە بىز نېمە قىلالايمىز ؟ — دېدى ئۇ .

— ئەمدى ئۆزۈڭنىڭ ئۆرۈق - تۇغقانلىرىنىڭ سۆڭىكى بولغاندىن كېيىن ئېپىنى بىلەمسەنكىن ، دەيمەنا ! — دېدى رەجەپ .

لېكىن ، تۇرسۇن «تېكە» ھەپىلىشىپمۇ بىر نېمە قىلالمىدى . ئىنچىكە ئۇستىخان پىچاقنىڭ ئارقىسى ھەربىر تاقىلداپ ئۇرۇلغاندا ئۇنى «نېرى تۇر ! نېرى تۇر !» دېگەندەك قىلىپ قاڭقىتىپ تۇراتتى . شۇ چاغدا ئارىمىزغا يېڭىدىن قېتىلىپ قالغان ھېلىقى مېھمان :

— ئەكېلىڭا ، ماڭا بېرىڭ ! — دەپ قالدى .

مېھمان يىلىكنى قولىغا ئېلىپ ، ئىككى ئالىقىنى بىلەن باشمالتاقلىرىنىڭ ئارىسىغا قىسىپ تۇرۇپلا بىر كۆچىۋىدى ، يىلىك «ۋاراسسىدە» قىلىپ ئوتتۇرىدىن ئىككى بولۇپ كەتتى . ھەيران بولدۇق ، شۇنچە يىل گۆش يەپ يۈرۈپمۇ ئارىمىزدا تېخى ھېچكىم قوينىڭ قارا يىلىكىنى قول بىلەن سۇندۇرۇپ باققان ئەمەس ئىدى .

تاماقتىن كېيىن قورۇما كىردى . رەجەپ كارىۋاتنىڭ ئاستىدىكى بىر قەغەز يەشىكنى ئالدىغا تارتىپ ، بىر بوتۇلكا ھاراقنى سۇغۇرۇۋالدى .

— مانا سىزمۇ كېلىپ قاپسىز ، — دېدى رەجەپ مېھمانغا قاراپ ، — ئولتۇرۇشىمىزنىڭ كۆڭۈللۈك بولۇشى ئۈچۈن

ئازراقتىن ئىچىپ قويايلى . بىزمۇ بۇنى كۈندە ئىچمەيمىز ، مۇشۇنداق ھەپتىدە بىرەر قېتىم…

— ھە ، بۇ بولمىسا ھاردۇق چىقمايدۇ - دە ! — دېدى مېھمان كۈلۈپ .

رەجەپ «تورپاق »نىڭ كۆچى بولغان بىلەن ئېپى يوق . ئۇ قولىدىكى بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى چىشى بىلەن ئاچماقچى بولۇپ ھەپىلىشىپ ھېچنېمە قىلالمىغاندىن كېيىن ئۇستەلنىڭ گىرۋىكىگە ئۇرماقچى بولۇۋىدى ، يەنە ھېلىقى مېھمان :

— ھاي ، ھاي ! ئۇستەلنى كاردىن چىقىرىسىز ! — دەپ توختىتىۋالدى ، — ئەكېلىڭ ، ماڭا بېرىڭ !

مېھمان بوتۇلكىنىڭ ئېغىزىنى ئالقىنى بىلەن بېسىپ تۇرۇپ ، بارماقلىرىنى مېتال ئېغىزنىڭ گىرۋەكلىرىگە پاتۇرۇپ بىرلا تارتىۋىدى ، «ۋاككىدە» ئېچىلىپ كەتتى .

— ۋاھ ، كۈچ دېگەن باركەن - دە ! — دېيىشتۇق .

مۇشۇ ئىككى ئىش بىلەنلا يېڭى مېھمان ئولتۇرۇشىمىزنىڭ قەھرىمانىغا ئايلىنىشقا يېقىنلىشىپ قالدى . رەجەپ ئەللىك گىراملىق رومكىغا لىقلاپ ھاراق قۇيۇپ :

— سەل قىزىۋالغۇچە مۇشۇنداق لىق - لىقتىن ئىچەيلى ، ئاغىنىلەر ، قانداق دەيسىز ؟ — دەپ مېھمانغا قارىدى .

— كۆڭلۈڭلارچە بولسۇن ! — دېدى مېھمان سالاپىتىنى بۇزماي .

— شۇنداق بولسۇن . مانا ئەل - ئاغىنىلەرنى ئىچىدۇ ، دەپ بىر يەشىك ھاراق ئەكېلىپ قويدۇم… ئازادە ئولتۇرايلى…

رەجەپ رومكىنى ئايلاندۇرۇشقا باشلىدى . ئۆچىرەت ھېلىقى مېھمانغا كەلگەندە ، ئۇ ھاراقنى قولىغا ئېلىپ :

— يوغانراق ئىستاكان يوقمۇ ؟ — دەپ سورىدى .
— بار ، كېرەكمىدى ؟
— ئەكېلىڭا .
رەجەپ ئورنىدىن تۇرۇپ ، ئۈستەل ئۈستىدىكى قىزىلىق چاي ئىستاكانىدىن بىرنى ئېلىپ ، سۈرتۈپ مېھمانغا سۇندى . مېھمان چوڭ ئىستاكاننى ئالدىغا قويۇپ ، قولدىكى هاراقنى ئۇنىڭغا تۆكۈۋالدى ـ دە :
— رومكىنى ئايلاندۇرۇۋېرىدىك ، مەن سەل توختاپ ئىچەي ، — دەپ رومكىنى ساقىيغا قايتۇرۇپ بەردى .
ئاز ئادەم بولغاندىن كېيىن نېمە بولماقچى دەيسىز ، رومكا هايت ـ هۇيت دېگۈچە ئۈچ قېتىمدىن ئايلاندى . يېڭى مېھمان هەربىر كەلگەن ئۆچىرىتىنى هېلىقى قىزىلىق ئىستاكانغا تۆكۈۋېلىپ ، قىلغان گەپ ـ سۆزلىرىمىزگە قۇلاق سېلىپ كۈلۈپ ئولتۇراتتى .
— قېنى ، ئەمدى بىر كۆتۈرۈۋەتمەمسىز ! — دېدى رەجەپ مېھمانغا .
— سىلەر ئىچىۋېرىڭلار ، مەن مۇشۇ ئىستاكان توشقاندا بىراقلا ئىچىمەن . ئاز هاراق ئىچسەم بېشىمغا چىقىۋالىدۇ... — دېدى ئۇ .
«نېمە دەيدىغاندۇ !» دەپ مېھمانغا تەڭلا قاراشتۇق .
— هوي... ئۇقۇشمىغانلىقىڭ ئىشى ـ دە ، باشتىلا شۇنداق دېگەن بولسىڭىز ، چوڭ ئىستاكانغا تولدۇرۇپلا قۇيۇپ بەرمەيتتۇقمۇ . هېلىمۇ بولسا ... — دېگىنىچە رەجەپ يوغان بوينىنى سوزۇپ ، مېھماننىڭ «ياق ، ئۇنداق قىلماڭ ، ئۆچىرەت بىلەن بولسۇن !» دېگىنىگە قويماي ، ئۇنىڭ ئالدىدىكى

ئىستاكاننى لىپمۇلىق تولدۇرۇپ قويدى .

ھەممىمىزنىڭ كۆزى ئۇنىڭغا قادالدى . مېھمان قىرلىق ئىستاكاننى پەم بىلەن قولىغا ئېلىپ لېۋىگە ئاپاردى ـ دە ، خۇددى بىر شېرىن مېۋە سۈيىنى ئىچىۋاتقاندەك ، چىرايىنى ئۆزگەرتىپمۇ قويماي بىراقلا سۈمۈرۈۋەتتى .

— ئەكېلىڭ ، يەنە بىرنى لىقلاپ قۇياي ، — دېدى رەجەپ .

— ئىچسەم ئىچەي ، ئەمما شۇنىڭدىن كېيىن ماڭا ھاراق قۇيمايسىلەر ـ ھە !

ئىككىنچى ئىستاكاننىمۇ ئۇ يەرگە قويماي ، ئالدىرىماي سۈمۈرۈپ ، غۇرتۇلدىتىپ يۇتۇشقا باشلىدى . ھاراقنى ئۇ ئادەم ئىچىۋاتقان بولسىمۇ ، مېنىڭ بەدىنىمنى مۇزدەك تەر بېسىپ كەتتى . ئابدۇل «تېرە»نىڭ چىرايى ئاپتاپتا قالغان تېرىدەك پۈرۈلۈشكە باشلىدى . تۇرسۇن «تېكە» گېلىغا قىلتىرىق تۇرۇپ قالغان ئادەمدەك بىئارام بولۇپ ، ئورنىدىن قوزغىلىپ ـ قوزغىلىپ قوياتتى . رەجەپ «تورپاق»نىڭ بويۇن تومۇرلىرى ئىختىيارسىز لىپىلداپ ، بوغدىيىكى يۇقىرى ـ تۆۋەن غىلدىرلىغىلى تۇردى... يائاللا ، نېمە كارامەت بۇ ! ئۆمرۈمدە مۇنداق دەھشەت ھاراق ئىچىدىغان ئادەمنى كۆرگەن ئەمەسمەن . قىرلىق ئىستاكاننىڭ ھەربىرىدە تولۇق يېرىم بوتۇلكا ھاراق بار-دە !...

مېھمان ئىستاكاننى داستىخان ئۈستىگە قويۇپ ، بىزگە قاراپ كۈلۈپ قويدى . ئەمدى ئۇ بىزنىڭ ئولتۇرۇشىمىزنىڭ تەلتۆكۈس قەھرىمانىغا ئايلانغانىدى . ھەممىمىز ئۇنىڭدىن كۆزىمىزنى ئۈزەلمەي قالدۇق . «قالتىس ئىچىدىكەنسىز جۇمۇ !» دەپ ماختاشتۇق .

— ئۆگەنگەن خۇي، — دېدى ئۇ قورۇمىدىن بىر چوكا ئېلىپ ئاغزىغا سېلىپ، چىرايلىق بورۇتىنى ئالىقىنى بىلەن سۈرتۈپ تۇرۇپ، — قېنى سىلەر ھارىقىڭلارنى ماڭدۇرۇۋېرىڭلار··· ياش ۋاقتىمدا شوپۇرلۇق قىلىپ يۈرۈپ، رۇس ئاغىنىلەر بىلەن كۆپ ئارىلاشقان. ئەجەب ئىچەتتى - دە، كاساپەتلەر! — ئىككى ئىستاكان ھاراق ئۇنى خېلى قىزىتقان بولسا كېرەك، ئالدىدىكى چاينى بىر ئوتلىۋېلىپ، پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى، — سىلەردەك ۋاقتىمدا بەك تارتىنچاقتىم، قىزلارغا تۈزۈك پاراڭ قىلالماي، ئۆيلىنىشتە ئاغىنىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئارقىسىدا قالغاندىم. بولمىسا چىرايىمنىڭ خەقتىن قالغۇچىلىكى يوق، جۈرئەت كەم··· ئۇ چاغلاردا تانسا كۆپ بولىدىغان، بىر كۈنى ھېلىقى ئاغىنىلەر تانسىغا بارىمىز دېيىشىپ، قىزىتىۋېلىشقا ھاراق ئىچكىلى تۇردى. بىرى: «ھوي، مۇنۇ قېلىن دورىسىدىن سەنمۇ ئازراق يۇتۇۋالمامسەن!» دەپ مېنىمۇ تەكلىپ قىلدى. جۈرئەتلىك بولاي، دەپ مۇشۇنداق قىرلىق ئىستاكاندا كۆزۈمنى يۇمۇپ تۇرۇپلا بىرنى كۆتۈرۈۋېتىپتىمەن. راست دېگەندەك، شۇ كۈنى تانسىدا تونۇشمايدىغان قىزلارغىمۇ قىزىق پاراڭلارنى سېلىپ بېرىپ، تازا كۈلدۈرۈپتىمەن. توۋا، نەدىن كەلگەن ئىلھام، بۇ! دەيمەن. بايا شۇ ھاراقنىڭ كۈچى. ھە، ئىشنىڭ يولى مۇنداقكەن- دە! دېدىم. شۇنداق ئىچىپ، ئۇيناپ يۈرۈپ زويا دېگەن بىر رۇس قىزى بىلەن تونۇشۇپ قالدىم. خېلى ۋاقىتلارغىچە دوستلىشىپ يۈردۇق. كېيىن توي قىلدۇق. باشتا ئاتا - ئانام نارازى بولغان، كېيىن ئۇ ناھايىتى ياخشى كېلىن چىقتى. ئۇنىڭغا «زوھرا» دەپ ئۇيغۇرچە ئىسىم قويدۇق. چوڭلارنىڭ رايىغا بېقىپ،

تانسلارغىمۇ بارمايدىغان بولدۇق . ھەر كۈنى كەچلىكى ئىشتىن كېلىمەن ، بىر ئىستاكان ھارىقىم تەييار . تاماقنىڭ ئالدىدا زوھرا ئۆز قولى بىلەن قىرلىق ئىستاكانغا لىقلاپ قۇيۇپ بېرىدۇ . ئۆزىمۇ قىزىلىدىن بىر ئىستاكان ئىچىپ قويىدۇ . تاماقنى يەپ بولۇپ ، پاتېفوننى چۆرگىلىتىپ قويۇپ ، ئۆيىنىڭ ئىچىدە غىتتاتتاغا چۈشۈپ كېتىمىز… ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئۆتكەنتۇق . كېيىن ، ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى زوھرانى مەندىن ئايرىپ ، چەت ئەلگە ئەكەتتى . بىچارىنىڭ كۆزى ئارقىسىدا قالدى . ئامال يوق… مانا ياخشى خوتۇندىن ئايرىلدۇق ، لېكىن يامان ھاراقتىن ھازىرغىچە ئايرىلالماي يۈرىمەن…

بۇ تۇرمۇش تارىخىنى ئاڭلاپ قەھرىمانىمىزغا بولغان ھۆرمىتىمىز تېخىمۇ ئاشتى .

— قانچە ياشقا كىردىڭىز ؟ — دەپ سورىدى تۇرسۇن تېكە .

— خۇدا بۇيرۇسا ، ئاتمىشقا قاراپ كېتىۋاتىمەن .

— نېمە دەيدىغانسىز ! — دېيىشتۇق ھەممىمىز تەڭلا ، — تېخى بىز سىزنى كۆپ بولسا قىرىقتىن ئاشقان ئادەمدۇ ، دېيىشىپتۇق .

— قىرىق دېگەن نەلەردە قالدى ، قېرىدۇق ، ئۇكىلار… قېنى ھارىقىڭلارنى ئايلاندۇرۇۋېرىڭلار .

— سىزگە يەنە بىرنى…

— ياق ، ياق ، يېتەرلىك بولدى !

مېھمان ئىستاكاننىڭ ئاغزىنى ئالىقىنى بىلەن ياپتى . ھاراق يەنە بىرنەچچە رومكىدىن ئايلىنىپ ، قىزىپ قالغىلى تۇردۇق . مەن پات - پات كۆزۈمنىڭ قۇيرۇقىدا ھېلىقى مېھمانغا «قاچان يىقىلاركىن !» دەپ قاراپ قويىمەن . لېكىن ، ئۇ سەرەڭگە

ياغچىدا چىشىنى كوچىلاپ ، پاراڭلىرىمىزغا قۇلاق سېلىپ بەخىرامان ئولتۇرىدۇ . بىر چاغدا رەجەپ يەنە :

— «مەرتەم ، مەرتەم ، ئۈچ مەرتەم» دېگەن سۆز بار ، ئەكېلىڭلا سىزگە ھېچبولمىغاندا يېرىمىنى بولسىمۇ قويۇپ قوياي ، — دېدى .

— كۆڭلۈڭلار ئۇنىمايۋاتىدۇ - ھە؟ ... بوپتۇ ، قويسىڭىز لىقلاپلا يەنە بىرنى قويۇڭ !

قىرلىق ئىستاكان يەنە لىقلاندى . مېھمان ئۇنى قولىغا ئېلىپ ، چوڭقۇر بىر نەپەس ئالدى - دە ، ھاراقنى ئالدىرىماي سۇمۇرۇپ ، رومكىنى قۇرۇقدىدى ، ئاندىن ئورنىدىن دەس تۇرۇپ :

— ئەمدى ماڭا رۇخسەت قىلىڭلار ، قىزىقچىلىقتا جىق ئىچىپ قويىدىغان ئوخشايمەن ، قايتىۋالاي ، — دېدى .

— ھوي نەگە؟ ... ئەمدى مۇشۇ ئۆيدىلا قونۇپ قالىسىز .

— خوش ، ئۇكىلىرىم ، سىلەرگىمۇ رەھمەت ... تېخى ئەتىگەنغۇ ، يەنە بىر كۆرۈشىدىغان ئادىمىم بار ئىدى ... سىلەر ئولتۇرۇپ قېلىڭلار . رەجەپ ئۇكام ، سىزمۇ چىقماڭ ، مېھمانلارغا قاراڭ !

ئۇ ئۇزاتماقچى بولغان رەجەپنىمۇ توسۇپ قويىدى - دە ، ئىشىكنى ئېچىپ ، قاراڭغۇلۇقتا غايىب بولدى .

— قاچتى ! — دېدى تۇرسۇن تېكە .

— نەگە قاچتى؟ — دېدىم مەن ئۇنىڭ سۆزىنى چۈشىنەلمەي .

— ھوي «داڭگال» ، چوڭ ئىستاكاندا ئۈچنى ئىچمەك ئوڭايمۇ؟ بىر يېرىم بوتۇلكا ھاراق دېگەن گەپ ... ئۆزىنى

چاغلىماي ئىچىۋەتتى ، قاراپ تۇرۇڭلار ، بىر يەرگە «گوپپىدە» يىقىلىدۇ !

— يىقىلمايدۇ ! — دېيىشتۇق بىز ، — قارىمامسەن ، ھېچنېمە كۆرمىگەندەك ئورنىدىن دەس تۇرغىنىنى .

— يىقىلىدۇ ! — دېدى تېكە . بىز :

— يىقىلمايدۇ ! — دەپ تالاشتۇق . مېھماننىڭ ئارقىسىدىن ماختاش سۆزلىرىنى ياغدۇرۇۋەتتۇق .

— يائاللا ! كارامەت ئىچىدىكەن ـ ھە ؟

— ھەقىقىي ھاراقكەشكەن !

— مەن تېخى بۇ ئادەم باشتا ھاراقنى چوڭ ئىستاكانغا يىغقىلى تۇرسا ، ئۆيگە ئاپىرىپ ئىچىدىغان ئوخشايدۇ ، دەپتىمەن .

— ھېلىقى يىلىكنى ياغاچنى ئوشتۇغاندەكلا ئوشتۇۋەتتى ـ ھە !

— بوتۇلكىنى ئېچىشنى دېمەمسىلەر ، بوتۇلكىنى...

لېكىن ، تۇرسۇن «تېكە» بۇ قەھرىمانىمىزغا زادى قايىل بولمىدى .

— كىچىككىنە ئىشلارغىمۇ ياقاڭنى تۇتۇپ ئوڭداڭغا چۈشىدىغان خەقكەنسەنا ۋاي ! — دەيتتى ئۇ ، — قېنى يىلىكىڭ بولسا ئەكېلىشكىنە ، ئۇنىڭ بىر يېرى بار ، شۇ يەرنى تاپساڭ ئوڭايلا...

— ساڭا يەنە بىر يىلىك تېپىپ بېرىمىز ، دېسەك ، باشقىدىن قوي سويساق بولىدۇ . قېنى ، بىگىسىڭ بولسا ماۋۇ بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ باققىنا !

رەجەپ كارىۋاتنىڭ ئاستىدىكى يەشىكتىن يەنە بىر بوتۇلكىنى

سۇغۇرۇۋېلىپ، ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى. تۇرسۇن «تېكە» ھېلىقى مېھماننى دوراپ ئالىقىنىنى بوتۇلكىنىڭ مېتال ئېغىزىغا تىرەپ تۇرۇپ، بارماقلىرىنى گىرۋەككە پاتۇرۇپ خېلى ھەپىلىشىپ باقتى، ئاچالمىدى. تىرنىقى ئاغرىغان بولسا كېرەك، يانچۇقىدىن قولياغلىقىنى ئېلىپ ئالىقىنىنىڭ ئاستىغا قويۇپ، كۈچەپ بىرلا تارتىۋىدى، مېتال ئېغىز قاڭقىپ، داستىخاننىڭ ئوتتۇرىسىغا چۈشتى.

— قانداق ئاچتىمۇ؟!

— ياغلىقنى قويدۇڭ - دە!

— ياغلىقنى قويسامۇ ئاچتىمۇ؟!... قېنى ئەمدى قىرلىق ئىستاكانغىنى ئەكېلىش!

— نېمە قىلاي دەيسەن؟

— ئىچىمەن!

ئۇنىڭ يوغانچىلىقىنى بىر كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن بايا مېھمان ھاراق ئىچكەن قىرلىق ئىستاكاننى قولىغا ئېلىپ بەردۇق. تۇرسۇن «تېكە» ئۇنىڭغا لىقلاپ ھاراق قۇيدى - دە، راستتىنلا كۆتۈرۈپ ئىچىۋەتتى. بىز قاراپلا قالدۇق. «تېكە»نىڭ كۆزلىرىگە قان تولۇپ، بۇرنىنىڭ ئۇچىدا ئۇششاق تەر تامچىلىرى پەيدا بولدى.

— قانداق، ئادەم قىلغاننى ئادەم قىلالامدىكەن؟... بۇ ئادەتلىنىشتىن، يالغان بولسا سىلەرمۇ ئىچىپ بېقىڭلار... قېنى، رەجەپ، ساھىبخانا بولغاندىن كېيىن ئۆزۈڭ باشلا!

تۇرسۇن «تېكە» قىرلىق ئىستاكاننى يەنە تولدۇرۇپ، بوشىغان بوتۇلكىنى پىرقىرىتىپ تاشلاپ، ھاراقنى رەجەپكە سۇندى.

— ئىچە «تورپاق» !

رەجەپ ئىستاكاننى ئۇندىمەي قولىغا ئېلىپ، ئىچىگە بىر قاراپ قويدى ـ دە، ئەتىيازدا ئەگىز سۇيى ئىچكەن كالىدەك غۇرتۇلدىتىپ يۇتۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ يوغان بويىندىن بۇ بىر ئىستاكان سۇيۇقلۇق يۇقۇشمايلا ئۆتۈپ كەتكەندەك قىلىپ قالدىمۇ:

— هوي راست هېچقانچە گەپ ئەمەس ئىكەن! — دېدى ئۇ يېنىدىكى ئابدۇل «تېرە»گە قاراپ، — ئىشەنمىسەڭ ئۆزۈڭ ئىچىپ باق.

— كۆتەر! نېمە زۇلۇم ئۇ... — دەپ تەتۈر قارىدى ئابدۇل. مەنمۇ:

— ئىچمەيمەن! — دېدىم.

— نېمەدەپ ئىچمەيدىكەنسىلەر!؟ — دەپ ئورنىدىن چاچراپ تۇردى «تېكە»، — ئەكەل يەنە بىر بوتۇلكىنى، ئۆچىرىتىنى ئىچىدۇ.

يەنە بىر بوتۇلكىنىڭ ئاغزى ئېچىلدى. لىق بىر ئىستاكان هاراقنى ئابدۇل بىچارىگە زورلاپ ئىچۈرۈۋېتىشتى. قالغان يېرىم بوتۇلكا هاراقنى دۇم كۆمتۈرۈپلا ماڭا قۇيدى. ئەمدى ئۆچىرىتىنى ئىچىپ بولغان ئۇچەيلەن تەڭلا سالا ـ سۇلىهقا چۈشتى.

— هە، ئەمدى مۇشۇنىڭدىن كېيىن ئىچمەيمىز، قېنى، غەيرەت قىلىپ كۆتۈرۈۋەت!

— ياپپاش يىگىت تۇرۇپ، ئاتمىشقا كىتىپ بارغان هېلىقى ئادەمچىلىك بولالمامسەن؟!

— ئىچە، مۇنچىلىك سۇ دېگەن داڭگالغا سىڭىپ كېتىدۇ...

گەپتىن قىچىپلا ئىستاكاننى قولۇمغا ئالدىم، كۆزۈمنى يۇمۇپ سۇمۇردۇم. باياتىن بېرى ئىچىپ خېلى قىزىۋالغاچقىمۇ، هاراقنىڭ ئاچچىقى زادىلا بىلىنمىدى. قىرلىق ئىستاكاننى بوشىتىپ، «قانداق، مەنمۇ يارامدىكەنمەن؟» دېگەندەك ئاغىنىلەرگە قاراپ كۈلۈپ قويدۇم. رەجەپ يۆگۈرۈپ قوپۇپ، ئەتىگەندىن بېرى ئىشلىتىش خىيالىغا كەلمىگەن ئۈنئالغۇسىغا قانداقتۇر بىر لېنتىنى سېلىپ ۋاڭشىتىپ قويۇۋەتتى. تۇرسۇن «تېكە» سەكرەپ قوپۇپ ئۇسسۇلغا چۈشتى. بىز چاۋاك چېلىپ: «هوي بەللى! ... كىم بۇ!» دېيىشىپ بەردۇق. ئاخىرغا بېرىپ ئۇنىڭ ئۇسسۇلى ئۇسسۇلغىمۇ، ناغرىچىنىڭ ئالدىدىكى ساماغىمۇ، رۇسلارنىڭ ئادنۇشكىسىغىمۇ ئوخشاشمايدىغان بىرنېمىگە ئايلىنىپ كەتتى. كېيىن يەنە نېمە ئىشلارنىڭ بولۇپ كەتكىنى ئېسىمدە يوق...

*　　　　*

جالاقلاپ تىترىگەن هالدا قاراڭغۇ بىر ئۆيدە هوشۇمغا كەلدىم. ئەتراپىمنى سىيپىلىسام، مۇزدەك كۆمۈرنىڭ ئۈستىدە، تازا زەن سالسام، ئۆزىمىزنىڭ كۆمۈرخانىسىدا ئولتۇرۇپتىمەن. بۇ ئۆرۈلۈپ چۈشەي، دەپ قالغان ئەسكى بىر ئۆي بولۇپ، ئادەتتە بىز ئۇنىڭ بىر تەرىپىگە كۆمۈر قوياتتۇق، يەنە بىر تەرىپىگە ئايالىم، يىرتىلغان ئاياغ كىيىملەر، هەر خىل قەغەز يەشىك، ئەسكى مەش، كونا گېزىت، قۇرۇق بوتۇلكا دېگەندەك كېرەكسىز نەرسىلەرنى تاشلاپ قوياتتى. تاملاردىكى قوپال، يوغان مىخلاردا ۋېلىسىپىتنىڭ ياماق چۈشكەن كامېرلىرى، ئەسكى قۇلاقچا،

داتلىشىپ كەتكەن تېرموس قېپى ، كونا يەڭلىك ، چۆرىسى چۇۋۇلۇپ كەتكەن چويلا دېگەندەك نەرسىلەر ئېسىقلىق بولاتتى . «يائاللا ! بۇ يەرگە مەن قانداق كېلىپ قالغاندىمەن ؟··· كېچە بىز رەجەپنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرغان ئەمەسمىدۇق ؟··· » ئويلاپ ھېچبىر تېگىگە يېتەلمىدىم . كۆمۈرخانىنىڭ كونا ئىشىكىنىڭ گۈرۈلدەپ سوغۇق شامال كىرىپ تۇرغان ئاراچلىرىدىن تىنىق قىش ئاسمىنىدىكى جىمىرلاپ تۇرغان يۇلتۇزلار كۆرۈنۈپ تۇراتتى . ئاستا ئورنۇمدىن تۇرۇپ ، تەمتىلەپ بېرىپ ئىشىكنى ئىتتەرسەم ، ئىشىك تېشىدىن قۇلۇپلىنىپ قاپتۇ . «بۇ يەرگە بىرى مېنى سولاپ قويغاندىمۇ ياكى ئايالىم مېنىڭ بارلىقىمنى بايقىماي قۇلۇپ سېلىپ قويغاندىمۇ ؟··· »

تاڭ يورۇغىچە يەنە ئىشىكنىڭ ئالدىدا كاسىلداپ تىترەپ تۇرۇشۇمغا توغرا كەلدى . ئايالىمنى ئويغىتىش ئۈچۈن ئىشىكنى تازا بىر جالاقلىتاي دېسەم ، قوشنىلاردىن خىجىل بولدۇم . بىرھازادىن كېيىن ، ئەتراپقا يورۇق چۈشۈپ ، ئايالىم بىر قولىدا لاخشىگىر ، بىر قولدا مەشنىڭ تارتمىسىنى كۆتۈرگىنىچە ھويلىدا پەيدا بولدى . ئۇ تارتمىدىكى كۈلنى بىر بۇلۇڭغا ئاپىرىپ تۆكۈپ ، ئۇدۇللاپ كۆمۈرخانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ، كىتتىرلىتىپ قۇلۇپنى ئاچتى - دە ، مېنى كۆرۈپ :

— ۋىيەي ! — دېگىنىچە ئارقىسىغا داجىپ كەتتى .

— ئىت ! — دەپ تىللىۋەتتىم ئاچچىقىمدا ، — بۇ ئەسكى ئۆيۈڭگە قۇلۇپ سېلىۋالمىساڭمۇ قايسىبىر ئالتۇن - كۈمۈشۈڭنى ئوغرى ئەكېتەتتى ! ؟

— ۋاي مەن نېمە بىلەي ، سىز بۇ كۆمۈرخانىدا نېمە قىلىپ يۈرىسىز ؟···

خوتۇننىڭ سوئالىغا جاۋاب قىلماستىن ئۇدۇل ئۆيگە قاراپ ماڭدىم .

— يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندە ئويغىنىپ قارىسام تېخى قايتىپ كەلمەپسىز . تالاغا چىقسام كۆمۈرخانىنىڭ ئىشىكى ھاڭدەك ئوچۇق تۇرۇپتۇ ، ئىچىگە قارىمايلا قولۇپلاپ قويۇپتىمەن...

خوتۇن شۇ گەپلەرنى تەكرارلاپ ئۆزىنى ئاقلاپ قالدى . ئۆيگە كىرىپلا يېشىنىپ ، خوتۇننىڭ كېچىچە ئىسسىتىپ قويغان يوتقىنىغا پۈركەندىم . ۋاھ نېمىدېگەن راھەت !... شۇ ياتقانچە بېشىمنى كۆتۈرمەي چۈشكىچە يېتىپتىمەن . ئورنۇمدىن تۇرۇپ ، ئازراق تاماقلىنىپ ، ھاۋالىناي دەپ تالاغا چىقتىم . قارىسام ، كوچا دوقمۇشىدا خۇددى ئادنۇشكىغا دەسسەۋاتقان ئادەمدەك پۇتلىرىنى تىنىمسىز تېپىرلىتىپ تۇرسۇن «تېكە» تۇرۇپتۇ . مېنى كۆرۈپ ئۇشتاق چامداپ يېنىمغا كەلدى ـ دە :

— قانداقراق ؟ — دەپ ئەھۋال سورىدى .

— ئاخشام تازا ئىچىپتۇق ـ دە !... بېشىم ئاغرىپ تۇرىدۇ . نېمە بولغىنىمنى ئۇقمايمەن ، مەستچىلىكتە كېلىپ كۆمۈرخانىدا ئۇخلاپ قاپتىمەن .

— مېنى دېمەمسەن ، — دېدى ئۇ ، — ئاخشام رەجەپنىڭ ھېلىقى بىر لېنتىنى قويغىنى ئېسىڭدە باردۇ ؟

— قايسى لېنتىنى ؟

— ھېلىقى بىر ئۇسسۇل پەدىسى .

— ھە ، ھە . شۇنداق بىرنېمىنى چالغاندەك قىلىۋىدى .

— تازىمۇ ياخشى سازكەن . سەن ئۇنتۇپ قالغان ئوخشايسەن . رەجەپتىن باشقا ھەممىمىز ئوتتۇرىغا چۈشۈپ

ئۇسسۇل ئويناپ كەتتۇق . مەن شۇ ئويۇنغىچە ئۇسسۇل ئويناپ ئۆيگىلا كەپتىمەن . ھېلىمۇ ياخشى كېچە بولۇپ قاپتۇ دەڭلا ، ئەگەر كۈندۈزى كوچىدا شۇنداق ئۇسسۇل ئويناپ ماڭغان بولسام خەق نېمىدەر ئىدى ؟

— ئۆگەتكەن تېكىكەن ـ دە بۇ ، دەيدۇ شۇ .

— چاقچىقىڭنى قويۇپ ماۋۇ گەپنى ئاڭلا ، تېخى ئۆيگە كېلىپمۇ ئۇسسۇل ئويناپ بېرىمەن ، دەپ ھەممىنى ئويغىتىپ پاتىپاراق قىلىۋېتىپتىمەن . ئاپام بىچارە دادامنى بىلىپ قالمىسۇن ، دەپ مېنى نېرىقى ساراي ئۆيگە باشلاپ قويۇپتۇ . «ھاي ، بولدى قىل !» دېگەنگە ئۇنىماي تاڭ ئاتقۇچە ئۇسسۇل ئويناپتىمەن . ئىشەنسەڭ ، ھېلىراقتا بىر ـ ئىككى سائەتلا كۆزۈمنى يۇمدۇم . ھېلىقى ئۇسسۇل پەدىسى ھېلىمۇ قۇلىقىمدا . ئۇسسۇل ئوينىغۇم قىستاپلا تۇرىدۇ…

ئۇنىڭ گېپى ئاخىرلاشماستىنلا نېرىراقتا رەجەپنىڭ قارىسى كۆرۈندى . بىز دوقمۇشقا بارغۇچە ئۇ «تورپاق»مۇ ئالدىرىماي دەسسەپ يېتىپ كەلدى .

— ئاخشامقى ئويۇنىمىزنىڭ ئاخىرى نېمە بولۇپ كەتتى ، ئاغىنىلەر ؟ — دېدى ئۇ ، — مەن ھېلىقى قىرلىق ئىستاكاندىكى ھاراقنى ئىچكىنىمنى بىلىمەن . شۇنىڭ بىلەن بۇ ئالەمدىن كېتىپ قاپتىمەن…

— ھېلىقى ئۇسسۇل پەدىسىگە ئۇنئالغۇ قويغىنىڭنىمۇ بىلمەمسەن ؟ — تۇرسۇن «تېكە» قولىنى كېرىپ بىر پىرقىرىۋەتتى .

— ساراڭ بولدۇڭمۇي ، شامالغا ئۇسسۇل ئويناپ…

— قالتىس سازكەن ـ دە . تېخىچە قۇلىقىمدىلا جاراڭلاپ

تۇرىدۇ… قانداق لېنتىنى قويغىنىڭنى بىلەرسەن؟
— دەۋاتىمەنغۇ، — دېدى رەجەپ، — ھېچنېمە ئېسىمدە يوق. شۇ هاراق دېگەن نېمىنى ئىككىنچى ئىچمەيلى، ئاغىنىلەر.
— نېمە بولدى، سەنمۇ مەستچىلىكتە بىرەر قىزىقچىلىق چىقارمىغانسەن؟
— نېمە بولاتتى. سىلەر كېتىپسىلەر، مەن ئولتۇرغان يېرىمدىلا بېشىمنى مەيدەمگە ئېگىشتۇرۇپ ئۇخلاپ قاپتىمەن. بىر چاغدا ئويغانسام، ئالدىمدا ھېچكىم يوق. قورۇق بوتۇلكىلار ئۆينىڭ ھەممە يېرىگە چېچىلىپ يېتىپتۇ. داستىخان دېگىنىڭ سەيلەر تۆكۈلۈپ رەسۋا بوپتۇ. ئىشىك ئوچۇق قالغانىكەن. ئۆينىڭ ئىچى مۇزلاپ كېتىپتۇ. ئۇنىئالغۇ گىژىلداپ تۇرىدۇ. قويۇپ ئۇنى ئۆچۈرۈۋەتتىم. قولاق سالسام تالادا بىرى تاراقشىغاندەك قىلىپ قالدى. «بۇ ئاغىنىلەر ھويلىغا چىقىپ كەتكەن ئوخشايدۇ ـ دە» دەپ چىقسام، نېرىقى پېشايۋاندا بىرى شارقىرىتىپ بىرنېمە تۆككەندەك قىلدى. مەن سىلەردىن بىرەرىڭلار بولساڭلار كېرەك، دەپ ئويلاپ بېرىپ: «قويەۋاي، قوسۇۋېرەمسەن!» دەپ گەجگىسىدىن تۇتۇپ تارتىپتىمەن. قارىسام دادام، بايا ئۇ بامداتقا تاھارەت ئېلىپ، ئاغزىنى چايقاپ غار ـ غار قىلىۋاتقانىكەن. شۇنداق ئاچچىقى كەلدىكى، تىللاپ رەسۋايىمنى چىقاردى، خىجالەتچىلىكتە يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولدۇم…
تۇرسۇن ئىككىمىز كۈلۈۋېرىپ كۆزلىرىمىزدىن ياش چىقىپ كەتتى:
— گەجگىسىدىن تۇتۇپ تارتتىم، دە!
— قوسۇۋېرەمسەن، دېدىڭ!؟…

كۆڭۈللۈك پارىڭىمىزنى يىراقتىن بىرىنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى بۆلۈۋەتتى. قارىسام بىر كىچىك بالا يۈگۈرۈپ كېلىۋېتىپتۇ.

— سىلەرنى ئاپام چاقىرىۋاتىدۇ، — دېدى بالا هاسىرىغىنىچە كېلىپ يېنىمىزدا توختاپ.

— كىمنىڭ بالىسى سەن؟ — دېدۇق بىز.

— تېرىچى ئابدۇلنىڭ ئۇكىسى.

«راست، ئابدۇل نېمە بولۇپ كەتكەندۇ!؟» دەپ ئېسىمىز-گە ئالدۇق.

— ئاكاڭ ساقتۇ؟

— ساق.

— نېمە قىلىۋاتىدۇ؟

— ۋايتاڭەي، بىرنېمىلەرنى دەپ سۆزلەپلىۋاتىدىغۇ.

دۈپۈرلىشىپ ئابدۇلنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدۇق. دەرۋازا ئالدىدا بىزنى ئۇنىڭ ئانىسى ساقلاپ تۇرغانىكەن. يىراقتىن بىزنى كۆرۈپ ۋايساپلا كەتتى.

— ۋاي، بۇ بالىغا نېمە بولغاندۇ؟... ئادەم تونۇمايدۇ، ساراڭدەك سۆزلەپلا ئولتۇرىدۇ... ئاخشام نەدە ئويىنغانتىڭلار؟

— مۇنۇ رەجەپنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرغانتۇق... بولمىسا يورۇقلا قايتقان... نېمە بوپتۇ ئابدۇلغا؟

— بۇ بالا تاڭغا يېقىن پەيدا بولدى. هويلىغا چىقسام، دەرۋازىنىڭ ئالدىدىن بىرى ئۆتكەندەك قىلدى. «هوي ئابدۇل بولۇپ قالمىسۇن» دەپ ئېسىمگە ئېلىپ دەرۋازىنى ئاچسام، بىرى دەرۋازىنىڭ يان ياغىچىغا يۆلىنىپ تىككىدە تۇرىدۇ. «ئابدۇلمۇ سەن؟ نېمە قىلىپ تۇرىسەن؟» دېسەم، «هەدە، بۇ قەيەر؟»

دەيدۇ . نېمە دەيدىغاندۇ بۇ ، مەست ئوخشىمامدۇ ، دەپ «قەيەر بولاتتى ، ئۆزۈڭنىڭ ئۆيۈڭ» دېسەم ، «سىز كىم ؟» دەيدۇ . «مەن سىنىڭ ئاپاڭ — جانارىخان ، ماڭ ئۆيگە كىر !» دېسەم ، «ئەمىسە مەن كىم ؟» دەيدۇ . ۋاي خۇدايىمەي ، ماۋۇ بالا نېمانداق ئادەمنى قورقۇتىدىغاندۇ ! دەپ قولىدىن تارتىپلا ئۆيگە ئەكىرىۋالدىم . مانا ، ئەتىگەندىن بېرى ئاغزىغا بىر چىشلەم بىر نەرسە سالمىدى ، سۆزلىگىنى سۆزلىگەن… ئۆيگە كىرىڭلار ، ئۆيگە ، زۇۋانىنى ئۆزۈڭلار بىر ئۇقۇڭلار .

هويلىغا قەدەم بېسىشىمىز بىلەنلا بۇرنىمىزغا ئەيلەنگەن تېرىنىڭ ئاچچىق پۇرىقى ئۇرۇلدى . پېشايۋاندا تۇزلاپ باسۇرۇپ قويغان تېرىلەر ، يەنە قانداقتۇر گىرۋەكلىرىنى شور باغلاپ كەتكەن يوغان كۇپلەر تۇرۇپتۇ . ئۆيگە كىرسەك ئابدۇل راستىنلا چۈشىنىكسىز بىرنېمىلەرنى دەپ ۋاتىلداپ ، سۇپىدا پۇتىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرغانىكەن . بىزنى كۆرۈپ چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كۆرۈشتى . كۆزلىرى ئېلىشىپ ، غەلىتىلا پارقىراپ تۇرىدۇ ، بىزنى تونۇمىدى . مېنى :

— ئارۇپ «مىسكەر»نىڭ ئوغلىغۇ سەن ؟ … كۆرۈنمەيسەنغۇ ؟ هېلىمۇ ئېچكىرىدىن كونا كىيىملەرنى ئەكېلىپ سېتىپ يۈرەمسەن ؟… هېلىقى كۈنى ماڭا تەڭلىگەن زايومىڭنى ئەللىك سوملۇق پۇلمىكىن دەپ قاپتىمەن … — دېدى .

«توۋا !» دەپ ياقامنى چىشلىدىم . ئارۇپ «مىسكەر»نىڭ ئوغلى ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا ماشىنا ۋەقەسىدە قازا قىلغانىدى . ئۇنىڭ تاۋۇتىنى هەممىمىز تەڭ كۆتۈرۈشۈپ چىققانىدۇق… رەجەپنى ئۇ قانداقتۇر بىر تېرە ئەكېلىپ ساتىدىغان ئادەمگە ئوخشاتتى .

— تېرەڭنى تاشلاپ كەت ، ئاداش ! — دېدى ئۇ ، — پۇلنى كېيىن ئالسەن ، بىز ئۇنداق خەقنىڭ ھەققىنى يەيدىغانلاردىن ئەمەس… بوينۇڭنىڭ يوغانلىقىغا قارىغاندا تېرەڭ قېلىندەك قېلىندۇ… يۈزۈڭ پارقىراپ كېتىپتۇ . سەراپتىن چىقتىڭما ؟ !

تۇرسۇن «تېكە» «مېنى نېمىدەركىن» دەپ قىزىقسىنىپ ئابدۇلنىڭ ئالدىغا بېرىۋىدى ، ئابدۇل ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ كەتتى :

— مانا قارا ، سەنمۇ بۇ يەردىكەنسەنغۇ ؟… ئاكاڭ رەھمەتلىك تالانتلىق سامسىپەزتى ، جۇمەدىن يېنىپ كېلىپلا بىز بىلەن ھاراق ئىچەتتى… پۇت - قولۇڭنىڭ جىم تۇرمىغىنىغا قارىغاندا خوتۇنۇڭغا قېيىداپ ئۆگزىدە يېتىپسەن - ھە ! ؟

ئۇنىڭ گېپىنىڭ ئاخىرى چۇشىنىكسىز بىرنېمىلەرگە ئايلىنىپ كەتتى . بىز نېمە قىلىشىمىزنى بىلمەي تېڭىرقاپلا قالدۇق .

— ۋاي ، خۇدايىمەي ، قانداقمۇ قىلارمەن ! — دەپ يىغىنى سالدى ئۇنىڭ ئايىسى ، — بىر ئۆينى گۇلدەك بېقىۋاتقان بالا ئىدى . بالامغا كۆز تەگدى ، كۆز !… خۇدايىم ، قەست قىلغانىنىڭ قەستىنى ئۆزىگە ياندۇرغايسەن…

قىرلىق ئىستاكاندا ھاراق ئىچتۇق ، دەپ قاراپ تۇرۇپ ئۆزىمىزگە يوق بالانى تېپىۋالدۇق . ئابدۇلنىڭ سۆزلەپ قالغىنى بىر كۇندىلا پۈتۈن مەھەللىگە پۇر كەتتى . بار خىجالەتچىلىك بىزگە بولدى . كۆرگەنلا خەق بىزدىن :

— ئابدۇل ئاغىنەڭلەرگە نېمە بوپتۇ ؟

— كىمنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرغانتىڭلار ؟

— نېمە ئىچكەنتىڭلار ؟ — دەپ سوراپ بېشىمىزنىڭ ئوچاق

ئېتىۋېتىدىغان بولدى . تۇرسۇن «تېكە» ئاچچىقىدا يەرنى تېپىپ تۇرۇپ ئۇلارغا :

— نېمە ئىچەتتۇق ، ھەممە ئادەم ئىچىۋاتقان ، ھۆكۈمەت سېتىۋاتقان نەرسىنى ئىچتۇق . قانداق گېپىڭ بارما ؟ ! — دەپ ۋارقىرايتتى . رەجەپ «تورپاق» تېرىككىنىدىن بوغۇلۇپ :

— ئاناڭنىڭ پالانى نېمىسى ! ... — دەپلا ئاغزىنى بۇزىدىغان بولدى .

بىر ھەپتە ئىچىدە ئابدۇلنىڭ ئانىسى ساي مەھەللىدىكى قارتا ئاچىدىغان خوتۇننىڭ ئۆيىگە كۈندە دېگۈدەك قاتراپ ، بىرمۇنچە پۇلنى خەجلەپ بولدى . ئابدۇل قانداقتۇر ئۈستى ئوچۇق ئۆي ، چاقى يوق ھارۋا ، ئادەم بېسىۋالغان خاڭ ، تېخى تۇغۇلمىغان ياكى بولمىسا ئاللىقاچان ئۆلۈپ كەتكەن ئادەملەر توغرىسىدا بىرنېمىلەرنى دەيتتى . «قوڭالتاق ئۆتۈك كىيگەن توكۇر قوتازنى جىرتاق خوتۇننىڭ مايماق ياغىچىغا چىقمىساڭ قانداق كۆرسەن ؟ ... سۈنغان بىگىز ، ئەسكى كىگىز ، خوتۇنى ئۆزىدىن ئېگىز ، سىلەر ئۇنى تونۇمامسىلەر ؟ ... » دەپ ئالدىدىكى ئادەمنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قارايتتى .

بىر كۈنى ئابدۇلنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى چولاقتېرەك دېگەن يەردىن داڭلىق بىر داخاننى باشلاپ كەلدى . ئاغىنىمىزنىڭ تەقدىرى توغرىسىدا بىرەر يېڭى گەپ ئاڭلىماقچى بولۇپ ، بىزمۇ شۇ كېچە ئابدۇلنىڭكىدە بولدۇق . چولاقتېرەك دېگەن نام ئاشۇ داخاننىڭ ئۆزىگە قاراپ قويۇلغانمىكىن ، دەپ قالدىم . ھېلىقى ئادەمنىڭ بىر قولى چولاق ، پۇتلىرى سۇ چىقمىغان دۆڭدە ئۆسكەن قارىياغاچنىڭ شېخىدەك ئىنچىكە ۋە مايماق ئىكەن . جۈغىنىڭ كىچىكلىكىگە باقماي يۈزى داپتەك كەڭ ، كاۋا

يوپۈرمىقىدەك يوغان قۇلاقلىرى غەلىتە دارديىپ تۇراتتى . پۈلتىيىپ چىققان كۆزلىرى ئەتراپىدا قاش - كىرپىك دېگەندىن ئەسەرمۇ يوق . كۆزۈمگە خۇددى يا جىنغا ، يا ئادەمگە ئايلىنالماي ئوتتۇرىدا ئېزىپ قالغان بىر مەخلۇقتەك كۆرۈندى . «ياپىرەي !... ئاغىنىمىزغا چاپلاشقان ھەرقانداق ئالۋاستى بولسىمۇ مۇنۇ ئادەمنى كۆرۈپ مىڭ گەز يەرگە قاچار !» دەپ ئويلىدىم .

داخان دوڭغاسلاپ يۈرۈپ ھويلىنىڭ ھەممە يېرىگە نوكچا ياقتى . ئۆينى قاتتىق ئىسرىقداپ ، ئىككى قارا توخۇنى ئۆلتۈرگۈزۈپ ، قېنىنى ئابدۇلنىڭ گەجگىسىگە ئاققۇزدى ، ئاندىن بىزنى «ئۇدۇم قاچىدۇ... ئەتە ئەتىگەندە دۇئادا بىللە بولۇڭلار» دەپ باشقا ئۆيگە چىقىرىۋېتىپ ، ئىشىكنى مەھكەم ئېتىۋېلىپ ، كېچىچە ئوقۇدى . نېمە ئوقۇپ ، نېمە قويغىنىنى بىلمەيمىز ، ئەتىگەندە «ئەسسالامۇئەلەيكۇم !» دەپ ھېلىقى ئۆيگە كىرسەك ، داخان بىلەن ئابدۇل بىر - بىرىگە ئۇدۇل بولۇپ تىككىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇشۇپتۇ . داخان «كېلىڭلار !» دەپ دۇئاغا قول كۆتۈردى . ئۇ :

تىلى پەسنىڭ تىلىغا ،
دىلى پەسنىڭ دىلىغا ،
كۆزى يامانىنىڭ كۆزىگە ،
نىيىتى يامانىنىڭ ئۆزىگە ،
يالغۇز ياتقان مۇشۇككە ،
ئوچۇق قالغان ئىشىككە ،
دەردى بارنىڭ دەردىگە ،

بىمارلارنىڭ تېنىگە ،
شىپا بەرگەن خۇدايىم .
قوبۇل بولسۇن دۇئايىم ،
كۆز ئاچمىغان بوۋاقتەك ،
ساقىت بولسۇن گۇناھىم .

دەپ ئۇنلۇك ئوقۇشقا باشلىۋىدى ، بۇ قاپىيىلىك سۆزلەر بىزنىڭ ئاغىنىنىڭ قاچاندۇر بىر چاغلاردىكى شائىرلىق ئىلھامىنى قوزغاپ قويدىمۇ ، ئۇ داخاندىن دۇئانى تارتىۋېلىپلا :

مايماق تېرەك ،
تۆشۈك چېلەك ،
قۇرۇغان پېلەك...
يالغۇز ئوغۇل ، يالغۇز قىز ،
يالغۇز ئوچاق ، يالغۇز شام ،
ئوغرىتىكەن ، قارا ئىت ،
يالغۇز ياغاچ ، يالغۇز تام ،
پاتقاق بولۇپ ئاققانلار ،
ئەسكى تامدا ياتقانلار ،
ئاللا بەرسۇن جاجاڭنى ،
جىن ـ شەيتانغا تارتقانلار...
تېرە ئاپىرىپ مايتاغقا ،
نېسگە ساتتىم بويتاققا...

دەپ شارىلداپ ئوقۇپ قىزىپلا كەتتى . كۇلكىمىز قىستاپ ئارانلا

ئۇلتۇردۇق. داخان ئالمان - تالمان دۇئانى ئاخىرلاشتۇرۇپ، نەرسە - كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ تالاغا ماڭدى.

— يامان بوپتۇ! — دېدى داخان تالاغا چىققاندىن كېيىن بىزگە.

— نېمە بوپتۇ؟ — دەپ سورىدۇق.

— بىلگۈچى خۇدا، — دېدى ئۇ ساق قولى بىلەن پېشانىسىنى سىلاپ تۇرۇپ، — بىز ھەممىمىز بىلىپ - بىلمەي، سېزىپ - سەزمەي، غالىبلار ۋە غايىبلار، ئۇلۇغلار ۋە پاسىقلار ئارىسىدا ياشايمىز. بۇ يىگىت تەكشى ئەمەس بىر يەردە ئۇخلاپ قالغان چېغى، شامال داربېتۇ... مانا، ئۆزۈڭلارمۇ كۆردۈڭلار، كېچىچە ئاشۇنداق مەن بىلەن تەڭ ئوقۇپ چىقتى. قارىغاندا مەن كۆچ ئېلىشالمىغۇدەكمەن...

داخاننىڭ باشقا گېپىگە ئىشەنمىسەكمۇ «تەكشى ئەمەس بىر يەردە ئۇخلاپ قالغان چېغى» دېگىنى بىزنى ئويلاندۇرۇپ قويدى. «ئابدۇل رەجەپنىڭ ئۆيىدىن يېرىم كېچىدە چىقىپ كەتكەن ئادەم، تاڭ سەھەرگىچە ئۇ نەلەردە يۈرگەن بولغىيدى؟...» دېدۇق. داخاننى رازى قىلىپ، يولغا سالدۇق، ئابدۇلنىڭ ئانىسىغا:

— ئازراق شامال داربېتۇ، ئەمدى ياخشى بولۇپ قالدۇ، دېدى، خاتىرجەم بولسىلا، — دەپ قويدۇق.

ئابدۇل بىزنى ئۇمىدلەندۇرۇپ ئىككى كۈن ئارتۇقچە گەپمۇ قىلماي قاتتىق ئۇخلىدى. ئۈچىنچى كۈنىدىن باشلاپ ئۇنىڭ سۆزلىشى تېخىمۇ ئەدەپ كەتتى. ئەمدى ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى زادى چۈشەنگىلى بولمايتتى. ئانىسىنى گەپ بىلەن ئاران قايىل قىلىپ، بۇ قېتىم ئابدۇلنى ئۇدۇل دوختۇرخانىغىلا ئاپاردۇق.

دوختۇر تەكشۈرۈپ : «ئىسپىرت بىلەن قاتتىق زەھەرلىنىپ ، نېرۋىسى قالايمىقانلىشىپتۇ» دېدى ۋە نېرۋا كېسەللەر ساناتورىيىسىگە ئاپىرىپ تېز داۋالىتىشقا مەسلىھەت بەردى . يەتتە- سەككىز كۈن پالاقلاپ ، تېگىشلىك رەسمىيەتلەرنى ئۆتەپ ، يېقىن تۇغقىنىدىن بىرنى قوشۇپ ، ئابدۇلنى يولغا سالدۇق .

ئەمدىلا «ئۇھ» دەپ تۇراتتۇق . تۇرسۇن «تېكە»نىڭ ئۇسسۇل ئوينايدىغان قىلىقى ئەدەپ كەتكىلى تۇردى . رەجەپ ئىككىمىز «قىرلىق ئىستاكان»نى ئىچىمىزدە مىڭنى تىللاپ ، «تارتقۇلۇقىمىز باركەن - دە !» دەپ بىر - بىرىمىزگە قارايتتۇق .

— خۇدايا تۇۋا ! — دەيتتى تۇرسۇن پۇت - قوللىرىنى نايناقلىتىپ تۇرۇپ ، — ھېلىقى چاغدا سەن رەجەپ... قايسى لېنتىنى قويۇۋىدىڭا ؟... ئاۋازى قۇلىقىمدىلا تۇرىدۇ...

— ۋايتاڭەي ! — دەپ تېرىكەتتى رەجەپ ، — بۇلتۇر چالغان سازغا بۇ يىل ئۇسسۇل ئوينايدىغان قانداق نېمەۋاي سەن ! ؟

تۇرسۇن «تېكە» بەزىدە دۇكىنىدىمۇ بىر قولىدا قايچا ، بىر قولىدا مېتىرنى كۆتۈرگىنىچە ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كېتىدىكەن . ماشىنىچى خوتۇنلار باشتا كۈلۈشۈپ ، كېيىن - كېيىن قورقىدىغان بولۇپ قاپتۇ . بىر كۈنى نەق رەجەپنىڭ مەش - كاناي ياسايدىغان دۇكىنى ئالدىدا مۇنداق بىر قىزىقچىلىق يۈز بېرىپتۇ : تۇرسۇن «تېكە» ئۇ يەرگە رەجەپنى ئىزدەپ كەلگەنىكەن . ئۇلار دۇكاننىڭ ئالدىدا پاراڭلىشىپ تۇرۇپتۇ . تۇيۇقسىز تۇرسۇن شاگىرت باللارنىڭ تاققا - تۇققا ، جاڭ - جۇڭ قىلغان بولقا ئاۋازلىرىغا كەلتۈرۈپ شۇنداق بىر ئۇسسۇلغا

چۈشۈپتۇكى ، زادىلا توختىتىۋالغىلى بولماپتۇ . يىلاندەك تولغىنىپ ، تېكىدەك سەكرەپ ، باخشىدەك چۆرگىلەپ ، بېشچە تىك تۇرۇپ ، دۇمبىسىدە پىرقىراپ ، بىر دەمدىلا ھەممە ئادەمنى يىغىپتۇ ، تۇرسۇننى تونۇيدىغانلار «توۋا !» دەپ ياقىسىنى تۇتۇشۇپتۇ ، تونۇمايدىغانلار «نېمە ئادەم بۇ ؟ !» دەپ ھەيران بولۇشۇپتۇ . شۇ كۈنى كەچتىلا رەجەب :

— ھېلىقى «تېكە» بولمىدى ! ··· — دەپ يېتىپ كەلدى .

تەجرىبىمىز بويىچە ئۇنىمۇ بىر ـ ئىككى كۈندىلا جابدۇتۇپ ، نېرۋا كېسەللەر ساناتورىيىسىگە يولغا سالدۇق . ھەر ھالدا ئۇنىڭ ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرغۇچىلىكى بار ئىدى . شۇڭا ئادەممۇ قوشمىدۇق . خوشلىشىدىغان چاغدا تۇرسۇن «تېكە» ھىجىيىپ :

— ئۇ يەرگە بېرىپلا ئابدۇل «تېرە»نى تاپىمەن . گەپ ئۇنىڭدىن ، ئۇسسۇل مېنىڭدىن ، زېرىكمەيدىغان بولدۇق ـ دە ! — دېدى .

— شۇنداق قىلىڭلار . ھەرنېمە قىلساڭلار شۇ ئادەم تونۇمايدىغان يەردە قىلىشىڭلار ! — دېدۇق .

تۇرسۇننى ماڭدۇرۇۋېتىپ ، ئەمدى رەجەپ ئىككىمىز ئۆزىمىزدىن ئەنسىرەپ قالدۇق . «قىرلىق ئۇستاكاندا تەڭ ئىچىۋىدۇق ، ئاخىرى قانداق بولۇپ كېتەر ؟» دەپ بىر ـ بىرىمىزنى خېلى كۈنلەرگىچە تىڭ ـ تىڭلاپ يۈردۇق ، ھەپتىلەر ، ئايلار ئۆتتى . خۇداغا شۈكۈر ، ئۆزىمىزدە ھېچقانداق بىر غەيرىيلىك ھېس قىلمىدۇق .

*　　　　　　　　*

ئاردىن بىر يىلچە ئۆتتى . ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى

كەلمىگۈدەك خەۋەرلەر تارقالغىلى تۇردى. ئاڭلىساق، ئابدۇل «تېرە» ساناتورىيىدە ئۈچ ـ تۆت ئايلا يېتىپ ساقىيىپ چىقىپتۇ. بىراق، ئۇ تېرىچى بولماي، ئوقۇغۇچى ۋاقتىدىكى شائىر قىياپىتىدە ھوشىغا كەپتۇ. ھېلىقى مەست بولۇپ قالغان چاغلاردا ئېسىگە كېلىپ قالىدىغان قىز ساۋاقدىشى شۇ شەھەردە ھازىرغىچە تۇرمۇشلۇق بولماي تۇرغانىكەن. ئىككىسى قايتا تېپىشىپ توي قىپتۇ. ئابدۇل ھازىر يېڭى ئۆيدە باش چۆكۈرۈپ ئەسەر يېزىۋاتقۇدەك. ئۇنىڭ شېئىرلىرىغا قاپىيە، ھېكايىلىرىگە ۋەقەنىڭ لازىمى يوقتەك. ئۇنىڭ «شاما چايناشمۇ ئىشمۇ؟» «ئايغا قاش ئاتقان بىكار»، «تام تۆپىسىدە ماڭغاندا» دېگەن يېڭى ئەسەرلىرى قاتتىق قىزىقىش قوزغاپتۇ. بۇ ئەسەرلەرنى قىزىقچىلارنىڭ ئۆزىمۇ ئانچە چۈشىنىپ كەتمىگۈدەك، ھەتتا ئۇنىڭ «لاي ئوينىما، قولۇڭ ھەش بولىدۇ» دېگەن بىر پارچە ئەسىرى مۇكاپاتقىمۇ ئېرىشىپتۇدەك. ئوبزورچىلار ئۇنىڭغا «يېڭى ئۇسلۇب يارىتقان ئەسەر» دەپ باھا بېرىشىپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ ئابدۇل: «شائىرچىلىقنىڭ كىرىمى تېرىچىلىككە يەتمەيدىكەن» دەپ يۈرگۈدەك.

تۇرسۇن «تېكە» توغرىسىدىكى گەپلەر تېخىمۇ قىزىق. ئابدۇلنىڭ تويىدا تۇرسۇن «تېكە» يىگىت قولدىشى بولغانىكەن. شۇ تويدا تۇرسۇن «تېكە» قالتىس بىر ئۇسسۇل ئويناپتۇدەك. بۇ ئۇسسۇل ھەرقانداق مىللەتنىڭ ھەرقانداق بىر سازىغا، خىلمۇخىل رىتىملارغا چۈشۈۋەرگۈدەك، ئارتىسلارنىڭ كۆزى چۈشۈپ، ئۇنى سەنئەت ئۈمەككە تەكلىپ بىلەن ئىشلىتىپ تۇرۇشقا قوبۇل قىپتۇ. ئۇ يەردىكى بىر ئۇسسۇل تەتقىقاتچىسىنىڭ ئېيتىشىچە، تۇرسۇننىڭ قىلىقلىرىنى ھەرگىزمۇ نېرۋىدىن

ئازغانلىق ، دەپ قاراشقا بولمايدىكەن . ئۇ ئىنسان روھىنىڭ ئاشكارىلىنىشى ، بەدەندە قامىلىپ تۇرغان ئىچكى ھېسسىياتنىڭ تاشقىنلاپ سىرتقا ئىنتىلىشى ئىكەن . ئۇسسۇلچى ئۇچۇن مۇنداق روھىي ھالەت تېپىلمايدىغان ئارتۇقچىلىق ھېسابلىنىدىكەن . يەنە ئۇ تۇرسۇن «تېكە»نىڭ ئۇسسۇل شەكلىگە دولان ئۇسسۇلى ، ئىلى سەنىمى ، ھېيتگاھ ساماسى ، تولغىما ئۇسسۇل ، سۆرەلمە ئۇسسۇل ، ايناقلىما ئۇسسۇل ، سەھرا پېرىسى… دېگەندەك ھەممە نازۇك ھەرىكەتلەرنى ئۆزىگە يىغىنچاقلىغان ئۆزگىچە ئۇسلۇب ، دەپ باھا بېرىپتۇ…

بۇ يېڭىلىقلارنى ئاڭلاپ گاڭگىراپلا قالدۇق .

— ئۇسلۇب دېگىنى نېمە ؟ — دەپ سورىدى رەجەپ مېنىڭدىن .

— بىر ئىشنى باشقىلارنىڭكىگە ئوخشاتماي قىلالىساڭ ئۇسلۇب بولىدۇ ، — دەپ چۈشەندۈردۈم ئۆزۈمچە .

— مېنى دادام تىللىمىغان بولسا ، سېنى خوتۇنۇڭ كۆمۈرخانىغا سولاپ قويمىغان بولسا ، بىزمۇ ھېلىقى… نېمىتى ؟

— ئۇسلۇب .

— ھە ، شۇنىڭدىن بىر - ئىككىنى بىرنېمە قىلالاتتۇقمىكىن ، — دەپ كۈلدى رەجەپ .

— بولمىسا ، قىرلىق ئىستاكاندا باشقىدىن بىر ئىچىپ باقمىزمۇ - يە ؟ !…

رەجەپ ئىككىمىز بازاردا شۇنداق پاراڭلىشىپ تۇراتتۇق .

— ئەنە قىرلىق ئىستاكان ! — دەپ ۋارقىرىۋەتتى رەجەپ .

— نېمە ، قىرلىق ئىستاكان ؟ !

— كۆرمەيۋاتامسەن ؟… ھېلىقى بىزنىڭ قوشنىنى ئىزدەپ

كەلگەن قىرلىق ئىستاكانچۇ ؟... ئەنە تام ياقىلاپ كىتىپ بارىدۇ .
— هە ، هە ، كۆردۈم... هېلىقى مېھمانغۇ !...
رەجەپنىڭ ئۆيىدىكى هېلىقى ئولتۇرۇشتا بىزگە قىرلىق ئىستاكاندا هاراق ئىچىشنى ئۆگىتىپ قويۇپ كەتكەن قەھرىمانىمىز قارىغاندا بىر يەردە قىرلىق ئىستاكاندا بولۇشىغا ئىچكەن بولسا كېرەك ، شۇ تاپتا ئاۋايلاپ دەسسەپ ، تام تۈۋىدە تەمتىلەپ دېگۈدەك كىتىپ باراتتى . ئۇ نېمىگىدۇر بىرنېمىگە پۇتلاشقاندەك بولدى ـ دە ، يىقىلدى . قوللىرى بىلەن يەرنى تىرەپ ، تۆت پۇتلۇق بولۇپ خېلى غەيرەت قىلىپمۇ ئۆرە بولالماي ، چاترىقىنى كەرگىنىچە تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى .
— هەي يامان بولدى ، يۆلەپ قويايلى ! — دېيىشىپ يۇگۇرۇپ باردۇق .
بۇ قەھرىمانىمىزنىڭ هېلىقى بىز كۆرگەن چاغدىكى سالاپىتى پۈتۈنلەي تۈگىگەن ، ئۇستىبېشى قەيەردىدۇر توپىغا مىلىنىپ ، چىرايلىق بۇرۇتلىرى سالپىيىپ ، چىرايى خۇنۇكلىشىپ قېرىپ كەتكەندەكلا بولۇپ قالغانىدى . ئۇ هەدەپ ئورنىدىن قوپماقچى بولۇپ تىرەجەپ ، يولدىن ئۆتكەنلەرگە خىجالەتچىلىكتە قاراپ :
— توۋا دەيمەن ، مانا ئۆزۈم ساپساقلا تۇرىمەن ، پۇتۇمدا جان يوق . بولمىسا هەممىنى بىلىپ تۇرىمەن ؛ ئەنە ئاۋۇ تۇرلۇك ماللار ماگىزىنى ، ماۋۇ تۇرداخۇن شەپكىچىنىڭ دۇكىنى ، ئاۋۇ كىتىپ بارغان هاكىمجانغۇ دەيمەن ؟... توۋا ، ئادەم دېگەن غەلىتىلا بولۇپ قالىدىكىنا... ئۆزۈم هېچقانداق ئەمەس ، پۇتتا جان يوق !...— دەپ مەنىسىز هىجىياتتى .
بىزنى كۆرۈپ ئۇ قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ سالام قىلدى :

ئەسسالامۇئەلەيكۇم ، ئۇكىلار ، سىلەرنى بىر يەردە كۆرگەندەكلا قىلىمەنغۇ ؟… ئۆزۈم ساپساقلا ، پۇتۇمدا جان يوق .

ئۇ كۇلمەكچى بولۇۋىدى ، خىجالەت كۇلكىسى چىرايىنى قىيسايتىپ تىخىمۇ غەلىتە قىلىپ قويدى . بىز دەرھال ئۆتۈپ كېتىپ بارغان بىر هارۋىنى توختاتتۇق .

— توختا ، ئۇكا ، مۇنۇ ئاكاڭنى ئۆيگە يەتكۈزۈپ قوي . ئۆيىڭىز ؟…

— بىزنىڭ ئۆي ئۇن زاۋۇتىنىڭ يېنىدىكى خالتا كوچىدا… بولدى ، ئۇكىلار ، كىرا پۇلىنى ئۆزۈم تۆلەيمەن .

ئۇنى يۆلەشتۇرۇپ هارۋىغا چىقىرىپ قويدۇق .

— تىۋۋا ، ئەجەب ئىش ـ هە ، — دەپ تەكرارلايتتى ئۇ ،— پۇتۇمدا پەقەت جان يوق… رەھمەت ، ئۇكىلىرىم… قېنى ، هارۋاكىنى هەيدە ، ئوغلۇم . مانا ، هەممىنى بىلىپ تۇرىمەن ، پۇتتا جان يوق !…

هارۋا يىراقلىشىپ كەتتى ، قەھرىمانىمىزنىڭ «پۇتتا جان يوق !» دەپ توختىماي ۋايسىغان ئاۋازىلا قۇلىقىمىزدا قالدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ھېلىقى بىر كېچىدىكى ئولتۇرۇشتا بىزدە قالدۇرغان چوڭقۇر تەسىرىمۇ خىرەلىشىپ كەتكەندەك بولدى . رەجەپ ئىككىمىزنىڭ قىرلىق ئىستاكاندا يەنە بىر ئىچىپ بېقىپ ، «ئۇسلۇب» ياراتماقچى بولغان پەيزىمىزمۇ هاۋاغا ئۇچۇپ كەتتى . «ئارىمىزدىن ئىككى ساراڭنىڭ چىققىنىمۇ يېتەر !» دېيىشتۇق . شۇنىڭدىن تارتىپ ، قىرلىق ئىستاكاندا هاراق تۇرماق ، چايمۇ ئىچمەيدىغان بولدۇق…

1991 ـ يىل 3 ـ ئاي ، ئىلقا

# ئالتۇن چىشلىق ئىت

مۇشۇ كۈنلەردە مىش - مىش پاراڭ دېگەن شۇنچە تېز تارقىلىدۇ . «يەنە بىر - ئىككى يىلدىن كېيىن ژۇرناللارغا بېرىلىدىغان خىراجەتمۇ توختىتىلغۇدەك» دېگەن گەپ چىقىۋىدى ، تەھرىر بۆلۈمىدىكى خىزمەتچىلىرىمىزنىڭ قولى ئىشقا بارماي قالدى . بىر كۈنى ، ژۇرنال تاقىلىپ قالغۇدەك بولسا قانداق قىلىپ كۈن كەچۈرسەك بولار؟ دېگەن خىيال بىلەن كوچىدا كېتىۋاتاتتىم ، بىرەيلەنگە سوقۇلۇپ كېتىپ ، ئوڭدامغا چۈشكىلى تاسلا قالدىم . ھېلىقى كىشىمۇ ئارقىسىغا بىر - ئىككى قەدەم سەنتۈرۈلۈپ كېتىپ ، ماڭا ئالىيىپ بىر قاراپ توختاپ قالدى . خىجالەتچىلىكتە «كەچۈرۈڭ» دەپ ئەپۇ سورىماقچىدىم ، ئالدىمدىكى بۇ ئادەمنىڭ سىياقىغا قاراپ تىلىم گەپكە كەلمەي قالدى . بۇ كىشى ئۈستىگە تار چاقماق كاستۇم كىيىۋالغان بولۇپ ، چاقماق بۇرۇلكىسى قىسقا كېلىپ قالغانلىقتىن ئۇشۇقىنىمۇ ياپالمىغانىدى . ئىچىگە كىيىۋالغان زىغىر رەڭ چاقماق كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكى كاستۇمدىن ئېشىپ ساڭگىلاپ تۇراتتى . ئاغزىدا يالتىراپ تۇرغان قاتار ئالتۇن چىش ، پۇتىغا بولسا يىپيېڭى بىر شىبلىتنى قوڭالتاقلا سېپىۋالغانىدى . بىر تەرەپكە قىيسايتىپ كىيىۋالغان يوغان چاقماق كەپكىسى بىلەن پۇرلىشىپ كەتكەن چاقماق گالستۇكى ئۇنىڭ پۈتۈن سىياقىنى

بىر يانغا ماكچىيىپ كەتكەندەك قىلىپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى . ئاشۇ رەڭگارەڭ چاقماقلار ئىچىدىن ئۇنىڭ چىرايىنى ئاران پەرق ئەتتىم . بۇ ھېلىقى «ساراڭ»نىڭ ئاپتورى ئىدى .

— سالامەتمۇسىز ؟ — دېدىم ئۇنى ئۇچراتقىنىمغا خۇشال بولۇپ .

— ھوي ، مۇھەررىر ئەپەندىممۇ بۇ ؟ !...

ئۇ شۇنداق دېدى ـ دە ، ئىككى قولىنى بوينۇمغا ئارتىپ ، مەڭزىمگە شالاپشىتىپ سۆيۈپ ، قۇچاقلاپ قويدى . خىجىللىقتا ئىتتىك ئەتراپىمغا قاراپ ، ئەمدى بۇ نەچچە كۆرۈشۈش بولۇپ كەتتا ؟ دەپ قالدىم .

— بۇ دېگەن چەت ئەلچە كۆرۈشۈش ! — دېدى ئۇ ئىزاھلاپ ، — كۆرۈشمىگىنىمىزگە ئۇزۇن بوپتۇ ، شۇنداقمۇ ؟

— شۇنداق ، مەنمۇ سىزنى پات ـ پات ئەسلەپ قالىمەن .

— رەھمەت ، قاراڭ ، ھېلىقىنىدەك يازىدىغان ئىشلارنىمۇ بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ ، ھازىر سودىگەرچىلىك بىلەن بولۇپ كەتتىم . بۇمۇ بولىدىغان ئىشكەن . باشتا تۇغقان يوقلاپ چەت ئەلگە چىقىۋىدىم ، ئاپارغان نەرسىلىرىم سوۋغا ـ سالامدىن ئېشىپ ئوبدانلا پۇل بولۇپ قالدى . ئەكەلگەن نەرسىلىرىمدىنمۇ يامان ئەمەس پايدا تەگدى . شۇنىڭ بىلەن مۇشۇ ئېلىپ ـ ساتىدىغان ئىشقا كىرىشىپ قالدىم . قانداق ، ساتىدىغان مال ـ پاللىرىڭىز يوقتۇ ؟... سودىگەر بولاي دېسىڭىز چەت ئەلگە چىقىڭ ، قاراڭ ، بىزنىڭ باشلىقلىرىمىزمۇ چەت ئەلگە تولا چىقىۋېرىپ ، ئاخىردا تولىسى سودىگەر بولۇپ كەتكىلى تۇردى . ئۆزى سودا قىلالمىغانلىرىنىڭمۇ بالىۋاقىسى سودىگەر... ماۋۇ ئۇستۇمدىكى كىيىملەر ياراشقاندەكمۇ ؟

— شۇنىڭغا ھەيران بولۇۋاتىمەن . چاقماقنىڭ ئۈستىگە چاقماق ، چاقماقنىڭ ئىچىگە چاقماق كىيىۋاپسىز ، قارىغان كىشىنىڭ كۆزى ئالا چەكمەن بولۇپ كېتىدىكەن .

— ھە ، يېقىندا يەنە چەتكە چىقىپ مال ئەكېلىۋىدىم ، مانا مۇشۇنداق چاقماق گۈللۈك نەرسىلەر ، سېتىلماي ئېشىپ قالغانلىرىنى ئۆزۈم كىيىۋالدىم . مۇنۇ ئۈستۈمدىكىنى ئاددىيلا كاستۇممىكىن ، دەپ قالماڭ ، بۇنىڭ دۈمبىسىدىمۇ يانچۇقى بار . بۇرۇلكىسىچۇ تېخى ، مۇھىمراق بىرنېمىلىرىڭىز بولسا مانا بۇ يەردىكى مەخپىي چۆنتەككە سالسىز ... — ئۇ شۇنداق دەپ قولىنى كىشىلەر بار يەردە ئاپارغىلى بولمايدىغان بىر يەرگە سۇندى .

— بولدى ، بولدى ، ئېسىللىكى تېشىدىنلا كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ ! — دېدىم .

— ھەببەللى ، سىزگە ئوخشاش كۆزى بار ئادەم تونۇيدۇ ، — دېدى ئۇ ، — شۇنداق قىلىپ ، سالامەت تۇردىڭىز ؟ ھېلىمۇ شۇ ئۇستەلگە دۈمچىيىۋېلىپ قەغەز - قەلەمنى كىتىرلىتىپ ، ۋاقتىڭىزنى زايە قىلىپ ئولتۇرامسىز ؟

— قانداق قىلىمىز ؟ ئۆمرىمىز شۇ ئىش بىلەن ئۆتۈپتۇ . ئەمدى بۇ ياشقا كەلگەندە...

— بۇمۇ غەلىتە ھۆكۈمەتكەن ، — دەپ گېپىمنى تارتىۋالدى ئۇ ، — بىر زامانلاردا باي بولغانلارنى يوقىتىمىز دەپ ، كۈندە ئاچچىق كۈرەش قىلىپ ھالىنى قويمىغانىدى ، ئەمدى ماختاپ ، ئۆزىنىڭ ھالى قالمايۋاتىدۇ... مەن سەل قورقۇپ قالدىم . ئاز كۈندىن كېيىن زادى باي بولالمىغان كەمبەغەللەردىن بىر - ئىككىنى ئاچچىق ئاتامدۇ ، قانداق ؟...

«نېمە دەيدىغاندۇ بۇ؟» دەپ قورقۇنچتا ئەتراپىمغا قارىدىم ـ دە:

— ھېلىقىدەك ھېكايىلەردىن يەنە يوقمىدى؟ — دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدۈم.

— دەۋاتىمەنغۇ، ھازىر پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، پۇللا تاپىدىغان پەيت. مۇشۇ پۇل دېگەن نېمىنى خەجلىمەي ساناپ ئولتۇرسىمۇ شۇنچە ھوزۇرغۇ… ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆتكەندە، ئەمدى بىرنېمە ئەكەلسىڭىز ئۆزىڭىزنىڭ نامىدا ئېلان قىلىمىز، دەپ گەپنى ئۆزۈۋەتتىڭىز.

— مەيلى، ئۇنداق يېرى بولسا يەنە ئۆزۈمنىڭ نامىدا چىقىرىۋېرەي. ئۆتكەنكى ھېكايىلىرىڭىزنى ئېلان قىلىپ، خېلى شۆھرەتكە ئىگە بولۇپ قالدىم. قەلەم ھەققى يەنە سىزنىڭ.

— بولدى، بولدى، قەلەم ھەققى دېگەننى ئېغىزغا ئالماڭ. سىلەرنىڭ ئۇ ئازغىنە نېمەڭلارنى «قەلەم ھەققى» دېگەندىن «سىياھ پۇلى» دېگەن تۈزۈككەن. ئۇنچىلىك پۇلنىڭ كارى چاغلىق، ئۆزۈن بولدى يازالمىدىم… ئاڭلىدىڭىزمىكىن، چەت ئەلدىكى يازغۇچىلار كۈندۈزى سودا قىلىپ، كېچىسى ئەسەر يازىدىكەن. سىزگە ئوخشاش مۇھەررىرلەرنىڭ ئىشخانىسىمۇ بولمايدىكەن، يۈگۈرۈپ يۈرۈپ ئەسەر تەھرىرلەيدىكەن. شائىرلىرى «ھېسسىياتقا تەسىر يېتىدۇ» دەپ خوتۇنىمۇ ئالمايدىكەن… قىزىق ئىشلارنى كۆرىمەن، دېسىڭىز چەت ئەلگە چىقسىڭىز بولىدۇ. بىر شەھەرگە بارسام، پۇقرالىرى شۇنچە پۇزۇر كېيىنىۋاپتۇ، شەھەر باشلىقى يالاڭ ئاياغ يۈرىدىكەن، ئاياللىرى يالغان بۇرۇت قويۇپ، ئەرلىرى ئۆزۈن چاچ سالىدىكەن؛ تاماقنى بازاردا يەپ، كېچىسى مېھمانخانىدا يېتىپ،

ئۆيىنى ئىجارىگە بېرىدىكەن؛ قىزىق چايغا مۇز سېلىپ ئىچىپ، ماروژنىنى ئىسسىتىپ يەيدىكەن... ئۇقسام، ئەسەر يازغانلارغا قارىغاندا تەرجىمە قىلىدىغانلار كۆپ پۇل تاپقۇدەكقۇ؟ بۇمۇ بۇغداي تەرگەنلەر گادايلىشىپ، بۇغداي ساتقانلار بېيىپ كېتىۋاتقاندەكلا بىر ئىش دەگە... بولۇۋاتقان غەلىتە ئىشلارغا ئەقلىڭىز ھەيران قالىدۇ. بىزنىڭ مەھەللىدىكى ھېلىقى، ئۆز ۋاقتىدا بىلىكىگە قىزىل لاتىنى باغلىۋېلىپ، مەسچىت، پەشتاقلارنى بۇزۇپ، لوبۇ، چامغۇر ساتقانلارنى قوغلاپ يۈرىدىغان سەمتاخۇننى تونۇمسىزكىن؟ ھازىر ئۇ ئىشتانپايپاق ئېلىپ - سېتىپ بېيىپ كەتتى. بەيتۇل ھەرەملەرگە بېرىپ ئابدۇسەمەت ھاجىم بولۇپ كەلدى. يېقىندىن بېرى ئۇ: «بىزنىڭ مىللىي ئەنئەنىمىز نەگە كەتتى؟» دەپ قايناپ، ماتادىن كۆڭلەك كىيىپ، سەگەزدىن گالستۇك باغلاپ، يېڭى ئالغان پىكاپىنىڭ ئىچىگە بورا سېلىپ ھەيدەپ يۈرىدۇ... كۈپكۈندۈزدىلا ئۇچراشقانغا ئۇسسۇپ يۈرگىنىڭىزگە قارىغاندا، سىزنىڭ كاللىڭىزدىمۇ مىڭبىر خىيالغۇ دەيمەن؟ ئەمىسە خوش، خىزمەتتە بولايمۇ يە؟

— رەھمەت، شۇنداق قىلىپ، ئەمدى ھېچنېمە يازمايدىغان بولدىڭىزما؟

— ھازىرچە شۇنداق... خوش، قالغان گەپ بولسا كېيىن پاراڭلىشارمىز - ھە!

ئۇ مېڭىپ كەتتى. ئەمدىلەتىن كۆزگە كۆرۈنۈۋاتقان بۇ ھەۋەسكارىمىزنىڭمۇ پۇلنىڭ قايىنىمىغا چۆكۈپ كېتىۋاتقىنىغا بەك ئەپسۇسلاندىم. ئۇ ئازراق مېڭىپلا يەنە توختاپ، ماڭا قاراپ ۋارقىرىدى:

— ئىت توغرىسىدا بولسىمۇ بولامدۇ؟

— نېمە دېدىڭىز ؟
— ئىت توغرىسىدا ، ئىت !
— نېمە توغرىسىدا بولسا بولۇۋېرىدۇ .
— قېنى ، قاراپ باقاي .
ئۇ ئالدىرىغىنىچە كېتىپ قالدى . ئۇن نەچچە كۈندىن كېيىن ، پوچتىدىن مەن ئۇنىڭ ئىت توغرىسىدا يازغانلىرىنى تاپشۇرۇۋالدىم . سودا ـ سېتىقنىڭ ھەلەكچىلىكىدە ئاپتورىمىزنىڭ زېھنى چېچىلىپ كەتكەنمۇ ، قانداق ، ئەسەر مانا مۇشۇنداق چۈشىنىكسىزلا يېزىلىپ قالغانىدى .

## 1

بۇ ھېكايىنى ئائىلىمىزنىڭ ئۇنتۇلماس ئەزاسى — «ئاق تاپان»غا بېغىشلاپ يازدىم .
«ئاق تاپان» دېگىنىمىز ئاددىيلا بىر ئىت . ئۇ يەرلىك ئىت بىلەن خور ـ خورنىڭ ئارىلاشمىسىدىن تۆرەلگەنمىكىن ، جۈغى كىچىك ، كۆرۈنۈشى شۇنچە سۆيۈملۈك ، قۇيرۇقى ئۇزۇن ، كۆزلىرى نەمخۇش نۇر چاچىدۇ . قارامتۇل تۈمشۇقلىرى قاچانلا قارىسىڭىز يېڭىلا مايلاپ قويغان شىبلىتنىڭ تۇمشۇقىدەك پارقىراپ تۇرىدۇ . قاپقارا تۈكلىرى قۇندۇزدەك يالتىراپ كۆزنى قاماشتۇرىدۇ . پەقەت ئۇنىڭ تۆت پۇتىنىڭ بېغىشىدىلا خۇددى سىزىپ قويغاندەك ئازراقتىن ئېقى بار . شۇڭا بىز ئۇنىڭغا «ئاق تاپان» دەپ ئىسىم قويغان .
«ئاق تاپان» ئاددىي بىر ئىت بولغىنى بىلەن ئۇنىڭ ھايات سەرگۈزەشتىلىرىنى ئاڭلىسىڭىز چوقۇم ھەيران بولىسىز . ئالدى

بىلەن ئۆنىڭ بىزنىڭ ئائىلىگە كېلىپ قېلىش تارىخىدىن سۆز ئاچساق، بۇمۇ بىر قىزىق گەپ. ھاراقنى كۆپ ئىچىپ قويۇپ، ئايدا بىر - ئىككى قېتىم ئۆينى تېپىپ كېلەلمەي، تالادا تەمتىرەپ قالىدىغان چاغلىرىم ئىدى. بىر كۈنى كېچىسى تازا مەست، نەق - نېسى دەسسەپ كوچىدا كېلىۋاتسام، پۇتۇمغا يۇمشاق بىرنېمە ئۇرۇلغاندەك قىلدى. ئېڭىشىپ قارىسام، كىچىككىنە بىر كۈچۈك. سوغۇقتىن تىترەپ، ئاياغلىرىمنى يالاپ يېلىنغاندەك غىڭشىپ تۇرۇپتۇ. رەھىمىم كېلىپ، كۈچۈكنى ئېلىپ قوينۇمغا ساپتىمەن، تاڭ سەھەرگە يېقىن ئۆينى ئاران تېپىپ كەپتىمەن. شۇ كۈندىن باشلاپ، بۇ كۈچۈك ھويلىمىزنى ئاۋات قىلىشقا باشلىدى. ئايالىم ئۇنىڭغا ئاشقان - تاشقان نەرسىلەرنى تۆكۈپ بېرەتتى. مەنمۇ بىكار بولساملا ئەركىلىتىپ، ئۇنىڭ بىلەن ھەپىلىشەتتىم.

«ئاق تاپان» چوڭ بولغانسېرى ئەقىللىقلىقى بىلەن بىزنى خۇشال قىلىشقا باشلىدى. ئۇ ئىشىكلەرنى ئۆزى ئېچىپ ئۆيگە كىرەلەيتتى، شوتىغا ئەپچىللىك بىلەن يامىشىپ ئۆگزىلەرگە چىقىۋالاتتى. چوڭ - كىچىك تەرىتىنى خالىي بىر يەرگە بېرىپ قىلىپ، ئارقا پۇتلىرى بىلەن توپىنى تاتلاپ ئوبدان كۆمۈپ قويۇپ قايتىپ كېلەتتى. ئاۋازىنىڭ سازلىقىنى دېمەيسىلەر تېخى. ئۇ ھويلىدا تۇرۇپ قاۋايدىغان بولسا، يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئۇششاق باللار ئىختىيارسىز قەدىمىنى توختىتىپ، دەرۋازىنىڭ يوچۇقىدىن مارىشاتتى. بىر يەرگە بارماقچى بولساق، ئۆينى «ئاق تاپان»غا ئىشەنچلىك تاشلاپ قويۇپ كېتىۋېرەتتۇق. ئۇ ئۆي ئىچىدىكى ھېچنېمىگە چېقىلمايتتى. ناھايىتىمۇ سەزگۈر بولۇپ،

كىچىككىنە غەيرىي شەپە بولسا قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ ئەتراپقا قارايتتى ، قاۋاپ ، خىرىس قىلىپ يات ئادەمنى بوسۇغىغىمۇ يولاتمايتتى .

شۇ كۈنلەردە ، يەنە بىر - ئىككى قېتىم كېچىسى سىرتتا ئىچىپ مەست بولۇپ قېلىپ ، شەپكەمنى يىتتۈرۈپ قويۇپ كەلگەنلىكىم زادى ئېسىمدىن چىقمايدۇ . مۇنداق چاغلاردا «ئاق تاپان» ئەپتىمگە قاراپ بىر نەرسە چۈشەنگەندەك بولاتتى - دە ، تالاغا قاراپ يۈگۈرەيتتى . تاڭ ئاتماستىن ئىلگىرى ھېلىقى شەپكىمنى نەلەدىندۇر تېپىپ كېلەتتى . ئۇ ئۆزىغۇ بازارغا ئاپارسا پۇلغىمۇ ئالمايدىغان كونا شەپكە ئىدى . لېكىن ، ئۇنىڭ ئەستىرىدە خوتۇندىن يوشۇرۇپ ، ھاراق ئېلىپ ئىچىش ئۈچۈن تىقىپ قويغان بەش — ئون تەڭگە كەم بولمايتتى…

كېيىن ، بىز تۇغقان كۆرۈش ئۈچۈن چەت ئەلگە چىقىشقا تەرەددۇت قىلدۇق . ھېلىقى بىر يىللىرى ، چەت ئەلدە ئۇرۇق - تۇغقىنىڭ بار ئىكەن ، دەپ كۆرمىگەننى كۆرسىتىشكەچكە يۈرەكئالدى بولۇپ كەتكەنىكەنمەن ، زادىلا بارغۇم يوق ئىدى ، لېكىن يېقىندىن بېرى تۇغقانلار ئارقا - ئارقىدىن چاقىرىق قەغىزى ئەۋەتىپ ، ھېچ ئارامىمنى قويمىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، بىزنىڭ تۇغقانلار بار يەرگە بېرىپ كەلگەنلەر ، ئۇ يەردىكى تۇغقانلىرىڭلار ئۇنداق بايكەن ، مۇنداق بايكەن ، دەپ قىزىقتۇرغىلى تۇرۇۋىدى ، بىزنىڭ خوتۇن ئولتۇرالماي قالدى . ئۇ يەردە بىر زامانلاردا بىز تەرەپتىن چىقىپ كەتكەن ئەل - ئاغىنە ، ساۋاقداشلىرىممۇ بار ئىدى . بوپتۇ ، بارسام باراي ، دېگەن يەرگە كەلدىم . رەسمىيەتلەرنى ئۆتەپ ، ئۆينى يېقىن بىر بۇرادەرگە قاراپ قويۇشقا تاپشۇردۇق . «ئاق تاپان»نىڭمۇ ۋاقتى-

ۋاقتىدا قورسىقىغا بىر نەرسە بېرىپ، ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرۇشنى جېكىلىدۇق. ماڭىدىغان كۈنى، «ئاق تاپان»نى كەينىمىزدىن ئەگىشىپ كېتىپ قالمىسۇن، دەپ مەھكەم باغلاپ قويدۇق.

مانا، ماشىنىغا ئولتۇرۇپ چېگراغا قاراپ كېتىۋاتىمىز، چەت ئەل دېگەن قانداق بولىدىغاندۇ؟... ئۇ يەرنىڭ ئادەملىرى كىچىككىدىنلا زاكىسىغا سىيمەي ـ چىچماي، مەدەنىيەتلىك چوڭ بولسا كېرەك... دېگەن خىياللارغا غەرق بولۇپ ئولتۇراتتىم. بىر چاغدا ئايالىم:

— ھوي قاراڭ، ئاۋۇ بىزنىڭ «ئاق تاپان» ئەمەسمۇ؟! — دەپ قالدى.

ئاپتوبۇس دېرىزىسىدىن بېشىمنى چىقىرىپ قارىسام، «ئاق تاپان» ماشىنىنىڭ كەينىدىن ئۆلەر ـ تىرىلىشىگە قارىماي، يۈگۈرۈپ كېلىۋېتىپتۇ. ئۇ بەزىدە يول چېتىگە ئۆتۈپ، دەرەخلەر ئارىسىدا بىر كۆرۈنۈپ، بىر كۆرۈنمەي قالسا، بىردەمدىلا يەنە چوڭ يول ئۈستىدە پەيدا بولاتتى. بىچارە ئىتقا ئىچىمىز ئاغرىپ قالدى. ماشىنىدىكىلەر بىزنىڭ بويۇنلىرىمىزنى سوزۇشۇپ نېمىگە قاراۋاتقانلىقىمىزنى بىلىپ، غۇلغۇلا قىلىشىپ كەتتى:

— سىلەرنىڭ ئىتىمىدى؟ — دەپ سورىدى بىر ئايال.

— بىزنىڭ ئىتتى، ئۆيگە باغلاپ قويۇپ كەلسەك، قانداق بوشىنىۋالغاندۇ، ئەگىشىپ كېلىۋاتقىنىنى قاراڭ! چېگرىغا بارغاندا، ئارقىمىزغا كىرىۋالسا قانداقمۇ قىلارمىز؟ — دېدى ئايالىم. ئارىدىن بىرەيلەن قوپۇپ:

— ۋاھ، چېگراغا بارغاندا كۆرىسىلەر، چېگرا دېگەندىن ئۇچار قاناتمۇ ئۆتەلمەيدۇ، چېگرادا مۇنداق ئىتلارنى كۆرۈپ

قالسغۇ گەپ ـ سۆز يوق ، پاكىڭدا قىلىپ ئاتىدۇ ! — دېدى .

— ئاتمىسىمۇ ، ئۇ يەردىكى ساقچىلارنىڭ ئىتلىرى تالاپ ئۆلتۈرۈپ قويار ! — دېدى يەنە بىرەيلەن .

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئايالىمنىڭ كۆزىدىن ياش ئەگىدى .

ئەجەب ، ئۇلارنىڭ ئىتلىرى بىز تەرەپكە ئۆتسە گەپ يوق ئىكەن ؟ — دېدى بىرى ، — ئۇياقنىڭ ئادەملىرى ئىتلارنىمۇ ئەكېلىپ سېتىۋاتامدۇ ؟

— ئۇنداق ساتىدىغان ئىتلارنى ئەگەشتۈرۈپلا ئۆتىدىغان گەپ يوق ، — دەپ چۈشەندۇردى بىلەرمەنرەك بىرەيلەن ، — بۇنىڭدا ھۈنەر بار ، ھۈنەر . ئۇنداق ئىتلارنى دورا بېرىپمۇ ، ئوكۇل ئۇرۇپ دەمدۇ ، ئەيتاۋۇر شۇنداق بىر ئۇستاتلىق بىلەن بىھوش قىلىپ ، كىيىم ـ كېچەكلەرنىڭ ئارىسىغا تىقىپ ئۆتكۈزگۈدەك...

— توۋا ، ئادەم دېگەننىڭ قىلمايدىغان قىلىقى يوق ـ ھە ؟ — دېدى بىر موماي .

چېگراغا يېتىپ بېرىپ ماشىنىدىن چۈشكەندە ، «ئاق تاپان» نىڭ قارىسىنىمۇ كۆرمىدۇق ، «ئەقىللىق جانىۋار بىزنى مۇشۇ يەرگىچە ئۇزىتىپ قويۇپ ئۆيگە قايتىپتۇ ـ دە !» دەپ يېنىك تىنىشتۇق .

تۇغقانلىرىمىز كىچىك ماشىنىلىرى بىلەن كېلىپ ، ئۇ تەرەپتە كۈتۈپ تۇرۇشقانىكەن ، چېگرادىن ساق ـ سالامەت ئۆتتۇق ، ئۇزۇن يىللاردىن بېرى كۆرۈشمىگەن تۇغقانلار بىلەن يىغلىشىپ كۆرۈشتۇق ، كىمنىڭ ئەقلى يەتسۇن دەيسىز ، ئۇلارنىڭ ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ ، بىرھازا مېڭىپ تۇرۇشىمىزغا ، «ئاق تاپان» ئاسماندىن چۈشكەندەكلا يەنە ماشىنىنىڭ يېنىدا

پەيدا بولۇپ قالدى . ئەر ـ خوتۇن تەڭلا : « ‹ئاق تاپان ! › ‹ئاق تاپان ! › » دەپ چۇرقىرىشىپ كەتكەن ئوخشايمىز ، ماشىنىنى ھەيدەۋاتقان ياش بالا نېمە ۋەقە بولغانلىقىنى ئاڭقىرالماي ماشىنىنى «غاچچىدە» تورمۇزلىۋىدى ، ئالدىمغا ئۇچۇپ كەتكىلى تاسلا قالدىم . ئايالىم ئالدىراپ ماشىنىدىن چۈشۈپ ، قارا تەرگە چۆمۈپ كەتكەن «ئاق تاپان»نى قولىغا ئېلىپ قۇچاقلاپ كەتتى . «ئاق تاپان» قۇيرۇقىنى شىپپاڭشىتىپ ، مېنى نېمىشقا تاشلاپ كەتتىڭلار ؟... شۇمۇ ئادەمگەرچىلىك بولدىمۇ ؟ دېگەندەك چۈشىنىكسىز غىڭشىيتتى .

شۇنداق قىلىپ ، پاسپورتتا ئىككى جان ، ئەمەلىيەتتە ئۈچ جان چېگرادىن ئۆتتۇق .

## 2

ئېيتقۇدەك نېمە گەپ بار دەيسىلەر ، چەت ئەلدىكىلەرمۇ بىزگە ئوخشاش كۈنىگە ئۈچ ۋاخ تاماق يەيدىكەن ، ئۇيقۇسى كەلسە ئۇخلايدىكەن . بىر غەلىتە يېرى كۆرۈشكەندە ، ئۇزاققىچە سۆيۈشۈپ ، پومداقلىشىپ كېتىدىكەن . باشتا «توۋا !» دەپ ياقامنى تۇتتۇم . كېيىن ـ كېيىن بۇنىڭغىمۇ ئۆگىنىپ تونۇش ـ بىلىشلەرنى كۆرگەندە ، يىراقتىنلا غۇلاچ كېرىپ بېرىپ ، ئەر ـ ئايال دەپ ئايرىپ ئولتۇرمايلا بەھۇزۇر قۇچاقلاۋېرىدىغان بولدۇم . ھەممە ئۇرۇق ـ تۇغقان ، تونۇش ـ بىلىشلەرنى ئۆزىدىن تارتىپ خوتۇن ـ بالىلىرىغىچە ئالا قويماي سۆيۈپ چىقتىم . قاملاشمىغان يېرى ، ئۇلارمۇ مېنىڭ خوتۇنۇمنى سۆيۈۋېرىپ مەسلىھەتنى قويمىدى . خەپ ، چەت ئەل دېگەنگە

خوتۇن خەقنىمۇ ئاچىقامدىغان، دەپ قالدىم. ئامال قانچە، ئۇلار ئۇچۇن مۇنداق تەنتەنىلىك كۆرۈشۈش چوڭ مەدەنىيەت ھېسابلىنىدىكەن. نېمە بولسا بولسۇن، سېغىنغان ئادەملىرىمىز بىلەن كۆرۈشتۇق، يامان ئەمەس مېھمان بولدۇق.

«ئاق تاپان» چەت ئەلدىمۇ قىلچە يۈزىمىزنى تۆكمىدى. ئۇ نەگە بارساق، شۇ يەرگە ئەگىشىپ باراتتى. بىز ساھىبخانىلار بىلەن ھېلىقىدەك تەنتەنىلىك ئامانلىشىۋاتقاندا، ئەدەپ بىلەن بىر چەتكە ئۆتۈپ قاراپ تۇراتتى، مىجەزىمۇ ناھايىتى مۇلايىملىشىپ كەتتى. ئۇ يەرنىڭ ئىتلىرىنى كۆرسىمۇ ئۆز ئۆيىدىكىدەك يوغانچىلىق قىلماي، ئاستا بىزنىڭ يېنىمىزغا كېلىپ تۇرۇۋالاتتى ياكى ھېلىقى ناتونۇش ئىتقا قاراپ قۇيرۇقىنى شىپپاڭشىتىپ، ئۇ قېشىغا كەلگۈدەك بولسا، پۇتلىرىنى ئاسمانغا قارىتىپ ئوڭدىسىغا يېتىپ سەمىمىي دوستلۇقىنى بىلدۈرەتتى. ئۇنىڭ يېتىپ - قوپۇش ئىشلىرىمۇ ھەشەمەتلىك ئىدى. بىز چۈشكەن ئۆينىڭ بىر ئاپشاركىسى بار ئىكەن، ئۇ باغنىڭ بىر تەرىپىدىكى تاختايدىن ياسىلىپ، ئالا - بۇلىماچ سىرلانغان بىر كاتەكتە يېتىپ - قوپىدىكەن. بۇ كاتەكنىڭ ئىچىنى كىچىكرەك بىر ساراي دېسىڭىزمۇ بولىدۇ. «ئاق تاپان» ئاشۇ تۇغقىنى بىلەن بىللە تۇردى. ئۆي خوجايىنى ئۇلارغا ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى ئىككى چاقماقتىن قەنت بىلەن ئازراق سۈت، چۈشلۈكى يېڭى گۆش، ئۆپكە - قېرىن، كەچتە سېرىقماي سۈركەلگەن بولكا بېرەتتى. ئۆي خىزمەتچىسى ئۇلارنىڭ تاماق يەيدىغان ياللاقلىرىنى كۈنىگە ئۈچ ۋاخ يۇيۇپ تۇراتتى.

«ئاق تاپان» چەت ئەلنىڭ سېمىز - ئورۇق، ئېگىز - پاكار، يۇڭى ئۇزۇن - قىسقا دېگەندەك ھەممە ئىتلىرى بىلەن

چىقىشىپ كەتتى . ئۆنىڭ چەت ئەل كوچىلىرىدىكى سۆلەتلىك قەدەم ئېلىپ مېڭىشلىرى ئۆ يەرنىڭ ئالىي نەسىللىك ئىتلىرىدىن زادىلا قېلىشمايتتى . كىشىنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان ئىش . مەيلى ئۆيدە ، مەيلى سىرتتا بولسۇن ، چوڭ ـ كىچىك تەرەت قىلماقچى بولسا ، ئۆدۆل ھاجەتخانىغا قاراپ ماڭاتتى . خۆددى چەت ئەل يېزىقلىرىنى تونۆيدىغاندەك ، ھەرگىزمۆ ئاياللار ھاجەتخانىسىغا كىرىپ كېتىپ قالمايتتى . مېھماندارچىلىققا بارغان يېرىمىزدىمۆ ئۆ ئۆزىنى ناھايىتى ئازادە تۆتاتتى . ئۆنىڭ قىلىقلىرى كۆرگەن ئادەمنىڭ ئامراقلىقىنى كەلتۆرمەي قالمايتتى . ئەگەر بىرەر ئاق كۆڭۆل خانىم ئۆنى يېنىغا چاقىرىدىغان بولسا ، ئەيمەنمەي چىقىپ ، ئۆنىڭ ئاپئاق يوتىلىرىنىڭ ئۆستىدە بەھۆزۆر ئولتۆرۆۋالاتتى .

بىر قېتىم ، بىز چۆشكەن ئۆينىڭ خوجايىنلىرى بىزنىڭ شەرىپىمىزگە مېھمان چاقىرغىنى زادى ئېسىمدىن چىقمايدۆ . ئۆ كۆنى ، «ئاق تاپان» ھەربىر مېھمان كەلگەندە ، دەرۋازىنى ئۆزى ئېچىپ ، مېھمانلار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۆشۆپ ، ھەممىدە چوڭقۆر تەسىرات قالدۆردى . بۆنىڭدىن خۆشال بولغان ساھىبخانىلار «ئاق تاپان»نىمۆ ئۆيگە ئەكىرىپ ، سورۆننىڭ بىر چېتىگە ئايرىم داستىخان راسلاپ بەردى . «ئاق تاپان» مېھمانلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۆچۆن قۆيرۆقىنى شىپپاڭشىتىپ ، ھەممىگە تەكشى قاراپ كۆلۆمسىرەپ ، ئالدىغا قويۆپ بەرگەن تائاملارغا ئانچە ـ مۆنچە ئېغىز تېگىپ ، سەرەڭگە ياغىچىدا چىشىنى كوچىلاپ ، ئەدەپ بىلەن ئولتۆردى . ئىچىشۋازلىق تازا قىزىغاندا ، قايسىبىر مەستنىڭ كاللىسىغا ، مۆنۆ ئىتقىمۆ بىر ـ ئىككى رومكا ئىچۆرۆپ باقمامدۆق ؟ دېگەن خىيال كىرىپ قالسا بولىدۆ .

— بولىدۇ ، ئۇمۇ بىزنىڭ مېھمىنىمىز ـ دە ! — دەپ چۇرقىراشتى باشقىلار .

ھۆرمەت يۈزىسىدىن مەنمۇ ياق دېيەلمىدىم . كۈلكە ـ چاقچاق ، ھە ـ ھۇ بىلەن ئۇلار «ئاق تاپان»غىمۇ ئىككى ـ ئۈچ رومكا ئىچۈرۈۋېتىشتى . ئازراق قىقىشۇپلىپ ، قىزىپ قالغان «ئاق تاپان» ئايناقلاپ ئوتتۇرىغا چۈشۈۋېلىپ ، خانىملارنىڭ ئارىسىدىكى ياش بىر خېنىمغا ھەدەپ تىزلىرىنى ئېگىپ تەزىم قىلىپ ، ئۇنىڭ بىلەن تانسىغا چۈشمەكچى بولدى . «ئاق تاپان»نىڭ بۇ قىلىقلىرىغا ھەممەيلەن ئۇچەيلىرىمىز ئۈزۈلگىچە كۈلۈشتۇق . ھېلىقى ياش خېنىمنىڭ ئېرى بىر تاتىرىپ ، بىر قىزىرىپ ، ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ : «ماۋۇ نەدىن كېلىپ قالغان لالما ئىت ؟ مېنىڭ ئايالىمنى ئۇ نېمە كۆرۈۋاتىدۇ ؟ » دەپ ۋارقىراپ ، ئۈستەلنى بىر مۇشتلىۋىدى ، چىنە ـ قاچىلار جىغىلداپ كەتتى . ئاپلا ، «ئاق تاپان» بىر كۆڭۈلسىزلىك تېپىپ بېرىدىغان بولدى ـ دە ، دەپ ئورنۇمدىن ئاستا تۇردۇم ـ دە ، «ئاق تاپان»نى شەرەتلەپ تالاغا ئاچىقىپ ، ئاچچىقىمدا كۆتىگە بىرنى تېپىۋەتتىم . ئۇ غىڭشىغىنىچە نېرىغا بېرىپ ، قۇيرۇقىنى گېلىگە تىقىپ ئازراق قەي قىلىپ ، شۇ يەردىلا بېشىنى ئىككى پۇتىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ ، يېتىپ قالدى .

شۇنداق بولسىمۇ ، «ئاق تاپان»نىڭ ھېلىقى ئولتۇرۇشتىكى ئوشۇقچە قىلىقلىرى ئۇنىڭ ئوبرازىغا دەخلى يەتكۈزەلمىدى (ھايۋان تۇرماق ئادەملەرمۇ ئوشۇقراق ئىچىۋالغاندا نېمە ئىشلارنى قىلمايدۇ ، دەيسىز ؟ ) . ئەتىسى ئېخى ھېلىقى ئولتۇرۇشتا بىللە بولغان يەنە بىر خانىم ئۆزىنىڭ يۈگلىرى سالپىيىپ تۇرىدىغان بىر ئالىي نەسىللىك قانجۇقىنى ئەگەشتۇرۇپ كەپتۇ . نېمە گەپ

دەپ ئۇقسام ، ئۇ خانىم بىزنىڭ «ئاق تاپان»غا قىزىقىپ قاپتۇدەك ، ئۆزىنىڭ قانجۇقىغا چېتىشتۇرۇپ ، «ئاق تاپان»نىڭ نەسلىنى ئېلىپ قالماقچى بوپتۇدەك . بىز ئەدەپ بىلەن رەت قىلدۇق . «ئاق تاپان»مۇ ھېلىقى خانىمنىڭ ئۇزۇن يۇڭلۇق قانجۇقىغا نەزەر كۆزىنى سېلىپ قويمىدى . بىزنىڭ «ئاق تاپان» ئۇنداق كەلسە - كەلمەس قانجۇقلار بىلەن باردى - كەلدى قىلىدىغان ئىستىلى ناچار ئىتلاردىن ئەمەس - دە !

«ئاق تاپان»نىڭلا گېپىنى قىلماي ، ئۆزىمىزنىڭمۇ گېپىگە كەلسەك ، ئاچقىقان ماللىرىمىزنىڭ سوۋغا - سالامدىن ئاشقانلىرىنى سېتىۋىدۇق ، يەنە بىرمۇنچە پۇل بولدى . توۋا دەيمەن ، بىزنىڭ بۇ يەردىكى بىكارغا بەرسىمۇ كىيمەيدىغان غەلىتە بىرنېمىلەرنى چەتكە ئاچىقسىڭىز ، پاسوننى مودا ھېسابلىشىپ ، چۈشكەن يېرىڭىزنى ئىزدەپ - سوراپ تېپىپ كېلىپ ئەكېتىشىدىكەن . قانچە غەلىتە بولسا شۇنچە ياخشى ، دەيدىكەن . نېمە قىلىشساڭ قىلىشماسەن ، دەپ پۇلىنى ئېلىپ يانچۇققا سالدۇق . قايتىدىغان كۈنلىرىمىز يېقىنلىشىپ قالغاندا بىرنەچچە تېڭىق مال ئالدۇق . ھەممە پۇلغا مال ئالايلى دېسەك ، چېگرادا تەكشۈرۈش ناھايىتى قاتتىق ئىكەن . پالانچى مۇنچىلىك مېلىنى ئۆتكۈزەلمەپتۇ ، پوكۇنچىنى خالىي ئۆيگە ئەكىرىپ يالىڭاچلاپ ، مەخپىي يەرلىرىگە تىقىۋالغان نەرسىلىرىنىمۇ تارتىۋالغانىكەن ، شۇ يەردىلا ھوشىدىن كېتىپتۇدەك… دېگەندەك خەۋەرلەرنى ئاڭلاپ ئەندىشىگە چۈشۈپ قالدۇق . ئەر - خوتۇن ئىككىمىز مەسلىھەتلىشىپ ، ئازراقتىن ئالتۇن سېتىۋېلىپ ، چىشىمىزغا قاپلىتىۋالماقچى بولدۇق . ئۇنى دېمىسىمۇ ، بۇ يەرگە كېلىپ ئۇچراشقانلىكى ئادەم بىلەن سۆيۈشۈۋېرىپ ، ئالدى چىشلىرىمىز

لىڭشىپ قالغانىدى .

ئەر - خوتۇن ئىككىمىز چىشلىرىمىزغا ئىلىپ - سىپلىنىدىغان قىلىپ ئالتۇن قاپلىتىۋالدۇق . شۇنىڭدىمۇ ، يەنە بىرئاز پۇلىمىز ئىشىپ قالدى . تەييار دۇنيانى تاشلاپ كىتىشكە كىمنىڭ كۆڭلى ئۇنايدۇ ، دەيسىلەر ؟ بىر كۈنى ئايالىم :

— هوي ، ماڭا قاراڭ ، يەنە ئازراق پۇل خەجلەپ ، «ئاق تاپان »غىمۇ ئالتۇن چىش سالدۇرۇۋەتمەيمىزمۇ ؟ — دەپ قالدى .

— نىمە دەيدىغانسەن . ئىتقىمۇ چىش سالدۇرغان بارمۇ ؟ بۇنى ئاڭلىسا هەممە ئادەم كۈلۈپ يىقىلىپ قالار ! — دىدىم .

— كۈلسە كۈلمەمدۇ ، — دىدى ئايالىم ، — چىگرادىن سالامەتلا ئۆتۈۋالساق ئۆيگە بارغاندا سۇغۇرۇپ ئىلىۋالىمىز . ئۇنىڭ ئۇستىگە قاراڭ ، بىزنىڭ «ئاق تاپان »نىڭ چىگرىدىن ساقچىلارنىڭ كۆزىنى غەلەت قىلىپلا ئۆتۈپ كىتىۋىرىدىغان هۇنىرى بار ئىكەن .

بۇ مەسلىهەتنى مەنمۇ توغرا تاپتىم . خەق نىمە دىسە دىمەمدۇ ، پۇلۇڭ بولسا سەنمۇ ئىت - مۇشۇكلىرىڭنىڭ قۇلىقىغا ئالتۇن هالقا ئاس !

ئۆزىمىزگە چىش قويدۇرۇپ تونۇش بولۇپ قالغان بىر چىشچى بار ئىدى . ئەتىسى ئۇرۇق - تۇغقانلارغىمۇ تىنماي ، «ئاق تاپان »نى ئەگەشتۇرۇپ ، ئۇنىڭ قىشىغا باردۇق . بۇ قىرى چىشچىنىڭ بازارنىڭ ئىتتىكلىكىدە ئۆزىنىڭ چىشىنىمۇ ئىلىپ خەققە قويۇۋەتكەندەك ، بىرنەچچە چىشى كاماك ئىدى . ئۇ ئۆمرىدە ئالتۇن - كۈمۈش بىلەن هەپىلىشىدىغان غوجاملارنىڭ هەرخىل بۇيرۇتمىلىرىنى بىجىرىپ پىشىپ كەتكەن ئادەم بولسا كىرەك ، «ئاق تاپان »غا چىش سالدۇرىدىغىنىمىزنى ئاڭلاپ هەيرانمۇ

قالمىدى . ئۆز ۋاقتىدا بايلار ياخشى كۆرىدىغان ئاتلىرىنىڭ زەخىم يېگەن چىشلىرىنى سالدۇراتتىكەن ، بۇنى سۆلەت ئۈچۈن ئەمەس ، يەم - خەشەكنى ئوبدان چايناپ يېسۇن ، دەپ شۇنداق قىلاتتىكەن . چىشچى :

— ئىتنىڭ چىشىنى ئېلىپ - سالىدىغان قىلىپ قاپلىغىلى بولمايدۇ ، — دەپ تۇرۇۋالدى .

ئۇنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە ، ئىت دېگەن قاتتىق - قۇرۇق نېمىلەرنى غاجىلايدىغان بولغاچقا ، ئالتۇننى ئېلىپ سالىدىغان قىلىپ ئورنىتىپ قويسا ئوڭايلا چۈشۈپ قالىدىكەن ، مەھكەمرەك قىلىپ ئورنىتىۋەتمەكتىن باشقا ئامال يوق ئىكەن . بوپتۇ ، دەپ باھاسىنى كېلىشتۇق…

## 3

قايتىپ كېلىشىمىز بىلەنلا چەت ئەلگە چىققىنىمىز ھەممىگە پۇر كەتتى . شۇ كۈنلەردە چەت ئەلگە چىقىپ ئالتۇن چىش قويۇپ كەلگەنلەر يالغۇز بىزمىدۇق ، دەيسىلەر؟ بىراق ، پالانچى چەت ئەلگە چىقىپ ئىتىنىڭ چىشلىرىغىمۇ ئالتۇن قاپلىتىپ كەپتۇدەك ، دېسە ، ھەرقانداق ئادەم ھەيران بولىدىغان گەپكەن . بىزنىڭ ھال - كۈنىمىزدىن خەۋىرى يوق كىشىلەر : تازىمۇ بېيىپ كەتكەن نەرسىلەر ئوخشايدۇ ، دەپ ئويلىسا ، ئەھۋالىمىزنى ئوبدان بىلىدىغانلار ، ماۋۇ زاڭلارنىڭ قىلىپ يۈرگەن قىلىقىنى قارىمامدىغان ، ئەزەلدىنمىغۇ بىر گىلەم تاپسا ، ئۆيىگە سالماي ، تالاغا يېيىپ قويىدىغان نېمىلەر ئىدى ، دەپ تەنە قىلىدىغان بولدى . زەھەردەك ئاچچىق گەپ قىلىدىغان بىر قوشنىمىز بار

ئىدى ، بىر كۈنى ئۇ مېنى چاقىرىۋېلىپ :

— ئوسمانجان ، چەت ئەلگە چىقىپ ، ئەر - خوتۇن ئىتىڭلار بىلەن قېلىپتا قۇيغاندەكلا ئوخشاش بولۇپ كەپسىلەر - دە ! — دېۋىدى ، بۇ گەپ جان - جېنىمدىن ئۆتۈپ كەتتى .

شۇ كۈندىن باشلاپ ئەر - خوتۇن قايلىما چىشلىرىمىزنى ئېلىپ تاشلىدۇق . «ئاق تاپان»نىڭ ئاغزىدىكى ئالتۇنلارنى قومۇرۇۋالماقچى بولۇپ ئىككى - ئۈچ قېتىم ھەپىلىشىپ ، تەرگە چۆمۈپ كەتتۇق ، زادىلا ئالالمىدۇق . «ئاق تاپان» كاڭشىپ ، زارلىنىپ ، شۇنىڭدىن كېيىن بىزگىمۇ تۇتۇق بەرمەيدىغان بولۇۋالدى . ئۇنىڭ چىشىدىكى سېرىق نىجىس بىرەر قاتتىق ئۇستىخاننى غاجىلاۋاتقاندا ئۇۋۇلىپ چۈشۈپ كەتسىمۇ كاشكى . ھېلىقى كۆزلىرى كۆپكۆك قېرى چىشچىنىڭ مۇغەمبەرلىك چىقىپ تۇرغان چىرايىغا قاراپلا ياخشى ئادەم ئەمەسلىكىنى پەملىگەنىدىم . ئۇ بىزنى ئەتەي مەسخىرە قىلىپ ، قېنى ، بۇ ئالتۇنلارنى ئەمدى قومۇرۇۋالغىنىڭنى بىر كۆرۈپ باقاي ، دېگەندەك قىلىپ ، شۇنچە مەھكەم ئورنىتىۋەتكەنىدى . پالانى يەردە پوكۇنچى باينى ئۆلتۈرۈپ ، ئالتۇن - كۈمۈشلىرىنى سۈپۈرۈپ كېتىپتۇدەك ، دېگەندەك گەپلەرنى ئاڭلىساقلا ، «ئاق تاپان»نىمۇ بىرەرى ئۆلتۈرۈپ ، ئاغزىدىكى دۇنيالىرىمىزنى بۇلاپ كېتەرمۇ ، دەپ ئەندىشىدە ئۇخلىيالمايدىغان بولۇپ قالدۇق .

ئۇنىڭ ئۈستىگە ، «ئاق تاپان»نىڭ مىجەزىمۇ غەلىتە بولۇپ قالغانىدى ، بىزنىڭ بۇ يەرلەردە ئىت دېگەننى كېچىلىرى قاۋاپ ، ئۆينى كۆزەت قىلىدۇ ، دەپ باقمىسا نېمىگە باقىدۇ ، دەيسىلەر ؟ چەت ئەلدىن قايتىپ كەلگەندىن بېرى ئۇنىڭ تۇزۇكرەك قاۋاپ باققىنىنىمۇ ئاڭلىمىدۇق . كىرگەن - چىققانلارغا خۇددى

ئاغزىمدىكى ماۋۇ ۋالىلداپ تۇرغاننى كۆردۈڭلارمۇ؟ ھەممىڭلار جىنىڭلارنى سىلىپ بىرىدىغان ئالتۇن دېگەن سېرىق نەرسە شۇ! دېگەندەك قىلىپ، ھەجىيىپ قاراپلا تۇراتتى. تېخى كىشىنىڭ غىدىقىنى كەلتۇرۇپ، ياخشىراق كىيىنگەن مېھمانلارنى كۆرسە قۇيرۇقىنى شىپپاڭشىتىپ ئايناقلاپ كېتەتتى. كىيىملىرى ناچارراق مۇساپىرلار كەلسە كۆزگىمۇ ئىلمىغاندەك قىلىپ، چىرايىنى پۈرۈشتۇرەتتى. بىر ئۇنى يامان كۆزدىن يوشۇرۇپ، تالاغا چىقىپ كەتمىسۇن، دەپ دەرۋازىنى مەھكەم ئېتىپ قويساق، ئۇ ئۆگزىگە چىقىۋېلىپ، ئولتۇرىدىغان يېرىنى قۇيرۇقىدا پاكىز سۈپۈرۈۋېتىپ، چىشلىرىنىڭ ئارىسىدىن چىرتىلدىتىپ تۈكۈرگىنىچە چوڭ كوچىدىن ئۆتكەن - كەچكەنلەرگە ھەجىيىپ قاراپ ئولتۇراتتى. تېخى بەزى كۈنلىرى چەت ئەلدىكى سېرىقماي سۈركەلگەن بولكىلارنى يەپ، بىر - ئىككى رومكىدىن ئىچىپ يۈرگەن كۈنلىرىنى ئەسلەۋاتقاندەك ئېڭىكىنى تۈتقىنىچە خىيالغىمۇ كېتىپ قالاتتى. توۋا، ماۋۇ ئىتنىڭ قىلىقلىرىنى، دەپ بىزار بولىدىغان بولدۇم.

بىر كۈنى، «ئاق تاپان»نىڭ ئاغزىدىكى ئالتۇنىنى ئالالمىغانىنىڭ جىلىچىلىكىدە تازا ئىچىپ، يەنە شەپكەمنى ئۇنتۇپ قىلىپ قايتىپ كەپتىمەن. «ئاق تاپان» شەپكىنى نەدىندۇر تېپىپ، چىشلىگىنىچە ئۇدۇل ساقچىخانىغا ئاپىرىپ بېرىپتۇ. ئەتىسى ئۆزۈممۇ تونۇمايدىغان بىر ساقچى:

— ئوسمانجان، ماۋۇ شەپكە سىلەنىڭغۇ دەيمەن؟ — دېۋىدى، قاراپلا قالدىم، — ئەمدى چوڭ بولدۇڭلا، ھەرقانچە ئىچسەڭلارمۇ شەپكىگە ئىگە بولغۇدەك ئەھۋالدا بولدى قىلىڭلا، بۇنىڭ ئەستىرىدە تېخى پۇلمۇ باركەن - ھە!؟ — دەپ شەپكەمنى

قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويدى. خىجىللىقتا يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولدۇم.

## 4

ئايالىمنىڭ ئارىلاپ قورسىقى مۇجۇيدىغان بىر كېسىلى بولىدىغان، بىر كۈنى كېچىسى كېسىلى يەنە قوزغىلىپ ئازابتىن تۈگۈلىنىپلا قالدى. مىڭ مۇشەققەتتە بىر هارۋىنى تېپىپ دوختۇرخانىغا يەتكۈزدۈم، جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمى دوختۇرلىرى تەكشۈرۈپ بالنىتسىغا يوللىدى. بوش كارىۋات يوق، ئايالىمنى زالدىلا ياتقۇزدۇم. شۇ ياتقانچە داق يەردە بىر هەپتە يېتىپ قالدۇق. زالدا ئۇياق - بۇياققا ئۆتۈشۈپ تۇرغان ئادەملەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. تەرەت قاچىلىرى، هەر خىل دورا پۇرىقى، ئىسسىقتا كىشىلەردىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان تەرنىڭ دەستىدىن تىنغىلى بولمايتتى. ئايالىمنىڭمۇ ئاغرىق ئازابىدا ئۆزىنىڭ نەدە ياتقانلىقىنى بىلگۈچىلىكى يوق ئىدى. لېكىن، ماڭا بۇ ناهايىتى خورلۇق بىلىندى. بوش كارىۋات يوقمىكىن دېسەم، ئەتراپىمدىكى ئاغرىقلارنىڭ بەزىلىرى بوشىغان كارىۋاتلارغا يۆتكىلىپ تۇراتتى، ئۇلارنىڭ ئورنىدا يەنە يېڭى ئاغرىقلار پەيدا بولۇپ قالاتتى. بەزى بىمارلار زالدا ئۆچرەتمۇ كۈتمەي، ئۇدۇل بوش كارىۋاتلارنى تېپىپ كىرىپ كېتەتتى. نېمە ئىش بولۇپ كېتىۋاتقىنىنى زادىلا چۈشىنەلمىدىم. بىر كۈنى، دورا بېرىپ، ئوكۇل ئۇرۇپ يۈرگەن چىرايلىق بىر خانىمنى چاقىرىپ هالىمنى ئېيتتىم:

— ئۇكام، ماڭا قاراڭ، ئايالىمنىڭ ئەهۋالىنى ئۆزىڭىز

كۆرۈۋاتىسىز . ماۋۇ سىپسقچىلىقتا ياتقىنىمىزغا ھەپتىدىن ئاشتى...

— ئاكا ، ھازىر قانداق زامان ، بىلمەمسىز ؟ — دېدى خانىم مۇلايىم كۈلۈپ ، — مۇنداق پىخسىقلىق قىلسىڭىز ئايالىڭىزنىڭ جېنىغىمۇ زامىن بولىسىز !

بۇ گەپنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتىم .

— ئۇكام ، مەن نىمە پىخسىقلىق قىپتىمەن ؟ دوختۇرخانا ھەققى ، دورا ھەققى دېگەندەك ھەممە تاراق - تۇراقلارنىڭ پۇلىنى تولۇق تۆلىدىم ، مانا قەغىزى . يەنە كەم قالغان يېرى بولسا تۆلەي ، — دېدىم .

— ئاڭلىسام چەت ئەلگە چىقىپ ، ئىتىڭىزنىڭ چىشلىرىغىمۇ ئالتۇن سالدۇرۇپ كەپسىزكەن (يائاللا ! بۇ ئىشنى ئاڭلىمىغان ئادەم قالماپتۇ - دە !) ، چەتنىڭ ئوبدانراق كىيىملىكلىرىدىن باردۇ ؟ — دېدى خانىم ھېلىقى مۇلايىم كۈلكىسىنى ئۆزگەرتمەي .

— چىقىپ قالار... بولدى ، مەن سىزگە بۇگۈنلا ئوبدانراق بىر كىيىملىك رەخت يەتكۈزۈپ بېرەي .

— ماڭىلا بەرگىنىڭىز بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ . كارىۋاتنى بەلگىلەيدىغان ئادىمىمىز باشقا ، ئۇنىڭغا بىر كىيىملىك . يەنە بىزنىڭ سېسترالار باشلىقىمۇ بار...

شۇنداق قىلىپ ، بۇ سودىنىڭ نەرخى ئۈچ كىيىملىك رەختكە توختىدى . ئۆيگە ئۈچقاندەك يېتىپ بېرىپ ، ئايالىمنىڭ ساندۇقىنى ئۆرۈپ - چۆرۈپ ، رەختلەرنى يەتكۈزۈپ كەلدىم . دېگەندەك ، چۈشتىن كېيىن بىر ئۆيگە ئورۇنلاشتۇق .

مەنغۇ دوختۇرخانىنىڭ ئىچىدىكى ھېساب - كىتاب قىلىدىغانلاردىن تارتىپ ئاق خالات كىيگەنلەرنىڭ ھەممىسىنىلا

دوختۇر ، دەيدىكەنمەن . لېكىن ، دوختۇرخانىدا ئۇزاق ياتقان بىمارلار ئۇلارنى چوڭ دوختۇر ، كىچىك دوختۇر ، پىراكتىكانت دوختۇر ، سېسترا ۋەھاكازا دەپ ناھايىتىمۇ ئىنچىكە پەرقلەندۈرىدىكەن . كارىۋاتلىق بۆلۈمگە يۆتكەلگەندىن كېيىن باشقىغا پەمىم يەتمىسىمۇ ، بىز ياتقان ئۆيگە مەسئۇل چوڭ دوختۇرنى ئوبدان تونۇۋالدىم . ئۇ ئېگىز بويلۇق ، كېلىشكەن ئادەم ئىكەن ، ھەر كۈنى قوي سويۇپ ، شورپا ئىچىپ تۇرىدىغان قاسساپلاردەك ئىككى مەڭزى پارقىراپ تۇرىدىكەن . ئۇنىڭ ئاغزىدىن «ئايالىڭىزنى ئوپېراتسىيە قىلمىساق بولمايدۇ» دېگەن گەپنى ئاڭلىدىم . زادى قاچان ئوپېراتسىيە قىلىدىغانلىقىنى بىلەلمىدىم . ئايالىمنى قان تەكشۈرۈش ، يۈرەك تەكشۈرۈش ، مېڭە تەكشۈرۈش دېگەندەك ئاجايىپ - غارايىپ تەكشۈرۈشلەردىن ئۆتكۈزۈپ ، پۇل تۆلەپ ، قانداقتۇر قەغەزلەرگە تامغا باستۇرۇش ئۈچۈن ئۇ تۆشۈكتىن بۇ تۆشۈككە يۈگۈرۈپ ھالىمدىن كېتەي دېدىم .

ھەش - پەش دېگۈچە يانچۇقىمۇ قۇرۇقدىلىنىپ قالدى . بىر كۈنى ، ئازراق پۇلنىڭ غېمىنى قىلىپ كېلەي ، دەپ ئۆيگە بارسام ، دەرۋازا ئوچۇق تۇرۇپتۇ . بۇ نېمە ئالامەتتۇ ؟ دەپ ھويلىغا كىرسەم ، ئۆينىڭ ئىشىكىمۇ ئوچۇق . «ئوغرى» دېدىم- دە ، ئۆيگە ئېتىلىپ كىردىم . قارىسام ، ھەممە نەرسە جاي - جايىدا تۇرۇپتۇ . ئۆيگە بىرى كىرگەندىمۇ ياكى ھېلىقى كۈنى كىيىملىك رەختكە كەلگەندە ئۆزۈم ئۆيلەرنى قۇلۇپلىماي كېتىپ قالغاندىمەنمۇ ، دەپ تېڭىرقاپ قالدىم . شۇ چاغدا كۆزۈم ئايالىمنىڭ نەرسە - كېرەكلىرىنى سېلىپ قويىدىغان كىچىك ساندۇققا چۈشتى . ساندۇقنىڭ ئاغزى قىيا ئوچۇق تۇراتتى .

ئىچىگە قارىسام، ئەر - خوتۇن ئىككىمىزنىڭ ھېلىقى قاپلىما چىشلىرى غايىب بوپتۇ.

ئەلەمدە تالاغا چىقىپ «ئاق تاپان»غا قارىدىم. «ئاق تاپان» غېمىدە يوق، ئۆگزىدە قۇيرۇقىنى دۈپدۈگىلەك قىلىۋېلىپ، كوچىدا ئۆتكەن خېنىملارغا چىشىنىڭ پارقىرىقىنى كۆرسىتىپ، قۇيرۇقىنىڭ ئۈستىدە ھجىيىپ ئولتۇرۇپتۇ. دەردىمنى ئىچىمگە يۇتتۇم. ئىشەنچلىك كىرىپ، تويتوغرا ساندۇقىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، ئالتۇن چىشلارنى كۆتۈرۈپ ماڭغىنىمغا قارىغاندا، ھەرقاچان بىلىدىغان بىرىنىڭ قىلغان ئىشى، دېگەن گۇمان كۆڭلۇمدىن كەچتى. بۇنى ئېنىقلاپ ئولتۇرۇشقا نەدە ۋاقىت. ئۆيدىكى پۇلغا يارىغۇدەك نەرسىلەرنى يىغىشتۇرۇپ بازارغا يۈگۈردۈم، ئۇنى ئېلىشىغا سېتىپ، يەنە دوختۇرخانىغا چاپتىم.

ھەرقانچە ئالدىراش بولغاندىمۇ يەنە كىشىلەرنىڭ ئالدىراشچىلىق ئىچىدىن ئارامچىلىق تاپىدىغان چاغلىرى بولىدۇ. بالنىتسا بىناسىنىڭ ئالدىدا كىچىككىنە گۈللۈك بار ئىدى. كەچتە ئاغرىقلارغا قاراۋاتقانلار ئۇ يەرگە چىقىپ، بىر تال - يېرىم تال تاماكا چېكىشىپ پاراڭلىشىپ قالاتتۇق. بىر كۈنى، گۈللۈككە يىغىلغانلار ھېلىقى چوڭ دوختۇرنىڭ غەيۋىتىگە چۈشۈپ كەتتى. مەن بىر چەتتە تاماكا چېكىپ ئاڭلاپ ئولتۇردۇم.

— ۋاھ، بۇ دوختۇرنىڭ نەپسىنىڭ يوغىناپ كەتكىنىنى دېمەمسىلەر، — دەپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى بىرەيلەن، — يانچۇقىغا پۇل چۈشمىگۈچە ئوپېراتسىيە پىچىقىنى قولىغا ئالمايدۇ. جېنىڭنىڭ چىقىۋاتقىنى بىلەن كارى يوق. پىچاقنى گېلىڭگە تىرەپ تۇرۇپ: «جېنىڭغا تۇرامسەن، مېلىڭغىمۇ»

دەيدىغان قاراقچىنىڭ نەق ئۆزى .

— راست ، شۇنداقكەن ، — دەپ تەستىقلىدى ياشراق بىرەيلەن ، — بالامنى ئەتە ئوپېراتسىيە قىلىمەن ، ئۆگۈن ئوپېراتسىيە قىلىمەن ، دەپ يۈرگىنىگىمۇ ھەپتىدىن ئاشتى . نارەسىدىگە ئىچ ئاغرىتماق تۇگۇل ، تۈزۈكرەك چىراي ئېچىپمۇ قاراپ قويمايدۇ . «ھە ، سەن ئەبلەخ بىر نەرسە تەمە قىلىۋېتىپسەن - دە !» دەپ چۈشەندىم . بىر كۈنى ، نەق تۆت يۈز تەڭگىنى خالتىنىڭ يانچۇقىغا «غاچچىدە» سېلىپ قويدۇم . ئۇ ماڭىمۇ قارىماي ، ئۇدۇل تەرەتخانىغا قاراپ ماڭدى . ھەرقاچان ، ئىشتاننى سېلىپ ئولتۇرۇپ ، پۇلنى ساناپ باقتىغۇ دەيمەن . چىقىپ شۇ كۈنىلا ئوپېراتسىيە قىلدى .

— ئۆيىگە كىرىپ باقتىڭلارمۇ ، مۇشۇ دوختۇرنىڭ ئۆيىگە؟ ... ، — دېدى بىر دېھقان ، — ئۆتكەندە مەن بىر تۇڭ ماينى كۆتۈرۈپ ، ئۆيىگە كىرگەنىدىم . شۇنداق بىر سوغۇق تەلەت خوتۇنى بار ئىكەن ، نەزىرىنىمۇ سېلىپ قويمىدى . يائاللا ، دوختۇر مۇنداق مۇزدەك خوتۇن بىلەن قانداقمۇ بىر ئورۇندا ياتار ، دەپ قالدىم .

— ئۇلار ئۇچۇن بىر تۇڭ مېيىڭ نېمىتى ! — دېدى بىرەيلەن ، — پۇلى بار غوجاملار لوق - لوق بېرىپ ئۆگىتىپ قويغان - دە !

— شۇ دوختۇرلىرىڭلار ھۆكۈمەتتىنمۇ مائاش ئالىدىغاندۇ ؟ — دەپ سورىدى ياشتا چوڭراق يەنە بىر دېھقان .

— ئالماي ، بىر تىيىنى كەم قالسا بىر ھەپتە ئىشقا چىقماي ياتىدۇ ، دەڭە .

— ئەمدى ، ھەم مائاش ئېلىپ ، ھەم خەلقنى شىلسا بۇنىڭ

سورىقى يوقمۇ ، دەيمىنا؟

— ھەي ، قەيەردىكى گەپلەرنى قىلىۋاتقانسىز ، ئاكا ، — دېدى ياش يىگىت ، — ئايرىملارنىڭ باي بولۇشىغا يول قويۇلغانلىقى دەۋاتقىنىنى ئاڭلىمىدىڭىزمۇ؟

— يائاللا ، بۇ جاھان نېمە بولۇپ كېتىۋاتقاندۇ؟! — دېدى ھېلىقى دېھقان .

— ئۇنىمۇ دەيسىلەر ، بۇنىمۇ دەيسىلەر ، ئاغىنىلەر ، — دېدى باياتىن جىم ئولتۇرغانلاردىن بىرى سۆز قىستۇرۇپ ، — ياخشىسى ، دوختۇر دېگەننىڭ چىشىغا تەگمەي ، ئوبدان رازى قىلىپ ، ئىشنى پۈتتۈرگىنىڭلار تۈزۈك . بولمىسا ، دىئاگنوز ئېنىق بولمايۋاتىدۇ ، ئۇنداق تەكشۈرۈش ، مۇنداق تەكشۈرۈش دەپ يۈگۈرتۈپ ۋەسلىڭنى قۇرۇتۇۋېتىدۇ!

بۇ گەپنى ئاڭلاپ بىر ئەقىل تاپقاندەك بولدۇم . نەچچە كۈنلەردىن بېرى مەن تۆشۈكمۇتۆشۈك قاتراپ ، بىكارغا پۇل خەجلەپ قايمۇقۇپ يۈرۈپتىمەن . ئەڭ ياخشىسى ، شۇ چوڭ دوختۇرنىڭ ئۆزىنىلا توغرىلىسام بولغۇدەك… بىراق . يانچۇقۇم قۇرۇقلىنىپ قالدى . ساندۇقتىكى قاپلىما چىشلارنى ئوغرى ئالدى . ئەمدى دوختۇرغا نېمىنى شۇڭغۇتسام بولار؟…

ئاۋۋال دوختۇرنى بىر چېكىپ باقماقچى بولۇپ ، ئەتىسى ئەتىگەندە چوڭ دوختۇر كارىۋاتلارنى بىر قۇر ئايلاپ تالاغا قاراپ ماڭغاندا ، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ زالغا چىقتىم . دوختۇر بىر نەرسە دېيىشكە تەمشىلىۋاتقىنىمنى پەملەپ قالدىمۇ ، قەدىمىنى توختىتىپ ماڭا قارىدى .

— دوختۇر ، ناھايىتى جاپا چېكىۋاتىسىز . سىزگە بىرەر نەرسە لازىم…

— ھە ، ئۇن بەشىنچى كارىۋاتما؟ — دېدى ئۇ سۆزۈمنى بۆلۈپ ، — ئاڭلىسام ، ناھايىتى ياخشى بىر ئىتىڭىز باردەكقۇ؟

بىر كىچىك ئوغلۇم بار ، ئىت دېسە ئۆلۈپ بېرىدۇ...

خۇدايىمنىڭ ئىشىمنى ئوڭشىغىنىغا شۈكۈر ، دېدىم . شۇ ئىتتىن ئۆزۈممۇ زېرىكىپ تۇراتتىم . مىڭ تەستە تۇتۇپ باغلاپ ، ئەتىسىلا دوختۇرنىڭ ئۆيىگە يەتكۈزۈپ كەلدىم . ئىشىكنى چېكىپ ، ئىتنى ئەگەشتۈرۈپ كىرىۋاتقىنىمنى كۆرگەن دوختۇرنىڭ ھېلىقى سوغۇق تەلەت خوتۇنى :

— نېمە گەپ بۇ !؟ — دەپ ۋارقىراپ كەتتى .

ئۇ راستىنلا توڭلاتقۇدا ساقلىغان گۆشتەك كۆكىرىپلا تۇرىدىغان خوتۇن ئىكەن . ئاڭغىچە ئىچكەركى ئۆينىڭ بوسۇغىسىدا ئاسما ئىشتان بىلەن دوختۇرنىڭ ئۆزى پەيدا بولدى .

— ھە ، ھېلىقى ئىت شۇمىدى؟ — دېدى ئۇ ، — كىرىڭ ، كىرىڭ !

دوختۇرنىڭ ئۆيى بىسات بىلەن تىنىپ كېتىپتۇ . نېمىلا بولمىسۇن ، «ئاق تاپان» چەت ئەلنى كۆرگەن مەدەنىيەتلىك ئىت - دە ، ئۇ تاپىسىدىكى پالاسقا پۇتلىرىنى پاكىز سۈرتۈپ ، ئالدىمغا ئۆتۈپ ، ئۆي ئىگىلىرىگە قاراپ ھىجايدى . ئۇنىڭ چىشلىرىدىكى ئالتۇننى كۆرۈپ ، دوختۇرنىڭ خوتۇنى ھەيران بولغىنىدىن ئاغزىنى ئېچىپلا قالدى . ئىتنىڭ زەنجىرىنى دوختۇرنىڭ قولىغا تۇتقۇزدۇم . نېمىشقىدۇر ، كۆڭلۈم بۇزۇلغاندەك بولدى .

— ئەمدى... دوختۇر ، ئايالىمغا بىر ئوبدانراق قاراپ قويارسىز ، — دېگەن گەپلەرنى ئارانلا دېيەلىدىم .

— بولدى ، بولدى . خاتىرجەم بولۇڭ ، — دېدى ئۇ ، — ئايالىڭىزنى بۈگۈن كەچتىلا ئوپېراتسىيەگە ئورۇنلاشتۇرىمەن .

# 5

شۇنداق قىلىپ، «ئاق تاپان» ئۆز قىممىتى بەدىلىگە ئايالىمنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قالدى. ئايالىمنى دوختۇرخانىدىن سالامەت قايتۇرۇپ چىقىۋاتقىنىمدا، «ئاق تاپان»غا بولغان بارلىق رەنجىشلىرىم يۇيۇلۇپ كەتكەندەك بولدى. لېكىن، شۇ كۈندىن باشلاپ ئۆزۈم بىر قىسما بولۇپ قالدىم. ئادەت بولۇپ قالغاچقىمۇ، ئىشىم بولمىسىمۇ، دوختۇرخانىنىڭ ئەتراپىغا كېلىپ ئايلىنىپ قالىمەن. بەزىدە ئېسىمدە يوق قان ئالدىغان، پۇل ئالىدىغان، يەنە قانداقتۇر بىرنېمىلەرنى ئالىدىغان بۆلۈملەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا پالاقلاپ مېڭىپ كېتىمەن.

بىر كۈنى، دوختۇرخانىنىڭ ئارقىسىدىكى ئەخلەت تۆكۈلىدىغان ئازگالنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ قاپتىمەن. ئەخلەت ئازگىلى ئىچىدە تونۇش بىر نەرسە كۆزۈمگە غىل - پال چېلىققاندەك قىلدى. ئۆتۈپ كېتىپ بولۇپ، «بۇ ئەخلەتلەرنىڭ ئىچىدە ماڭا تونۇش نېمە بار بولغىيدى؟... ھازىر كۆزۈمگە كۆرۈنگىنى زادى نېمە؟» دەپ ئويلىنىپ قالدىم. تۇيۇقسىز ئېسىمگە كەلدى. «ئاق تاپان!»

ئارقامغا يېنىپ قارىسام، قان - يىرىڭلار بىلەن تولغان ئەسكىلىكلەرنىڭ ئىچىدە «ئاق تاپان»نىڭ جەسىتى تاشلىنىپ يېتىپتۇ. تۈكلىرى قۇندۇزدەك پارقىراپ تۇرغان تېرە ئۈستىدە ئېپلاس چىۋىنلەر گاژىلدىشىپ يۈرىدۇ. قولۇمغا بىر تاياقنى ئېلىپ، نېرىدىن تۇرۇپ «ئاق تاپان»نىڭ بېشىنى كۆتۈردۈم، ئۇنىڭ چىشلىرىنى چېقىپ قومۇرۇۋېلىشىپتۇ. ئىچىم ئېچىشىپ،

كۆزلىرىم ياشقا تولۇپ، ئالدىمدىكى ھەممە نەرسە خىرەلىشىپ كەتتى...

ئاز كۈن ئۆتمەي، دوختۇرخانىدىكى بىرىدىن يەنە غەلىتە بىر خەۋەرنى ئاڭلاپ قالدىم. ھېلىقى چوڭ دوختۇرنىڭ مۇز چىراي ئايالى يېڭىدىن ئالتۇن چىش سالدۇرغانىكەن، شۇ كۈندىن باشلاپ ھېچ ئىش قىلماي، دېرىزىنى ئېچىپ قويۇپ، كوچىدا ئۆتكەن-كەچكەن ئەر خەقلەرگە ھىجىيىپلا قاراپ ئولتۇرىدىغان بولۇپ قاپتۇدەك...

— چوڭ دوختۇرنىڭ ئۆزىچۇ؟ — دەپ ئالدىراپ سورىدىم.

— چوڭ دوختۇرمۇ بىر - ئىككى تال چىش سالدۇرغانىكەن، ئاربلاپ ئىتقا ئوخشاش قاۋاپ، خالتىنىڭ يانچۇقىغا پۇل سالمىغانلارغا رەسمىي خىرس قىلىپ ھۇرپىيىدىغان بولۇپ قاپتۇ.

«نېمە كارامەتتۇ بۇ؟!» دەپ ياقامنى تۇتتۇم.

شۇ كۈندىن باشلاپ دوختۇرخانا تەرەپكە قارىساملا تېنىم شۈركۈنىدىغان بولۇپ قالدى.

1993 - يىل، غۇلجا

# چار خوراز

يېقىندا كاماندىروپكىدىن قايتىپ كەلسەم ، ئۈستىلىمنىڭ ئۈستىدە قېلىن بىر كونۋېرت يېتىپتۇ . ئېچىپ ئوقۇدۇم ، بىر ئاپتورنىڭ «چار خوراز» ناملىق ئەسىرى ئىكەن . ئەسەرگە قوشۇپ مېنىڭ نامىمغا بىر پارچە خەتمۇ ئەۋەتىپتۇ .

«ھۆرمەتلىك مۇھەررىر ، — دەپ يېزىپتۇ ئاپتور ، — كىملىكىمنى ئېيتمىساممۇ پوچېركامدىن تونۇغانسىز ؟ مەن ھېلىقى ‹ساراڭ›نىڭ ئاپتورى بولىمەن . نېمە ئىش بىلەن ، نەلەردە يۈرگىنىمنى سورىمايلا قويۇڭ . ئۆزىمىزنىڭ گېپىگە كەلسەك ، مۇشۇ خەت بىلەن سىزگە يەنە بىر پارچە ھېكايە ئەۋەتتىم . بۇ قېتىمقىسىنى توخۇ توغرىسىدا يازدىم . ئىت توغرىسىدىكىنى باسقاندىن كېيىن توخۇ توغرىسىدىكىنىمۇ بېسىۋەرسە كېرەك ، دەپ ئويلاپ قالدىم ، ئىككىلىسى ھايۋانغۇ ؟ ناھايىتى بىرى تۆت پۇتلاپ ماڭىدۇ ، بىرى ئىككى پۇتلاپ ؛ بىرى چوقۇپ يەيدۇ ، يەنە بىرى غاجاپ . توخۇلارنى كۆرسەملا ، نېمىشقا قانىتى تۇرۇپمۇ ئۇچالمايدىغاندۇ ؟ دەپ ھەيران بولىمەن ، سىز بىلەن بىزمۇ قانىتى تۇرۇپ ئۇچالماي يۈرگەن بىچارە مەخلۇقلارغا ئوخشامدۇق ، قانداق ؟

كۆزۈم بىلەنغۇ كۆرمىدىم ، ئاڭلىسام ، يېقىندىن بېرى چەت ئەللەردە مەخسۇس خوتۇنى يوقلارغا خوتۇن ، ئېرى يوقلارغا ئەر بولۇپ بېرىدىغان بىر كەسىپ روناق تاپقىلى تۇرۇپتۇدەك .

ئۆلارنىڭ ئائىللىرى ئاجايىپ غۇنچە بوي ، ئەرلىرى شۇنچە قاۋۇل كېلەرمىش ، بىكار بولۇپ قالسىلا باشقا ئىش قىلماي ، كىرەكلىك يەرلىرىنىڭ مۇسكۇللىرىنى چىڭىتىپ ئولتۇرىدىكەن . مەنغۇ چەت ئەلدە گالستۇك باغلىۋېلىپ ، تىلەمچىلىك قىلىپ يۈرگەنلەرنى كۆرۈپ تازا كۆلگەنىدىم . بۈگۈن ئەتىگەن قوشنامنىڭ ئايالىنىڭ كالپۇكىنى قىپقىزىل بويىۋېلىپ ، نان يېقىپ يۈرگىنىگە قاراپ ، چەت ئەلدىكى ئىشلارنىڭمۇ ئانچە ھەيران قالغۇچىلىكى يوقكەن ، دەپ قالدىم . ئۆزگىرىشلەرنىڭ مۇنچە تېز بولۇپ كېتىۋاتقىنىنى سىزمۇ ئويلاپ باقمىغانسىز ـ ھە؟ !… ئاڭلىدىڭىزمۇ ، ھازىر چاچنى چۇشۇرۇۋېتىپ ، بۇرۇتنى بۇدۇر قىلىۋالىدىغان مودا چىقىپتۇ… بازاردىكى ئەكرەم بايۋەچچىنىڭ يانچۇقىغا ئوت كەتكەنىكەن ، پاژارنى ئەترەتنىڭ ئادەملىرى ئۈچ كۈندىن بېرى ئۆچۈرەلمەيۋاتقۇدەك… ھازىر ھېسامنىڭ چاقچاقلىرىنى توپ ئېلىپ ، پارچە ساتىدىغان تىجارەتچىلەرمۇ پەيدا بوپتۇدەكقۇ؟… يۇقىرىقى مەھەللىدە بىر داڭلىق دوختۇر چىقىپتۇدەك ، ئۇنىڭ بەرگەن دورىسىنى ئىچمەي تۇتۇپ ياتسىڭىزمۇ ساقىيىپ قالغۇدەكسىز… يېقىندىن بېرى مىللەتنى سۆكۈپ ماقالە يېزىپ ، پۇل تېپىۋاتقانلارنى كۆرۈپ ھەيرانلا قالدىم . بۇمۇ ئۆيگە ئوغرى چۈشسە ئوغرىغا كۈچى يەتمەي ، بىر ـ بىرىگە تاپا ـ تەنە قىلىشىپ كەتكەندەكلا ئىش دەڭە !

شۇنچىلىك بىرىش ـ كېلىش قىلىپ ئاغىنىمۇ بولۇپ قالدۇق . مېنىڭ ئائىلە تۇرمۇشۇم توغرىسىدا بىرەر ئېغىزمۇ گەپ سوراپ قويمىغىنىڭىزغا ھەيرانمەن . جەمئىيەتتە بايۋەچچىلەر كۆپەيگەنسېرى تۇل خوتۇنلارنىڭمۇ ئاۋۇپ كېتىۋاتقىنىنى بايقىغانسىز؟ مەنمۇ پۇل تاپقاندىن بېرى ئۈچ ئۆيلىنىپ ، ئۈچ

قېتىم ئاجراشتىم . يېقىندا يەنە بىر ئايالغا كۆزۈم چۈشۈپ قېلىشۇدى ، پاھ ، ساغرىسى بىلەن مەيدىسىنى دېمەيسىز ، ‹ۋايجان ! › دەپ قۇچاقلاپ يېتىشۋالغۇدەكلا سەتەڭكەن . توي كۈنى ناغرا - دۇمباقنى بولۇشىغا چالدۇرۇپ ، ماشىنىدا شەھەرنى ئايلىنىشۋېرىپ ، بېشىم تۆرەپ ، ئۆينى تاپالماي باشقا ياققا كېتىپ قاپتىمەن . شۇنىڭدىن بېرى تازا ساقلىقىم يوق . بىر ماقالىنى ئوقۇسام ، ‹ئاغرىقنىڭ ياخشىسى يۈرەك ئاغرىقى › دەپ يېزىپتۇ . ئاغرىماي - سىلىماي ئۇ دۇنياغا «غىپپىدە» كېتىشۋالغۇدەكسىز ، دوست - دۈشمەنلىرىڭىز ھاڭۋېقىپ قاراپلا قالغۇدەك ... ھەيكەللەرنى كۆرسەملا ھەۋىسىم كېلىدىغان بولۇپ قالدى . قاراڭ ، ئۇلار ئۆلمەيدۇ ، قېرىمايدۇ ، مەڭگۈ ياش تۇرىدۇ . شۇنىڭغا قارىغاندا ، تىرىك ياشىماق نېمىدېگەن تەس - ھە ! ؟...

نېمىلەر دەپ كەتتىم ؟... خەير ، سالامەت بولۇڭ . ‹چار خوراز ›نىڭ ئىشىنى سىزگە ئامانەت قىلدىم . ئەسلىدە ‹چار توخۇ › دەپ يازسام توغرا بولاتتى ، بۇ توخۇنىڭ زادى مېكىيان ياكى خورازلىقىنى ئۆزۈممۇ ئاڭقىرالماي قالدىم . قېنى يازغانلىرىمنى ئوقۇپ بولۇپ ، چار توخۇنىڭ جىنس ئايرىمىسى ھەققىدە ئۆزىڭىز ھالال بىرنېمە دەرسىز... »

ئاپتورنىڭ «چار خوراز » ھەققىدىكى ھېكايىسى مانا مۇنداق باشلىنىپتۇ .

# 1

بۇ چار مېكىياننىڭ ھويلامغا قاچان ، قايسى ئاينىڭ قانچىنچى كۈنىدىن باشلاپ پەيدا بولۇپ قالغىنىنى ئۆزۈممۇ

ئەسلىيەلمەيمەن . ئىشقىلىپ ، بىزنىڭ بۇ چوڭ قورۇدا ھەر يىلى توخۇ - تۇمان دېگەن كەم بولمايدۇ . بەزىدە قوشنىلارنىڭ توخۇلىرى بىزنىڭ سامانلىققا كىرىپ تۇخۇپ قويىدۇ ، بەزىدە بىزنىڭ توخۇلار قوشنىلارنىڭ مەڭگەنخانىلىرىغا كىرىپ قورسىقىنى بوشىتىپ ، قاقاقلاپ چىقمىغان چاغلىرىمۇ بولۇپ قالىدۇ… ئايالىمنىڭ غەلىتە قىلىقلىرى بار ، پالانى مېكىيان كۆرۈك بولۇپ قاپتۇ ، دەپ قولىغا چىققانلا تۇخۇملارنى يىغىپ ئەكېلىپ باسۇرۇپ بېرىدۇ . بىر كۈنلەردە تۇخۇمدىن يېڭىلا چىقىپ چىكىلداپ يۈرگەن چۈجىلەر قايسىبىر چاغلاردا قارىسىڭىز يوغانلا توخۇ بولۇپ قالىدۇ . ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئاق ، قارا ، قىزىل ، چىپار ، تۇرپاننىڭ ، توقسۇننىڭ ، خوتەننىڭ ، خېنەننىڭ ، ئىشقىلىپ ، ئادەمنىڭ خىيالىغا كەلمەيدىغان بىر يەرلەرنىڭ خىلمۇخىل رەڭدىكى توخۇلىرىدىن تاپقىلى بولىدۇ . خورازلىرى بويۇنلىرىنى سوزۇپ چىللاپ ، مېكىيانلىرى بەس-بەستە تۇخۇپ ، ھويلىنى ئاۋات قىلىشقا باشلايدۇ .

بىزگە ئارىتام ئولتۇرىدىغان ئىمىنجان دەيدىغان بىر قوشنام بار ، خۇددى بۇرۇنقى ھارۋىكەشلەر بىر يەرگە يىغىلىپ قالسا ، كەچ كىرگۈچىلا ئۆزلىرىنىڭ ئاتلىرىنى ماختىغاندەك ، ئىمىنجان ئىككىمىز ئۇچرىشىپ قالساقلا بېقىۋاتقان توخۇلىرىمىزنىڭ گېپىگە چۈشۈپ كېتىمىز .

ئىمىنجاننىڭ ئېيتىشىچە ، ئۇنىڭ ھازىرقى بېقىۋاتقان توخۇلىرىنىڭ ئىچىدىكى بىر ئاق خوراز ئامېرىكىنىڭمىش ، ئۇنداق - مۇنداق يەردىمۇ ئەمەس ، نەق ھېلىقى ئامېرىكىنىڭ زۇڭتۇڭلىرى ئولتۇرۇپ - قوپىدىغان ئاقسارايىنىڭ يېنىدىكى بىر قورۇدا تۇخۇمدىن چىققانمىش ، تېخى بۇرۇنقى ئىگىسى ھەر يىلى

بۇ خورازنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى ئۆتكۈزۈپ بېرەتتىكەن ، بەزىدە ۋاقتى بولۇپ قالسىلا زۇڭتۇڭنىڭ ئۆزىمۇ مۇنداق خاتىرىلەش مۇراسىمىگە قەدەم تەشرىپ قىلاتتىكەن . بىر قېتىم ، قايسىبىر زۇڭتۇڭنىڭ ئايالىنىڭ بۇ خورازغا ئامراقلىقى تۇتۇپ كېتىپ ، ئۇنىڭغا ئۆز قولى بىلەن بىر سىقىم تېرىق چېچىپ بەرمەكچى بولغاندا ، ئېھتىياتسىزلىقتىن كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىگە دەسسىۋېلىپ ، ئاق خورازنىڭ ئالدىغا موللاق ئېتىپ چۈشۈپتۇ . شۇ چاغدا ، ئامېرىكىنىڭ چوڭ - كىچىك گېزىت - ژۇرناللىرىغا «خانىشنى موللاق ئاتقۇزغان خوراز» دېگەن چوڭ خەتلەر بىلەن بۇ خورازنىڭ سۈرەتلىرىمۇ بېسىلغان ئىكەنمىش . شۇنىڭ بىلەن ، ھەر كۈنى يۈزلەپ زىيارەتچىلەر ئاق خورازنى كۆرگىلى كېلىپ ، ئاقسارايىنىڭ ئەتراپى قالايمىقانلىشىپ كېتىپتۇدەك . ئاخىر زۇڭتۇڭ بۇ خورازنى يۇقىرى باھادا سېتىۋېلىپ ، «كۆزۈمدىن يوقىتىڭلار !» دەپ يىراق بىر يەرگە پالىۋەتمەكچى بوپتۇ . ئىمىنجاننىڭ ئاقسارايىنىڭ ئالدىدا ئوقەت قىلىدىغان بىر تۇغقىنى بار ئىكەنمىش . «بۇ خوراز چىرايلىق خورازكەن ، پالايدىغان گەپ بولسا بىزنىڭ جۇڭگودىكى تۇغقانىنىڭ ھويلىسىغا پالاڭلار» دەپ ئىمىنجانىڭ ئادرېسىنى زۇڭتۇڭغا بېرىپتۇدەك . مانا مۇشۇنداق سەۋەبلەر بىلەن ئاق خوراز ئىمىنجاننىڭ قولىغا چۈشۈپ قاپتۇمىش...

— ئىمىنجان ، — دېدىم مەن كۈلۈپ ، — سېنىڭ ئۇ ئامېرىكىدىكى تۇغقىنىڭ ئاقسارايىنىڭ ئالدىدا دوغاپچىلىق قىلمايدىغاندۇ ؟

— دوغاپچىلىق قىلمايدۇ ، — دېدى ئۇ ، — نال قاقىدۇ .

— نال قاقىدۇ ؟ !

— گېپىمگە ئىشەنمەيۋاتىسەن ـ ھە؟ — دېدى ئۇ چۈشەندۈرۈپ، — ئاقساراي دېگەنگە دۇنيانىڭ ئەڭ ئېسىل گىلەملىرى سېلىنىدىغان گەپ. ئۇ يەرگە نال قاققان ئاياغ بىلەن كىرىشكە بولمايدىكەن. بىزنىڭ تۇغقان ھەر كۈنى ئەتىگەندە بولقا، ئامبۇر، دۇپپىلىرىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، ئاقسارايىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا ئولتۇرىدىكەن، ئۇ يەرگە ئۇقۇشماي ناللىق ئاياغ بىلەن كېلىپ قالغانلارنىڭ ئاياغلىرىنىڭ نالىنى سۇغۇرۇپ، مىخلىرىنى ئېكەكدەپ، تۈزلەپ، قايتقاندا يەنە ھەركىمنىڭ نالىنى ئالماشتۇرۇۋەتمەي ئۆزىنىڭ ئايىغىغا قېقىپ بېرىپ، چىرايلىق يولغا سېلىپ قويىدىكەن. مەنغۇ بېرىپ كۆرمىدىم، بەزىدە ھەر چوڭ دۆلەتلەرنىڭ باشلىقلىرى بىزنىڭ تۇغقانىنىڭ ئالدىدا ئۇزۇن ئۆچىرەتتە تۇرۇپ كېتىدۇ، دەيدۇ…

ئىمىنجان ماڭا قارىغاندا مەكتەپتە ئىككى ـ ئۈچ يىل ئوشۇقراق ئوقۇغاچقىمىكىن، پو ئېتىشقا كەلگەندە ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپلا قالىمەن.

ئۆزىمىزنىڭ گېپىگە كەلسەك، ھېلىقى چار مېكىيان كۆزۈمگە باشقا توخۇلارغا قارىغاندا باشقىچىرەك كۆرۈنەتتى. خوتۇن دانىنى ئوبدان بېرىپ، قىشچە ئىسسىق يەردە باققاچقىمىكىن، ناھايىتى تۇغۇمچان ئىدى. كۈن ئاتلىماي، كۈرۈكمۇ بولماي، ھەر كۈنى تۇغاتتى، تۇخۇممۇ يوغان ئىدى. بەزى كۈنلىرى ھويلىدا بىر ئىشلارنى قىلىۋاتسام، دانلاپ كېلىپ يېنىمدا توختاپ، بويىنىنى سەل قىيسايتىپ ماڭا تازا زەن سېلىپ قاراپ كېتەتتى. ئۇنىڭ سارغۇچ نۇر جۇلالىنىپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ مەستلىكىم كېلەتتى.

بىر كۈنلەرگە كەلگەندە، كۆز تەككەندەكلا چار مېكىياننىڭ

تۇخۇمى توختاپ قالدى. بوپتۇلا، تۇغمىسىمۇ ئوبدانىراق سەمرىسۇن، سويۇپ يەرمىز دېدىم. خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن، تۇخۇمى توختاپلا بۇ چار مېكىياننىڭ باشقىلاردىن بويى ئۆسۇپ، پەيلىرى پارقىراپ، تاجىسى تىكلىنىشىپ، خورازنىڭ سىياقىغا كىرىپ قالغىلى تۇردى. بىر كۇنى، قوشنام ئىمىنجان ھويلىمىزغا كىرىپ، دانلاپ يۇرگەن چار مېكىيانغا قاراپ:

— قاسىمجان، ئاۋۇ چار توخۇيۇڭ قالتىس خورازكەن - دە! ئەجەب مەن بۇرۇن كۆرمەپتىكەنمەنا؟ — دېۋىدى، كۇلكەم قىستاپ كەتتى.

— ئىمىنجان، ئوبدانىراق قارا، ھېلىقى مەن ساڭا ماختاپ يۇرگەن تۇغۇمچان چار مېكىيان شۇ ئەمەسمۇ؟ — دېدىم.

— خۇدايا تۇۋا، مېكىيان دە؟ — دەپ ھەيران بولدى ئىمىنجان، — خوراز بولۇپ قالغان بولسازە، قالتىس سۆلەتلىك خوراز بولاتتىكەن - دە. مىڭ سومغا يارىمىغاندىمۇ تۆت - بەش يۇز سوملۇق خوراز بولاتتىكەن.

دېمەكچىمۇ چار مېكىياننىڭ پۇتلىرى دەرەخنىڭ شېخىدەك مەزمۇت، ئېگىز توخۇ بولغىلى تۇردى، خۇي - پەيلىمۇ كۇندىن- كۇنگە ئۆزگىرىپ، ھويلىغا چۇشكەن قاغا - قۇزغۇن، ئىت- مۇشۇكلەرگە ئېتىلىدىغان بولۇۋالدى. بىر كۇنى ئۇنىڭ باشقا مېكىيانلارغا قانات سۆرەپ يۇرگەنلىكىنى كۆرۇپ قالدىم. بۇ ئىش ماڭا ناھايىتى كۇلكىلىك تۇيۇلدى. يەنە بىر كۇنى چار مېكىياننىڭ رەسمىي خورازلاردەك قىچقارغىنىنى ئاڭلاپ چۆچۇپ كەتتىم.

بۇ كەچكە يېقىن بىر ۋاقىت ئىدى. ھويلىدىكى مېۋىلىك دەرەخلەرگە سۇ ئېچىۋاتاتتىم. ھېلىقى چار مېكىيان نېرىراقتا

دانلاپ يۆرەتتى . بىر چاغدا ئۇ قېشىمغا كېلىپ ، بوينىنى ئالدىغا سوزۇپ ، خۇددى ماڭا بىرنېمە دېمەكچى بولغاندەك ياكى گېلىگە تۇرۇپ قالغان بىر نەرسىنى چىقىرىۋەتمەكچى بولۇۋاتقاندەك قىلىقلارنى قىلغىلى تۇردى . بۇ توخۇغا نېمە بولغاندۇ ؟ دەپ تۇراتتىم . «قى - قى - قىق !» دەپ قىچقىرىپ سالماسمۇ ، قورققىنىمدىن تاترىپ كەتتىم . بىزنىڭ بۇ يەرلەردە «خوراز كەچتە چىللىسا يامان بولىدۇ» دەيدىغان گەپ بار ئىدى . بۇ دېگەن مېكىيان تۇرسا ، خوراز كەچتە چىللىسا يامان بولغان يەردە ، مېكىيان كەچتە چىللىسا نېمە بولۇپ كېتەر !؟ دېدىم - دە ، رەۋشخان موماينىڭ ئۆيىگە قاراپ يۈگۈردۈم .

## 2

رەۋشخان موماي مەھەللىمىزدىكى ياشتا ئەڭ چوڭ ئايال ئىدى . ئۇ مەھەللىنىڭ ئەڭ چېتىدىكى بىر قورۇدا تىكەندەك يالغۇز ياشايتتى . بەزىدە ئاغرىقلارنى كونىچە ئۇسۇلدا ئېىدە سېلىپ ئەملەيتتى ، ئانچە - مۇنچە دەممۇ سالاتتى . رەۋشخان ئاننىڭ سېغىز لايدا پاكىز سۇۋىغان ئوچاق باشلىرى ، بوسۇغىدا تۇرغان قەدىمىي مىس ئاپتۇۋا بىلەن چىلاپچا ، بورىنىڭ ئۇستىگە تاشلانغان گۈللۈك پالاس ، ئويۇقلاردىكى كونا زامانىنىڭ قاچا - قومۇچلىرى ، ناتتاختا ئۇستىگە رەتلىك تىزىپ قويۇلغان سۇپرا ، نوغۇچ ، يەڭلىكلەر ، كۆرپىنىڭ ئۇستىدە تۇگۇلۇپ ياتقان تاغىل مۇشۇك... بۇلارنىڭ ھەممىسى موماينىڭ ئۆيىگە قەدىمىي زاماننىڭ پۇرىقىنى بېرىپ تۇراتتى . رەۋشخان موماي كۆپنى كۆرگەن ، پاراڭچى ئايال ئىدى . ئۇ مېنىڭ چار مېكىيان

توغرىسىدىكى گەپلىرىمنى قولىدىكى خورما ئۆرۈقىدا ياسالغان تەسۋىسىنى سىيرىپ ئولتۇرۇپ جىمجىت ئاڭلىدى .

— مۇنداق دە... ئولتۇر ، نېمىشقا ئۆرە تۇرىسەن ؟ — دەپ گەپ باشلىدى موماي ئاخىرىدا ، — بىر زامانلاردا ھېكىمباي دېگەن بىر كىشى ئۆتكەن . ھازىرقى مۇشۇ ئۈچ يېزىنىڭ يەرلىرى تامام شۇ ئادەمگە قارايتتى . ھېكىمباينىڭ زوردۇن دەپ بىر ئوغلى بولىدىغان ، مانا شۇ ئوغۇل يىگىرمە ياشقا كىرگۈچە ساقال - بۇرۇتمۇ چىقماي ، كېيىن كۆكسى يوغىناپ ، قىزغا ئايلىنىپ قالغانىدى .

— ئوغۇل قىزغا ئايلىنىپ قالغان دەمدىلا ، رەۋىخان موما ؟... راست ، بۇ گەپنى مەنمۇ چوڭلاردىن ئاڭلىغاندەك قىلىۋىدىم .

— قىز بولغاندىمۇ قانداق قىز دېمەمسەن ؟ تازىمۇ قاۋۇل ، قاش - كۆزى جايىدا ، بىر قارىغان ھەرقانداق يىگىتنىڭ يۈرىكىنى ئوينىتىۋېتىدىغان قىز بولغانىدى . ئۇ چاغلاردا بىزنىڭمۇ قىز ۋاقتىلىرىمىز . ياز كۈنلىرى قىزلار توپلىشىپ ، دەريا بويىغا سۇغا چۆمۈلگىلى چۈشەتتۇق . ئوغۇل بالىلاردىن ئۆزىمىزنى قاچۇرۇپ ، دەريانىڭ خالىي يەرلىرىنى تېپىپ چۆمۈلەتتۇق . ھېلىقى زوردۇننىڭ قىزغا ئايلانغاندىن كېيىنكى ئىسمى زۆرە بولغانىدى . ئۇمۇ بىز بىلەن بىلە سۇغا چۆمۈلگىلى بارىدىغان بولدى . ئۇنىڭ يالىڭاچ بەدىنىگە بىر قاراپ بېقىشقا ھەممىمىز قىزىقاتتۇق ، لېكىن زۆرە كىيىمىنى زادىلا سالغىلى ئۇنىمايتتى .

بىر كۈنى ، مەسلىھەتلىشىپ ، زۆرەنى دەريا بويىدىلا ئولاش - چولاش باستۇق . ئىككى - ئۈچىمىز پۇت - قولىنى مەھكەم تۇتۇپ تۇردۇق ، بىرىمىز ئىشتىنىنى تارتتۇق . ھازىر

ئويلىسام ، قىپقىزىل ساراڭكەنمىز ، دەيمەن . بىچارە بىزنىڭ شۇنداق قىلىدىغىنىمىزنى پەملەپ قالغانمۇ ، كۈنىنىڭ شۇنچە ئىسسىقلىقىغا قارىماي ئۈچ ئىشتاننى قوشلاپ كىيىۋالغانىكەن . ئىككى ئىشتىنىنى سالدۇرۇپ بولغاندا بىر يۇلقۇنۇپلا ئاستىمىزدىن تۇرۇپ كەتتى . شۇنىڭدىن كېيىن بىز بىلەن ئارىلاشمايدىغان بولدى . كېيىن ھېكىمباي زۆرەنى ئۆزىنىڭ بىر ئىشلەمچىسىگە نىكاھ قىلىپ بەردى . بىر ئوبدان خوتۇن بولدى . شۇغىنىسى ، بىچارە تۇغمىدى . ئېرىنى شۇنچە ياخشى كۆرەتتى ، ئېرىنى ئاياپ ئۆيىنىڭ ، تالانىڭ ھەممە ئېغىر - يېنىك ئىشلىرىنى ئۆزى قىلىپ تۈگىتەتتى . رەھمەتلىك بىر كۈنى ئېتىمىزدىن بۇغداي ئەكېلىۋاتقاندا ھارۋا بېسىۋېلىپ ئۆلۈپ كەتتى...

رەۋىخان موماي سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى .

— ئەمدى مېنىڭ چار مېكىينىمنىڭ خورازغا ئايلىنىپ قالغىنى قانداق گەپ بولدى ، موما ؟ — دېدىم .

— بۇمۇ قىزىق ئىش بوپتۇ ، — دېدى موماي ، — خۇدايىمنىڭ خىلمۇخىل كارامەتلىرى بار ، دېگىنە . پارتىيە يېڭى كەلگەندە ، ئوكۇل دېگەن بىرنېمە چىقىپتۇدەك ، ئۇنى تولا سالدۇرسا ئادەمنى يا ئەر ئەمەس ، يا ئايال ئەمەس قىلىپ قويىدىكەن ، دەپ ئاڭلايتتۇق . ھازىرقى ئادەملەرغۇ بالىلىرى قاتتىقراق ئىنجىقلاپ قويسىمۇ دوختۇرغا كۆتۈرۈپ بېرىپ ئوكۇل سالدۇرىدىغان بولۇۋالدى . شۇڭا ، ھازىرقى ياشلىرىڭنىڭ قايسى ئەر ، قايسى ئاياللىقىنى ئايرىغىلى بولمايدۇ . سەن توخۇيۇڭغا ئوكۇل سالدۇرمىغان بولغىيتىڭ ؟

— توۋا ، دېسىلە ، رەۋىخان موما ، توخۇغىمۇ ئوكۇل

سالدۇرغان بارمىكەن؟

— شۇ مېكىيىنىڭنى سويۇپ يەپلا بېشىڭنى ساقايتقىن، كەچتە چىللىغان توخۇ شۇملۇقنى چىللايدۇ! — دېدى موماي.

## 3

ئەتىگىنى قوپۇپ يەنە خىيالغا چۆشۈپ قالدىم. ئىمىنجان قوشنا: «ئاشۇ چار مېكىيان خوراز بولۇپ قالغان بولسازە... مىڭ سومغا يارىمىغاندىمۇ تۆت-بەش يۈز سوملۇق خوراز بولاتتىكەن» دېگەندەك قىلىۋىدى. ئۇنى سويۇۋەتسەم ناھايىتى بىر ۋاخلىق تاماق بولار، ئۇنىڭدىن توخۇ بازىرىغا ئاپىرىپ سېتىۋېتەي، تۆت-بەش يۈزگە ئەمەس، ئەللىك-ئاتمىش سومغا ئالسىمۇ پۇل ئەمەسمۇ؟ دېگەن يەرگە كەلدىم، چار توخۇنى تۇتۇپ قولتۇقۇمغا قىسىپ، بازارغا قاراپ ماڭدىم.

پاھ، بۈگۈن يەكشەنبىمۇ، قانداق كۆن ئۇقالماي قالدىم، توخۇ بازىرى دېگەن قايناپ كېتىپتۇ. تۇخۇمچىلارنى ئارىلاپ ئۆتۈپ، بازارنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىرىپ، چار توخۇنى ئەمدىلا يەر دەسسىتىپ تۇراتتىم، بىرنەچچە توخۇۋاز ئەتراپىمغا ئولاشتى. ئۇلار: «بۇ توخۇيۇڭ مېكىيانمۇ، خورازمۇ؟» دەپ سوراپمۇ قويماي، «قالتىس خورازكەن-دە!» دەپ تاماقلىرىنى چېكىشىپ، بويۇنلىرىنى سىڭارىيان قىلىپ، چار توخۇنىڭ ئەتراپىنى پىرقىرىغىلى تۇردى. ئارىدىن بىرى:

— ئاكا، خورىزىڭنى ساتقىلى ئەكىردىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— نەرخىگە چىقسا ساتايمىكىن، دەيمەن، — دېدىم.

— بەستىغۇ خېلــى باركەن، ئانچە ـ مۇنچە سوقۇشۇپ باققانمۇ ؟ — دېدى يەنە بىرەيلەن .
— ئۆمرۈمدە ئىككى توخۇ سوقۇشقان يەردە تۇرۇپمۇ باققان ئادەم ئەمەسمەن، دەڭلا، ئۆكىلىرىم، — دېدىم .
— ئەمدى دەيمىزا، — دېيىشتى ھېلىقىلار، — ھېچبولمىغاندا قوشنىلارنىڭ توخۇلىرى بىلەن بىر ـ ئىككى قەپەس ئاتلىشىپ باققان يەرلىرىمۇ باردۇ ؟
— ئۆيىمىز چەت جاڭزىدا. ئەتراپتا ئۇنىــــڭ بىــــلەن ئاتلاشقۇدەك توخۇمۇ يوق، — دېدىم. ئىچىمدە، بۇ تېخــى تۇنۇگۈنلا تۇغۇپ يۈرگەن مېكىيان تۇرسا، ھېلىلا بىر خوراز بىلەن ئاتلىشىدىغان بولسا بىر چوقۇشقىمۇ يارىماي ۋەك دەپ قېچىپ، مېنى رەسۋا قىلارمۇ، دەپ ئەندىشە قىلىپ ئولتۇردۇم .
— خوش، بوپتۇ، باھاسى ؟ — دەپ سورىدى بىرى .
— ھېلىقى تۆت چوڭامنىڭ رەسمى بار قەغەزدىن بىرنىلا بېرىڭلار ! — دېدىم .
— يۈز سوم !؟… نېمە دەيدىغاندۇ بۇ ! — دەپ چۇرقىراشتى توخۇۋازلار، — يۈز سوم دېگەنگە ئوبدان بىر توقلا بېرىۋاتىداۋاي، راست ساتقۇڭ بولسا يولىدا گەپ قىل !
— يۈز سومغا مەھەللىدىلا تالاشقانتــى، — دەپ يالغان گەپتىن يەنە بىرنى قىستۇردۇم، — مېنىڭدىن ئېلىــپ كۆز ئالدىمدىلا سوقۇشتۇرسا ئۇۋالىغا قالىمەن، دەپ ئۇلارغا ساتماي بازارغا كۆتۈرۈپ كەلدىم. بولسا سوقۇشتۇرماي سويۇپ يەيدىغان بىرەرىڭلار ئالساڭلار، ئەرزانىراق بەرسەممۇ مەيلىتى…
شۇنداق دەپ تۇراتتىم، چار خوراز نېرىراقتا دانلاپ يۈرگەن ئۈچ ـ تۆت خورازنى كۆرۈپ، قولۇمدىن يۇلقۇنۇپ چىقىــپلا

ھېلىقى توخۇلار بىلەن پالاق - پۇلۇق سوقۇشۇپ كەتتى. يۈگۈرۈپ بېرىپ ئاجرىتىۋالماقچى بولغانىدىم، توخۇۋازلار:

— قويۇپ بېرىۋەر، ئاكا، بىر - ئىككى قەپەس ئاتلاشقانغا ھېچنېمە بولمايدۇ! — دەپ ئالدىمنى توسۇپ قويدى.

ھېلىقى دانلاپ يۈرگەن خورازلارنىڭ ھەممىسى بىر ئۆينىڭ توخۇلىرىمىكىن، جىمىسى بىر بولۇپ چار خورازنى ئارىغا ئېلىۋالدى. مېنىڭ خورىزىم ئوتتۇرىغا چۈشۈۋېلىپ، ھېلىقىلارنى شۇنداق كېلىشتۈرۈپ سالغىلى تۇردىكى، ئەييۇھەنناس! دېسەم ئىشەنمەيسىلەر، كۆرگەنلەرنىڭ ئېيتىشىچە، توخۇ بازىرى توخۇ بازىرى بولۇپ، تېخى مۇنداق سوقۇش بولۇپ باقماپتىكەن. چار خوراز تېلېۋىزوردىكى بىر پاي ئوق بىلەن ئون دۈشمەننى بىراقلا موللاق ئاتقۇزۇۋېتىدىغان، ئۆزى يۈز پاي ئوقتىمۇ ئۆلمەيدىغان گاڭگۇڭلارنىڭ ئۆزىگىلا ئايلاندى. ھېلىقىلارمۇ تېلېۋىزورنى تولا كۆرگەن خورازلارمىكىن، ھەممىسى بىراقلا يوپۇرۇلۇپ كەلمەي، بىرى يىقىلسا بىرى رېتى بىلەن كېلەتتى. چار خوراز ياندىن كەلگەننى چوقۇپ، ئالدىدىن كەلگەننى تېپىپ دومىلاتقىلى تۇردى. قانات سۆرەپ ئوتتۇرىدا پىرقىرايدىغان بولسا، ئاجىزراقلىرى شامىلىدىلا ئۇچۇپ كېتەتتى. بەزىلىرى بىر تېپىكتىلا «جەك» دەپ چەتكە چىقاتتى، غەيرەتلىكرەكلىرى دومىلىغان يېرىدىن قوپۇپ، قانات - قۇيرۇقىنى تۈزەشتۈرۈپ يەنە جەڭگە كىرەتتى. شۇ پاتىپاراقچىلىقتا يەردە ياتقان بىرمۇنچە خورازلارنىڭمۇ پۇتى يېشىلىپ كېتىپ، سوقۇش بولۇۋاتقان توپقا قېتىلىپ كەتتى. خورازلار سوقۇشۇۋاتقان يەردىن كۆتۈرۈلگەن توپا - چاڭ، ھاۋاغا توزۇغان پەيلەر ئەتراپنى بىر ئالدى. ئاخىردا زادى قايسى خوراز بىلەن قايسى خورازنىڭ سوقۇشۇۋاتقانلىقىنى

ئايرىغىلى بولماي قالدى .

— هاي ، هاي ، ئەمدى بولار ! — دەپ ئارىغا چۈشۈپ چار خورازنى تۇتتۇۋالماقچى بولدۇم . قىزىپ كەتكەن توخۇلار ماڭا قارامدۇ دەيسىز ؟ چار خوراز : «سەن ئارىلاشما !» دېگەندەك قىلىپ قانىتى بىلەن بىر ئۇرۇۋىدى ، سەنتۈرۈلۈپ چەتكە چىقىپ قالدىم . ئاچچىقىمدا چاپىنىمنى سېلىپ ، چار خورازنىڭ ئۈستىگە يېپىپلا قۇچاقلاپ تۇتتۇۋالدىم . ئوتتۇرىدىكى باشقا خورازلار ھۆرپەيگىنىچە ئېتىلىپ كېلىپ ، نېمە قىلارىنى بىلمەي ماڭا قاراپ تۇرۇشۇپ قالدى . چاڭ بېسىلغاندىن كېيىن قارىساق ، ھەممە توخۇنىڭ باش - كۆزى قان ، بىرنەچچىسى پوكىنىنى كۆتۈرەلمەي يەردە يېتىپتۇ . چار خورازنىڭ ساق قالغىنىغا شۈكۈر ، دەپ ئۆيگە قاراپ ماڭدىم . كەينىمدىن توخۇۋازلار ۋارقىرىشىپ قالدى .

— توختاھوي ، ئاكا ، توختا ، مانا ئۆزۈڭ دېگەن يۈز سوم ! — دەپ ۋارقىرىدى بىرى . ئارقىدىنلا باشقىلىرىمۇ چۇرقىراشتى .

— بوپتۇ ، يۈز ئەللىك !

— ئىككى يۈز .

ئاخىرىدا بىرىنىڭ «بەش يۈز » دەپ ۋارقىرىغىنى قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى . بۇ چاغدا مەن بازارنىڭ دوقمۇشىدىن ئەگىلىپ بولغانىدىم . راست دەۋاتامدۇ ، يالغانمۇ ؟ دەپ ئورنۇمدا تۇرۇپ قالدىم . ئېگىز بويلۇق ، ئورۇق بىر ئاغىنە ئارقامدىن ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ يېتىپ كەلدى .

— بەش يۈز دېدىڭما ؟ — دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن .

— بەش يۈز دېدىم . چاپىنىڭنى خورازنىڭ ئۈستىدىن ئېلىۋەت ، توخۇنى تونجۇقتۇرۇپ قويىسەن ، — دېدى ئۇ .

— ئەكەل ، بەش يۈز سومۇڭنى نەق سانا . بۇنىڭ ئۇنداق-مۇنداق خوراز ئەمەسلىكىنى ئۆزۈڭ كۆردۈڭ .

— هازىر يېنىمدا ئىككى يۈز سومدەك پۇل بار . قالغىنىنى ئۆيۈڭنى كۆرسىتىپ قوي ، بىر - ئىككى كۈندىن كېيىن ئاپىرىپ بېرەي .

— قەرزدار بولغان ئادەم سەن ماڭا ئۆيۈڭنى كۆرسىتىپ قويماي ، مېنىڭ ئۆيۈمنى كۆرسىتىپ قويىدىغىنىمنىڭ قىزىق . ئىككى يۈز سومنى تاشلاپ بېرىپلا خورازنى كۆتۈرۈپ كەتسەڭ مەن سېنى نەدىن تاپاي ؟

هېلىقى ئاغىنە مۇقىم تۇرىدىغان ماكانىمۇ يوق بىر ئادەممىكىن ، خىجالەتچىلىكتە غەلىتە ھىجايدى - دە :

— ئۇنداق بولسا ، ئاداش ، ماۋۇ يۈز سوم ساڭا زاكالەت بولسۇن ، هازىر بىللە بېرىپ ئۆيۈڭنى كۆرۈۋالاي ، قالغان تۆت يۈز سومنى ئەكېلىپ بېرىپ ، خورازنى ئەكېتەي ، قانداق ؟ — دېدى .

يۈز سومنى ئېلىپ يانچۇققا سالدىم . هېلىقى ئېگىز دارا ئاغىنىنى ئەگەشتۈرۈپ كېلىپ ، دەرۋازامنى كۆرسىتىپ قويدۇم .

## 4

ماڭا يۈز سوم زاكالەت بەرگەن ئاغىنە شۇ يوقالغىنىچە بىر ھەپتە كۆرۈنمىدى . توخۇ بازىرىدىكى قانلىق جەڭدىن كېيىن چار خوراز كۆرەڭلەپ تېرىسىگە پاتماي قالدى . بىردە باشقا توخۇلارنى ئەگەشتۈرۈپ تامدىن ئاتلاپ ، قوشنىلارنىڭ ھويلىسىغا چۈشۈپ ، تەرگەن - تىككەن نەرسىلىرىنى دەسسەپ - چەيلەپ باش ئاغرىقى

تېپىپ بەرسە، بىردە ھويلىغا كىرگەن ئۆششاق باللارنى قوغلاپ، سۈر - توقاي قىلىپ ئارام بەرمەيتتى. يامان ئىت باغلاقلىق قورۇغا كىرمەكچى بولغان ئادەملەر «ھاي، ئىتىڭلارنى توسۇڭلار» دەپ ۋارقىرىغىنىدەك، بىزنىڭ ھويلىغا كىرمەكچى بولغانلارمۇ ئاۋال دەرۋازىنى قىيا ئېچىپ بېشىنى تىقىپ: «ئادەم بارمۇ؟ ئاۋۇ خورىزىڭلارنى توسۇڭلار!» دەپ ۋارقىرايدىغان بولۇپ قالدى.

بىر كۈنى، كاتەكنىڭ ئىچى گۆلدۈر - غالاپ قىلىپ قالدى. يەنە نېمە بالا بولغاندۇ؟ دەپ چىقىپ قارىسام، چار خوراز غېمىدە يوق باشقا مېكىيانلار تۇغقان تۇخۇملارنى دومىلىتىپ ئويناۋېتىپتۇ. بۇ خورازنىڭ خۇي - پەيلىگە قاراپ قورقۇپ قالدىم. ئۇنىڭ دوكۇرەكلىرى تېخىمۇ ئۆسۈپ، تۇمشۇقى قارىچىغىنىڭكىدەك ئۆتكۈرلىشىپ، كۆزلىرىدىن سوغۇق نۇر چاقناپ تۇراتتى. قارىسام ئۆزۈممۇ ئەيمىنەتتىم. رەۋىخان موماي توغرا ئېيتقانىكەن، نېمىشقىمۇ ئۇنى سويۇۋېتىپلا قۇتۇلمىغان بولغىيتتىم، دەپ قالدىم.

يەنە بىر كۈنى، چار خوراز گىدەيگىنىچە مېڭىپ قوشنام ئىمىنجاننىڭ ھويلىسىغا كىرىپ، ئۇنىڭ ھېلىقى ئامېرىكىلىق ئاق خورىزىنى يۈز - خاتىرمۇ قىلماستىن قوغلاپ چوقۇپ، ئۆلتۈرۈپ قويغىلى تاسلا قاپتۇ. كەچتە ئىمىنجان كىرىپ كەلدى:

— كەل، ئىمىنجان، خاپا كۆرۈنىسەنغۇ؟ — دېدىم.

— خاپا بولمىغاندا، — دېدى ئىمىنجان، — چار توخۇنى خوراز دېسەم مېكىيان، دەپ قەسەم قىلىۋاتاتتىڭ، سېنىڭ مېكىيانلىرىڭنىڭ خورازنى قوغلايدىغان ھۈنىرى باركەن - ھە؟

— دېسەم ئىشەنمەيسەن ، — دېدىم ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ ، — ئۆزۈممۇ ھەيران ، بولمىسا بىر ئوبدانلا تۇغۇپ يۈرگەن مېكيان ئىدى . تۇيۇقسىزلا تۇخۇمى توختاپ ، تاجلىرى تىكلىشىپ ، خوراز بولۇپ قالدى...

— بولدى ، بولدى ، بۇ گېپىڭنى شامالغا قىلىپ بېرە ! — دەپ گېپىمنى بۆلۈۋەتتى ئۇ ، — خوراز دېسەم مۇشۇ ئىمىن تالىشىدۇ ، دەپ مېكيان دەپ قويغان دېگىنە . توخۇ بازىرىغا ئاپىرىپ سوقۇشتۇرۇپ بازارغا سالغىنىڭنىمۇ ئاڭلىدىم . ئەلۋەتتە قوشنا ـ قولۇم بولغاندىن كېيىن ، ماۋۇ توخۇنى ساتىدىغان بولۇپ قالدىم ، ئالامسەن ، ئالمامسەن ؟ دەپ سوراپ قويىدىغان يولۇڭ بارمۇ ، يوق ؟ خەق سانىغان پۇلنى مەن سانىيالمايتىممۇ ؟... بازاردا قانچە قىلدى ؟

— بەش يۈز .

— بولدى ، بەش يۈز سومۇڭنى مەندىن ئال .

— بىرەيلەن يۈز سوم زاكالەت بېرىپ قويۇۋىدى ، يا ۋاقتىدا كېلىپ توخۇسىنى ئەكەتمىدى...

— ئاڭلىدىم . زاكىر «غېرىب» دېگەن توخۇۋاز ساڭا يۈز سوم زاكالەت بېرىپتىكەن . قالغان تۆت يۈز سومىنىڭ ئورنىنى قىلالماي ھازىرغىچە پالاقشىپ يۈرۈپتۇ . ۋاقتىدا كەلمىگەندىن كېيىن پۇلىنى قايتۇرۇۋەت !

— سەت بولارمىكىن ؟

— بولمىسا ، كىم سەندىن پۇل ئاپتۇ ، دەپ تېنىپلىۋال .

— ئۇنداقتا تېخىمۇ سەت بولار ؟ !

— ئاپلاھۇئەكبەر ! — دەپ قايناپ كەتتى ئىمىنجان ، — ئاشۇ چار خورازنى چۈجە ۋاقتىدا مەن ساڭا تاللاپ ئېلىپ بەرگەن جۇمۇ !

— نېمە دېدىڭ ؟

— مانا مۇشۇنداق ئۇنتۇپ قالسەن ئەمەسمۇ . بىر كۈنى ، نەق مۇشۇ دەرۋازاڭنىڭ ئالدىدا يەرنى سىجاپ ، بېشىڭنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇپتىكەنسەن .

«قاسىمجان ، نېمە بولدۇڭ خىيال بېسىۋاپتىغۇ ؟» دەپ سورىدىم .

«نېمە خىيال دەيسەن ، تېرىكچىلىكنىڭ غېمى» دېدىڭ . مەن كۈلۈپ :

«غەم ، غەملا دەپ يۈرىدىكەنسەن . ئون — يىگىرمە مو يېرىڭگە تولدۇرۇپ بۇغداي - قوناق چېچىۋالدىڭ ، يەنە نېمە غەم ئۇ تۈگىمەيدىغان ؟» دېدىم .

«گۆشنىڭ غېمى ، گۆش !… تاپقان پۇلنىڭ گۆشكە ئۇلگۈرمەيۋاتقىنىنى قارىمامسەن» دېدىڭ . مەن چاقچاق قىلىپ :

«قاسىمجان ، مۇشۇ گۆش دېگەنىمۇ يەرگە تېرىغىلى بولىدىغان بولسا ، ھەممە يېرىڭگە باشقا نېمە تەرمەي گۆشلا تېرىۋالاتتىڭغۇ دەيمەن ؟» دېدىم .

«يائاللا ، ئۇنداق ئىش بولىدىغان بولسا مۇشۇ ھويلىغىمۇ ئالا قويماي گۆش تېرىۋالاتتىم جۇمۇ !» دېدىڭ .

شۇ چاغدا ، ئىككى داڭگاڭ چۈجىنى ئەپكەشتە كۆتۈرۈپ ئۆز يۇرتتىن بىرى يېنىمىزدىن ئۆتۈپ قالدى . ئەمدىغۇ ئېسىڭگە كەلگەندۇر ؟…

«مانا ، قاسىمجان ، گۆش دېگەن پۇتى بىلەن مېڭىپ ئالدىڭغا كېلىپ قالدى . ئاۋۇ چۈجىدىن ئون — يىگىرمىنى ئېلىپ بېقىپ قويساڭ ، گۆش دېگەن شۇ ئەمەسمۇ» دېدىم .

«قېنى ، قېنى ؟» دەپ ئىشتىنىڭنىڭ تۇپىسىنى قېقىپ ئورنۇڭدىن تۇردۇڭ .

«هاي توختا ، چۆجەڭنى ساتامسەن ؟» دەپ هېلىقى ئۆز يۇرتنى توختاتتۇق . ئۇمۇ ئەپكىشىنى قويدى .

قارىساق ، داڭگاڭنىڭ ئىچىدە تېخى سېرىق تۈكىدىن ئايرىلمىغان چۆجىلەر چىكىلدىشىپ تۇرۇپتۇ . دانىسىنى بىر سوم ، دېدى ، سودىلىشىپ سەكسەن تىيىنگە پۈتۈشتۇق .

«ئال ، قاسىمجان ، سەكسەن تىيىن دېگەنگە هازىرقى كۈندە نېمە كېلىدۇ ؟ چوڭ بولۇپ قالسا سويۇپ يېسەڭ گۆش ، تۇخۇمىنى ساتساڭ پۇل دېگەن شۇ» دەپ سالا قىلدىم .

شۇ چاغدا يانچۇقۇڭدىكى بار پۇلۇڭنى قېقىشتۇرۇپ ، ئون نەچچە چۆجە ئالدىڭ . مەن داڭگاڭنىڭ ئالدىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ تاللىشىپ بەردىم . ئەمدىزە ، مەن تاللاپ ئېلىپ بەرگەن چۆجىلەرنىڭ ئىچىدىن بىر ياخشى خوراز چىقىپ قاپتىكەن ، تالاشسام ماڭا ساتماي خەققە ساتساڭ سەت بولماي ، خەقنىڭ پۇلىنى قايتۇرۇۋەتسەڭ سەت بولامدىكەن ؟…

ئىمىنجان قوشنام هېكايە توقۇشقا ناهايىتى ئۇستا . راست شۇنداق ئىشنىڭ بولغان ـ بولمىغانلىقىنى ئېسىمگە ئالالماي ئاغزىغا قاراپلا قالدىم .

— ئۇنداق بولسا ، ئىمىنجان ، ئەتىگىچە بىر قاراپ باقايلى . هېلىقى ئاداش ئەتىمۇ كەلمىسە ، ئاتىغىنىڭنى بېرىپ ، چار خورازنى سەن ئاچىقىپ كەت . شۇ توخۇدىن ئۆزۈممۇ زېرىكتىم ، — دېدىم .

# 5

ئەتىسى ئەتىگەندە ئورنۇمدىن تۇرۇپ، تالاغا چىقسام، ھويلىنىڭ ئىچى جىمجىت. ھويلىنى ئاۋات قىلىپ تۇرغان بىرنېمە كەمدەك قىلىدۇ. «ھوي چار خوراز قېنى؟!» دەپ ئېسىمگە ئالدىم. باشقا توخۇلار دانلاپ يۈرۈپتۇ، چار خوراز يوق. كاتەككە قارىسام، كاتەكنىڭ ئاغزى ھاڭدەك ئوچۇق تۇرۇپتۇ، ئىچى قۇپقۇرۇق. جىددىيلىشىپ ھويلىنىڭ ھەممە بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىنى ئىزدىدىم. قوشنىلار تەرەپنى قاراشتۇرۇپ، ئىمىنجاننىڭ قورۇسىغا كىرىۋىدىم، قوشنام ئالدىمدىن چىقىپ قالدى.

— ھە، قاسىمجان، ئەتىگەندە بۇياققا كىرىپسىلە؟ — دېدى.

— چار خوراز يوق! — دېدىم.

— چار خوراز يوق!؟ — ئۇ مېنىڭدىن بەتتەررەك ھەيران بولدى، — قانداق يوق بولىدۇ؟

— ھەر كۈنى سەھەردىلا قانات قېقىپ چىللاپ، بىزنى ئويغىتىدىغان. بۈگۈن كۆزۈمنى ئاچسام، ھويلىنىڭ ئىچى جىمجىت. يۈگۈرۈپ قوپۇپ تالاغا چىقسام، چار خوراز ھېچ يەردە كۆرۈنمەيدۇ. بىرى كىرىپ ئوغرىلاپ چىقىپ كەتتىمىكىن، دېسەم، دەرۋازا بىر ئوبدان تاقاقلىق تۇرۇپتۇ. تامدىن ئاتلاپ قوشنىلارنىڭ ھويلىلىرىغا چۈشۈپ كەتتىمىكىن، دەپ ئىزدەپ يۈرىمەن.

ئىمىنجان ئىككىمىز ئىزدە - ئىزدە مەھەللىنىڭ سىرتىغىچە چىقتۇق. يەنە قايتىپ ھويلىغا كەلدۇق. چار خورازنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى.

— قاسمجان ، خورازنى ئوغرى ئاپتۇ ـ دە ، — دېدى ئىمىنجان .

— ھېلىقى ئاغىنە يۈز سوم زاكالەت بېرىۋىدى ، پۇلىنى خەجلەپ قويۇپتىمەن . ئەمدى كەلسە يا پۇل يوق ، يا توخۇ ، قانداقمۇ قىلارمەن ؟ — دەپ بېشىم قاتتى .

— راست ، سەن زاكىر «غېرىب»نى يۈز سوم بېرىپ ئۆيۈمنى كۆرۈۋېلىپ كەتتى ، دەۋاتاتتىڭ ، توخۇنى شۇ ئوغرىلاپ قاچتىمۇ ـ يە ؟

— نا ئىنساپ ، شۇنداقمۇ قىلغاندىمۇ ؟

— ھېچنېمە دەپ بولمايدۇ . توخۇۋاز بىلەن قىمارۋازنىڭ پەرقى نېمە ؟ ئۇتسا چوڭ ـ چوڭ خەجلەيدۇ ، ئۇتتۇرۇۋەتسە باشقىلارنىڭكىنى ئوغرىلايدۇ... مەن ساڭا ئېيتسام ، — دەپ يەنە بىر ھېكايىگە چۈشتى ئىمىنجان ، — ئاشۇ ئاق خورازنى يېڭى ئەكەلگەن ۋاقتىم...

— ئامېرىكىلىق خورىزىڭنىڭ گېپىما ؟

— ھە شۇنىڭ... يېڭى ئەكەلگەندە بۇمۇ قالتىس خورازتى . بىر ياز توخۇ بازىرىدا ئۇنىڭغا تەڭ كەلگۈدەك توخۇ چىقماي ، توخۇۋازلارنىڭ كۆزىنى تازا قىزارتقانتى . بىر كۈنى ، كېچىدە ھويلىدا بىرنېمە تاراقلىغاندەك قىلىپ قالدى . يۈگۈرۈپ چىقسام ، كاتەكنىڭ ئاغزى ئوچۇق تۇرىدۇ . بىرىنىڭ تونۇرنىڭ بېشىدىن ئارتىلىپ كوچا تەرەپكە «لەپپىدە» چۈشۈپ كەتكىنىنى كۆرۈپ قالدىم . دەرۋازىنى ئېچىپ چىقىپ قوغلىدىم . قارىسام ، ئوغرى ئالدىمدا قارا كۆرۈنەرلا يەردە قېچىپ كېتىپ بارىدۇ ، زادىلا يېتىشەلمەيمەن . توختىغىنە ، دەپ پۇتۇمدىكى ساپما كەشنى ــــ پىرقىرىتىپ تاشلاپ ، كۆزۈمنى يۇمۇپ بىر يۈگۈرۈپتىكەنمەن ،

كۆزۈمنى ئاچسام ئوغرى يوق . كەينىمگە قارىسام ، ئوغرىدىن ئۆتۈپ كېتىپتىمەن . ھېلىقى ئوغرى مېنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكىنىمنى بايقىماي ، ھەدەپ كەينىگە قاراپ ـ قاراپ ، يۈگۈرۈپ كېلىپ ، ماڭا ئۇسۇۋالغىلى تاسلا قالدى . «كاپلا» قىلىپ ياقىسىدىن ئالدىم . قارىسام ياشلا بىر شۇمتەككەن . كۆتىگە ئىككىنى تېپىپ قولىدىكى خورازنى تارتىۋالغاندىم... يۈز سوم زاكالەت بەردى . دەپ خۇش بولۇپ كېتىپ ، ئوغرىغا ئۆيۈڭنى كۆرسىتىپ قويغاندىن كېيىن ، ئۆزۈڭمۇ ئەخمەق !...

شۇ كۈنى كەچتە زاكىر «غېرىب»مۇ يېتىپ كەلدى . مەن بىلەن قىزغىن سالاملىشىپ ، قويىنىدىن تۆت يۈز سومنى چىقىرىپ تەڭلەپ :

— خوراز قېنى ؟ — دېدى .

ئۇنى ئۆيگە باشلاپ بولغان ۋەقەنى — قوشنام ئىمىنجاننىڭ چار خورازنى مەندىن تالاشقانلىقىنى ، مەن زاكالەت ئېلىپ قويدۇم ، دەپ بەرمىگەنلىكىمنى ، بۈگۈن كېچىدىلا خورازنىڭ ھويلىدىن غايىب بولۇپ كەتكىنىنى ئېيتتىم .

— ئاپلا ! — دەپ تۇرۇپلا قالدى زاكىر ، — بۇ خورازغا تولىمۇ بازىرىدىلا كۆز تەگكەنتى . كۆڭلۈممۇ بىرنېمىنى تۇيغاندەك قىلغان... شۇ كەم پۇلنى تولۇقلايمەن ، دەپ بىرنەچچە كۈن پالاقلىدىم . ئامال بولماي ، تازا يارامىلىق ئىككى خورىزىم بىلەن تالاشتۇرۇپ يۈرگەن بىر ئىتىمنى سېتىپ ئاران دېگەندە بۇ پۇلنىڭ ئورنىنى قىلىپ كەلگەنتىم... خورازنى ھېلىقى قوشناڭنىڭ ئۆزى ئوغرىلاپ چىقىپ كەتتىمۇ ـ يە ؟

— ھەرقانچە بولسىمۇ قوشنا ـ قولۇم تۇرۇپمۇ ئۇنداق قىلمىغاندۇ !

— خەپ ! مىڭ سومدىن ئېشىپ ئالىدىغان خورازتى - ده !— زاكىر شۇنداق دېدى - ده ، ماڭا بەرگەن يۈز سوم پۇلنىمۇ سۇرۇشتۇرمەي ، ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ چىقىپ كەتتى .

زاكىر پۇلنىغۇ سورىمىدى ، ئەمما ئۇنىڭ : «خەپ ! مىڭ سومدىن ئېشىپ ئالىدىغان خورازتى - ده !» دېگەن سۆزى ئىچىمگە بىر ئوتنى سېلىپ قويدى . بۇ مىڭ سوملۇق خورازنى قوشنام ئوغرىلىغانمىدۇ ، زاكىر ئوغرىلىغانمىدۇ؟ يە باشقا بىرى بابلاپ كەتتىمۇ؟ ئويلا - ئويلا بۇئىشنىڭ تېگىگە يېتەلمەي ساراڭ بولاي ، دەپ قالدىم .

## 6

بىر كۈنى ، ئىمىنجان :

— يۇرۇڭلار ، يۇرۇڭلار ! — دېگىنىچە تەرلەپ - پىشىپ كىرىپ كەلدى .

— نەگە؟ — دېدىم .

— مەن چار خورازنى بىر يەردە كۆردۈم .

— نەدە كۆردۈڭ؟ — دەپ ئورنۇمدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتىم .

— ھېلىقى ھەر يەكشەنبە كۈنى توخۇ - ئۆردەك ، ئىت - مۈشۈكتىن تارتىپ ھەممە جانىۋارلارنىڭ سودىسى بولىدىغان يېڭى بازارنى بىلەمسەن؟

— يېڭى بازارنى؟

— ھە ، ھېلىقى بۇرۇنقى تەنتەربىيە مەيدانى .

شەھەرنىڭ سىرتىدا بىر تەنتەربىيە مەيدانى بولىدىغان ، ئۆز

ۋاقتىدا بۇ يەردە پۇتبول مۇسابىقىلىرى ياكى كاتتا چوڭ يىغىنلار ئۆتكۈزۈلەتتى. باشقا چاغلاردا، بۇ يەر ئوت - چۆپ بېسىپ تاشلىنىپ ياتاتتى. ھازىر تەنتەربىيىچىلەرنىمۇ پۇل تېپىڭلار، دېگەندىن بېرى بۇ يەرنى باشقۇرىدىغانلار پۇتبول مەيدانىنىڭ ئەتراپىنى تىكەنلىك سىملار بىلەن توسۇپ، دەرۋازا بېكىتىپ، ئۇنىڭ ئىچىگە بىر سومدىن بېلەت سېتىپ كىرگۈزىدىغان بوپتۇ. ھەر يەكشەنبە كۈنى بۇ مەيداننىڭ ئىچىدە توخۇ سوقۇشتۇرۇش، ئىت تالاشتۇرۇش دېگەنلەر قىزىپ كېتىدىكەن. بۇمۇ تەنتەربىيىنىڭ بىر تۈرى ھېسابلىنارمىش...

— تەنتەربىيە مەيدانىنى بىلىمەن. ئۇ يەر بازار بولغاندىن بېرى بېرىپ باقماپتىكەنمەن، — دېدىم.

— يۈرە، مەن سىزنى باشلاپ باراي، — دېدى ئىمىنجان، — ئاڭلىسام، چار خورىزىڭ شۇ يەردە ھەر يەكشەنبە كۈنى نەچچە مىڭ سوم پۇل ئۇتتۇۋاتقۇدەك، مەنمۇ جەزمەن شۇ چار خوراز، دەپ ئوخشاتتىم. ئۆزۈڭ بىر بېرىپ تونۇپ باقە!

ئىمىنجانغا ئەگىشىپ ماڭدىم. تەنتەربىيە مەيدانىغا يېتىپ كەلسەك، بۇ يەردە ئادەم دېگەن قايناپ كېتىپتۇ. بىر سومدىن بېلەت ئېلىپ ئىچىگە كىردۇق. بېرىپ قارىسام، چار خوراز خۇددى دېڭىز قاراقچىلىرىدەك بىر كۆزىنى تېڭىۋاپتۇ. دوكۇرىكىدا قۇلىقىنى كوچىلاپ، ئىككى يېنىغا چىرتىلدىتىپ تۈكۈرۈپ، ئېگىز بىر بەلدىڭدە پۇتىنى ئالماپ ئولتۇرىدۇ. ئەتراپىغا توخۇۋازلار ئولىشىۋاپتۇ. ئۇقسام، چار خورازنىڭ ئىگىلىرى ئۇنى ساپ بۇغداي چېچىپ بېرىپ، يېڭى گۆشنىڭ شورپىسى بىلەن باققۇدەك. مەخسۇس بىر - ئىككى ئادەم كاتەكلىرىنى سىيرىپ - سۈپۈرۈپ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ

تۇرىدىكەن . سامسا ، مانتا دېگەنلەرنىڭنى ئەكېلىپ بەرسەڭ ، خۇددى ئەركە باللاردەك تىتىپ ، ئىچىدىكى قىيمىسىنى يەپ ، جىلتىسىنى بىر تەرەپكە سۈرۈپ قويىدىكەن… چار خوراز مېنى تونۇمىدىمۇ ، تونىسىمۇ تونۇماسقا سالدىمۇ ، بىلمىدىم . ماڭا نەزەر كۆزىنىمۇ سېلىپ قويمىدى . خاتا تونۇپ قالماي ، يەنە دەپ ئۇياق-بۇيىقىغا ئۆتۈپ قارىسام ، چۇجە ۋاقتىدىن ئۆزۈم باققان ، ئاۋۋال تۇخۇم تۇغۇپ ، كېيىن مېكىيانلارغا قانات سۆرەيدىغان بولۇپ قالغان چار توخۇنىڭ ئۆزى شۇ . ئىختىيارسىز :

— بۇ مېنىڭ خورىزىمغۇ ! — دەپ ۋارقىرىۋەتتىم .

ئەتراپىدىكىلەر ھەيران بولۇپ ماڭا قاراشتى . ئارىدىن بىرى :

— جۆيلۈۋاتامسىلەر ، قانداق ؟ بۇ قانداق قىلىپ سىلىنىڭ خورىزىڭلار بولىدۇ ؟ — دېدى .

— مېنىڭ بولغاندىن كېيىن مېنىڭ بولمامدۇ ، ئەمىسە كىمنىڭ خورىزىكەن ؟ — دېدىم .

— ھوي ، سابىرجان ، بۇياققا كېلىڭ ، ماۋۇ خورىزىڭىزغا ئىگە چىقىپ قالدى ، — دېدى بىرنەچچەيلەن خۇشامەتگۈيلۈق بىلەن .

نېرىراقتا تۇرغان يېپيېڭى بىر قىزىل پىكاپنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ ، بوينى بۇقىنىڭكىدەك يوغىنىغان قاۋۇل بىر ئاغىنە چىقىپ كەلدى . ئۇ ئىلگىرى مۇشۇ تەنتەربىيە مەيدانىنىڭ چېلىشچىسى ئىكەن . ھازىر بۇ مەيداننى كۆتۈرە ئېلىپ بېقىپ كېتىپتۇدەك . قىماردا ئۇتقان ، چوتۇر ئالغان پۇللاردىن باشقا ، ھەر يەكشەنبە كۈنى ، مەيداننىڭ بېلىتىدىنلا مىڭ سوملاپ كىرىم قىلىدىكەن . شۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ شەھەردە بىرنەچچە يەردە قورۇ- جايى ، يوشۇرۇن - ئاشكارا ئۆت - بەش خوتۇنى بارمىش…

— خوش ، نېمە گەپ ؟ — دېدى سابىرجان يېنىمىزغا كېلىپ . ئۇنىڭ ئاۋازىمۇ راديو كانىيىدىن چىققاندەك گۇرۇلدەپ چىقىدىكەن .

— ماۋۇ خورازنى مەن تونۇۋاتىمەن ، — دېدىم .

— تونۇساڭ تونۇغانسەن ، — دېدى ئۇ ، — بىر - ئىككى ئايدىن بېرى مۇشۇ بازارنى سوراپ ، مەن سوملاپ ئاقچا تېپىۋاتقان چار خوراز شۇ . هازىر بۇ خورازنى كىم تونۇمايدۇ ؟

— بۇ خوراز ئەسلى مېنىڭكى .

— نېمە دەيسەن ؟ ! — سابىرنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى ، — بۇ سېنىڭ خورىزىڭ بولسا مېنىڭ قولۇمغا قانداق ئۆتۈپ قالدى ؟

— سېنىڭ قولۇڭغا قانداق ئۆتۈپ قالغىنىنى ئۆزۈڭ بىلمىسەڭ مەن نەدىن بىلەي . ئىشقىلىپ ، بىر كېچىدىلا بىرى ئۆيۈمدىن ئوغرىلاپ چىقىپ كەتكەن...

— هوي ، ئاغزىڭغا بېقىپ سۆزلە - هە ! — سابىر كانىيىمدىن «كاپپىدە» سىقىپ ئالدىغا بىر تارتىۋىدى ، يەردىن پۇتۇم كۆتۈرۈلۈپ ئېسىلىپ قالدىم ، — سەندەك قوڭالتاقتىن ئون — يىگىرمىنى سېتىۋالغۇچىلىكىم بار . ئەمدى ئېشىپ - تېشىپ سېنىڭ خورىزىڭنى ئوغرىلىغۇدەكمەنمۇ ؟

— يا ئەمدى سىزنى ئوغرىلىدى ، دېمىدىم ، — دەپ بوشىشىپ كەتتىم مەن ، — باشقا بىرى ئوغرىلاپ كېلىپ ، سىزگە ساتتىمىكىن ، دەيمىنا...

خۇداغا شۈكۈر ، سابىر ياقامنى قويۇۋەتتى . ئەتراپىمىزغا تېخىمۇ كۆپ ئادەم ئولاشقىلى تۇردى . سابىر سۆڭگىچىدىن كۆتۈرۈپ يۈرىدىغان تېلېفوندىن بىرنى «شاققىدە» ئالدى (ياللا ،

بۇ قىمارۋازلارنىڭ تەرەققىي قىلىپ كەتكىنىنى كۆرمەمدىغان !) . ئۇنىڭ سىمىنى چىمدىپ چىقىرىپ ، كىمدۇر بىرى بىلەن سۆزلەشكىلى تۇردى .

— ۋەي ، ۋەي ، ئېلاخۇنما ؟… ماۋۇ چار خورازنى بۈگۈن بىرى كېلىپ مېنىڭ خورىزىم ، دەيدۇغۇ ؟… ھە ، ھە… مۇنداق گەپمىدى… ھە بولىدۇ . باشقا گەپ يوق … — سابىر تېلېفوننى سۆڭگۈچىگە ئالدىرىماي تاقاپ ، ماڭا قاراپ سورىدى : بۇ خورازنى ئادەملىرىمىز تۇرپاندىن كىچىك بالىنى كۆتۈرگەندەك قۇچىقىدا كۆتۈرۈپ ئەكەلگەنىكەن . سەن تۇرپانلىقمۇ - يە ؟

— يوقسۇ ، مەن تۇرپان دېگەننى كۆرۈپمۇ باقمىغان .

— ئەمىسە سېنىڭ توخۇيۇڭ تۇرپانغا قانداق بېرىپ قالدى ؟

— ئوغرىلىغان ئوغرى تۇرپانغا ئاپىرىپ ساتقان بولسا سىلەر يەنە ئۇقۇشماي بۇ يەرگە قايتۇرۇپ كەلگەنسىلەر .

— ئاپلاھۇئەكبەر ! — دەپ چىشلىرىنى غۇچۇرلاتتى سابىر . ئۇنىڭ بۆرتۈپ چىققان مۇسكۇللىرىغا ئەيمىنىپ قاراپ قويدۇم . ئىچىمدە ، نەچچە يىلنىڭياقى تەنتەربىيىنىڭ بىكار نېنىنى يەپ ، ئەقلى تەرەققىي قىلماي ، مۇسكۇللىرىلا تەرەققىي قىلغان نېمىكەن - دە ، بۇ ! دەپ ئويلىدىم . ئەتراپىمدىكىلەرگە ياردەم سورىغاندەك يىلىنىپ قاراپ :

— مانا ماۋۇ بىر تام قوشنام بولىدۇ ، ئىشەنمىسەڭلار سوراپ بېقىڭلار ! — دېدىم . ئىمىنجان :

— راست ، ئەسلى بۇ خوراز مۇشۇ ئاغىنىنىڭ ئىدى ، — دەپ بىر - ئىككى ئېغىز گۇۋاھلىق گەپ قىلدى . سابىر سۆڭگۈچىدىن يەنە ھېلىقى تېلېفوننى ئېلىپ سۆزلەشكىلى تۇردى :

— ۋەي ، ۋەي ، بازار باشقۇرۇشما ؟… سەن ئەكبەرجانمۇ ؟ مەن سابىرجان… ئاۋۇ باشلىقىڭغا ئېيت ، مەيەرگە بىر كېلىپ كەتسۇن… بىزنىڭ ھېلىقى چار خورازنى بىرى «مېنىڭ خورىزىم» دەپ ئۇششۇقلۇق قىلىۋاتىدۇ… ھە ، ھە ، مۇشۇ تاپتا ئاچچىقىمدا بوغۇپ قويىدىغاندەكلا قىلىپ تۇرىمەن… ھە ، چاققانراق !…

يائاللا ، ھازىر بازار باشقۇرۇشنىڭ ئادەملىرى لاۋبەنلەرنى باشقۇرماي ، لاۋبەنلەرنىڭ بازار باشقۇرۇشنىڭ ئادەملىرىنى باشقۇرىدىغان بولۇپ كەتكەنلىكىنى نەدىن بىلەي . بىر ئېغىز گەپ بىلەنلا بازار باشقۇرۇشنىڭ بىرنەچچە ئادىمى دۈكۈرلىشىپ يېتىپ كەلدى . ئۇلار سابىر بىلەن ئىللىق سالاملىشىپ ، ئاندىن مەندىن قوپاللىق بىلەن سورىدى :

— نېمە بۇ بازارنى قالايمىقان قىلىپ يۈرىسىلەر ؟

— بازارنى قالايمىقان قىلمىدىم ، — دەپ ئەھۋالنى چۈشەندۈردۈم ، — ماۋۇ خوراز ئەسلىي مېنىڭكى . قوشنا - قولۇملارنىڭ ھەممىسى بىلىدۇ . ئىككى ئايچە بولدىمىكىن ، ھويلىدىن بىرى ئوغرىلاپ چىقىپ كەتكەن . بۈگۈن كەلسەم بۇ يەردە تۇرۇپتۇ . تونۇۋالدىم… بۇنى مەن چۈجە ۋاقتىدىن تارتىپ باققان . باشتا تازىمۇ ئوبدان تۈغۈمچان مېكىيان بولغانتى . كېيىن مۇشۇنداق خورازغا ئايلىنىپ قالغان…

گېپىمنى ئاڭلاپ ئەتراپتىكىلەر «پاراققىدە» كۈلۈشۈپ كەتتى ، بازار باشقۇرۇشنىڭ ئادەملىرى :

— ھەي ، سەن ساراڭمۇ ، ئوڭمۇ ؟ كىمنىڭكىنى ئەخمەق قىلىسەن ؟ چىقە بازاردىن ! — دەپ دولامدىن ئىتتىرىپ مەيداندىن چىقىرىۋەتتى . بۇنى ئاز دەپ ، دەرۋازىنىڭ ئالدىغا چىققاندا

ئىمىنجان ماڭا تېخىمۇ چېچىلىپ كەتتى .
— جىڭ ئەخمەق ئاغىنىكەنسەن - دە ! — دېدى ئۇ ، — ئاۋۋال تۇخۇم تۇغاتتى ، كېيىن خوراز بولۇپ قالغان ، دېگەن شۇمۇ گەپمۇ ؟ خەقنىڭ ئالدىدا مېنىمۇ رەسۋا قىلدىڭ .
— بۇ راست ئىش تۇرسا ، ھۆكۈمەتنىڭ ئادەملىرى ئالدىدا يالغان سۆزلىگەن بىلەن بولمايدۇ - دە !
— راست بولغان تەقدىردىمۇ ئۇ گېپىڭگە بۇ يەردە كىم ئىشىنىدۇ ؟
— ئەمىسە ، سېنىڭ ئاق خورىزىڭنىڭ ئامېرىكىدا تۇغۇلغىنىغا كىم ئىشىنىدۇ ؟
— ئۇ دېگەن قىزىقچىلىق بولسۇن ، دەپ قىلىپ قويغان گەپ . ماۋۇ دېگەن چاقچاق قىلىدىغان سورۇنما ! ؟...
ئىككىمىز بىر - بىرىمىزگە گەپ قىلماي خېلى يەرگىچە ماڭدۇق .
— توۋا ! — دېدىم مەن ئاخىر ، — بۇ چار خوراز ھېلىقى سابىر دېگەننىڭ قولىغا قانداق چۈشۈپ قالغاندۇ ؟ زادى ئەقلىم يەتمەيۋاتىدۇ .
— ھەي - ي ، بەك ساددا ئاغىنە جۇمۇ سەن ، — دېدى ئىمىنجان ، — بۇ قىمارۋازلار ھازىر بەك تەرەققىي قىلىپ كەتتى . پالانى يەردە بىرىنىڭ نوچى خورىزى باركەن ، دەپ ئاڭلاپ قالسا ، تازا پۇت - قولى چاققان ئوغرىلارغا پۇل بېرىپ بولسىمۇ ئوغرىلىتىپ كېلىدۇ . مەن دېدىمغۇ ، ھېلىقى يۈز سوم زاكالەت بېرىپ ، ئۆيۈڭنى كۆرۈۋېلىپ كەتكەن زاكىر دېگەندە چوقۇم بىر گەپ بار .

# 7

شۇنىڭدىن باشلاپ يەكشەنبە كەلسىلا مەنمۇ تەنتەربىيە مەيدانىدىكى يىڭى بازاردىن قالمايدىغان بولدۇم . بەزىدە چار خورازنىڭ شۇ يەردە سوقۇشۇۋاتقىنىنى كۆرۈپ قالىمەن ، بەزىدە توخۇۋازلارنىڭ : «سابىرجان چار خورازنى پالانى يەرگە ئاپىرىپ سىلىپ ، مانچە مىڭ سوم ئۇتۇۋاپتۇدەك» دىگەن گەپلىرىنى ئاڭلايمەن . قاراپ تۇرۇپ ئۆزۈم بىقىپ چوڭ قىلغان توخۇغا ئىگە بولالمىغىنىمنى ئويلىسام ئىچىم لازا سۈركىگەندەك ۋاژىلداپ ئېچىشىدۇ . بەزىدە سابىر دىگەن مۇتتەھەمنىڭ قىزىل پىكاپتا ھىلىقى سۆڭگەچ تېلېفوننى قۇلىقىغا تۇتۇپ ، غادىيىپ ئولتۇرۇپ (ئۇ ھىچكىم بىلەن سۆزلەشمىسىمۇ ئەتەي شۇنداق ئولتۇرىدىغۇ ، دەيمەن ) ئۆتۈپ كېتىپ بارغىنىنى كۆرسەم : «خەپ ، سىنى گىدەيتكەن مىنىڭ شۇ چار خورىزىمغۇ ، خۇدا جاجاڭنى بېرەر !» دەيمەن .

بىر قېتىم چار خورازنى ناھايىتى بىچارە ئەھۋالدا كۆرۈپ قالدىم . قارىسام چار خورازنى سوقۇشتۇرۇۋېرىپ ھىچ ھالىنى قويماپتۇ . بايقۇشنىڭ ئالدىغا چىچىپ قويغان دانغا قارىغۇچىلىكمۇ مادارى يوق ، باش - كۆزى يارا ، گەجگىلىرىنىڭ پەيلىرى يۇلۇنۇپ ، كونا نوگاينىڭ سىپىدەك قىپقىزىل ئېچىلىپ قاپتۇ . شۇ يەردە تۇرغان بىرنەچچە توخۇۋاز :

— يائاللا ، بۇ خوراز ئىككى - ئۈچ ئايدىن بىرى توختىماي سوقۇشۇۋاتىدۇ جۇمۇ . سابىرجان پۇلنى دەپ بۇ توخۇنى ئۆلتۈرۈپ قويامدۇ ، نىمە؟ — دىيىشىۋاتىدۇ . يەنە بىرى :

— شۇنى دەڭلار ! — دەپ ، ھەدەپ چار خورازنىڭ يارىلىرىغا

ماي سۇركەۋاتىدۇ .

خورازغا ئىچىم ئاغرىپ قالدى . «ئۆزۈڭگىمۇ ئاز ، خوراز بولمەن ، دەپ يوغانچىلىق قىلغۇچە ئىسسىق كاتەكتە يېتىپ ، تۇخۇمۇڭنى تۇغۇۋەرگەن بولساڭ ساڭا بۇ كۈنمۇ يوق !···» دېدىم ئىچىمدە . شۇ كۈندىن باشلاپ تەنتەربىيە مەيدانىغا بېرىشقىمۇ كۆڭلۈم تارتمايدىغان بولۇپ قالدى .

ئارىدىن ئانچىمۇ ئۇزاق ۋاقىت ئۆتمىدىغۇ ، دەيمەن . ئىمىنجان هويلىغا يەنە ئالدىراش كىرىپ كەلدى .

— توخۇ بازىرىدىكى قىزىقچىلىقلارنى ئاڭلىدىڭمۇ ؟ — دېدى ئۇ .

— نېمە قىزىقچىلىقكەن ؟ — دېدىم .

— هېلىقى خورىزىڭ راستتىنلا مېكىيان چىقىپ قاپتۇ .

— نېمە دېدىڭ ! ؟ — دەپ هەيران بولدۇم ، — چار خورازنى ئەسلي مېكىيانتى دېسەم ئەجەب ئىشەنمىگەنتىڭغۇ ؟

— خۇدايا توۋا ، راست دەپتىكەنسەن .

— هە ، قانداق قىلىپ يەنە مېكىيان بولۇپ قاپتۇ ؟

— ئۆتكەن يەكشەنبە چار خورازنى بىر خورازغا ساپتىكەن . چار خوراز مېكىياندەك پوكىنىنى يەرگە يېقىپ «موككىدە» يېتىۋېلىپ ، زادى سوقۇشقىلى ئۇنىماپتۇ . سابىر بايۋەچچە ئۇنى ئاچچىقىدا شۇ يەردىلا بوغۇزلىۋېتىپتۇ . ئۆيگە ئاپىرىپ ئىچ - قارنىنى يارسا ، خورازنىڭ ئىچىدىن ساپساق بىر تۇخۇم چىقىپتۇدەك .

— خۇدايا توۋا ! — دېدىم .

— مەن ساڭا ، هېلىقى زاكالەت پۇلى بەرگەن زاكىر ئاشۇ

ئوغرىلارنىڭ شېرىكى، دېسەم زادى ئىشەنمىگەنتىڭغۇ؟

قانداق، چار خورازنى شۇ ئوغرىلاپتىمىكەن؟

ئىشقىلىپ، خورازنىڭ ئىچ ـ قارنىنى يارغان يەردە ئۇمۇ باركەن. سابىر بايۋەچچە ھېلىقى تۇخۇمنى يەرگە ئاتماقچى بوپتىكەن، زاكىر غېرىب: «بايۋەچچە، توختاڭلا، خوراز تۇغسا گۆھەر تۇغىدۇ، دېگەن گەپ بار جۇمۇ!» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى ھېلىقى تۇخۇمنى قولدىن ـ قولغا ئېلىپ، ئۇياق ـ بۇيىقىغا ئۆرۈپ تازا قاراپ كېتىپتۇدەك، قارىسا ئادەتتىكىدەك ئاپئاقلا تۇخۇم. «گۆھەر ئىچىدە ئوخشىمامدۇ» دەپ چېقىپتىكەن، نەدىكى گۆھەر دەيسەن، تۇخۇمنىڭ سۈيى سىركايىگە «شالاققىدە» ئېقىپ چۈشۈپتۇ. بىر تال چوكا بىلەن ئىلەشتۈرۈپ باققانىكەن، ئېقى بىلەن سېرىقى ئارىلىشىپ كېتىپتۇ. سابىر بايۋەچچە «ئۇششاق گۆھەر بولسا چىشىمنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ سۈزۈۋالاي» دېدىمۇ، ئاچ كۆزلۈك بىلەن سىركايىنى قولىغا «غاچچىدە» ئېلىپ، تۇخۇمنىڭ ھەممىسىنى «گۇپپىدە» ئىچىۋاپتۇ، شۇنىڭدىن بېرى ئۇ بىر قىسما بولۇپ قاپتۇدەك.

— نېمە بوپتۇ؟

— كۆزۈم بىلەنغۇ كۆرمىدىم. ئاڭلىسام، ئاۋازى ئىنچىكىلەپ، مەيدىسى يوغىناپ، ساقال ـ بۇرۇتلىرى كۆيە چۈشكەندەك تۆكۈلۈپ، يا ئەر ئەمەس، يا ئايال ئەمەس بىر نېمىگە ئوخشىشىپ قاپتۇدەك، ھازىر ئىسمىنى سابىرە قويۇپتۇ. لايىقىدا ئەر بولسا تېگىشۋالسام بولاتتى، دەپ قىزىل پىكاپىغا ئولتۇرۇپ، شەھەرنى توختىماي چۆرگىلەپ يۈرىدۇ، دەيدۇ. ھازىر ئۇنىڭ خوتۇنلىرى خېتىنى ئېلىپ، باللىرى مىراسىنىڭ جېدىلىگە چۈشۈپتۇدەك...

— يا قۇدرەت ، نېمە گەپتۇ بۇ ! ئىمىنجان ، يەنە يالغان ھېكايىدىن بىرنى توقۇۋاتامايدىغانسىلە ؟ — دېدىم .

بىر كۈنى ، سابىر بايۋەچچە نەق كوچىدىلا ئالدىمغا ئۇچراپ قالدى . ئاستى ـ ئۈستى كالپۇكىنى ھېلىقى مايمۇنىنىڭ دېگىلى بولمايدىغان يېرىدەك قىلىپ قىپقىزىل بويىۋاپتۇ . بىر قۇلىقىدا يوغان ھالقا ، بويىنىدا ئالتۇن زەنجىر ، چېچىنى كەينىگە تاراپ ، گەجگە تەرەپنى ساقال چوتكىسىدەك قىلىپ بوغۇۋاپتۇ . قېشىغا ئىنچىكە قاشلىق ئېتىپ ، يۈز ـ كۆزىگە بولۇشىچە گىرىم قىپتۇ . ئالدىدىن قارىسا مەيدىسى ، كەينىدىن قارىسا ساغرىسى دۆڭدەك چىقىپ تۇرىدىغان تازىمۇ كېلەڭسىز خوتۇن بوپتۇ ، ھەممە ئادەمگە تەڭ كۆز تاشلاپ ، قىسىپ دەسسەپ كېلىۋاتىدۇ . «يائاللا ، بۇنى قانداقمۇ ئەر ئالار !» دەپ كۆڭلۈم ئېلىشىپ كەتتى . دەرھال كەينىمگە يېنىپ ماڭدىم . ئەمدىلا بىر ـ ئىككى قەدەم ئېلىپ تۇرۇشۇمغا ئارقامدىن :
— ھوي ئادەم ، توختاڭە ! — دېگەن ئاۋاز ئاڭلانماسمۇ ، يۈرىكىم «قارتتىدە» قىلىپ قالدى . ئۆرۈلۈپ قاراشقا جۈرئەت قىلالماي باشتا ئىتتىك ـ ئىتتىك ماڭدىم ، كېيىن يۈگۈرگىنىمچە قاچتىم .

1995 ـ يىل ، غۇلجا

# ئويغاق تۇرۇپ كۆرگەن چۈشلەر

خىزمەتتىن قايتىپ كېلىپ، ئۆزۈمنى ساپاغا تاشلاپ، ئەمدىلا بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرۇپ تۇراتتىم، ئايالىم كۈلۈپ:

— ھېلىقى كىشىدىن خەت كەلدى، — دېدى.

— كىمدىن؟ — دەپ سورىدىم.

— ھېلىقى سىزگە غەلىتە ھېكايىلەرنى ئەۋەتىپ تۇرىدىغان...

— «ساراڭ»نىڭ ئاپتورىدىنمۇ؟

— ھەئە.

«ساراڭ»نىڭ ئاپتورىنىڭ ماڭا بىر نەرسە ئەۋەتمىگىنىگە ئىككى - ئۈچ يىل بولۇپ قالغانىدى. بەزىدە ئۇ يادىمغا كېلىپ قالسا، راست، شۇ ئاغىنە مۇشۇ كۈنلەردە نېمە ئىش قىلىپ يۈرىدىغاندۇ؟ دەپ ئويلاپ قالاتتىم. بەزى يېقىن ئادەملەر ھېلىقى سىزگە ھېكايە ئەۋەتىپ تۇرىدىغان ئاغىنە يوقىلىپ كەتتىغۇ؟ دەپ سوراپمۇ قوياتتى. ئايالىم ئۇزاتقان كونۋېرتنى ئىتتىك قولۇمغا ئالدىم - دە، ئېچىپ ئوقۇدۇم. ئۇ خېتىنى مۇنداق باشلاپتۇ:

«رەئىس ئەپەندىم، ياخشىمۇسىز؟ رەئىس بولغانلىقىڭىزنى مۇبارەكلەپ ئالدىڭىزغا بارىدىغان يولۇم بار ئىدى. يېتىشەلمىدىم. سودا ئىشىغا ئازراق ئارىلىشىپ يۈرگەنلىكىمدىن خەۋىرىڭىز بار. ھەرقاچان، بۇ چاغقىچە مېنى باي بولۇپ، تىقىلىپ كەتكەندۇ، دەپ ئويلاۋاتقانسىز؟ نېمىسىنى ئېيتاي،

ئادەم باي بولغانسېرى باي بولغۇسى كېلىدىكەن . ئەتراپىمغا قارىسام ، پۇل تاپقانلار بەسلىشىپ ، بىر - بىرىدىن ھەشەمەتلىك ئىمارەتلەرنى سېلىشىپ ، تاراقشىپ كەتكىلى تۇرۇپتۇ . مېنىڭمۇ بىراقلا بېيىپ ، خەقنى بىر ھەيران قالدۇرغۇم كېلىپ كەتتى . شەيتان ئازدۇردىمۇ ، بىلمىدىم ، باشقىلاردىن قەرز - قۇرۇز قىلىپ ، ئۆزۈمنىڭ بار پۇلۇمنى قېتىپ ، بىر چوڭ سودىغا دو چىقىپتىكەنمەن ، قويمىچىلار ئوڭدا قويدى . ئۆزۈمنىڭ تارتقان زىيىنىمغۇ مەيلى ، ماڭا پۇل قەرز بېرىپ تۇرغانلار كۈندە ئۆيۈمگە كېلىشىپ ، بوسۇغامنى تېشىشىپتەي ، دەپ قالدى . ئۇلار مېنى ‹قويمىچى › دەپ تىللايدۇ ، مەن ھېلىقى بار پۇلۇمنى سۈپۈرۈۋېلىپ ، چەت ئەلگە قېچىپ چىقىپ كەتكەن چوڭ قويمىچىنى تىللايمەن . ئاخىردا ، قايسىمىز قايسىمىزنى تىللاۋاتقىنىمىزنى بىلەلمەي ئېلىشىپ قالايلا دېدۇق . يېقىندىن بىرى دەرۋازامغا بىر ھەدىس كىتابتىكى ‹قەرزدارنى تولا قىستاشمۇ قاتتىق گۇناھ › دېگەن سۆزلەرنى يوغان قىلىپ يېزىپ چاپلاپ قويۇپ ، ئۆزۈم سىرتلاردا مۆكۈنۈپ يۈرىمەن . بەزىدە ھېلىقى سىزگە ھېكايە يېزىپ بېرىپ يۈرگەن چاغلىرىمنى ئارزۇ قىلىپ قالىمەن . ئۇ چاغلاردا ئۆزۈم كەمبەغەل بولساممۇ ، كۆڭلۈم خاتىرجەم ئىدى .

مۇشۇ كۈندە جاھان تەتۈر بولۇپ قېلىۋاتامدۇ ، قانداق ؟ قاراڭ ، ئىلگىرى ساقال - بۇرۇت دېگەننى دادىلىرى قويۇپ ، بالىلىرىنىڭ ئېڭەكلىرى پاك - پاكىز تۇرىدىغان ، ھازىر ھەممە ساقال - بۇرۇت ياشلارغا كۆچۈپ ، چوڭلارنىڭ ئېڭىكى تاقىرلىشىپ كەتكىلى تۇرۇپتۇ . ئەرلەرنىڭ پۇتىدا قونچىسىز ئاياغ ، ئۆتۈك دېگەننى ئاياللار كىيىدىغان بوپتۇ . ئاياللار چېچىنى

قىسقارتىپ ، ئەرلەر ئۆزۈن چاچ قويىدىغان بوپتۇ . ياخشى ئادەملەر زىيان تارتىپ ، ساختىپەزلەر بىيىپ كەتكىلى تۇرۇپتۇ... ئاڭلىدىڭىزمۇ ؟ چەت ئەللەردە نامراتلار سەمرىپ ، بايلار ئورۇقلاپ كېتىۋاتقۇدەك... بىر گالىستۇك چىقىپتۇدەك ، ئۇنى تاقاپ ياتقان ئادەم پەقەتلا خورەك تارتماسمىش... يەنە بىر كۆزەينەك كەشىپ بوپتىمىش ، ئۇنى تاقاپ ئۇخلىسىڭىز چۈشمۇ كۆرمەيدىكەنسىز... «چۈش» دېسە ئېسىمگە كېلىۋاتىدۇ . ئىچىم پۇشۇپ ئۆزۈمچە يەنە بىرنېمىلەرنى يېزىپ باقتىم . بۇداقى ئەسىرىمنىڭ ماۋزۇسنى «ئويغاق تۇرۇپ كۆرگەن چۈشلەر» دەپ قويدۇم . ئۆزۈنلۇقىغا قاراپ ، شېئىرنىڭ ماۋزۇسغا ئوخشىشىپ قاپتۇ ، دەيسىز ھەرقاچان . مۇشۇ كۈندىكى شېئىرلارنىڭ كۆپلىتى قىسقىراپ ، ماۋزۇسىنىڭ ئۇزىراپ كېتىۋاتقىنىغا مەنمۇ ھەيران... »

ئاپتور يېڭى ئەسىرىنى مانا مۇنداق يېزىپتۇ .

*　　　*

مۇشۇ بازار دېگەنمۇ ئاجايىپ نەرسە - دە ! ئۇ گويا پورۇقلاپ قايناۋاتقان قازانغا ، ئويۇن قىزىغان سەھنىگە ئوخشىشىدۇ . بۇ يەرگە ئىشى بارمۇ چىقىدۇ ، ئىشى يوقمۇ چىقىدۇ ؛ گۈزەللەر بۇ يەردە ئۆزىنىڭ رۇخسارىنى ، بايۋەچچىلەر سۆلىتىنى كۆز - كۆز قىلىشىدۇ ؛ كىملەردۇر ئالىدۇ ، كىملەردۇر ساتىدۇ ؛ كىملەردۇر كۈلىدۇ ، كىملەردۇر ھەسرەت چېكىدۇ ؛ كىملەردۇر بىر ناننىڭ غېمىدە توختىماي پالاقلايدۇ ، يەنە كىملەردۇر لەلەڭلەپ يۈرۈپ تاماشا كۆرىدۇ...

مانا، بىر ئوبدان ئىشلەۋاتقان ئورنۇمدىن ئوقەت قىلىمەن، دەپ چىقىۋالغىنىمغا ئىككى يىل بولدى، مەنمۇ ھەر كۈنى دېگۈدەك مۇشۇ بازاردا. قىلغان ئىشىمنىڭ تايىنى يوق، ئەتىگەندە ئۆيدىن: «خەپ، بۈگۈندىن باشلاپ زادى بىر ئىشنىڭ پېشىنى تۇتىمىسام» دەپ چېپىمنى ئېچىپ چىقىمەن، بازارنى بىر كۈن قۇرۇق چۆرگىلەپ، كەچتە خىجالەتچىلىكتە يېرىم ھېجىيىپ، ئايالىمنىڭ تامىقىغا ئاران ئۈلگۈرۈپ ئۆيگە قايتىپ كېلىمەن. ھېلىمۇ ئايالىمنىڭ ئىش ئورنى بولۇپ قاپتىكەن، بولمىسا كۈنۈم قانداق ئۆتەتتىكىن؟

بىر كۈنى پىيادىلەر يولىدە ھەر تەرەپكە قاراپ ھاڭۋېقىپ، خىيال بىلەن كېتىپ باراتتىم. يېنىمدىن بىر ئاغىنە گۈلدۈرلەپ مېڭىپ ئۆتۈپ، مەندىن تۆت - بەش قەدەم ئالدىدا كېتىپ بارغان بىرىگە سوقۇلۇپ، ھېلىقى ئادەمنى ئوڭدىسىغا ئۇچۇرۇۋەتتى. ئىشى بەك ئالدىراش بولسا كېرەك، يىقىلغانغا قاراپمۇ قويماي كىشىلەر ئارىسىدا غايىب بولدى. ئىتتىك بېرىپ يىقىلغان بىچارىنى يۆلىدىم. ياشلا بىر يىگىتكەن، ئورنىدىن تۇردى - دە:

— كۆزۈڭگە قاراپ ماڭساڭ بولمامدۇ ۋاي! — دەپ قۇلاق تۈۋىمگە بىرنى سالدى.

بېشىم «پىررىدە» قېيىپ كەتتى. ئېسىمنى يىغىپ، مۇشت ئېتىش دېگەننى بىر كۆرسىتىپ قوياي، دەپ ئۆزۈمنى رۇسلاپ توختاپ قالدىم. قارىسام، ئالدىمدا بويىنىغا چىگكەن كىر گالىستۇكى بىر تەرەپكە قىيسىيىپ كەتكەن، كاستۇمىنىڭ بىر تۈگمىسىنى پەس، بىر تۈگمىسىنى ئېگىز ئېتىۋالغان، كۆزلىرى ئېلىشاڭغۇ، ياخشى - يامانىنى پەرق ئەتكۈچىلىك ئېسى قالمىغان بىر مەست دەلدەڭلەپ تۇرۇپتۇ. دەردىمنى ئىچىمگە يۇتتۇم - دە،

كېتىپ قالدىم .

شۇ بىر مۈشتنى يېگەندىن كېيىن ئۆزۈمگە تازا ئوخشىماي قالدىم . باشتا بىر - ئىككى كۈن بېشىم زىڭىلداپ ئاغرىپ يۈردى . ئاندىن تۇرۇپلا ئۇخلىماي چۈش كۆرىدىغان بولۇپ قالدىم . ئۆزۈم بازاردا كېتىپ بارسامۇ ، شۇ تاپتا نەدە كېتىپ بارىمەن ، يېنىمدىن كىملەر ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ ، ئەتراپىمدا نېمە ئىشلار بولۇۋاتىدۇ ، ئاڭقىرالمايمەن ، خىيالىم باشقىلا بىر دۇنياغا كېتىپ قالىدۇ ، بىر چاغدا ئېسىمنى يىغىپ ، ئۆزۈمنىڭ بازاردىن چىقىپ ، باشقىلا بىر يەرلەردە كېتىپ بارغانلىقىمنى كۆرىمەن - دە ، توۋا ، مەن نېمە بولدۇم ؟ دەپ ياقامنى تۇتىمەن .

مانا ، ئالدىنقى كۈنىلا يولدا پىيادە كېتىپ باراتتىم ، بىر چاغدا قارىسام ، تازىمۇ ئېسىل بىر قارا پىكاپتا ئولتۇرغۇدەكمەن . پىكاپنىڭ شوپۇرىمۇ يوق ، غۇيۇلداپ شۇنداق ئېتتىك كېتىۋاتقۇدەك . يائاللا ، مۇنداق شوپۇرى يوق ماشىنىدا ئولتۇرۇش خەتەرلىكتۇ ! دەپ ئويلاپ تۇراتتىم ، پىكاپ دەرەخلىك بىر يولنىڭ چېتىگە كېلىپ توختىدى . پىكاپتىن دەرھاللا چۈشۈۋالدىم . ماشىنىنىڭ ئىشىكىنى «گۈپپىدە» يېپىپ تۇرۇشۇمغا كۆزۈم ئالدى تەرەپتىن ساغرىسىنى ئويىنتىپ كېلىۋاتقان بىر چوكانغا چۈشتى . ھېلىقى چوكاننىڭ بويندا ئىككى قات ئالتۇن زەنجىر ، قۇلىقىدا زۇمرەت كۆزلۈك ھالقا ، قوللىرىنىڭ ھەربىر بارمىقىدا جۈپ - جۈپ ئۈزۈك ، مەيدىسىدە ئاتنىڭ تاقىسىدەك يوغان ئالتۇن بۇلاپكا جۇلالىنىپ تۇرۇپتۇ . يائاللا ، تازىمۇ بىيىپ كەتكەن خوتۇن ئوخشىمامدۇ ؟ دەپ قالدىم . چوكان يېقىنلاپ كېلىپ ، ماڭا قاراپ تاتلىق بىر كۈلۈمسىرەپ قويدى . شۇنىڭ بىلەن كونا تونۇشلاردەك قىزغىن پاراڭلىشىپ كەتتۇق .

— ھېلىقى كەتكەن پىكاپ سىزنىڭمۇ ؟ — دەپ سورىدى چوكان .

— ھە ، كونىسىنى سېتىۋېتىپ ، بۇنى يېقىندا ئالغان ، — دېدىم .

— قالتىس پىكاپكەن ، مەنمۇ شۇندىقىدىن بىرنى ئالاي دېگەن ، تاپالمايۋاتىمەن ، — دېدى چوكان .

— كېرەك بولسا تەڭ ئىشلىتىلى . ھايتلا دەڭ ، ئۆزۈم ھەيدەپ بېرىپ خىزمىتىڭىزدە بولىمەن . ئۆيدە يېپيېڭى يەنە بىر موتسىكلىتىمۇ تۇرۇپتۇ . موتسىكلىتكە مىنسەم يۈرىكىم سالىدۇ ، دەمسىز ؟ توۋا ! خۇشاللىقتىنمۇ ، قورققانلىقتىنمۇ ؟ كىچىك ۋاقتىڭىزدا ئاتقا مىنىپ باققانمۇ ؟ ئېشەككىغۇ مىنگەنسىز ؟ يازنىڭ كۈنى دېگەندە تازا لىغ - لىغ كۆڭلەكنى كىيىپ چىقىپ ، موتسىكلىتتا چاپلىشىپ ئولتۇرۇپ ساياھەتكە چىقىدىغان بولساق ، ئۇنىڭ ھۇزۇرى يەنە باشقا دەڭە...

شۇنداق دەپ ھېلىقى چوكانغا ئاغزىمغا كەلگەن بىرنېمىلەرنى سۆزلەپ قايناپلا كېتىپتىمەن . ھېلىقى چوكان : «ئەجەب قىزىق ئادەمكەنسىز » دەپ كۈلۈپ تېلىقىپ قاپتۇ . بىر چاغدا ئېسىمنى يىغسام ، كونا - يېڭى ماللارنى ساتىدىغان ئادەملەر توپى ئارىسىدا تۇرۇپتىمەن . ئالدىمدا نەدىمۇ سەتەڭ چوكان بولسۇن ، ھېلىقى يەتتە ئەرگە تېگىپ چىقىپ ، پۈتۈن شەھەرنى تاسقىۋەتكەن مەڭلىكخان «دەللە» تۇرۇپتۇ . مېنىڭ شېرىن گەپلىرىمنى ئاڭلاپ بۇ خوتۇنىنىڭ بەللىرى ئىختىيارسىز تولغىنىپ ، كۆزلىرى خۇمارلاشقىلى باشلاپتۇ . بۇ رەسۋا خوتۇن بىلەن گەپلىشىپ تۇرغىنىمنى تونۇش - بىلىشلەر كۆرۈپ قالغانمىدۇ ؟ دەپ ئەتراپىمغا خۇدۇكسىنىپ قارىدىم - دە :

— ماقۇل ئەمىسە ، قالغان گەپلەرنى كېيىن قىلىشارمىز ـ ھە ! — دەپ ئىتتىكلا كېتىپ قالدىم .

كېتىپ بېرىپ ھېلىقــــى سەتەڭ چوكان قانداق بولۇپ مەڭلىكخانىغا ئۆزگىرىپ قالدى ؟ بۇ چۈشۈممۇ ، ئوڭۇممۇ ؟ بولمىسا مەڭلىكخانىنىڭ ئوڭ مەڭزىدىكى يوغان قارا مەڭ قانداقچە سول مەڭزىگە ئۆتۈپ قالىدۇ ؟ مەن سەل غەلىتە بولۇپ قېلىۋاتىمەنمۇ ، قانداق ؟ دەپ ھەيران بولدۇم .

خېلى داڭلىق بىر دوختۇر تونۇشۇم بار ئىـــدى بېرىپ ئەھۋالىمنى ئېيتتىم . ھەرقاچان ، بۇ ئاغىنە ھېلىقــــى مېڭە تەكشۈرىدىغان ، يۈرەك تەكشۈرىدىغان بىرنېمىلەرگە چۈش دەپ قەغەز يازغىلى تۇرىدىغۇ دەيمەن ، دەپ ئويلىدىم . لېكىن ، ئۇ ھېچقانداق قەغەزمۇ يازمىدى . ماڭا تازا قاراپ ئولتۇرۇپ كېتىپ :

— كۈندۈزىغۇ ئويغاق تۇرۇپلا چۈش كۆرىدىكەنسىـــــز ، كېچىسىچۇ ؟ — دەپ سورىدى .

— كېچىسىمۇ ئوخشاش ، — دېدىم مەن ، — ئۇخلاپ كەتسەم چۈشمۇ كۆرمەي شۇنداق تاتلىق ئۇخلايمەن . ئۇيقۇم كەلمەي كۆزۈمنى پارقىرىتىپلا ياتتىممۇ ، بولدى ، يەنە غەلىتە ـ غەلىتە چۈشلەرنى كۆرگىلى تۇرىمەن . ئالدىنقى كۈنىلا كېچىسى قانداق چۈش كۆرۈپتىمەن ، دېمەمسىز ؟ چۈشۈمدە شەھىرىمىزنىـــڭ چېتىدىكى خالىي بىر كوچىـــدا خـــيال سۈرۈپ كېتــــىپ بارغۇدەكمەن . تۇيۇقسىز كۆزۈم يولنىڭ ئۈستىدە تۇرغان كۆكۈچ بىر قەغەزگە چۈشۈپ قالدى . زەن سېلىپ قارىسام پۇل . يېڭىلا بانكىدىن چىققان ، بېلى باغلاقلىـــق پېچەت يۈز سوملۇقلار . ئېڭىشىپلا ئېلىپ يانچۇققا سېلىشقا جۈرئەت قىـــلالمىدىم . چاندۇرماي ، ئاستا تېپىپ يولنىڭ چېتىگىرەك سۈرۈپ قويۇپ

ئۆتۈپ كەتتىم. بىر - ئىككى قەدەم باسمايلا، تەييار پۇلنى ئارقامدىن كېلىۋاتقان بىرەرى «موككىدە» ئېلىپ يانچۇققا سالمىسۇن، دەپ ئارقىغا ياندىم. پۇل يەنە يول ئۈستىدە تۇرۇپتۇ. پۇلنى تاشلاپ قويۇپ، قېنى قانداق قىلاركىن، دەپ يىراقتىن تاماشا كۆرۈپ تۇرغانلار بولمىسۇن، دېگەن گۇماندا ئەتراپقا قارىدىم. مەن تەرەپتە ئادەممۇ يوق، يولنىڭ ئۇ چېتىدە بىر - ئىككى ئادەم ئالدىراش كېتىپ بارىدۇ. يولدىن ئاندا - ساندا ماشىنىلار ئۆتۈپ تۇرۇپتۇ. پۇلنىڭ قېشىغا يەنە يېقىنلاپ باردىم. يانچۇقۇمدىن قولياغلىقىمنى ئېلىپ، پېشانەمدىن بۇزۇلداپ چىقىۋاتقان تەرلەرنى سۈرتتۈم. قولياغلىقنى يەرگە تاشلىۋېتىپ، ئېڭىشىپ قولياغلىق بىلەن قوشۇپلا پۇلنى ئېلىپ يانچۇققا سالدىم- دە، ئالدى - كەينىمگە قارىماي ئىتتىك مېڭىپ كەتتىم. يولدا كېتىپ بارىمەن. خىيالىم يانچۇقۇمدىكى پۇلدا، ئۇنى پات- پات تۇتۇپ قويىمەن، قولۇمغا ئېلىپ ساناپ بېقىشقا جۈرئەت قىلالمايمەن. ئىچىمدە: بۇ پۇلنى كىم چۈشۈرۈپ قويغاندۇ؟ ئۇ زادى قانچىلىك پۇلدۇ؟ ساختا پۇلمىدۇ - يا؟ كېرەك يوق، ساختا پۇلمۇ پۇل، ناھايىتى مەن ئۇنى كېچىسى ئاچىقىپ خەجلەرمەن، يۇز سوملۇقنى ئەللىك سوملۇققا ھېسابلاپ ئالسىمۇ مەيلى، دەيمەن.

سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە توختاپ قالدىم. دوختۇرمۇ بۇ چۈشۈمگە قىزىقىپ قالغان بولسا كېرەك:

— راست پۇلمىكەن؟ — دەپ سورىدى.

— دەۋاتىمەنغۇ، بانكىدىن ھېلىلا چىققان پىچەت پۇل، — دېدىم.

— قانچىلىك پۇلكەن؟

— قانچىلىك پۇللۇقىنىمۇ بىلمىدىم .

— تويغا تازا مىلىۋېتىپ ، كونىرتىپ ئاچچىقىپ خەجلىگەنسىز ھەرقاچان .

— بىرەر قەغىزىنى خەجلىۋالغان بولسامۇ نېمە ئارمىنىم…

— نېمە ؟ ! ھەممىسىلا ساختا پۇلمىكەن ؟

— دەۋاتىمەنغۇ ، دوختۇر ، بۇ مېنىڭ چۈشۈم…

— چۈشۈم دېدىڭىز - ھە ، راست . قېنى داۋامىنى سۆزلەڭ !

— داۋامى قانداق بولاتتى ، ئايالىمنىڭ ناھايىتىمۇ بىمەھەل ۋاقىتلاردا مېنىڭ بىلەن مۇڭداشقۇسى قىستاپ كېتىدىغان بىر ئىشى بار . پۇلنى يانچۇققا سېلىپ ، تازا شۇنداق ئالدىراش كېتىپ بارغان چېغىمدا ، ئايالىم : «ھوي ، ھوي ، ماڭا قاراڭ !» دەپ نوقۇپ چۈشۈمنى بۇزۇۋەتتى . ئاچچىقىمدا شۇنداق بىر ئالايغانتىم ، قاراڭغۇدا كۆرمەي قالدى .

دوختۇر قولىدىكى رېتسېپ يازىدىغان قەلىمىنى ئۈستەلگە توكۇلدىتىپ ئۇرۇپ تۇرۇپ كەتتى - دە :

— چۈش… ئۇخلىماي چۈش كۆرمەن . دېدىڭىز - ھە ؟ توۋا ! — دەپ گەپ باشلىدى ، — بىلەمسىز ، ئىنساننىڭ روھى تېخى ئېچىلمىغان بوز يەرگە ، ئادەم قەدىمى يەتمىگەن پىلانېتالارغا ئوخشىشىدۇ . ئۇنىڭ ئىلىم - پەن بايقىغان ۋە تېخى بايقىمىغان نۇرغۇن سىرلىق تەرەپلىرى بار . مەلۇم شارائىت ئاستىدا ئىنسان روھىنىڭ بىزگە مەلۇم بولمىغان بىرەر تەرەپلىرى ئەنە شۇنداق غىل - پال چاقناپ قالىدۇ - دە ، يەنە ئۆچىدۇ . سىز بۇنى ھەرگىز كېسەل ، دەپ ئويلاپ قالماڭ ، كۆرگەنلا ئادەمگە سۆزلەيمۇ ئاۋارە بولماڭ . چۈشەنمىگەن ئادەم سىزنى ئېلىشىپ

قاپتۇ ، دەپ قىلىشمۇ مۇمكىن . ئىنساننىڭ ئىچكى دۇنياسىنىڭ مۇنداق يوشۇرۇن سىرلىرىنى چۈشىنىدىغانلار تېخى ناھايىتى ئاز .

دوختۇرنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ شۇ كۈنى كەچ كىرگۈچە خۇشال يۈردۈم . ئۆزۈمدە ئاجايىپ بىر خىسلەتنىڭ بىخلىنىپ چىقىۋاتقانلىقىنى ھېچبولمىغاندا ئايالىمغا بولسىمۇ ئېيتقۇم كېلىپ قالدى . كەچتە ئايالىم چىراغنى ئۆچۈرۈپ يېنىمغا كېلىپ ياتقاندا ، ئۇنىڭغا دېدىم :

— خوتۇن ، ئاڭلىغانمىدىڭ ؟ ئىنساننىڭ روھى تېخى ئېچىلمىغان بوز يەرگە ئوخشىشىدىكەن .

— نېمە ؟ ! — دېدى ئايالىم سۆزۈمنى چۈشەنمەي ، — بىزنىڭ ئىدارىدىكى ھېلىقى سارىگۈل دېگەن خېنىم قىزىنىڭ تويىنى قىلغۇدەك ، يۈز سوم قويسام بولارمۇ ، ئەللىك سوم قويسام بولارمۇ ؟

— مەن دەيمەن ، ئىنسان روھى تېخى ئادەم قەدىمى يەتمىگەن سىرلىق پىلانېتاغا ئوخشىشىدىكەن .

— مۇشۇ تويىنىڭ جىقلىقىدىن خويما زېرىكتىمغۇ . بارماي دېسە ، ئادەمگەرچىلىكتىن قاچقاندەك ئىش بولىدۇ . ھەممىلا ئېيتقان يەرگە بېرىۋېرەي دېسە ، پۇلنىڭ ئىشى...

— ھېلىقى مەڭلىكخاننى تونۇيسەنغۇ ؟ خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن ئۇنىڭ ئوڭ مەڭزىدىكى مەڭ سول مەڭزىگە ئۆتۈپ قاپتۇ .

— ئوھۇش ، يوقىلاڭ گەپلەرنى قىلماي ئۇيقۇڭىزنى ئۇخلاڭە ! سىزنىڭغۇ باردى - كەلدى دېگەنگە زادى قانچىلىك بىرنېمە كېتىۋاتىدۇ ، خىيالىڭىزغىمۇ كىرىپ چىقمايدۇ .

— ئەستاغپۇرۇللا ، مەن نېمە گەپ قىلىۋاتىمەن ، ماۋۇ خوتۇن نېمە گەپ قىلىۋاتىدۇ ، — دەپ چىچىلدىم مەن ، —

ئاڭلاۋاتامسەن ، يېقىندىن بېرى ئويغاق تۇرۇپلا چۈش كۆرىدىغان بولۇپ قالدىم ، چۈش !

— ئالجىغانلىقىڭ ئالامىتى ، — دېدى ئايالىم كېسىپلا ، — خەق ئوقەت قىلىپ ، شاراقلىتىپ پۇل ساناپ يۈرسۇن ، سىز ئىككى يىلدىن بېرى قىلغان ئىشىڭىزنىڭ تايىنى يوق ، ئۇخلىماي چۈش كۆرۈپ يۈرۈڭ .

— ئەجەب پۇل - پۇللا دەپ قالدىڭا ! مەن ساڭا بىر قىزىق گەپنى قىلىپ بېرەي ، ئۇ كۈنى يولدا كېتىپ بېرىپ رەجەپنى كۆرۈپ قالدىم .

— قايسى رەجەپنى ؟

— ھېلىقى ، دوللارچىلىق قىلىپ بېيىپ كەتكەن رەجەپنىچۇ .

— نېمە دەيدىغاندۇ ماۋۇ ئادەم ، رەجەپ دېگەننى ئىككى-ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا بۇلاڭچىلار كۆپكۈندۈزدىلا بوغۇزلىۋېتىپ پۇلنى ئېلىپ قاچمىغانمۇ ؟ !

— ھەي ، خوتۇن ، نېمانداق چۈشەنمەيدىغانسەن ، مەن ئۆزۈم يولدا كېتىپ بارغىنىمنى بىلەن رەجەپنى چۈشۈمدە كۆرۈۋاتىمەن-دە ! چۈش دېگەندە ئۆلۈپ كەتكەن ئادەمنى كۆرگىلى بولمامدىكەن ؟ مانا ، سەن رەھمەتلىك ئاناڭنى ھەپتىدە نەچچە چۈشەيسەنغۇ ؟

— توۋا ! — دېدى ئايالىم ، — ھە ، شۇنداق قىلىپ ؟

— شۇنداق قىلىپ ، مەن ھېلىقى ئىككى كۈندىلا پاشىنىسى ئاجراپ كەتكەن جا ئاياغنى ئالغان چوڭ ماگىزىنىڭ ئالدىدا كېتىپ باراتتىم . بىرى يېنىمغا يانداپ كېلىپ قۇلىقىمغا : «شۇ تاپتا مەن سېنىڭ قولۇڭغا يۈز مىڭ سوم پۇلنى نەق

تۇتقۇزسام قانداق قىلارسەن؟» دەپ پىچىرلىدى.
ئۈزۈممۇ شۇ تاپتا خۇدايىم يۈز مىڭ سوم پۇلنى «ئال قۇلۇم» دەپ غايىبتىن تاشلاپ بېرىۋەتسە نېمىمۇ بولاتتى، دېگەن خىياللار بىلەن كېتىۋاتاتتىم. ھېلىقى پىچىرلىغان ئاۋازنى ئاڭلاپ ئىختىيارسىز توختاپ قالدىم. يۈرىكىم دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى. بۇرۇلۇپ قارىسام، ئالدىمدا بۇلاڭچىلار بوغۇزلىۋەتكەن رەجەپ تۇرۇپتۇ. كىيىۋالغان كىيىملىرى ئىلگىرىكىدەك پۈرۈر، بوينىدا پىچاقنىڭ ئىزى قىپقىزىل تارتۇق بولۇپ قاپتۇ. خۇدايىم ئەرۋاھلارنىڭ ئىچىدىن رەجەپنى ئىزدەپ تېپىپ، مە، ماۋۇ پۇلنى پالانىغا يەتكۈزۈپ بەر! دەپ ئەۋەتتىمۇ ياكى مەن يەنە چۈش كۆرۈۋاتىمەنمۇ؟ دەپ ئويلاپ:
«قانچە دېدىڭىز؟» دەپ سورىدىم.
«يۈز مىڭ، مىڭ سوملۇقتىن يۈزى» دېدى ئۇ قولى بىلەن شەرەتلەپ چۈشەندۈرۈپ.
«بىكارغىلىما؟»
«ھە، بىكارغا.»
«نېمىشقا؟»
«دېسەم – دېمىسەم، مەنمۇ بىر باي بولۇپ كەتسەم، دەپ پىرقىراپ يۈرگەنسەن ھەرقاچان؟»
«راست، شۇنداق خىياللار بىلەن كېتىۋاتاتتىم. سىز قانداق بىلىۋالدىڭىز؟»
«ھازىر مۇنداق شېرىن خىيالنى سۈرمەيدىغان كىم بار، — دېدى ئۇ، — باي بولالمىغانلارنىڭ باي بولغۇسى كېلىدۇ، باي بولغانلارنىڭ تېخىمۇ باي بولغۇسى كېلىدۇ. بۇمۇ خۇدا سالغان بىر ۋەسۋەسە، كەمبەغەل بولساڭمۇ ھالال ياشاپ،

خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرگەنگە يەتمەيدۇ، دېگەن سۆز بىچارىلەرنىڭ ئۆز كۆڭلىنى ياسايدىغانغا چىقىرىۋالغان گېپى. ئۇلارغىمۇ بىر باي بولۇش پۇرسىتى كېلىپ باقسۇنا قېنى، تېپىرلاپ كەتمىگىنىنى كۆرۈپ باقاي… ھە، دېمەمسەن، يۈز مىڭ سوم بەرسەم قانداق قىلىسەن؟»

رەجەپ ئىككىمىز بىر - بىرىمىزگە قارىشىپلا تۇرىمىز. مۇشۇ دوللارچى يۈز مىڭ سوم پۇلنى راستىنىلا بىكارغا بېرىۋېتەرمۇ؟ دېسەم ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ.

«يۈز مىڭ سوم پۇلنى راستىنىلا بەرسىڭىز قانداق قىلاتتىم، رەھمەت! دەپ، كۆتۈرۈپلا ئېلىپ ماڭىمەن» دېدىم.

«ھەي ئەخمەق! — دېدى رەجەپ، — ئەخمەق دېگەنگە بىكارغا پۇل بەرسىمۇ جايلاشتۇرۇپ بىرنېمە قىلالمايدۇ - دە! ئەتراپىڭدىكى بۆرىنىڭكىدەك يېنىپ تۇرغان كۆزلەرنى كۆرمىدىڭمۇ؟»

ئەتراپىمغا قارىدىم. بازاردىكى ئادەملەر يېنىمىزدىن پەرۋاسىز ئۆتۈشۈپ تۇرۇپتۇ.

«ھە، نېمە بوپتۇ؟» دېدىم ھېچنېمىنى چۈشەنمەي.

«نېمە بولاتتى. كۈپكۈندۈزدە يۈز مىڭ سوم پۇلنى ئاشكارا كۆتۈرۈپ ماڭساڭ ئارقاڭدىن قوغلاپ بېرىپ، مېنى بوغۇزلىغاندەك بوغۇزلاپ تاشلار.»

«ئەمىسە، يانچۇققا سالمامدىم.»

«يانچۇققا؟ — دېدى رەجەپ سەت ھىجىيىپ، — دېدىمغۇ، جىڭ ئەخمەق ئىكەنسەن. يۈز مىڭ سوم يانچۇقۇڭغا قانداق پاتىدۇ؟!»

مەنمۇ راست ئەخمەق ئوخشايمەن. نېمە دېسە ھە دەپ، پۇلنى

ئېلىپ يانچۇققا سالسام بولمامدۇ . رەجەپنىڭ بەرمىگەن پۇلىغا مېنى كەينى - كەيندىن «ئەخمەق» دەپ كېتىۋاتقىنىنىغا قورسىقىم كۆپتى - دە :

«سەن ئۇ يۈز مىڭ سوم پۇلۇڭنى بىر سوملۇقتىن قىلىپ پارچىلاپ بېرەمتىڭ ! ؟ » دەپ گۆلىيىپتىكەنمەن ، رەجەپ ئالدىمدىن غايىب بولۇپ كەتتى .

— غايىب بولۇپ كەتتى ! ؟ — دەپ ھەيران بولۇپ سورىدى ئايالىم .

— ھە ، غايىب بولۇپ كەتتى ، — دېدىم .

بۇ چۈشۈم ئايالىمغا خېلى تەسىر قىلغان بولسا كېرەك ، ئۇ جىمىپ كەتتى . بىرھازادىن كېيىن :

— مۇشۇ كۈندىچۇ ، پۇلى يوق ئادەمنىڭ يۈزىمۇ يوق ، — دەپ يەنە ئۆزىنىڭ گېپىگە چۈشۈپ كەتتى ، — ئۇ كۈنى ، مايسەك دېگەننىڭ بىر تويىدا «ئاز بولسىمۇ ئادەمگەرچىلىكىم» دەپ بەش مىڭ سوم پۇلنى ئوتتۇرىغا «پوككىدە» تاشلاپ كېرىلىپ ئولتۇرۇپ كەتكىنىنى ئېيتايمۇ…

— بەش مىڭ سوم دېدىڭما ؟ ! يائاللا ، مۇشۇ كۈندە خەق پۇل دېگەننى بىر يەردىن غازاڭنى يىغقاندەك سۈپۈرۈپلا ئېلىۋاتامدۇ ، قانداق ؟

— خۇددى يانچۇقىدا كۈنىگە ئۈن — يىگىرمە يەرنىڭ باغىقى باردەك ، ئالدىنكى ئاشتىن چىمدىپ ئىككى كاپاملا ئېلىپ : «يەنە بىرنەچچە باردىغان يەرلىرىم بار ئىدى ، خاپا بولمايسىلەر » دەپ چىقىپ كېتىۋاتىدۇ . ئۇنىڭغا نېمانچە ھال دەيمەن .

— مايسەك دېگىنىڭ كىم ئۇ ؟ — دەپ سورىدىم .

— كىم بولاتتى . ناھايىتى بىر خەقنىڭ نېنىنى يېقىپ ،

كىر - قىتىنى يۇيۇپ جان باقىدىغان تۇل خوتۇننىڭ قىزى ئىدى . ئۇن يىلنىڭ ئالدىدا يوقىلىپ كەتكەن . مايسەك گۇاڭجۇدىمىش ، شېنجېندىمىش ، قىلمىغان رەسۋاچىلىقلىرى قالماپتىمىش… دەپ ئاڭلايدىغان . كېيىن ئۆزىچىلا يەنە پەيدا بولۇپ قالدى . مانا ھازىر بازارنىڭ تازا قايناق يېرىدە ئاچقان ئۈچ دۇكىنى گۈلدۈرلەپ مېڭىپ تۇرىدۇ . ھەممىنىڭ ئاغزىدا «ۋاي ، مايسىگۈل» ، بويىنىدا قوشلاپ ئالتۇن زەنجىر ، بارماقلىرىدا جۈپ - جۈپ ئۈزۈك ، مەيدىسىدە ئاتىنىڭ تاقىسىدەك يوغان بۇلاپكا…

ئايالىمنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتىم . ھېلىقى شوپۇرى يوق پىكاپتىن چۈشۈپ ئۇچراتقان سەتەڭ چوكان دەرھاللا كۆز ئالدىمغا كەلدى . بويىنىدا قوشلاپ ئالتۇن زەنجىر ، ھەر بارمىقىدا جۈپ - جۈپ ئۈزۈك ، مەيدىسىدە ئاتىنىڭ تاقىسىدەك يوغان بۇلاپكا… ئايالىمنىڭ مايسەك دېگىنى شۇ چوكان ئوخشىمامدۇ ؟ ئۇنداقتا ، مەن ئۇ چوكاننى ئوڭۇمدا كۆردۈممۇ ، چۈشۈمدىمۇ ؟ مەن تېخى بۇ خىياللىرىمنىڭ ئاخىرىنى چىقىرالماي تۇراتتىم ، ئايالىم مېنى نوقۇپ سۆزلەپ كەتتى :

— سىز تېخى يانچۇقىڭىزدا يۈز سوم پۇلىڭىز يوق ، يۈز مىڭنى چۈشەپ يۈرىسىز ، قارىڭا ، ئاشۇ مايسەك خوتۇن كىشى چېغىدا شۇنچىلىك ئىش تەۋرىتىپ يۈرۈپتۇ .

— سەنمۇ خوتۇن كىشى بولغاندىن كېيىن شۇنداق قىلساڭ بولمامدۇ ؟

— مەن ماۋۇ ئۆيدىن چىقىپ ، ئۇن يىل يوقىلىپ كەتسەم ماقۇل دەمسىز ؟ بىر كۈن يوقىلىپ كەتسەم چېيىڭىزنى ئوڭلاپ قايناتىپ ئىچەلمەيسىز .

— ئۇ چاغدا خېتىڭنى ئالىسەن - دە !

— مۇنداق ئەمەسمۇ، دەپ بېقىڭە، ھېلىقى رەجەپ دېگەن راستتىنلا سىزگە يۈز مىڭ سوم بېرىۋەتكەن بولسا قانداق قىلاتتىڭىز؟

— قانداق قىلسام بولاتتى؟

— رەجەپ سىزدىن سوراپتىغۇ، پۇلنى نېمە قىلاتتىڭىز؟

— يۈز مىڭنى راستتىنلا بېرىۋەتكەن بولسا، ئەللىك مىڭنى دەسمايە قىلىپ، ئىش - ئوقەتنى باشلىۋېتەتتىم. يەنە ئەللىك مىڭنى... ئەللىك مىڭنى...

— ھە تىلىڭىزنى چايناپ قالدىڭىزغۇ؟

— ئەللىك مىڭنى...

— ئەللىك مىڭنى خەجلەپ، ياشراق خوتۇندىن بىرنى ئالاتتىم، دەڭە!

بۇ خوتۇن كۆڭلۈمدىكىنى قانداق بىلىۋالغاندۇ، دەپ چۆچۈپ كەتتىم. شۇنداق بولسىمۇ چاندۇرماي:

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ — دەپ سورىدىم.

— بىلىمەن، ئەر كىشى دېگەننىڭ قولىغا پۇل كىرسە، خىيالىغا خوتۇنمۇ تەڭ كىرىدۇ. مۇشۇ كۈندە پۇل تاپقان ئەر خەقنىڭ خوتۇن يەڭگۈشلىمىگىنى ئازمۇ؟

— مېنىمۇ شۇلارغا ئوخشىتىۋاتامسەن؟

— ۋىيەي، سىزنىمۇ تازا ئوبدان بىلىمەن، ياش ۋاقتىلىرىڭىزدا قىلغانلىرىڭىزنى ئويلىسام ھېلىمۇ ئىچىم ئېچىشىدۇ. شۇڭا مېنىڭ چاچلىرىمغا ئاق كىرگىلى تۇردى. سىز يەنە ھېچنېمە بولماي ياپياشلا تۇرۇپسىز.

ئايالىمنىڭ تۇرۇپلا جۇدۇنى ئۆرلىدى - دە، ياستۇقتىن بىرنى كۆتۈرۈپ، قېيىداپ تاشقىرىقى ئۆيگە چىقىپ كەتتى. مەنمۇ

ئۇنچىقماي ھېلىقى چوكان توغرىسىدىكى خىياللىرىمغا چۆمۈپ كەتتىم ، پارقىراپ يېتىپلا يەنە چۈش كۆرگىلى تۇردۇم .

چۈشۈمدە يەنە ھېلىقى شوپۇرى يوق ئېسىل پىكاپتا كېتىپ بارغۇدەكمەن . يېنىمدا ھېلىقى سەتەڭ چوكان تاتلىق كۈلۈمسىرەپ ئولتۇرغۇدەك .

— ئىسمىڭىز مايسىگۈلغۇ دەيمەن ؟ — دەپ سوراپتىمەن چوكانىنىڭ نېپىز يىپەك كۆڭلىكى ئاستىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاپئاق يوتىسىغا كۆزۈمنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويۇپ . چوكان :

— ۋىيەي ، مېنىڭ ئىسمىمنى نەدىن بىلىۋالدىڭىز ؟ — دەپ ھەيران بوپتۇدەك .

— ئىشەنسىڭىز ، سىزنى بىرىنچى قېتىم كۆرگەن كۈنۈمدىن بۇيان كۆزۈمدە ئۇيقۇ يوق . ئويلىسام ، بوينىڭىزدىكى قوش زەنجىر ، بارماقلىرىڭىزدىكى ئېسىل ئۈزۈك ، قۇلاقلىرىڭىزدىكى ئېقىپ چۈشكەن يۇلتۇزدەك ھالقىلىرىڭىزدىن يېلىنجىغان ئوت يۈرىكىمنى شۇ كۈنىلا ئەسىر قىلىپ بولغانىكەن . لىغ - لىغ كۆڭلەكلەرنى كىيىپ ساياھەتكە چىقىمىز ، دەپ ۋەدىلەشكەندەك قىلىۋىدۇق ، ھويلامدا تۇرغان موتىسىكلىتنى ھەر كۈنى بىرنەچچە سۈرتۈپ پارقىرىتىپ قويىمەن ، ئىزدەپ كېلەمۇ دېمىدىڭىز ، سىزنى ئۇچرىتالماي ، باشقىلاردىن كۆپ سۈرۈشتۈردۈم ، ئاڭلىسام ، كاتتا باي خېنىمكەنسىز ، ئۈچ - تۆت يەردە گۈلدۈرلەپ مېڭىپ تۇرغان سودا دۇكانلىرىڭىز بار ئىكەن . تېخىچە بىرەرى بىلەن توي قىلماي دېمەپسىز . ھە شۇنداق بولماي ، ئۆزىنىڭ پۇت - قولىنى چۈشەپ مۇنداق پۇلدار خېنىملارغا ئەرنىڭ نېمە لازىمى ، دەپ ئويلىدىم . ئەمما ، مايسىگۈل ، ئىككىمىزنىڭ بېشى بىر ياستۇقتا تېگىدىغان بولسا مۇرادىڭىزغا يېتىسىز . راست

ئېيتىمەن ، مەن ئۇنداق ئۇششاق ئىشلارنى زىغىرلاپ ، خوتۇن كىشىگە ·كۆشەندە بولىدىغان ئەرلەردىن ئەمەس ، ماڭا تەگسىڭىز يەنە ئەركىن قۇشتەك خالىغان يېرىڭىزگە قونۇپ ، خالىغان يېرىڭىزدە دانلاپ يۈرۈۋېرىسىز…
گەپلىرىمنى ئاڭلاپ مايسىگۈل ئاپتاپتەك ئېچىلىپلا كەتتى .
— پەقەت كۆنەلمەيسىز ؟ — دېدى ئۇ ئەركىلەپ .
— كۆنەلەش بىلىمسىزلەرنىڭ قىلىدىغان ئىشى ، مەن «كىم ؟» دېسە ، «مايسىگۈلنىڭ يولدىشى» دېگەن شەرەپكە ئېرىشسەملا بېشىم ئاسمانغا تاقىشىدۇ…
يەنە نېمىلەرنى دەپ كەتتىم ، بىلمەيمەن ، بۇ باي چوكانغا خۇشامەت قىلىپ ، ئۆزۈم بىلىدىغان شېرىن گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى تۆكۈپلىۋەتتىم . بىر چاغدا ، «قارا» دېگەندەك قىلىپ قالدى . قارىسام ، ئايالىم چوڭ يولنىڭ چېتىدە تۇرۇۋېلىپ ھەدەپ مېنى شەرەتلەۋېتىپتۇ . ماشىنىدىن چۈشۈپ يېنىغا بېرىپ :
— نېمە ؟ — دېسەم .
— بۇ نېمە شەرمەندىچىلىك ؟ — دەيدۇ .
— نېمە بولدى ؟ — دېسەم .
— ئاۋۇ مايسەك دېگەن رەسۋانى يېنىڭىزغا ئولتۇرغۇزۇۋاپسىزغۇ ؟ — دېمەسمۇ ، شۇنداق ئاچچىقىم كەلدى .
— ھەي ، بىغەرەز خوتۇن ! — دەپ قايناپ كەتتىم ، — ئۆزۈڭ ئەر كىشى تۇرۇپ خوتۇنلارچىلىك بولالمايسىز ، دەيسەن . ئەمدى بىر پۇل تېپىشنىڭ يولىغا ماڭاي دېسەم يەنە نېمە كوت-كوت ! ؟
— پۇل تاپ دېسە ، نومۇس قىلماي ئاشۇ مايسەكنىڭ قولتۇقىغا كىرىۋېلىپ تاپاتتىڭىزمۇ ؟

— ئەستاغپۇرۇللا ! — دېدىم ، — سىنىڭدەك خوتۇن بىلەن بىر ئۆيدە بولغاچقا چاپىنىم تىزىمدىن ئاشمايدۇ ـ دە…… ھەي غەرەز ئۇقمايدىغان خوتۇن ، سەن باي بولغان مەن ـ مەن دېگەن بايۋەچچە خېنىملىرىڭدىن سوراپ باق . بۇ ئىشتا تەۋەككۇلچىلىك قىلماي بولمايدۇ ، ئىشنىڭ بېشىدا ھارام ـ ھالال ، پاسكىنا ـ پاكىز دېگىنىڭ ئارىلىشىپمۇ كېتىدۇ . تازا بېيىپ ، ئۆزىمىزنى تۇتۇۋالغاندىن كېيىن ، بىزمۇ باشقىلاردەك پۇلۇنى چىمدىپ يەپ ، پۇلنى كۆزگە قارىماي خەجلەپ ، چۈشۈپ كەتكەن ئابرۇيىنى تۆت كۈندىلا تىكلىۋالىمىز . سەن ئىشنى بۇزماي جىم تۇرە !

ئايالىم نېمە دېيىشنى بىلمەي ھاڭۋېقىپ تۇرۇپلا قالدى . قولۇمنى سىلكىپ ئارقامغا ياندىم . ماشىنىغا چىقىپ مايسىگۈلگە قاراپ ھىجىيىپ قويدۇم . ماشىنا يەنە غۇيۇلداپ مېڭىپ كەتتى . ئايالىم يول ياقىسىدا بوينىنى قىسىپ قالدى .

— كىم ئۇ ، ئەجەب ئۇزاق پاراڭلىشىپ كەتتىڭىزغۇ ؟ — دەپ سورىدى مايسىگۈل .

— ھە ، ھازىرقى ئايالنى دەمسىز ؟ بىزنىڭ ئۆينىڭ تازىلىق ئىشلىرىنى قىلىدىغان خىزمەتچى… بىچارىنىڭ بالىلىرى ئۇششاق . ئېرى تۈزۈك بىر ئىشنىڭ پېشىنى تۇتماي ، قۇرۇق خىيالللا سۈرۈپ يۈرىدىغان بىرنېمە . تۇرمۇشتا قىينىلىپ قالغان ئوخشايدۇ . پۇل سورايدۇ . بوپتۇ ، ئىككى ئايلىق مائاشىڭىزنى ئالدىن ئېلىپ تۇرۇڭ ، دېدىم .

— ھېچبىر قارا ئىش قىلىدىغان خوتۇنلارغا ئوخشاشمايدىغۇ ، ھەرقاچان ئايالىڭىزدۇ ؟ — دېدى مايسىگۈل ماڭا سوئال نەزىرىدە قاراپ .

— ئايالىڭ دەمسىز ؟ ! — دېدىم ئەجەبلەنگەندەك

بولۇپ ، — مېنىڭ تۇرمۇش مەسىلىسىگە بولغان تونۇشۇم سىز بىلەن ئوخشاش ، مانا قاراڭ ، ئىككىمىز ھازىر نېمىدېگەن ئەركىن . سىز ئېرىشكىنىز بولغان بولسا مېنىڭ يېنىمدا مۇشۇنداق ئىشەنچلىك ئولتۇرالامتىڭىز ؟ مەنچۇ ؟ نېمە قىلىدۇ ئۆزىنىڭ پۇتىغا ئۆزى كىشەن سېلىپ ئۆيلىنىپ ، ئەرگە تېگىپ ؟ ! بىر شائىر ئاغىنەمگە مۇشۇ گەپنى قىلسام . ئۇ : «مۇھەببەت ، مۇھەببەت ، مۇھەببەت دېگەن بىرنېمە بار ، ئاغىنە ، قاراپ تۇر ، بىر كۈنى بىر جانان كېلىپ قەلب دېرىزەڭنى چېكىدۇ ، شۇ چاغدا بەرداشلىق بېرەلەمسەنكىن » دېگەنىدى . ئۇ راست ئېيتىپتىكەن . قەلبىمنىڭ دېرىزىسىنى تۇنجى رەت ، ھەقىقىي چېكەلىگەن جانان سىز بولدىڭىز…

نېمانچە گەپدان بولۇپ كەتتىمۇي ! دەپ ئۆزۈمگە ھەيران بولىمەن . ئىچىمدە : خەپ ، بۇ مايسەگىنى بىر ئىندەككە كەلتۈرۈپ ئىشەنچىگە ئېرىشۋالسام ، مېڭىپ تۇرغان دۇكانلىرىنىڭ بىرەرىنى بولسىمۇ «ئالە !» دەۋەتسە ، خۇدايىمنىڭ بەرگىنى شۇ ئەمەسمۇ ، دەيمەن… ماشىنا غۇيۇلداپ كېتىپ بارىدۇ . شەھەر ئەتراپىغا يېقىندىن چۇشۇپ كەتكەن بىنالار ، ئوقەتچىلەرنىڭ بەس - بەستە سېلىپ كەتكەن ئۆي - ئىمارەتلىرى بارغانسېرى ئارقىمىزدا قېلىپ ، شەھەر سىرتىدىكى بىر ئورمانغا كېلىپ توختىدۇق .

ماشىنىدىن چۈشۈپ ئورمان ئىچىگە كىردۇق . پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشقا ئەپلىك رەك بىر جاينى ئىزدەپ ئىچكىرىلەپ ماڭدۇق . مەن ئالدىدا ، مايسىگۈل ئارقامدا كېلىۋاتىدۇ . تۇرۇپلا : «بۇ ئورمان ئەمەس ، قەدىمىي بىر جاڭگاللىقكەن ، بۇ جاڭگال بۇ يەرگە نەدىن پەيدا بولۇپ قالغاندۇ ؟ » دېگۈدەكمەن . تېنىم

شۈركۈنگەندەك بولدى . ئىتتىك ئارقامغا قارىسام ، ھېلىقى سۆلەتلىك چوكان يوق ، چاچلىرى پاخپايغان ، قىپيالىڭاچ بىر بەتبەشىر خوتۇن ئارقامدىن ئەگىشىپ كېلىۋېتىپتۇ ، ئورنۇمدا قېتىپ تۇرۇپلا قالدىم . ھېلىقى خوتۇننىڭ بىر ئەمچىكى تىككىدە ، بىر ئەمچىكى تىزىدىن ئېشىپ ساڭگىلاپ تۇرىدۇ . قاش- كىرپىك دېگەندىن ئەسەرمۇ يوق ، ئىككى كۆزىنىڭ ئورنىدا پاتۇرۇپ قويغان كۆمۈردەك ئىككى قارا چېكىت پىلدىرلاپ تۇرۇپتۇ . چىشلىرىنىڭ سەتلىكىگە باقماي ، كالپۇكىنى قىپقىزىل بويىۋاپتۇ .

— كىمسەن ؟ — دېدىم مەن .

— كۆرۈپ تۇرۇپسەنغۇ ، ئايالمەن ، — دېدى .

— نېمە قىلماقچىسەن ؟ — دېدىم .

— ئەر بىلەن ئايال خالىيدا ئۇچراشسا نېمە قىلىدۇ ؟ شۇ ئىشنى قىلماقچىمەن ! — دېمەسىمۇ ، قورققىنىمدىن ئۆلەر - تىرىلىشىمگە قارىماي قاچتىم...

ئايالىم تاشقىرىقى ئۆينىڭ چىرىغىنى يېقىپ يۈگۈرۈپ كىرىپ :

— نېمە بولدىڭىز ھوي ، نېمە بولدىڭىز ؟ ! — دېدى .

ئېسىمنى يىغسام ، كارىۋاتتىن چۈشۈپ ، قاراڭغۇ ئۆيدە دۈكۈرلەپ يۈگۈرۈپ يۈرۈپتىمەن .

— چۈش ، چۈش ! ھېلىلا ، غەلىتە بىر چۈش كۆردۈم ، — دېدىم .

— يائاللا ، ماۋۇ ئادەم نېمە بولۇۋاتاندۇ ! ؟ — دەپ ياقىسىنى تۇتتى ئايالىم .

تازىمۇ ھېرىپ كېتىپتىكەنمەن . ئورنۇمغا بېرىپ يېتىپلا ئۇخلاپ كەتتىم .

*          *

ئەتىسى ئويغىنىپ، بولغان ئىشلارنى ئاڭقىرالماي يەنە بىرھازا ئولتۇرۇپ كەتتىم. كاللامدا ھەقىقىي ئىشلار بىلەن چۈشۈمدىكى ۋەقەلەر ئارىلىشىپ گادىرماچ بولۇپ كەتكەنىدى. زادى ئايالىم گېپىنى قىلغان مايسەك بىلەن مەن چۈشۈمدە كۆرۈپ يۈرگەن سەتەڭ چوكان بىر ئادەممۇ، باشقا - باشقا ئادەممۇ؟ ئۇ قانداق قىلىپ بىر ئالۋاستىغا ئايلىنىپ قالدى؟ ھەرقانچە بولسىمۇ ئايالىم دېگەن مايسەك ھەقىقىي ئادەمدۇ؟ بازارنىڭ تازا قايناق يېرىدىكى گۈلدۈرلەپ مېڭىۋاتقان ئۈچ دۇكان نەدىدۇ؟ مايسەكنىڭ ئۇ ئۈچ دۇكىنىدا قانداق ماللار سېتىلىدىغاندۇ؟ ئۇ خېنىم ئۈچ دۇكاننىڭ ھەممىسىنى ئۆزى ئاچامدىغاندۇ ياكى دۇكاننى ياللىۋالغان خىزمەتچىلىرى ئېچىپ، ئۆزى دۇكانلارنىڭ كىرىم - چىقىمىنى تەكشۈرۈپ، ئۈچ دۇكاننىڭ ئوتتۇرىسىدا يۈگۈرۈپ يۈرەمدىغاندۇ؟ دېگەنلەر خىيالىمدا پىرقىرايتتى. قانداقلا بولسۇن، بۈگۈن ھېلىقى ئۈچ دۇكاننى ئىزدەپ تېپىپ، مايسەكنى ئۆز كۆزۈم بىلەن بىر كۆرۈپ بېقىش قارارىغا كەلدىم.

مانا، شەھەر كوچىلىرىنى ئارىلاپ، دۇكانلارنىڭ ۋېۋىسكىلىرىغا ئوبدان زەن سېلىپ كېتىپ بارىمەن. بازارنىڭ قايناق يەرلىرىدىكى سودا دۇكانلىرىغا ئالا قويماي كىرىپ، خۇددى بىر نەرسە سېتىۋالىدىغاندەك ئۇنىڭ - بۇنىڭ باھاسىنى سوراپمۇ قويىمەن. شۇنداق ئالدىراش كېتىپ باراتتىم، تۇيۇقسىز بىرى ئالدىمنى توسۇۋالدى. بېشىمنى كۆتۈرۈپ، ھېلىقى گالستۇكنى قىڭغىر چىگىپ، تۇگمىلىرىنى ئېگىز - پەس ئېتىۋالىدىغان

مەستنى يەنە كۆردۈم .
— ئاكاڭنى تونۇغانسەن ؟ — دېدى ئۇ .
— تونۇدۇم .
— ئۆتكەندە قولاق تۈۋىڭگە تەككەن مۇشت ئېسىڭدە باردۇ ؟
— ئېسىمدە .
— چىقار ، يانچۇقۇڭدىكى بار پۇلۇڭنى چىقار !
— نېمىگە ؟
— ئاكاڭنىڭ هاراق ئىچىدىغان پۇلى تۈگەپ قالدى...
كۆپكۈندۈزدە ، شۇنچە ئادەمنىڭ كۆزىچە بولۇۋاتقان بۇ زومىگەرلىككە چىداپ تۇرالمىدىم - دە ، هېلىقى مەستنى «كاپپىدە» ياقىسىدىن تۇتۇپ ئالدىمغا تارتتىم . ئۇ غولاچلاپ مۇشت ئاتماقچى بولۇپ ئىككى قولىنى كېرىۋىدى ، باش بىلەن بىرنى قويۇپ ئارقىسىغا ئۈچۈرۈۋەتتىم . مەست ئۆمىلەپ قوپۇپ ماڭا بىر قارىدى - دە ، بەدەر قاچتى . خېلى ئوبدان ئۇسكەن ئوخشايمەن ، ئۆزۈمنىڭمۇ بېشى «پىرىرىدە» پىرقىراپ ، ۋۇجۇدۇمدىن بىر نەرسە ئۇچۇپ چىقىپ كەتكەندەك بولۇپ كەتتى .

*　　　　*

شۇ كۈندىن باشلاپ بۇرۇنقى ئەسلىمگە قايتىپ قالدىم . چۈشمۇ كۆرمەيدىغان بولدۇم . ئەتراپتا يەنە شۇ هايات ، جان بېقىش هەلەكچىلىكىدە پالاقلاپ يۈرگەن يەنە شۇ ئادەملەر . چۈشلىرىمدىن ئايرىلىپ تۇرمۇشمۇ ماڭا مەنىسىز تۇيۇلىدىغان ، بازارلارنىڭمۇ قىزىقى قالمىغاندەك بىلىنىدىغان بولۇپ قالدى .

بەزى كېچىلىرى ئايالىمنىڭ دۈمبىسىنى سىلاپ يېتىپ ھېلىقى مەستنى ئەسلەپ قالىمەن . شۇ مەستتە بىر خىسلەت بارمىكىنا ؟ نېمىشقا ئۇنىڭ بىر مۇشتىنى يەپلا شېرىن چۈشلەرنى كۆرىدىغان بولۇپ قالدىم ، يەنە بىر باش ئېتىپلا چۈشلىرىمدىن ئايرىلدىم ؟ دەپ ھەيران بولىمەن .

بىر كۈنى ھېلىقى دوختۇر تونۇشۇمنىڭ ئالدىغا يەنە بېرىپ ، بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ بەردىم . ئۇ رېتسېپ يازىدىغان قەلىمىنى ئۈستەلگە توكۇلدىتىپ ئۇرۇپ ، ماڭا يەنە بىرھازا قاراپ كەتتى - دە ، ئاخىردا :

— سىزمۇ تازا قىزىق ئادەم - دە ! مۇشۇ كۈنلەردە كاللا دېگەننى ھەممە ئادەم پۇل تاپىدىغان ئىشقا ئىشلىتىۋاتسا ، سىزنىڭ كاللا بىلەن ئادەم ئۇرغىنىڭىز نېمىسى ! ؟ — دېدى .

1998 - يىل ، غۇلجا

# داپ

تېخى يېقىندىلا «ساراڭ»نىڭ ئاپتورىدىن خەت بىلەن بىر پارچە ئەسەر تاپشۇرۇۋالغانىدىم. ئۇ بۇگۈن يەنە پوچتىدىن بىر پارچە خەت ئەۋەتىپتۇ. ئوقۇپ باقسام، خەتكە يېزىلغان ۋەقەلەرنىڭ ئۆزىمۇ بىر ھېكايىگە ئوخشىشىپ قاپتۇ، چېكىت، پەشلىرىنى تۈزەپ، شۇ بويىچە قايتىدىن كۆچۈرۈپ چىقتىم. بۇ ئەسەرگە نېمىدەپ ماۋزۇ قويسام بولار، دەپ بېشىم قېتىپ، ئاخىرىدا «داپ» دەپلا خىيالىمغا كەلگەن بىر ماۋزۇنى قويدۇم-دە، كىتابخانلارنىڭ كۆرۈپ بېقىشىغا سۇندۇم.

*　　　*

ھۆرمەتلىك رەئىس ئەپەندىم، ياخشى تۇرغانسىز؟

يېقىندىلا مەن سىزگە ناچار يېزىلغان بىر ئەسەر بىلەن خەت ئەۋەتكەنىدىم. بەلكىم تاپشۇرۇۋالغانسىز؟ ھازىر ئويلىسام، سەل بىئەدەپلىك قىلغانىدەك تۇرىمەن. ئەلۋەتتە سىز ھازىر ئىلگىرى مەن تونۇشقان ۋاقىتتىكىدەك ئاددىي مۇھەررىر ئەمەس-دە! خەت يازماي، ئالدىڭىزغا ئۆزۈم بېرىشىم كېرەك ئىدى. مۇشۇنداق ياخشى كۆڭلۈم بىلەن ئىشەنسىڭىز ئۇرۇمچىگە بېرىپمۇ كەلدىم... ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ يېقىندا بىر مەست دەرەخكە ئۇسۇۋېلىپ، سىركايە چىنىدەك پارچە - پارچە بولۇپ

كېتىپتۇدەك… بىزنىڭ كوچىنىڭ دوقمۇشىدا نېرىن ساتىدىغان بىر ئاشخانا بار ئىدى . ئاشخانىنىڭ خوجايىنى ئات گۆشىنى يەۋېرىپ ، ئۆزى ئاتتەك كىشنەپ چىقىپ كېتىپتۇدەك… بىكار بولسىلا ئۆگزىسىگە لاي سالىدىغان بىر قوشنىمىز بولىدىغان ، ئالدىنقى كۈنىدىكى يامغۇردا ئۆگزىدە ئولتۇرۇپ ئېرىپلا كېتىپتۇ ، بالا - چاقىلىرىنىڭ ئۆگزىدىكى لاينى مالتىلاپ دادىسىنى ئىزدەپ يۈرگىنىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم… نېمىلەرنى دەپ كەتتىم - ھە؟ ئۈرۈمچىگە كەلگەن بولساڭ مەن بىلەن نېمىشقا كۆرۈشمىدىڭ؟ دەپ سورارسىز ، بۇ ئىشلارنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن گەپنى يەنە باشتىن باشلىمىسام بولمايدۇ .

ئۆتكەنكى خېتىمدە ، نېمىسىنى ئېيتىسىز ، ئادەم باي بولغانسېرى باي بولغۇسى كېلىدىكەن… دېگەندەك گەپلەرنى يازغاندەك قىلىۋىدىم . راست شۇنداق بولىدىكەن . مانا ماۋۇ ھاشىم «دوناي»نىڭ بالىسى ئىشىكىمىزنىڭ ئالدىغىلا ئۈچ قەۋەت ئۆي سالدى . دادىسى رەھمەتلىك بىر ئۆمۈر خەقنىڭ قورۇسىدا قوشنا ئولتۇرۇپ ئۆتۈپ كەتكەن . رەھمەتلىك بازارنىڭ دوقمۇشىدا تاۋۇز تىلىپ ساتاتتى . بىر تىلىم تاۋۇزنىڭ پۇلىنى ئالىشىپ خېرىدار بىلەن سوقۇشۇپ ، تاۋۇز تىلىدىغان يوغان پىچىقىنى خەققە شىلتىيمەن ، دەپ ئۆزىنىڭ جەينىكىگە ئۇرۇۋېلىپ دوناي بولۇپ قالغان . ھازىر بۇ «دوناي»نىڭ بالىسىنىڭ ھالىنىڭ چوڭلۇقىنى دېمەمسىز ، تاس قالدۇ تەرەتخانىغىمۇ پىكاپقا ئولتۇرۇپ بارغىلى . سالغان ئۈچ قەۋەت ئۆينىڭ بىرىنچى قەۋىتى مېھمانخانا ، ئىككىنچى قەۋىتى ياتاق ئۆيلىرىمىش ، ئۈچىنچى قەۋىتىنى قانداق ئىشلارغا ئىشلىتىپ يۈرگىنىنى دەي دېسەم يۈزۈم قىزىرىدۇ… بىر شەيتان ئىچىمگە

كىرىۋېلىپ : ھاشىم «دوناي»نىڭ بالىسى ئۈچ قەۋەت ئىمارەت سالغـان يەردە سـەن بـەش قەۋەت سالالمامسەن ؟ ! دەپ دەيدەيگە سالغىلى تۇردى . شۇ كۈنلەردە سالاپەتلىك بىر ئادەم بىلەن تونۇشۇپ قالدىم . بۇ ئادەم نۇرغۇن پايدا بېرىدىغان ئېپىدە بىر سودىنىڭ گېپىنى قىلىپ قالدى . گەپ ـ سۆزلىرى شۇنچىلىك سىلىق ، ھەربىر سۆزىدە يارانقان ئىگىسىنى تىلغا ئېلىپ تۇرىدۇ . سۆزىگە قارىغاندا ، جاھاننىڭ يېرىمىنـــى دېگۈدەك ئايلانغان ، مەككە ـ مۇكەررەمگىمۇ ئىككى قېتىم بارغان ، ئەمدى ئۈچىنچى قېتىم بېرىشنى نىيەت قىلىۋاتقان ئادەم ئىكەن . ئۇ گېپىنىڭ ئاخىرىنى :

— سودا دېگەندە ، قاراڭ ، نىيەت خالىس بولسا بولىدۇ . ھارام ـ ھالال ئارىلاشقان ئوقەت ئوقەت بولمايدۇ . ئاللا مال ـ دۇنيانىمۇ ئىنساننىڭ نىيەت ـ ئىقبالىغا قاراپ بېرىدۇ . مانا ، بىرنەچچە يىلنىڭ ئالدىدىلا مەنمۇ يانچۇقۇمدا كىر ياغلىقمىدىن باشقا ھېچنېمەم يوق بىر مۇساپىر ئىدىم . خۇدايىم بېرىۋېتەي دېسە بىردەملىكلا ئىشكەن ، — دەپ چۈشۈردى .

ئۇنىڭ گەپلىرىدىن تەسىرلىنىپ :

— ماڭا قاراڭ ، بايام ئېيتقان سودىنىڭ بىر بۇرجىكىگە مەنمۇ شېرىك بولۇپ قېتىلمايمۇ ، — دەپ بار پۇلۇمنى ھېلىقى سالاپەتلىك غوجامنىڭ ئالدىغا قويدۇم .

ئۇ پۇلغا قاراپ بېشىنى لىڭشىتىپ :

— مۇنچىلىك بىرنېمە بىلەن ئىش تاڭ ئاتمايدۇ ، دەسمايە دېگەننىڭ كۆپرەك بولغىنى ياخشى ، — دېدى .

شۇنىڭ بىلەن ، تونۇش ـ بىلىشلەردىن قەرز ـ قۇرۇز قىلىپ ھەممە پۇلنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزۇپتىمەن . مانا ، ئىككى ـ ئۈچ يىلدىن

بىرى ئۇنىڭ مىلىمۇ يوق، ئۆزىمۇ يوق. بىر كۈنى ئۇنىڭ ئوغلىنى كوچىدا ئۇچرىتىپ قىلىپ، تۇتۇۋېلىپ پۇلنىڭ گېپىنى قىلىۋىدىم:

— سەن دادامنى قەرزدار قىلىپ قويۇپ، كوچىدا مۇنداق ۋارقىراپ - جارقىراپ ئۇنىڭ ئابرۇيىنى چۇشۇرۇپ نىمە مەقسەتكە يەتمەكچىدىڭ!؟ — دەپ مەندىن بەكرەك ۋارقىراپ كەتتى.

ئويلىسام، ئىچىم ئېچىشىدۇ. مۇشۇ كۈنلەردە قويمىچىلارغا ئۇچراپ زىيان تارتقان مەنلىمىدىم، دەپ ئۆزۈمگە هاي بىرىمەن. ئاڭلىسام قويمىچىلىق دېگەنمۇ هازىرقى ۋاقىتتا چوڭ هۈنەر هېسابلىنارمىشقۇ؟ قويمىچىلار ماڭا ئوخشاش گوللارنى تاپالمىغاندا بىر - بىرىنى قويىدىكەن، ئۇنىمۇ قاملاشتۇرالمىسا ئۆزىنىڭكىنى ئۆزى قويىدىكەن، دەيدۇ، راستمۇ؟ ئالدىنقى هەپتە هېلىقى هاشىم «دوناي»نىڭ ئوغلى ئۆيۈمگە كىرىپتىكەن، ئەهۋالىمنى ئېيتىپ ساپتىمەن.

— قانداق سودىغا شىرىك بولغانتىڭىز؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— داپ! — دېدىم.

— نىمە؟! — دەپ هەيران بولدى ئۇ.

— داپ، مانداق داراڭشىتىپ چالىدىغان داپ، — دەپ چۈشەندۈردۈم.

— ئەستاغپۇرۇللا، نىمە دەيدىغاندۇ ماۋۇ ئادەم، — دېدى ئۇ، — سودا - سېتىقتا ئارىلىشىپ يۈرگىنىمگە شۇنچە يىل بوپتۇ، داپ سودىسى دېگەن سودىنى بىلمەيدىكەنمەن. داپ ئېلىپ ساتىمىز دېسىمۇ شۇنچە ۋالا پۇلنى مانا دەپ تۇتقۇزۇپ قويدىڭىزمۇ؟

— ھەي ، ئۇكا ، — دېدىم مەن ، — ئادەمنى قارا باسقاندا كۆزىمىز تەڭ قارىغۇ بولۇپ قالىدىكەن . ھېلىقى ئۇغرىنىڭ گەپ - سۆزلىرىنىڭ چىرايلىقلىقىغا قارىسىڭىز ئىرىپلا كېتىسىز . ئۇنىڭ ئېيتىشىچە ، داپ ئاتا - بوۋىلىرىمىز ناھايىتى ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى ئىجاد قىلغان ئاجايىپ بىر ساز ئىمىش . ئادەتتىكى ئادەملەر توي - تۆكۈنلەردە ، باخشىلار پىرى ئوينىغاندا ، لەشكەرلەر جەڭلەردە داپنى ئايرىلمايتتىكەن . بىزدە داپ قوشۇلمايدىغان ئەلنەغمە بولمايدىكەن . ھەممە مۇزىكىلارنى بىر خىل رىتىمغا چۈشۈرۈپ ، ئۇدارىنى دەمدۇ ، ئەيتاۋۇر بىرنېمىسىنى تەڭشەپ تۇرىدىغان شۇ داپ ئىكەن . ھازىر مەملىكەت ئىچى - سىرتىدا شىنجاڭنىڭ دېپى ناھايىتى مەشھۇرمىش . ئىسپانلار ، ھىندىلار ، ئەرەب ، ئالبان ، پاكىستانلىقلار… ئەيتاۋۇر دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدىكى سازەندىلەر شىنجاڭنىڭ دېپىنى ئىشلىتەرمىش ، داپ — ھەممە يەرگە ئومۇملاشقان ، چېلىشقىمۇ ئەپلىك ، ساز قىلمەن ، دەپمۇ ئاۋارە بولماي ، قولغا ئالسىلا چالغىلى بولىدىغان ئاجايىپ چالغۇ ئەسۋابى ئىكەن .

— ئۇنىمۇ قىزىتىمسا بولماس ؟

— خۇشياقسا قىزىتىدىكەنسىز ، بولمىسا چېلىۋەرسىڭىز ئۆزى قىزىپ كېتىدىكەن . قەشقەردە شۇنداق بىر داپ ياسايدىغان كارخانا بار ئىكەن . داپنىڭ گەردىشىنى ئېسىل ياغاچتىن ئېگىپ ، چىرايلىق نەقىشلەرنى ئويۇپ ، تېرىنى يۇمشاق راسلاپ ، پەم بىلەن كېرىپ ، داپنىڭ گەردىشىگە كۇمۇش ھالقىلارنى ئېسىۋېتىدىكەن . چەت ئەللىكلەر مەخسۇس شۇ كارخانىنىڭ دېپىنى ئىشلىتىدىكەن . بۇ يەردە ياسالغان داپلارنى داراڭشىتىپ

چالىدىغان بولسا، توكۇر ئادەممۇ سەكرەپ قوپۇپ ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كېتەرمىش. مانا، ھېلىقى ئادەم مۇشۇ كارخانىنىڭ دائىملىق خېرىدارى ئىكەن. نەچچە يىلنىڭياقى باشقا ئىش قىلماي داپ سېتىپلا بېيىپ كېتىپتۇدەك...

— ھە، شۇنداقمۇ بولسۇن دەيلى، سىلەرنىڭ پۇلغا ئالغان داپلار نېمە بوپتۇدەك؟

— ئاڭلىسام، بىزنىڭ پۇلغا ئالغان داپلارنى ماشىنىغا چىرايلىق قاچىلاپ چېگرادىن ئۆتكۈزۈپ، چەت ئەلنىڭ بىر تاغلىق يولىدا كېتىپ بارغاندا، ماشىنا ئۆرۈلۈپ، ھەممە داپ سۇغا چۈشۈپ ئېقىپ كېتىپتىمىش.

— ھەممە ماشىنا تەڭلا ئۆرۈلۈپ چۈشۈپتىما؟

— باشتىكىسىنىڭ ئۆرۈلگىنىنى كۆرۈپ، ئۆرۈلىدىغان گەپ ئوخشايدۇ، دەپ قالغانلىرىمۇ ئۆرۈلگەن چېغى، سۇدىن سۈزۈۋالغان داپلارنى ئاپتاپقا قاقلاپ قۇرۇتۇپتىكەن، يۈزلۈكى تارتىشىپ، گەردىشلىرى قېيىپ، داپلار داپقا ئوخشاشماي قاپتۇمىش...

— قىپقىزىل يالغان! — دەۋەتتى ھاشىم «دوناي» نىڭ بالىسى گېپىمنى بۆلۈپ، — داپ ئېلىپ ـ ساتىمىز دېگەن ئادەمگە شۇنچىۋالا پۇلنى تۇتقۇزۇپ قويغاندىن كېيىن، سىزمۇ جىڭ ئەخمەقكەنسىز!

ماۋۇ «دوناي» نىڭ بالىسى چېغىدا مېنى «ئەخمەق» دەۋاتقىنىغا قورسىقىم كۆپتى.

— داپ سودىسىنىڭ سېنىڭ قىلىۋاتقان سوداڭ بىلەن نېمە پەرقى بار؟ — دېدىم مەن ئاچچىقىمدا ئۇنى سەنلەپلا.

— ئۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ — دېدى ئۇ ھەيران بولۇپ، —

مەن دېگەن تېرە ، يۈك بىلەن ھەپىلىشىمەن . داپ سودىسىمۇ سودا بوپتۇما ؟ !

-- ئىككىسى بىر گەپ ، — دېدىم مەن .

— قانداقچە ؟

— سېنىڭ ئالغان تېرەڭنى قىرقىسا يۈكى چىقىدۇ ، قالغان يېرىنى قەشقەردىكى ھېلىقى كارخانىغا ئاپىرىپ ، كەرسە داپ بولىدۇ شۇ !

ھاشىم «دوناي»نىڭ ئوغلى ماڭا قاراپ بىر كۈلەيدى ـ دە ، ئورنىدىن قوپۇپلا چىقىپ كەتتى .

ئانچە ـ مۇنچە پۇل تاپقان چاغلىرىمدا ئۆزۈمنى خېلىلا ئەقىللىق چاغلاپ ، كېرىلىپ مېڭىپ يۈرەتتىم . ھازىر ، راست مېنىڭدىنمۇ ئەخمەق ئادەم بولمىسا كېرەك ، دەپ تارتقان زىيىنىمنىمۇ كىشىلەرگە ئېيتىشقا خىجىل بولىدىغان بولۇپ قالدىم . ئالدىنقى بىر كۈنى ئوڭدا يېتىپ خىيال سۈرۈپ ، سىزنى ئەسلەپ قالدىم . غەمگە پېتىپ مۇنداق يېتىۋەرسەم بولماس ، رەئىس ئەپەندىمنىڭ ئالدىغا بېرىپ بىر ئەھۋاللىشاي ، ئۈرۈمچى دېگەن چوڭ شەھەر ، ئۇنى ، بۇنى كۆرۈپ كۆڭلۈم ئېچىلىپ قالار . كىم بىلىدۇ ، قويمىچىلارنىڭ دامىغا چۈشكەنلەرنىڭ ئەرز ـ ھالىنى ئاڭلايدىغان بىرەر ئورۇن چىقىپ قالسا ئەجەب ئەمەس ، دەپ ئويلىدىم . شۇنداق قىلىپ ، ئۈرۈمچىگىمۇ يېتىپ باردىم . سەپەردە يۈرگەن ئادەمنىڭ سۈيۈق ـ سەلەڭ بىر نېمە ئىچكۈسى كېلىپ قالىدىكەن . ئۈرۈمچىگە بېرىپلا ، بىكەتنىڭ ئەتراپىدىكى «كالا گۆشى سۈيۈقئېشى» دېگەن يوغان خەت پېشانىسىگە چاپلاقلىق تۇرغان بىر ئاشخانىغا كىرىپ ، بىر قاچا

سۆيۈقئاش بۇيرۇپ ئولتۇردۇم . قاراپ تۇرسام ، بىر چىنىگە ئىنچىكە چۆپنى سۇزۇپ سېلىپ ، ئۈستىگە بىر چىمدىم كېپەكتەك توغرالغان گۆش ، يوغانراق بىر چىمدىم ئاشكۆكىنى تاشلاپ ، لازا دېگەننى بولۇشىغا ئارىلاشتۇرۇپ ئالدىمغا ئەكېلىپ بەردى . بۇنى «كالا گۆشى سۆيۈقئېشى» دېگەندىن كۆرە ، لازا سۆيۈقئاش دېسە توغرا بولغۇدەك . لازا بولغاندىمۇ قانداق لازا دەڭ ، ئاشتىن بىر- ئىككى چوكىلا ئاغزىمغا ساپتىكەنمەن ، خۇددى چوغ يۇتۇۋالغاندەك بولۇپ ، بۇرۇنلىرىمنىڭ ئۇچى چىملداپ ئېچىشىپ كەتتى . ئامال يوق ، پۇلغا ئالغاندىن كېيىن دەپ ئۇشقىرتىپ يۇرۇپ ئىچىۋەتتىم . بىر چىنە سۆيۈقئاشنى ئىچىپ بولغۇچە پۈتۈن بەدىنىم چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمۈلۈپ كەتتى . ئۇرۇمچىنىڭ كالا گۆشى سۆيۈقئېشى دېگەن نېمىسىنى كالتە ئىشتان بىلەن يالىڭاچ ئولتۇرۇپ ئىچسە بولغۇدەك ، دەپ قالدىم . ئاشخانىدىن چوڭ كوچىنىڭ دوقمۇشىغا چىقتىم . بۇ كاتتا شەھەرنىڭ كوچىلىرىدا چوڭ - كىچىك ، ھەر خىل شەكىلدىكى ماشىنىلار موكىدەك ئۆتۈشۈپ تۇرۇپتۇ . رەئىس ئەپەندىمنىڭ ئۆيىنى قانداق ئىزدەپ تاپارمەن ، دېگەن خىيالدا بىرھازا تۇرۇپ كەتتىم - دە ، تەۋەككۈل قىلىپ بىر كوچىغا قاراپ ماڭدىم . ھەرقاچان ، رەئىس ئەپەندىم تۇرىدىغان قورۇنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا ئىككى قوراللىق ساقچى قېتىپ تۇرىدىغاندۇ ، دەرۋازىسىنىڭ يېنىدىكى كىچىك ئۆيدە بەلكىم كىرگەن - چىققانلارنى تىزىملاپ ئولتۇرىدىغان ئادىمىمۇ باردۇ ؛ رەئىس ئەپەندىمنىڭ ئۆيىنى ئالتىنچى قەۋەتتە دەپ ئاڭلىغاندەك قىلىۋىدىم ، ئالتىنچى قەۋەتتىن ئۆزى مېڭىپ چۈشەمدىغاندۇ ، بىرى كۆتۈرۈپ چۈشۈرۈپ قويامدىغاندۇ ؟ دېگەندەك خىياللار بىلەن كېتىپ بارىمەن . توختا ، سەل

جۇرئەتلىكرەك بولۇش ئۈچۈن ئاۋۋال بىرەر رومكا قېقىۋالاي، دەپ دۇكانمۇ دۇكان كىرىپ، پارچە هاراق ساتىدىغان يەرنى ئىزدىدىم. شۇمۇ شەهەر بوپتۇمۇ، هەممە يەر كاتتا ماگىزىن، چوڭ كوچىدىكى ئادەتتىكى دۇكانلاردىمۇ پارچە هاراق ساتمىغۇدەك. شۇنداق قىلىپ، ئىزدە- ئىزدە دۆڭكۆۋرۈكنىڭ ئەتراپىغا بېرىپ قاپتىمەن. يان كوچىدىكى بىر دۇكانغا كىرىپ:

— پارچە هاراق بارمۇ؟ — دەپ سورىسام، دۇكاندار:

— بار، — دەپ بېشىنى لىڭشىتتى.

خۇشاللىقىمدا هېلىقى دۇكاندارنى قۇچاقلاپ سۆيۈۋالغۇدەك بولۇپ كەتتىم. ئازراق خاسىڭ بىلەن پوكەينىڭ ئالدىدا ئۆرە تۇرۇۋېلا بىر رومكا كۆتۈردۈم. بايامقى، ئوغىدەك ئاچچىق كالا گۆشى سۇيۇقئېشىنى ئىچكەندىن كېيىنكى كۆڭۈل غەشلىكىم تارقىلىپ، كۆڭلۈم خېلى ئېچىلىپ قالغاندەك بولدى. پارچە هاراق ساتىدىغان يەرنى يەنە نەدىن ئىزدەپ يۈرەي، دەپ ئارقا - ئارقىدىن يەنە ئىككى رومكا كۆتۈرۈۋەتتىم.

كىچىكىمدە رەڭلىك ئەينەك پارچىلىرىنى كۆزۈمگە تۇتۇپ ئەتراپقا قاراشنى ياخشى كۆرەتتىم. شۇنداق قىلغىنىڭىزدا، ئەتراپىڭىزدىكى جىمى نەرسىلەر، بۈيۈك ئاسمان… هەممە نىمە كۆزىڭىزگە سىز دائىم كۆرۈپ يۈرگەنگە قارىغاندەك باشقىچىرەك كۆرۈنىدۇ - دە، ئاجايىپ يېڭى بىر تۇيغۇغا چۆمىسىز. ئېهتىمال، هاراقمۇ شۇنداق بىر نەرسە بولسا كېرەك. بايىلا بۇ شەهەرنىڭ هەممە نېمىسى كۆزۈمگە سوغۇق كۆرۈنۈۋاتاتتى، ئۈچ رومكىنى قېقىۋېلىپ كوچىغا چىقىشىمغا بىر - بىرىدىن ئېگىز بىنالار، غۇيۇلداپ ئۆتۈشۈۋاتقان ماشىنىلار، خۇشخۇي چۈۋۈلدىشىپ كېتىپ بارغان ئادەملەر كۆزۈمگە باشقىچىلا ئىللىق

كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

پاھ، مۇشۇنداق ۋاقىتتا رەئىس ئەپەندىم ئالدىمغا «لوڭگىدە» چىقىپ قالسا، خالىيراق ئاشخانىلارنىڭ بىرىگە ئەكىرىپ، چامامنىڭ يېتىشىچە مېھمان قىلسام. بۇ ئادەمنىڭ تۇرۇشلۇق يېرىنى كىمدىنمۇ سورارمەن. بولدىلا، بۈگۈن تاپالمىسام ئەتە تاپارمەن. ئاۋۋال شەھەرنى ئوبدان بىر ئايلىناي. بەلكىم، تونۇشلاردىن بىرەرى ئۇچراپ قالسا ئەجەب ئەمەس...

شۇنداق خىيال بىلەن كېتىپ باراتتىم، بىر تونۇش چىراي كۆزۈمگە كۆرۈنگەندەك بولدى. سەپسالسام غۇلام «بايۋەچچە». بۇ غۇلام «بايۋەچچە»مۇ ئەسلىي بىزنىڭ مەھەللىلىك ئاغىنە ئىدى. ئاتا - بوۋىلىرى ناھايىتى بارلىق ئۆتكەن ئادەملەر بولىدىغان. غۇلامنىڭ ئىش - ئوقىتىنىڭ تايىنى بولمىسىمۇ، «بىر كۈن ياشىساڭمۇ ئويناپ - كۈل!» دەپ ئىچىپلا يۈرەتتى. شۇڭا ھەممىمىز ئۇنى غۇلام «بايۋەچچە» دەيتتۇق. غۇلام ئىچسىلا كەچتە ئۆيگە كېلىپ خوتۇنى بىلەن سوقۇشاتتى. ئۇنىڭ خوتۇنى تازىمۇ چوڭ ئەمچەكلىك خوتۇن ئىدى. غۇلام خوتۇنىنىڭ ئەمچىكى قاتتىقراق تېگىپ كەتسىمۇ، خوتۇنۇم مېنى ئۇردى، دەپ ئۆيدىن يامانلاپ چىقىپ كېتىدىغان. بىرنەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ئۇ ھېلىقى خوتۇنىنى ئىككى بالىسى بىلەن قويۇۋېتىپ، مۇشۇمۇ شەھەر بولدىمۇ؟ دەپ ئۈرۈمچىگە قېيداپ كېتىۋالغانىدى. قارىسام، غۇلام «بايۋەچچە» ناھايىتى پۇزۇر كىيىنىۋاپتۇ. بويىندا گالىستۇك، ئۇچىسىدا ئالتە تۇگمىلىك كاستۇم، شىم دېگەننىڭ قىرىنى پىچاقنىڭ بىسىدەك چىقىرىۋاپتۇ. يېنىدا يەنە ئۆزىگە ئوخشاش پۇزۇر كىيىنگەن ئىككىيلەنمۇ بار. ئۇنىڭ بىرى، ياشتا چوڭراق ئادەم-ئىكەن، ھېلىلا بىر يەردىن قېزىۋا يەپ چىققاندەك

چىشىنى كوچىلاپ تۇرىدۇ ، يەنە بىرى ، ياپپاشلا يىگىت ئىكەن ، بۇرۇتىنى پاكىز قىرىۋېتىپ ، ساقال قويۇۋاپتۇ . ئۇلارمۇ بىر يەردە ئازراقتىن ئىچىپ قىزىۋالغان بولسا كېرەك ، مېنىڭدىن بىرنەچچە قەدەم نېرىدىلا ناھايىتىمۇ قىزغىن پاراڭلىشىپ تۇرۇپتۇ . غۇلام «بايۋەچچە» ئىككىمىزنىڭ كۆزى تەڭلا ئۇچرىشىپ قالدى .

— ھوي ، ماۋۇ بىزنىڭ مەھەللىنىڭ ئادەملىرىغۇ !

شۇنداق دېگىنىچە ئۇ يىراقتىنلا قوللىرىنى كېرىپ كەلدى . ئىككىمىز قۇچاقلىشىپ دېگۈدەك كۆرۈشتۇق ، ئاندىن ئۇ مېنى قولۇمدىن تارتىپ ، ھېلىقى بۇرادەرلىرىنىڭ قېشىغا ئاپاردى .

— ساڭا تونۇشتۇرۇپ قوياي . مانا بۇياق ، — دەپ ھېلىقى چىشىنى كوچىلاپ تۇرغان ياشتا چوڭ ئادەمنى كۆرسەتتى ئۇ ، — مېنىڭ بۇرۇنقى خوتۇنۇمنىڭ ھازىرقى يولدىشى بولىدۇ . مانا بۇ ئىنىم ، — دەپ ھېلىقى بۇرۇتى يوق ، ساقاللىق يىگىتنى كۆرسەتتى ئۇ ، — مېنىڭ ھازىرقى ئايالىمنىڭ ئاشنىسى بولىدۇ...

نېمە گەپ بولۇپ كەتتى ، دەپ كۆزۈمنى پارقىراتقىنىمچە ئالدىمدىكى ئىككىيلەنگە قاراپلا قالدىم .

— ھە ، قاچان كەلدىڭ ؟ — دەپ نوقۇدى مېنى غۇلام .

— تۈنۈگۈن... ياق ، بۈگۈن ئەتىگەن .

— قانداق ، ئۇرۇمچىنىڭ پەيزى بارمىكەن ؟

— تېخى پەيزىنى كۆرگۈدەك بولمىدىم .

— يۈر ، مەن ساڭا بىر پەيزىنى كۆرسىتەي... خاپا بولمايسىلەر ـ ھە ، مەن ماۋۇ ئاغىنە بىلەن...

ئۇ شۇنداق دەپ ھېلىقى ئىككىيلەن بىلەن خوشلاشتى ـ دە ،

مېنى قولتۇقلاپ ئېلىپ ماڭدى .
— قانداق ، ئاۋۋال بىرەر رومكىدىن قېقىۋالامدۇق ؟ — دېدى ئۇ .
— مەيلى ، — دېدىم .
بىر دۇكانغا كىرىپ ، پوكەيگە يۆلىنىپ تۇرۇپلا بىر رومكىدىن ئاتتۇق . ئۇ يەردىن چىقىپ ، يەنە بىر دۇكاندا بىر رومكىدىن ئىچتۇق . مەن ئىزدەپ تاپالمىغان بىلەن غۇلام «بايۋەچچە» بۇ ئەتراپتىكى پارچە هاراق ساتىدىغان دۇكانلارنى بەش قولدەك بىلىدىكەن . قايسى دۇكانغا كىرسەك ياق ، دېمەي قۇياتتى . شۇنداق قىلىپ ، قانچە دۇكاندىن ئىچكىنىمىزنى ئۇقمايمەن . ئۇ نېمىلەر توغرىسىدىدۇر سۆزلەۋاتىدۇ . مېنىڭ كۆز ئالدىمدىن هېلىقى ئىككى هارامزادە كەتمەيدۇ . «توۋا ! — دەيمەن ئىچىمدە ، — قويۇۋەتكەن خوتۇنىنىڭ ئېرى بىلەن بولغان ئۆلپەتچىلىكىنىغۇ هە دەپ قويايلى ، ئۆزىنىڭ ئايالىنىڭ ئاشنىسى بىلەن ئاغىنىدارچىلىق قىلىپ يۈرۈش دېگەن بۇ نېمە گەپ ؟ »
— ئۆيلەنگەنمىدىڭ ؟ — دەپ سورىدىم مەن گەپ ئارىسىدا غۇلام «بايۋەچچە»دىن .
— هە ، ئۇرۇمچىگە كېلىپلا ئۆيلىنىۋالغان ، — دېدى ئۇ .
— هازىرقى ئايالىڭ بىلەن قانداقراق ؟
— قالتىس كۆڭۈللۈك ئۆتۈۋاتىمىز . ناهايىتى سەۋىيىلىك ئايال ، ئۇمۇ مېنىڭ شەخسىي ئىشلىرىمغا ئارىلاشمايدۇ ، مەنمۇ ئۇنىڭكىگە…
— راست قالتىسكەن ! — دېدىم .
كۆز ئالدىمدىن هېلىقى بۇرۇتىنى چۇشۇرۇۋېتىپ ساقال قويۇۋالغان هارامزادە زادىلا نېرى كەتمەيتتى . بىر يىللىرى

بىزنىڭ مەھەللىدىكى بىرەيلەننىڭ خوتۇنىغا بىر ئىبغىز چاقچاق قىلىپ قويغان قوشنىسىنىڭ قارنىنى يېرىۋېتىپ، ئۆزىنى ساقچىخانىغا بېرىپ مەلۇم قىلغىنى ئېسىمدە بار. زامان ھەقىقەتەن ئۆزگىرىپ كەتكەن ئوخشىمامدۇ؟

دۇكانمۇدۇكان كىرىپ ئىچىپ يۈرۈپ، غۇلام «بايۋەچچە» ئىككىمىز ئوبدانلا تەڭشىلىپ قالدۇق. ئاخىردا يەنە بىر رومكىدىن ئىچىپ، بولدى قىلماقچى بولۇپ، ئەمدىلا بىر دۇكانغا كىرىپ هاراق قۇيدۇرۇپ تۇراتتۇق.

— ھوي، سىلەرنى ئىزدەپ يۈرسەم بۇ يەردىكەنسىلەر-غۇ! — دەپ ۋارقىراپ ئىشىكتىن گەۋدىلىك بىر ئاغىنە كىرىپ كەلدى-دە، غۇلام ئىككىمىزنى دولىمىزدىن تۇتۇپ ئوتتۇرىغا قىستىدى، — قۇرۇق هاراق ئىچىۋاتامسىلەر؟ بولماپتۇ، بولماپتۇ... بەللى، شۇ سۆلتىڭلار بىلەن-ھە؟! يۈرۈڭلار، ماۋۇ دوقمۇشتىكى رېستورانغا كىرەيلى، — دەپ ئالغان هارىقىمىزنى ياندۇرۇۋەتتى.

مەستچىلىكتە بىزمۇ ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن كۆرۈشۈپ پاراڭلىشىپ كەتتۇق. كۈلكە، چاقچاق بىلەن سۆرىشىپ، دوقمۇشتىكى رېستورانغا قاراپ ماڭدۇق. «ئەمدى بۇ ئاغىنە كىم بولىدىغاندۇ؟ — دەپ ئويلىدىم، — غۇلام ‹بايۋەچچە›نىڭ خوتۇنىنىڭ يەنە بىر ئاشنىسىنىڭ ئاشنىسىمىدۇ ياكى بولمىسا...» ئىشقىلىپ، كاللام چېڭقىلىپ، ئۇنىڭ ئۇياقىنى ئويلاپ يېتەلمەيلا قالدىم.

كەچ كىرىپ قالغانىكەن، رېستوراننىڭ ئىچىدىكى چىراغلار چاراقلاپ يېنىپ كېتىپتۇ. كەڭ زالنىڭ تېمىنى ياقىلىتىپ قويغان ئۇستەللەردە يۈزلەر كىيىنگەن ئەر-ئاياللار ۋاراڭ-

چۈرۈك قىلىشىپ تاماقلىنىۋېتىپتۇ. بۇلۇڭدىكى بىر بوش ئۈستەلگە بېرىپ ئورۇنلاشتۇق. كۈتكۈچى قىز بىردەمدىلا يېتىپ كېلىپ، بىر چىنىدىن چاي قۇيۇپ، تاماق بۇيرۇتۇشىمىزنى كۈتۈپ تۇردى.
— خوش، نېمە تاماق يەيسىلەر؟ — دەپ بىزگە قارىدى گەۋدىلىك ئاغىنە.
— قېنى، ئۆزىڭىز بۇيرۇڭ، — دېيىشتۇق.
— ئاۋۋال ئۈچ كىشىلىك نېرىن بولسۇن. ئاندىن بىر لېگەن قورداق، ئۈچ تەخسە سوغۇق سەي، دەريا بېلىقى بارمۇ؟ ھە ئۇنىڭدىن بىرنى... توخۇ... يۇتازمۇ ئازراق، بۇ يەرنىڭ يۇتازىسى ياخشى... يىگىرمە زىخ كاۋاپ، كاۋاپنىڭ ھەممىسىنى بىراقلا ئەكەلمەي، بەش زىختىن - بەش زىختىن ئالدىرىماي پىشۇرۇپ كېلىڭ. يەنە ...، — ئارقىدىن ئۇ مەن ئىسمىنىمۇ ئاڭلاپ باقمىغان قورۇمىلاردىن بۇيرۇغىلى تۇردى.
— كۆپ بۇيرۇماڭ، ئىسراپ بولىدۇ، — دېدىم مەن.
— ئېشىپ قالغىنى جوزىدا قالىدۇ، — دېدى ھېلىقى ئاغىنە، — ھەرقايسىڭلار بىلەن بۈگۈن جەم بولۇپ قاپتۇق...
— ھە، ياشايلى! — دېدى غۇلام «بايۋەچچە».
— نېمە هاراق ئىچىسىلەر؟
— «داپ».
— «داپ»، — دەپ چۆچۈپ كەتتىم مەن.
— ھە، «داپ» ياخشى، — دېدى غۇلام «بايۋەچچە».
— «داپ»تىن ئادەم بېشىغا بىر بوتۇلكا.
بوتۇلكىدىكى بۇ قانداق «داپ»تۇ، دەپ ھەيران بولدۇم مەن. ھېلىقى بىزنىڭ سۇدا ئاققان داپلارنى ئېرىتىپ بوتۇلكىلارغا

قاچىلىۋالغانمۇ - يا! ئۇستەل ئۈستىگە قورۇمىلار بىلەن بۇيرۇلغان هاراق يېتىپ كەلگەندىلا «داپ» دېگىنىنىڭ نېمىلىكىنى چۈشەندىم. بىز بۇيرۇغان هاراقنىڭ كورۇپكىسىدا ئۇسسۇل ئويناۋاتقان بىر قىز بىلەن تىزلىنىپ داپ چېلىپ تۇرغان بىر يىگىتنىڭ سۈرىتى بار ئىكەن.

— هە، «داپ»ما؟ بولىدىغان هاراق! — دېدىم مەن ئۆزۈمنى خۇددى بۇ هاراقتىن ناشتىلىقتا هەر كۈنى بىر - ئىككى رومكىدىن ئىچىپ تۇرىدىغاندەك كۆرسىتىپ.

نېرىنى يەۋېلىپلا ئىچىشۋازلىقنى باشلىۋەتتۇق. رېستوراننىڭ ئىچىدە بارغانسېرى ئادەم كۆپىيىپ، بىرمۇ بوش ئۇستەل قالمىدى. خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن بۇ يەردە ئەرلەرگە قارىغاندا ئاياللار كۆپرەكتەك قىلاتتى. مۇزىكا باشلىنىشى بىلەن بىزنىڭ پاراڭلىرىمىزمۇ پاراڭ بولماي قالدى. كىملەردۇر چىقىپ ناخشا ئېيتاتتى، ناخشىدىن كېيىنلا تانسا مۇزىكىسى چېلىناتتى. مۇزىكىنىڭ ياڭراق ئاۋازى قۇلاق - مېڭىنى يەپ، كىمنىڭ نېمە دەۋاتقىنىنى ئۇققىلى بولمايتتى. «داپ»نىڭ خېلىلا كارامىتى بار ئىكەن. ئارىلىقتا مەن نەچچە مەست بولۇپ، نەچچە هوشۇمغا كەلدىم. هەربىر تانسا مۇزىكىسى باشلانغاندا غۇلام «بايۋەچچە» بىلەن هېلىقى ئاغىنە چوكىلىرىنى ئالدىراپ تاشلاپ، قوشنا ئۈستەللەردىكى ئاياللار تەرەپكە قاراپ ئالدىراپ مېڭىشاتتى. يېرىم ئىچىلىپ قالغان يوتىلار، قاپقارا پەرداز بوياقلىرى بىلەن ئېغىرلىشىپ كەتكەن كىرپىكلەر، سۆيۈلۈشكە تەشنا بولۇپ يېرىم ئېچىلىپ تۇرغان قىپقىزىل لەۋلەر كۆز ئالدىمدىن گىرىمسەن ئۆتۈشۈپ تۇراتتى.

— ماۋۇ ئامەتنى قاراڭلار، — دېدى بىر چاغدا هېلىقى

گەۋدىلىك ئاغىنە تانىسىدىن چۈشۈپ، ئۈستەلگە قايتىپ كېلىپ، — ئەتراپىمىزدىكى ئۈستەللەردە ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى تۇل چوكانلاركەن ئەمەسمۇ؟

— ئوبدانراق قىلىرىنى بىزنىڭ جوزىغا تەكلىپ قىلمايمىزمۇ؟ — دېدى غۇلام «بايۋەچچە».

— بۇ ئۇرۇمچى دېگەندە نېمانداق تۇل خوتۇن تولا؟ — دېدىم مەن ھەيران بولۇپ.

— ھەممىسى پۇلى بار خوتۇنلار، — دېدى غۇلام «بايۋەچچە»، — پۇل بولسا ئەرگە تېگىپ نېمە قىلىدۇ، بىكار بىر ئۆي بىلەن بىر ئەرنىڭ جاپاسىنى ئۈستىگە يۈك قىلىپ... ھازىرقى مەدەنىيەت دېگەن شۇ!

مەسچىلىكتە كۆزۈم سەل ئۇيقۇغا كەتكەندەك قىلدى. راست دېگەندەك، بىر كەمدە كۆزۈمنى ئېچىپ قارىسام، بىزنىڭ ئۈستەل ئاياللار بىلەن تولۇپ كېتىپتۇ. غۇلام بىلەن ھېلىقى گەۋدىلىك ئاغىنە ئاياللار بىلەن ناھايىتى قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپتۇ. بىردەمدىلا ئۇلار يانچۇقلىرىدىن كىچىككىنە دەپتەرلىرىنى چىقىرىپ، بىر - بىرىنىڭ تېلېفون نومۇرى، ئادرېسلىرىنى يېزىشقىلى تۇردى. مېنىڭ بىقىنىمغىمۇ زىلۋا بىر چوكان جايلىشىپ ئولگۇرۇپتۇ. «پاھ، ئۇرۇمچى دېگەن ھەقىقەتەن قالتىس شەھەركەن - دە! — دەۋەتتىم ئىچىمدە، — ئالىقىنى ئوچۇق، مەرد ئاغىنىلەر، ئۈستىدە يۈكى يوق تۇل خوتۇنلار... يىراق بىلەن يېقىن، يات بىلەن تونۇشنى بىردەمدىلا يۇغۇرۇپ، بىر گەۋدە قىلىۋېتىدىغان ئاجايىپ ئولتۇرۇشلار... بۇرۇنقى خوتۇنىنىڭ ئېرى، ھازىرقى خوتۇنىنىڭ ئاشنىسى، ئاشنىسىنىڭ ئاشنىسى، يەنە بىرنېمىسىنىڭ بىرنېمىسى دېگەنلەر بىلەن

ئىرماش - چىرماش بولۇپ كېتىدىغان ئىشلارغا بۇ يەردە ئەجەبلەنمىسىمۇ بولغۇدەك… »

شۇنداق خىياللار بىلەن ئولتۇراتتىم ، يېنىمدىكى زىلۋا چوكان بىقىنىمغا نوقۇغاندەك قىلىپ قالدى .

— گېپىڭىز بارمىدى ؟ — دەپ ئۇنىڭغا قارىدىم .

— نېمانداق مۇگدەپلا ئولتۇرىسىز ؟

— سەل ئوشۇق ئىچىپ قويۇپتىمەن .

— بۇرۇتىڭىزنى چۇشۇرۇۋېتىپ ساقال قويۇۋالسىڭىز بولىدۇ .

— نېمىشقا ؟

— ئوخشاي مەست بولمايسىز .

نېمە دەيدىغاندۇر ماۋۇ چوكان ، ھەيرانلا قالدىم .

— يېنىڭىزدا ئەللىك سوملۇق پارچە پۇل بارمۇ ؟ — دېدى ئۇ .

— نېمە قىلاتتىڭىز ؟ — دەپ سورىدىم .

— ھازىر ناخشا ئېيتىدىغان ناخشىچىغا بىر دەستە گۈل سۇنۇپ قوياي دېگەنتىم . يېنىمدا ساپلا يۈز سوملۇق پۇللار باركەن .

— بىر دەستە گۈل شۇنچە قىممەتمۇ ؟

— گۈلنى سېتىۋالمايمىز ، بۇ ناخشىچىغا قىلغان كۆڭلىمىز . يىگىرمە سومنى رېستوران تۇتۇپ قالىدۇ ، ئۇ بىچارىلەرگە تېگىدىغىنى ناھايىتى ئوتتۇز سوم .

ئۇندىمەي يانچۇقۇمدىن يۈز سوملۇق قەغەزدىن بىرنى چىقىرىپ بەردىم . ئۇ چوكان نەلەرنىدۇر ئايلىنىپ ، بىردەملا قايتىپ كەلدى . ماڭا ئاشقان پۇلنىمۇ بەرمەي :

— ئاشقان پۇلىڭىزغا بىردەم تۇرۇپ يەنە سىزنىڭ نامىڭىزدا بىر دەستە گۈل ـ ھە ! — دېدى .

شۇ چاغدا گۈلدۈر ـ غالاپ قىلىپ بىر غەلىتە مۇزىكا چېلىنغاندەك قىلىپ قالدى . نېمە ۋەقە بولغانلىقىنى ئاڭقىرالماي قالدىم . مۇزىكا بىلەن تەڭ ئولتۇرغان ـ قوپقاننىڭ ھەممىسى مەيدانغا چۈشۈپ ، ئەسەبىيلەرچە سەكرەپ پىرقىراشقىلى تۇردى . چىراغلار بىر يېنىپ ، بىر غۇۋالىشاتتى . تام ـ تورۇسلاردا تاماكىنىڭ ئىس ـ تۈتەكلىرى بىلەن قوشۇلۇپ مەيداندىكىلەرنىڭ كۆلەڭگىلىرى ئەلەڭلەيتتى . ئارقىدىنلا ناخشىچىنىڭ چىرقىرىغان ئاۋازى كۆتۈرۈلدى . پۈتۈن مەيدان ئۇنىڭ ناخشىسىغا جور بولدى .

ھەي دوستلار ،
ئېشەنسەڭلار بۇ دۇنيا ،
بۇ دۇنيا ! بۇ دۇنيا ! بۇ دۇنيا !
ۋاپاسى يوق ،
ئىت ـ ئېشەكنىڭ جەننىتى .
بۇ دۇنيا ! بۇ دۇنيا ! بۇ دۇنيا !
كاززاپلارنىڭ چىرايىدا شاد كۈلكە ،
بۇ دۇنيا ! بۇ دۇنيا ! بۇ دۇنيا !
ياخشىلارنىڭ نادامەتتە قان كۆزى .
بۇ دۇنيا ! بۇ دۇنيا ! بۇ دۇنيا !

بۇ مۇزىكا كىشىگە ئېشەكلەرنىڭ ھاڭرىشى ، چوشقىلارنىڭ چىرقىرىشى ، چالا بوغۇزلانغان كالىنىڭ ھۆركىرەشلىرىنى

ئەسلىتەتتى . ئادەملەر دۈپدۈگىلەك دائىرە بولۇشۇپ ، باشلىرىنى گاھ ئالدىغا ، گاھ ئارقىغا تاشلاپ ، خانىقادا ھۇۋ دەپ تەلىقىگە چۈشكەن سوپىلاردەك ، پىرىگە چۈشكەن باخشىدەك پىرقىرىشاتتى .

ئېھ ! قۇياش نۇرىغا تويۇنغان كەڭ دالا ، ئوچۇق كۆك ئاسمان . دەريا بويىدىكى ئولتۇرۇشلار ، دۇتار - تەمبۇرنىڭ تارىدىن كۆتۈرۈلگەن مۇڭلۇق كۈي . توپىلىق يولدا يىراقلاپ كېتىۋاتقان ھارۋا ، دۆڭلۈكلەردە ئۆسكەن خۇشبۇي شىۋاقلار ، ئىللىق كۈلۈمسىرەپ تۇرغان دېھقان بالىلىرى ، يىراق بىر ئورمان ئارقىسىدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان تولۇن ئاي… نېمىشقىدۇر ، شۇ دەمدە مەن ئاشۇلارنى سېغىنىپ قالدىم . يۈگۈرۈپ چىقىپ ، پىنھان بىر جايىنى تېپىپ ئولتۇرۇۋالغۇم ، كىملەرنىڭدۇر بويىنىغا ئېسىلىپ يىغلىغۇم كېلىپ كەتتى…

يەنە قانچىلىك ئولتۇرغىنىمىزنى بىلمەيمەن . بىر چاغدا قارىسام ، تۇن يېرىم بولغان ئوخشايدۇ ، تۇل خوتۇنلار ئولتۇرغان ئۇستەللەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بوشاپ قاپتۇ . تۇننى تاڭغا ئۇلايدىغان ياش بالىلاردىن ئۇ يەر - بۇيەردىلا بىرنەچچە ئۇستەللىك ئادەم قاپتۇ ، بىزنىڭ ئۇستەلدە يەنە ھېلىقى ئۈچىمىز ئولتۇرۇپتىمىز . خېلى ئوبدان مەست بولغان ئوخشايمىز . مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك ئۈچىمىز تەڭلا بېشىمىزنى كۆتۈرۈپ ، بىر - بىرىمىزگە قاراپتىمىز . ئادەم بېشىغا بىردىن توغرا كەلگەن «داپ»لارمۇ ئۇستەلنىڭ ئاستىدا ئۇڭدا بولۇپ بوپتۇ . ئەتراپتىكى ئۇستەللەردە شۇ پېتى ئېشىپ قالغان تاماقلارغا قاراپ ئىچىم سىيرىلىپ كەتتى .

— بۇ ئاشقان تاماقلارنى قانداقمۇ قىلار ؟ — دېدىم مەن .
— تۆكىدۇ ! — دېدى غۇلام «بايۋەچچە» .
— تۆكۈۋەرسە تاغدەك دۆۋىلىشىپ ، بۇ زامانىۋى شەھەرنىڭمۇ سېسىقچىلىقىقا چۆكۈپ قالار ؟
— تۆكەمدۇ ! — دېدى گەۋدىلىك ئايىمە ، — بۇنىڭمۇ ئىگىسى بار .
— كىم ؟
— چوشقا باقىدىغانلار .
— مۇشۇنداق ئېسىل تاماقلاردا چوشقا باقامدا ؟ !
تۇرۇپلا كاللامغا ، مۇشۇ چوشقىلار توغرىسىدىمۇ بىر ھېكايە يازسا بولغۇدەك ، دېگەن خىيال كېلىپ قالدى .
— ھوي ، ئايىمىلەر ، ئايىمىلەر ! — دەپ خىيالىمنى بۆلۈۋەتتى گەۋدىلىك ئايىمە ، — ئەمدى ، تازا بىر سۆيۈق - سەلەڭ بىرنېمە ئىچسەك بولاتتى . كۆتكۈچىلەردىن سورىسام تاماقنى توختاتتۇق ، دەيدۇ . سىلەر جىندەك ئولتۇرۇپ تۇرۇڭلار ، مەن ماۋۇ دوقمۇشقا چىقىپ ، ئازراق مېۋە - چېۋە بولسىمۇ تېپىپ كىرەي .
گەۋدىلىك ئاداش شۇنداق دېدى - دە ، تالاغا قاراپ ماڭدى .
— ئايىمەڭ قالتىس مەرد ئادەمكەن جۇمۇ ؟ — دېدى غۇلام «بايۋەچچە» .
— كىمنى دېدىڭ ؟ سېنىڭ ئايىمەڭدۇ ؟ مەن بۇ ئۇرۇمچىلىكنى نەدىن تونۇي ، — دېدىم مەن .
— نىمە دەيدىغانسەن ؟ بۇ ئاداشنى مەنمۇ تونۇمايمەن ، — دېدى غۇلام ھەيران بولۇپ .
— ئەمىسە ، قولىڭنى مۇرىسىگە ئارتىپ ، تازا

مۇڭدىشىپ كېتەۋاتاتتىڭغۇ ؟
— مەن سېنىڭ يېقىن بىر تونۇشۇڭ ئوخشايدۇ ، دەپ يېقىنچىلىق قىلىپ كېتىپتىمەن . راست تونۇمامسەن ؟
— مەنمۇ سېنىڭ تونۇشۇڭ ئوخشايدۇ دەپ ئولتۇرۇۋاتىمەن .
— ئەستاغپۇرۇللا ، نېمە دەيدىغاندۇ ماۋۇ…
— ئوبدانراق ئېسىڭگە ئېلىپ باق . سېنىڭ قويۇۋەتكەن ئايالىڭنىڭ بىرنېمىسىدۇ ياكى ھازىرقى ئايالىڭنىڭ بۇرۇنقى ئېرىدۇ ؟
— ئاغزىڭغا بېقىپ سۆزلە ـ ھە ، مەن ئايالىمنى قىز ئالغان .
— قىز ئالغان بولساڭ ، بۇرۇنقى لايىقىدۇ ياكى ئايالىڭنىڭ دوستىنىڭ بىرنېمىسىنىڭ بىرنېمىسىدۇ…
— چاقچىقىڭنى قويە ! — دەپ سىلكىۋەتتى مېنى غۇلام «بايۋەچچە» ، — ئۇنداق بولسا ، بىز تازا بىر ساختىپەزگە ئۇچرىغان ئوخشايمىز . خۇددى پۇلنى ئۆزى تۆلىۋېتىدىغاندەك ھەممە تاماقنى بولۇشىغا بۇيرۇپ ، ئاخىردا «غىپلا» قىلىپ تىكىۋېتىدىغان مۇنداق قويمىچىلار ئۇرۇمچىدە خېلى بار .
— نېمە دەيدىغانسەن ؟ مۇشۇنداق چوڭ باشلىقلار بار شەھەردىمۇ قويمىچى بارمۇ ؟
— نېمە دەۋاتقىنىڭ ، ئۇرۇمچى دېگەن قويمىچىنىڭ ئۇۋىسى… تېخى مېۋە ـ چېۋە تېپىپ كىرەرمىش ، بۇ يېرىم كېچىدە نەدە مېۋە ـ چېۋە باركەن ؟ توختاپ تۇرە ، مەن ئۇ ئاداشنىڭ كەينىدىن چىقىپ بىر قاراپ باقاي .
غۇلام «بايۋەچچە»مۇ ئالدىراپ تالاغا ماڭدى . باياتىن بېرى يېگەن ـ ئىچكىنىمىز زادى قانچىلىك بىرنېمە بولغاندۇ ؟ ھېلىقى

ساختىپەز راستتىنلا قاچقان بولسا، بۇ تاماقلارنىڭ پۇلىنى مەن تۆلەرمەنمۇ، غۇلامىمۇ؟ دېگەن خىياللار بىلەن ئولتۇرغان ئورنۇمدا ئولتۇرۇپلا قالدىم. ئارىدىن يەنە يېرىم سائەتچە ئۆتتى، غۇلام «بايۇەچچى»مۇ يوق. مەنمۇ «غىپلا» قىلىپ چىقىپ تىكىۋېتەي دېسەم، ئىشىكتىن تازىمۇ نېرىدىكى بىر ئورۇندا ئولتۇرۇپتىكەنمىز، چاندۇرماي ئاستا ئورنۇمدىن تۇردۇم. ئۆزۈمنى راۋۇرۇس تۈزەشتۈرۈپ:

كاززاپلارنىڭ چىرايىدا بىرنېمە…
ياخشىلارنىڭ نادامەتتە بىرنېمە…
بۇ دۇنيا! بۇ دۇنيا! بۇ دۇنيا!

دېگەن ناخشىغا غىڭشىپ، تالاغا قاراپ ماڭدىم.

تۆت قەدەم ماڭمايلا نېمىگە پۇتلاشتىم، بىلمەيمەن، بىرنېمىگە تېيىلىپ ئوڭدامغا چۈشتۇم. خىجالەتچىلىكتە ئىتتىك ئەتراپىمغا قارىدىم. بۇ رېستوراندا ئوڭدىسىغا چۈشۈپ كېتىدىغان ئىشلار پات-پات بولۇپ تۇرىدىغان بولسا كېرەك، ماڭا قاراپ ھېچكىممۇ كۈلمىدى. بىر كۈتكۈچى يىگىت يۈگۈرۈپ كېلىپ يۆلىۋالدى.

— جىقىراق ئىچىپ قويۇپسىزمۇ نېمە، ئاكا؟ — دېدى ئۇ، — سىز قايسى ئۈستەلدە ئولتۇرغان؟

— ئەنە ئاۋۇ بۇلۇڭدىكىسىدە.

— ھەممىڭلار تارقىلىپ بوپسىلەرغۇ؟ ئۇن ئۈچىنچى ئۈستەل ھېسابىنى ئۆزگەنمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئىشىكنىڭ تۈۋىدىكى كاسسىدا ئولتۇرغان قىزدىن.

«ئىم !» دەپ قالدىم .

— ياق ! — دەپ جاۋاب بەردى كاسسىر قىز .

— ھە ، ھېسابنى ئۆزۈۋېتىپ ئاستا قايتۇۋالسىڭىز بولىدۇ ، — دېدى يىگىت .

— ئۇكا ، ئۇ ئۇستەلنىڭ ساھىبخانى مەن ئەمەس !

— ئەمىسە كىم ؟ — دېدى ئۇ بېلىكىمدىن چىڭ تۇتقىنىچە كاسسا تەرەپكە ئېلىپ مېڭىپ .

— مانداق گەپ دەڭلا ، — دەپ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدىم ، — بىزنى بۇ يەرگە باشلىغان ئاداشنى مەنمۇ تونۇمايمەن . مەن تېخى ئۇرۇمچىگە بۈگۈنلا كەلگەن . يولدا غۇلام دېگەن بىر ئاغىنەم ئۇچراشتى . ئۇنى غۇلام «بايۋەچچە» دېسە تونۇمايدىغان ئادەم يوق··· ، ھە ، شۇنداق قىلىپ ، دۇكانمۇدۇكان كىرىپ ئىچتۇق··· توختاڭ ، راست ، ئالدىدا زەھەردەك ئاچچىق بىر سۇيۇقئاش ئىچىپتۇق···

— گېپىڭىزنى قىسقارتىڭا ، ئاكا ، مېنىڭ ئىشىم ئالدىراش . مەن سىزدىن تاماقنىڭ پۇلىنى كىم تۆلەيدۇ ؟ دەپ سوراۋاتىمەن .

— توختىمامسىز ، ھېلىمۇ مەن سىزگە چۈشەندۈرەي··· ھە ، ئاندىن ھېلىقى يوغان ئاداش يولۇقتى . مەن غۇلامدىن : «بۇ كىم بولىدۇ ؟ » دەپ سورىدىم . سورىغىنىم ئېنىق··· غۇلام : «بۇرۇنقى ئايالىمنىڭ ھازىرقى ئېرى ، ھازىرقى ئايالىمنىڭ بۇرۇنقى ئاشنىسى بولىدۇ» دېدى···

يەنە نېمىلەرنى دەپ كەتتىم ، بىلمەيمەن . ھېلىقى يىگىت :

— نېمە دەيدۇ ماۋۇ !؟ ھوي ، ئەكرەم ، مەيەرگە كەلگىنە ! — دەپ يەنە بىر يىگىتنى چاقىردى ـ دە ، ئىككىسى گەجگەمدىن تۇتۇپ دارقىرىتىپ سۆرىگىنىچە رېستوراننىڭ

ئارقىسىدىكى ئاشخانا تەرەپكە ئەكىرىپ كەتتى .

ئۇلار مېنى ئاشخانىنىڭ كۆكتات توغرايدىغان كىچىك بىر ئۆيگە سۆرەپ ئەكىرىپ تۇرغۇزۇپ قويۇشتى .

— ياخشىلىقچە چىقار پۇلنى ! بولمىسا ... — دېيىشتى .

ئەتراپىمغا قارىسام ، بىرنەچچەيلەن ماڭا قاراپ دېۋەيلەپ تۇرۇشۇپتۇ . بىرىنىڭ قولىدا كۆكتات ئاقلايدىغان ئىتتىك پىچاق ، بىرىنىڭ قولىدا گۆش توغرايدىغان چەيدو ، ئاق بۆك كىيىۋالغان سېمىز بىرىنىڭ قولىدا سەي قورۇيدىغان مايلىق چۆمۈچ . قورقىنىمدىن يانچۇقلىرىمنى ئۆرۈپ ، بار پۇلۇمنى ئېلىپ ، گۆش چانايدىغان يوغان دۆشىنىڭ ئۈستىگە قويدۇم . ئۇلارپۇلنى ساناپمۇ قويماي ، مېنى يەنە دارقىرىتىپ سۆرىگىنىچە قانداقتۇر بىر ئاشقان تاماقلارنى تۆكىدىغان تۆڭلارنىڭ يېنىدىن ئۆتكۈزۈپ ، كىچىك بىر يان ئىشىكتىن تالاغا ئىتتىرىپ چىقىرىۋەتتى . ئارقىدىن بىرى :

— يۈزى داپتەك قېلىن نېمىلەركەن بۇ ! — دەپ تىللىغاندەك قىلىپ قالدى .

— داپ ، داپ ، نېمە داپ ئۇ ؟ ! — دەپ بىر ۋارقىراپتىكەنمەن . ھەممىسى ھەيران بولۇپ چەكچىيىپ قاراپلا قېلىشتى ـ دە ، ئىشىكنى «گۈپپىدە» يېپىپ غايىب بولۇشتى .

مانا ، رەئىس ئەپەندىم ، ئۇرۇمچىدە بىر كۈن تۇرۇپ كۆرگەن كۈنۈم شۇ بولدى . ئالدىڭىزغا يېتىپ بارالمىغىنىمنى ئەپۇ قىلغايسىز .

رېستوراندىن چىقىپ ، بېشىم قايغان تەرەپكە مېڭىپ ، ماشىنا بېكىتىنى تاڭ يورۇغاندا ئاران تېپىپ كەلگەنلىكىمنى ، ئۇ

يەردە بىزنىڭ شەھەرگە قايتماقچى بولۇۋاتقان بىر تونۇشنى تېپىپ، ئازراق پۇل قەرز ئېلىپ، ئۆيگە قانداق يېتىپ كېلىۋالغانلىرىمنى يازمايلا قوياي، ھازىرچە مۇشۇ خېتىمنى ئوقۇپ تۇرۇڭ. كېيىنكى نۆۋەتتە، خۇدايىم بۇيرۇسا، چوشقىلار ھەققىدە يازغان ھېكايەمنى قوشۇپ ئەۋەتىمەن… راست، ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ قەشقەردىكى ھېلىقى داپ ياسايدىغان زاۋۇتقا ئوت كېتىپتۇدەك. شۇ كۈنى قىزىپ كەتكەن نەچچە مىڭ داپ داراڭلاپ ئاسماندا ئۇچۇپ يۈردى، دېيىشىدۇ. ھېلىقى بىزنىڭ پۇلىمىزنى يەپ كەتكەن سالاپەتلىك ئوغرى ئىشتان - كۆڭلەكنى سېلىۋېتىپ، ئوتنىڭ ئىچىدە يۈگۈرۈپ يۈرەرمىش. چوقۇم ئۇنىڭ يېنىدا ھېلىقى گەۋدىلىك ئاداشمۇ بارمىكىن، دەپ قالدىم.

خەير، سالامەت بولۇڭ. رېستورانلارغا كىرىپ قالسىڭىز، باشقىلار قايتقۇچە بۇرۇنراق قايتىۋېلىڭ!

1998 - يىل، غۇلجا

# ساۋاقداشلار

«ئاھ ، ئانا مەكتىپىم ! ...»
— بىر ستۇدېنتنىڭ خاتىرىسىدىن

## 1

جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بىرقانچە شەھەرلىرىنى ئارقىغا تاشلاپ ، ئۈرۈمچىگە قاراپ كېلىۋاتقان بۇ پاسسازىر ئاپتوبۇسىدا يولۇچى ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى . ئاپتوبۇسنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى بوش ئورۇنلارنىڭ بىرىدە يېشى ئوتتۇز بەش — قىرىقلار چامىسىدىكى بىر كىشى يالغۇز ئولتۇراتتى . ياندىن قارىغاندا ، كۆزىنىڭ ئەتراپىغا چۈشكەن ئۇششاق قورۇقلار ئۇنىڭ يېشىنى چوڭدەك كۆرسىتەتتى . ئۇدۇلدىن قارىغاندا ، كەڭ پېشانىسى ئاستىدىكى نۇرلىنىپ تۇرغان يوغان كۆزلىرى بىلەن ئۇ تېخى ياش ، جاسارىتى كەتمىگەن ئادەمدەك كۆرۈنەتتى . بۇ كىشى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئون نەچچە يىلنىڭ ئالدىدىكى ئوقۇغۇچىسى ئەلى ئىدى . ھازىر ئۇنىڭ تۇرمىدىن ئاقلىنىپ چىقىپ ئورنىغا قايتىشى ئىدى .

گىياھسىز تاغلار ، باش - ئايىغى كۆرۈنمەيدىغان تاشلىق چۆل ، ماشىنا ئەينىكى يېنىدىن غۇيۇلداپ ئۆتەتتى . يولۇچىلار كىشىگە ھېچقانداق تەسىرات بەرمەيدىغان بۇ تۈگىمەس جەزىرىگە قاراۋېرىشتىن زېرىكىپ مۈگدەشمەكتە ئىدى...

ئەلى باشقىلار بىلەن پاراڭلىشىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ ئارقىغا ئۆتتۈۋالغاندى. ئۇ بۇ كەڭرى جاھاننى قانغۇچە كۆرۈشنى، ئۆتمۈش ۋە كەلگۈسى توغرىسىدا ئازادە خىيال سۈرۈشنى خالايتتى. مۇشۇ بىرنەچچە كۈنلۈك سەپەر ئۈستىدە ئۇ ئادەملەرنىڭ ئۇنىڭدىن گەپ سورىشىدىن زېرىككەنىدى. «تۈرمىدىن چىقتىم» دېگەن گەپ ئېغىزدىن چىقىشى بىلەن ھەممە ئادەم قىلىۋاتقان گەپلىرىنى توختىتىشىپ، بويۇنلىرىنى سوزۇپ ئۇنىڭغا قارىشاتتى. قايسىبىرلىرى چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭ يېنىدىن نېرىراق كېتىشەتتى؛ قايسىبىرلىرىغا بۇ ئىش ناھايىتى قىزىق تۇيۇلۇپ «تۈرمىدىن چىقتىم دەڭ؟ قاچان چىقتىڭىز؟ ئوغرىلىق قىلغانمۇ ياكى ئاچچىقىڭىزدا بىرەرىنى… قىيناشتىمۇ؟ قانچە يىل ياتتىڭىز؟…» دېگەندەك سوئاللارنى سورىشاتتى. ئادەم دېگەننىڭ تەبىئىتى غەلىتە بولىدۇ، تۈرمىگە كىرىشنى ھېچكىم خالىمىسىمۇ، ئۇ يەردىكى تۇرمۇشنى بىلىشكە ھەممە ئادەم قىزىقىدۇ. بىر ئايال ئەلىگە قاراپ، ئۆزىنىڭ تۈرمىگە كىرىپ كەتكەن ئېرىنى ئېسىگە ئېلىپ يىغلاپ كەتتى. قايسىبىر قونالغۇدا كۆزەينەك تاقىغان بىر ياش يىگىت ئەلىگە: «تۈرمىدە كۆرگەن كۈنلىرىڭىزنى سۆزلەپ بەرسىڭىز» دەپ يېپىشىۋالدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ تۈرمىدە ياتقانلارنىڭ تۇرمۇشنى ئۆگىنىپ يۈرگۈدەك، كەلگۈسىدە ئۇ تۈرمە ھاياتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بىر ئەسەر يازماقچىكەن، ئۇ ناھايىتىمۇ قىزىق بىر كىتاب بولۇپ چىقارمىش.

ئەلى تۈرمىدىكى ئىشلارنى ئۇنتۇشنى خالايتتى. كىشىنىڭ ئىنسانىي غۇرۇرىنى يەرگە ئۇرىدىغان ئىشلار — كەمسىتىش، خورلاش، ھوقۇقسىزلىق، ئۈمىدسىز ئۆتكەن تۈنلەر… يۈرەككە

ئازاب سالىدىغان بۇ نەرسىلەرنىڭ قورقۇنچلۇق بىر چۇشكە ئايلىنىپلا ئۆتۈپ كېتىشىنى ئۇ قانچە قېتىم تىلىگەن. ئۇ بىلمىگەننى بىلىش ئۈچۈن مەكتەپكە كىرگەن بىر سەبىي بالا ئىدىغۇ، قاچان، قانداق قىلىپ جىنايەتچىگە ئايلىنىپ قالدى؟... بەزىدە ئۇنىڭ، مەن چۇش كۆرۈۋاتىمەنمۇ، قانداق؟ دەپ ئويلىغان كۈنلىرىمۇ بولغانىدى. ئۇ بىر ئۇخلاپلا ئەتىسى يەنە مەكتەپنىڭ تۆت كارىۋات قويۇلغان ئاشۇ كىچىككىنە ياتىقىدا ئويغىنىپ، ساۋاقداشلىرى بىلەن بىللە دەپتەر - كىتابلىرىنى كۆتۈرۈپ، ئوقۇش بىناسىغا قاراپ مېڭىپ كېتىشىنى ئارزۇ قىلغانىدى.

مەيلى چۇش بولسۇن ياكى رېئاللىق بولسۇن، ئۇن نەچچە يىللىق تۇرمە هاياتى هازىر ئۆتۈپ كەتكەنىدى.

ئەلىنىڭ مەھبۇسلۇق هاياتىنىڭ كۆپ قىسمى تەكلىماكاننىڭ قۇملۇقلىرى بىلەن قاراشەهەر ئەتراپىدىكى قومۇشلۇقلار ئارىسىدا ئۆتكەن بولۇپ، زەيكەشتە ئىشلەش، كۈن چۇشمەيدىغان زەي كامېرلاردا يېتىش ئۇنى پۇت ئاغرىقىغا گىرىپتار قىلغانىدى. كېيىنچە ئۇنى يەنە تۇرمىگە قايتۇرۇپ كېلىشتى. تۇرمىدىن خوشلاشقان ئاخىرقى سائەتلەر هېلىمۇ ئۇنىڭ ئېسىدە، ئېگىز تام ۋە تام ئۈستىگە بەش قۇر قىلىپ تارتىلغان توك سىملىرى بىلەن قورشالغان بۇ تۇرمە چوڭقۇر بىر جىرانىڭ ئىچىگە جايلاشقان بولۇپ، ئەتراپى دەل - دەرەخسىز ئوچۇقچىلىق ئىدى. تۇرمە دەرۋازىسىدىن باشلانغان يول يىراقتىكى تاشيولغا بېرىپ تۇتىشاتتى. ئەلى لاقا - لۇقىلىرى چىگىلگەن كىچىككىنە بوغچىسىنى مۈرىسىگە ئارتىپ دەرۋازىنىڭ كىچىك ئىشىكىدىن چىقتى. ئۇ ئارقىسىغا قاراشقا جۈرئەت قىلالماي ئىتتىك مېڭىپ كەتتى. ئۇنى هېلىلا بىرى قىچقىرىپ قالىدىغاندەك ئارقىسىغا

بۇرۇلۇپ قارايدىغانلا بولسا يەنە قانداقتۇر بىر كېلىشمەسلىك يۈز بېرىپ قالىدىغاندەك قىلاتتى. پەقەت ئۇ، ئەركىن ئادەملەر ئۆتۈشۈپ تۇرغان چوڭ يولغا سالامەت ئۇلاشقاندىلا، ئاندىن ئۆزىنىڭ ئازادلىققا ئېرىشكەنلىكىگە ئىشەنگەندەك بولدى. بۇ يولدا ماشىنىلار توپا توزۇتۇپ ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. ئېشەك ھارۋىسىدا ئولتۇرغان بىر دېھقان ئۆزىنىڭ ناخشىسىنى بەھۇزۇر توۋلاپ كېتىپ باراتتى. ئەلى بوغچىسىنى يەرگە قويۇپ ئوچۇق ئاسمانغا قاراپ ھۇزۇرلىنىپ بىر كېرىلىۋالدى ـ دە، تاشيولغا چۈشۈپ مېڭىپ كەتتى.

ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان، ئۇزۇن يىل نەيزە ئاستىدا ئىشلەپ، خورلۇقتىن ئېزىلىپ كەتكەن بىر مەھبۇسنىڭ قەلبىدە قانداق ھېسسىيات بولسۇن؟! ئەلى، بۇ ئېغىر تۇرمۇش، قەلبىمدىكى ھەممە ياخشى نەرسىلەرنى — ئوتلۇق ئارزۇ، گۆدەكلەرچە خىيال، ياخشى تىلەك، مۇھەببەت ۋە سېغىنىشلارنىڭ ھەممىسىنى يەپ تۈگىتىپ، ئۆزۈمنى تىرىك بىر مېيىتقا ئايلاندۇرۇپ بولدى، دەپ ئويلايتتى. شۇ كۈنى، ئىنسان قەلبىدىكى بارلىق ھېسسىياتلارنىڭ ئانىسى — ئەركىنلىك ئىكەنلىكىنى تونۇدى. ئادەم چىقىش يولىنى يوقىتىپ، قاراڭغۇلۇقتا تەمتىرەپ قالغاندا ئۆلۈمگە رازى بولغاندەك بولسىمۇ، كىچىككىنە ئۈمىد، كىچىككىنە يورۇقلۇقنى كۆرسىلا، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ھاياتقا ئىنتىلىش يەنە قايتا يالقۇنجاپ ئوت ئېلىپ كېتىدىكەن. كۆپكۆك ئاسماندا لەيلەپ يۈرگەن ئاق بۇلۇتلار، شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان سۈزۈك سۇ ۋە شۇ ئېرىق بويىنى قاپلىغان ياپيېشىل ئوتلار، بەرقۇتتەك يېيىلىپ تۇرغان بۇغداي مايسىلىرى ۋە شۇ مايسىلار ئىچىدە ئېچىلىپ تۇرغان ياۋا گۈللەر،

غۇيۇلداپ ئۆتۈپ كەتكەن ماشىنىدىن كىشىگە ئۇرۇلىدىغان سوغۇق شامال… بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەلىنىڭ قەلبىدىكى ئۆلۈپ كېتىۋاتقان ھېسسىياتلار ۋە ئۆچۈپ كېتىۋاتقان ئۈمىد ـ ئارزۇلارنى قايتا ئويغاتقاندەك بولدى. ئۇ ئاجايىپ بىر زوقتا چۆمۈلۈپ، ئۆزىنىڭ قاياققا كېتىپ بارغانلىقىنى بىلمەي مېڭىۋەردى. پەقەت يىراقتىن تاشيول بويىدىكى كىچىك مەھەللىلەر كۆرۈنگەندىلا، ئۆزىنىڭ شەھەرگە ئەمەس، يېزا تەرەپكە قاراپ كېتىپ قالغانلىقىنى پەملەپ ئارقىسىغا ياندى.

شەھەرگە كىرگەندە ئەلىنىڭ يۈرىكى نېمىشقىدۇر قىسىلغاندەك قىلدى. بۇ قەدىمىي شەھەر ئۆزىنىڭ ئاجايىپ ۋاڭ-چۇڭى بىلەن گۈرۈلدەيتتى، ئادەملەر توپى ھەر تەرەپكە قاراپ تەرتىپسىز ئاقاتتى. ئەلى ئۇزۇن يىل يىراقلىشىپ ئۇنتۇلۇپ قالغان بۇ قايناق ھايات ئۇنى ھەم خۇشال قىلاتتى، ھەم ئەيمەندۇرەتتى؛ ئەركىن ئادەملەر توپىغا ئارىلىشىپ كەتكۇسى كېلەتتى ـ يۇ، يەنە نېمىشقىدۇر ياتسىرايتتى… ئەلى بۇ بازاردىن ئۆزىگە بىر قۇر يېڭى كىيىم سېتىۋالدى، مېھمانخانىغا چۈشۈپ، يۇيۇنۇپ، ئۆزىنى تەرتىپكە سالغاندەك بولدى ـ دە، ماشىنا بېلىتى ئېلىپ ئەتىسىلا يولغا چىقتى. ئۇ ئەمدى قەيەرگە بارىدۇ، كىملەرنى ئىزدەيدۇ؟…

ئەلى مۇشۇ ماڭغانچە بىرىپ ئۇرۇمچىگە چۈشمەكچى، ئۇنىڭ قالغان رەسمىيەتلىرى ئۇرۇمچىدە بىجىرىلىدىغانلىقى ئۇقتۇرۇلغان، بۇ ئىش پۈتكەندىن كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ قەدىردان مەكتىپىگە چىقماقچى.

ئەلىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى كىچىك چېغىدىلا ئۆلۈپ كەتكەنىدى. ئۇنى يېزىدىكى مومىسى بېقىپ چوڭ قىلغان، بۇ مېھرىبان ئايال

ئەلى تۈرمىگە كىرىپ ئۈچ يىلدىن كېيىن قازا قىلدى. ئۇنىڭ ئەينى يىللاردىكى ساۋاقداشلىرىنىڭ ھەممىسى ھازىر جەمئىيەتنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغا تارقىلىپ كەتكەن، ئۇ كىملەرنىڭ قەيەردە، نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەرسىز ئىدى. ئەلى تۈرمىدە ياتقان چاغلىرىدا تولىراق ئۈچ كىشىنى ئەسكە ئالاتتى. ئۇلارنىڭ بىرى ئەلىنىڭ بىر تۇغقان ئاكىسى ئوسمان ئىدى. ئوسمان مېھرىبان، يۇمشاق سۆز ئادەم ئىدى. ئەلى بىلەن ئاكىسى ئوتتۇرىسىدا ئون نەچچە ياش پەرق بولغاچقا، ئاتىسى ئۆلگەندىن كېيىن ئۇ ئەلىگە ئۆز ئاتىسىدەك بولۇپ قالغانىدى. بۇ ئادەمنىڭ بىرلا ئەيىبى — ھاراقنى كۆپ ئىچەتتى. بىر ئوبدانلا ئادەم ھاراق ئىچكەندىن كېيىن ئۆزگىرىپ باشقىچىلا بولۇپ قالاتتى. لېكىن ئۇ ھاراق ئىچىپ غوۋغا چىقارمايتتى، خۇشاللىقى چەككە يېتىپ ناخشا ئېيتاتتى، كەيپى يەنىمۇ ئۆرلىگەندە قوپۇپ ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كېتەتتى، بارلىق قوشنا - قولۇم، ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، ئۇلار بىلەن چېقىشىپ، قىزىق گەپلەرنى قىلىپ كۈلدۈرۈپ، ئاخىرىدا ئۇلارنى بىزار قىلىۋېتەتتى. ئۇ ئەلىنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتى، بۇنداق چاغلاردا ئۇنى قۇچاقلىۋېلىپ، كىچىك بالىدەك ئەركىلىتىپ سۆيەتتى، ئەتىسى قىلغان ئىشلىرىغا خىجىل بولۇپ، رەنجىتكەن ئادەملىرىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئۇلاردىن ئەپۇ سورايتتى. راستىنىلا ئۇ بىر - ئىككى كۈن ئىچمەيتتى، ئۈچىنچى كۈنىدىن باشلاپ ئىچىشنى يەنە باشلىۋېتەتتى. ھازىر ئۇنىڭ ئاكىسىنىڭ يېشى ئەللىكتىن ھالقىپ كەتتى، ئۇ ھېلىمۇ شۇنداق قاتتىق ئىچەمدىكىن؟ ئۇلار دىدارلاشمىغان بۇ ئۇزۇن ۋاقىت ئىچىدە ئۇنىڭ مىجەزىگە يەنە نېمە يېڭىلىقلار كېلىپ قوشۇلغاندۇ؟...

ئەلى دائىم ئەسلەيدىغان ئىككىنچى كىشى ئۇنىڭ ئايالى رابىيە ئىدى . رابىيە ئىككىسى ئۇنىۋېرسىتېتتا بىر سىنىپتا ئوقۇغان . بۇ قىز تال چىۋىقتەك ئورۇق بولۇشىغا قارىماي ، تىنىمسىز شوخ ئىدى . ئەلىنىڭ كۆزىگە قىزلاردا بولۇشقا تېگىشلىك — زىلۋالىق ، گۈزەللىك ، خۇشخۇيلۇقلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ قىزنىڭ ۋۇجۇدىغا جەملەنگەندەك كۆرۈنەتتى . ئۇلار مەكتەپتىلا توي قىلىشتى . توي بولۇپ بىر ئايدىن كېيىن ئەلى قولغا ئېلىندى ، دەسلەپكى يىلى ئۇ رابىيەدىن خەت ـ خالتا ئېلىپ تۇردى ، كېيىن ئۇنىڭ خەۋىرى بىردىنلا ئۈزۈلۈپ قالدى . ئارىدىن ئىككى ـ ئۈچ يىلچە ئۆتۈپ ، رابىيەدىن يەنە پوسۇلكىلار كېلىشكە باشلىدى ، ئۇ پەقەت خالتىلا ئەۋەتەتتى ، باشقا خەت ، گەپ ـ سۆزى يوق ئىدى . ئەلى ھەرقانداق قىلىپمۇ ئۇنىڭ بىلەن ئالاقىلىشەلمىدى . رابىيە ھازىر قەيەردە؟ نېمە ئىش قىلىدۇ؟ تۇرمۇشى قانداق كېتىپ بارىدۇ؟ بۇ سوئاللار ئەلىگە تېپىشماقتەك بولۇپ قالغانىدى . رابىيە بەزىدە ئەلىنىڭ كۆز ئالدىدا ناھايىتى ئوچۇق گەۋدىلىنەتتى . بەزىدە ئۇ رابىيەنىڭ چىرايىنى ئەسلىيەلمەيمۇ قالاتتى ، ئۇنىڭ چىرايى توغرىسىدىكى تەسىرات توپا بېسىپ كەتكەن ئەينەك ياكى ناچار يۇيۇلغان سۈرەتتىكى شەكىلگە ئوخشاش خىرەلىشىپ قالاتتى .

ئۈچىنچى ئادەم بولسا ئۇنىۋېرسىتېتتىكى ئەلىنىڭ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى راخمان ئىدى . ئۇ ، ئوقۇغۇچىلار ئالدىدا ھاياجانلىنىپ دەرس ئۆتىدىغان ، ئاجايىپ جۇشقۇن ، قابىلىيەتلىك ئوقۇتقۇچى ئىدى . راخمان بىلەن ئەلىنىڭ بىرى مۇنبەردە دەرس سۆزلەيدىغان ئوقۇتقۇچى ، يەنە بىرى شۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ سۆزلىگەنلىرىدىن خاتىرە يازىدىغان ئوقۇغۇچى بولسىمۇ ، 1966 ـ

يىلىدىن باشلانغان قالايمىقانچىلىق ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىنى باراۋەر ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويۇپ، ئۇلار ئارىسىدا ئالاھىدە دوستلۇق ئورنىتىلغانىدى.

ئۇ چاغدا، راخمان مۇئەللىم 50 - يىللارنىڭ ئاخىرىدىكى سىياسىي ھەرىكەتلەردە رەھبەرلىككە پىكىر قىلغان، بېيجىڭدا ئوقۇۋاتقان يىللىرى چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ لېكسىيەلىرىنى ئاڭلىغان، مەتبۇئاتلاردا ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلغان «جىنايەت»لىرى ئۈچۈن «توردىن چۈشۈپ قالغان ئوڭچى - مىللەتچى»، «چەت ئەلگە باغلانغان ئۇنسۇر»، «ئەكسىيەتچى ئىلىم نوپۇزلۇقى» دېگەندەك قالپاقلارنى بىراقلا كىيگەنىدى. ئەيتاۋۇر، ئۇ چاغلاردا ئاسماندىن قالپاق يېغىۋاتقان ۋاقىتلار بولۇپ، بۇ قالپاقلارنىڭ ناملىرىمۇ خىلمۇخىل ئىدى. بۇ ئاتالغۇلارنى قايسى «مۇتەخەسسىس»نىڭ، قانداق كېچىدە، نېمە چۈشلەرنى كۆرگەندىن كېيىن يۇگۇرۇپ قوپۇپ ئىجاد قىلىۋاتقانلىقىنى خۇدانىڭ ئۆزى بىلمىسە، بەندىنىڭ ئەقلى يەتمەيتتى. ئەلىنى بولسا «ئەكسىيەتچى كۆزقاراشتىكى ئوقۇغۇچىلار» قاتارىغا چىقىرىشىپ، ھېچقانداق بىر «ئىنقىلابىي قوشۇن»ئارىغا ئالماي «يېتىم قالدۇرۇش»قانىدى. مەكتەپتە ئاللىبۇرۇن دەرس توختاپ كەتكەچكە، ئەلى كۈن بويى «ئىدىيە ئۆزگەرتىش» ئۈچۈن «قىزىل كىتابلار»نى ئوقۇپ ياتاقتا ياتاتتى.

راخمان مۇئەللىم مەكتەپنىڭ پارخانىسىغا ئوت قالاشقا بەلگىلەنگەنىدى. ئۇ ھەر كۈنى كەچلىكى ياكى ئەتىگەنلىكى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ياتىقى ئالدىدىن پارخانىغا قاراپ گۈرجەكنى مۈرىسىگە سېلىپ مېڭىپ ئۆتەتتى. ئەلى كېچىلەپ ئوقۇتقۇچىسىنىڭ يېنىغا ياردەمگە كىرەتتى. ئۇلار

يالقۇنجاپ ئوت كۆيۈۋاتقان پېچقا كۆمۈر تاشلاپ ، ھارغاندا ياندىكى كىچىك ئۆيگە كىرىپ دەم ئالاتتى . مۇئەللىم تام تۈۋىدىكى غىچىرلاپ تۇرغان كونا ياغاچ كارىۋاتقا يانپاشلاپ ، خورما رەڭ مۇشتىكىگە قىستۇرۇپ تەييارلاپ قويغان تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇپ چېكەتتى ، ئەلى سىرلىرى ئۆچۈپ كەتكەن يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇققا تەتۈر مىنىپ ، مۇئەللىمنىڭ قېشىدا ئولتۇراتتى . بەزىدە ئۇلار مەكتەپ ئاشخانىسىدىن ئەپلەپ ئاچىققان ياڭيۇنى قوقاسقا كۆمۈپ قويۇپ ، قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كېتەتتى . پاراڭنىڭ مەزمۇنى فارابىنىڭ پەلسەپەۋىلىك پىكىرلىرىدىن باشلىنىپ ، تۇرمۇشتىكى ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارغىچە ، نىل دەرياسى بويىدا بارلىققا كەلگەن ئىپتىدائىي مەدەنىيەتتىن تارتىپ ، بۈگۈنكى ئىنقىلابقىچە بولغان بارلىق ئىشلارغا بېرىپ تاقىلاتتى . مۇئەللىم ئۆز پىكرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ، ئوچۇقلۇقى ۋە يېڭىلىقى بىلەن ئەلىگە تەسىر قىلاتتى . بەزىدە ئۇلار ئوغرىلىقچە چىقىپ ، مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىدىكى كىچىك قاۋاقتىن بىر - ئىككى رومكا قېقىۋېلىپ قايتىپ كىرىشەتتى . ئەلىنىڭ ئېسىدە قېلىشىچە ، ئۇ چاغدا يىگىرمە تىيىنغا بىر سەر ئاق ھاراق بىلەن بىر تال چىلىغان سامساق بېرىدىغان ، ئاچچىق ھاراقتىن كېيىن يېيىلگەن ھېلىقى سامساق ئەلىگە ناھايىتىمۇ لەززەتلىك تېتىپ كېتەتتى .

شۇ يىللاردا راخمان مۇئەللىم ئېيىغا بېرىلگەن يىگىرمە سوم تۇرمۇش پۇلى بىلەن كۈن كەچۈرەتتى . ئۇنىڭ گۈزەل ، ياش خوتۇنى «ئىستىقبالىمىزغا تەسىر يېتىدىغان بولدى» دەپ يولدىشىدىن چەك - چېگرانى ئايرىپ ، ئىككى بالىسىنى ئېلىپ

كېتىپ قالغانىدى . مۇئەللىمنىڭ ئۈمىد بىلەن ئوقۇتقان ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ بەزىلىرى ئۇنىڭ بېشىغا ئۇزۇن قالپاقلارنى كىيدۈرۈپ ئۇنى كوچىمۇكوچا ئايلاندۇرۇپ سازايى قىلىشقانىدى . جەمئىيەت ۋە ئائىلىدىن كېلىپ تەگكەن بۇ ئېغىر زەربىلەردىن مۇئەللىمنىڭ چاچلىرىغا ئاق سانجىلغان ، كۆزلىرىنىڭ ئاستى كۆكىرىپ ، ئورۇقلىغانىدى ، لېكىن ئۇنىڭدا يەنىلا بىلىم ئەھلىگە خاس تەمكىنلىك ساقلانغان بولۇپ ، ھەر كۈنى ئىشتىن چۈشكەندە ئالدىرىماي يۇيۇنۇپ ، كىيىملىرىنى يۆتكەپ كىيىپ ، تۈگمىلىرىنى تولۇق ئېتىپ ، پارخاننىڭ ئارقىسىدىكى كۆمۈر دۆۋىلىرى ئارىسىدىن كېتىدىغان يول بىلەن سالماق قەدەم بىلەن مېڭىپ قايتىپ كېتەتتى… شۇ قەدىردان ئۇستاز ھازىر نېمە ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدىكىن ؟ ئۇ ھازىرمۇ ئەينى يىللاردىكىدەك جاراڭلىق نۇتۇقلارنى سۆزلەمدىغاندۇ ؟…

ئەلىنىڭ خىيالى ئۈزۈلمەي ئۆتمۈش توغرىسىدىكى بىر خاتىرىدىن يەنە بىر خاتىرىگە ئۇلىشىپ باراتتى . قۇياش نۇرىدا يالتىراپ تۇرغان قارىماي يول ، ئېقىن سۇدەك كېلىپ ئاپتوبۇس چاقى ئاستىغا قويۇلۇپ ، يەنە كۆمۈش لېنتىدەك سوزۇلۇپ ئارقىغا ئۆتۈپ كېتەتتى .

## 2

ئۆز تارىخىدا ئاجايىپ ئادەم ۋە نۇرغۇن ئىشلارنى كۆرگەن بىلىم يۇرتى — شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دەرۋازىسى داغدام ئوچۇق تۇراتتى ، ئەلى دەرۋازىدىن كىرىپ ، ياندىكى خەۋەرلىشىش بۆلۈمىنىڭ ئىشىكىگە يۆلىنىپ تۇرۇپ قالدى ،

ھاياجانلانغانلىقىدىن ئۇنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ ئۇرۇپ تۇراتتى .

مانا ، دەرۋازىنىڭ ئۇدۇلىدىكى بۇ ئېگىز بىنا مەكتەپنىڭ كۇتۇپخانىسى ، بىر چاغلاردا بۇ يەرلەردە كۆرۈمسىز ، بىر قەۋەتلىك كونا ئۆيلەر بولىدىغان . بۇ بىنا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى »نىڭ ئالدىدىلا پۈتكەنىدى . ئەلى قانچە قېتىم ئۇنىڭ يورۇق زاللىرىدا ئولتۇرۇپ كىتاب كۆرگەن ، خاتىرىلەر يازغان ، يۇقىرى قەۋەتتىكى دېرىزە ئالدىدا ئولتۇرۇپ خىياللار سۇرگەن . «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى »دا بۇ بىنا «ئىسيانچىلارنىڭ باش ئىشتابى » بولۇپ پۈتۈن شەھەرگە دەھشەت سالغانىدى . بىنانىڭ ئالدىدىكى بۇ بىر پارچە يەر ئوغۇل - دوغۇل تاشلىق ئىدى . ھازىر بۇ يەر تۇتاش كەتكەن كۆكۈلمەيدانلىققا ئايلىنىپتۇ . ئۇنىڭ نېرىسىدىكى تەبىئىي پەن ئوقۇتۇش بىناسى تەرەپتە يەنە بىرنەچچە يېڭى ئىمارەتلەر قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇپتۇ .

ئەلى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى تەرەپكە قاراپ ماڭدى . ئىجتىمائىي پەن بىناسى تەرەپكە ئېلىپ بارىدىغان يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى يوپۇرماقلىرىنى كەڭ يېيىپ سايە تاشلاپ تۇرغان بۇ دەرەخلەر ئۆز ۋاقتىدا تېخى كىچىك كۆچەتلەر ئىدى . ئۇ ساۋاقداشلىرى بىلەن بۇ كۆچەتلەرنى تىككەن ۋە ھەر باھاردا ئۇنىڭ تۈۋىگە چېلەكلەپ سۇ تۆككەن ...

چۈشتىن كېيىنكى ئىختىيارىي ھەرىكەت ۋاقتى بولغان بولسا كېرەك ، فاكۇلتېت بىناسى تەرەپتىن چىرايلىق كىيىنگەن ئوغۇل - قىزلار چۇۋۇلدىشىپ چىقىپ ، ھەر تەرەپكە تارقىلىشقا باشلىدى . ئەلى ئۇلارغا خۇددى ئۇلارنىڭ ئىچىدىن تونۇش بىرەرى چىقىپ قالىدىغاندەك سىنچىلاپ قارايتتى . ئەلى ئوقۇغان يىللاردىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىيىنىشى بىلەن بۇ ياشلارنىڭ

كىيىم ـ كېچەكلىرى ئارىسىدا ئاسمان ـ زېمىن پەرق بار ئىدى . ئۇ چاغلاردا ئادەملەر خۇددى باشقا رەڭلەرنى ئۇنتۇپ قالغاندەك سېرىق بىلەن كۆك رەختلەردىنلا كىيىم كىيىشەتتى . ئەلى قانچە قىشنى مەكتەپ تارقىتىپ بەرگەن پاختىلىق خەي بىلەن چىقارغانىدى .

ئەنە ، ئېگىز بويلۇق بىر يىگىت دەرەخكە يۆلىنىپ تۇرغان قارىقۇمچاق قىزغا نېمىلەرنىدۇر قىزىشىپ سۆزلەۋاتىدۇ ؛ قىز بولسا كۆزىنى يىراقتىكى بىر نۇقتىغا تىكىپ ، بىر پۇتىنى ئالدىدىكى ئېرىقنىڭ قىرىغا ئېلىپ تۇرۇپتۇ . ئۇلار نېمە توغرىسىدا مۇنازىرە قىلىشىۋاتقاندۇ ؟ ياكى يىگىت قىزغا مۇرەككەپ بىر ئىلمىي مەسىلىنى چۈشەندۈرۈۋاتقانمىدۇ ، ياكى بۇ يېڭى بىر مۇھەببەت ناخشىسىنىڭ باشلىنىشىمىدۇ ؟… بۇ يەردىكى ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ يىگىتلىرى رىۋايەتلەردىكى پەرھاتتەك تاغۇتاشلارنى كەزمەيدۇ ، مەجنۇندەك چۆل ـ جەزىرىلەرگە چىقىپ كەتمەيدۇ ؛ قىزلىرى كۆز يېشى ۋە ھەسرەتلىرىنى يىپەك ياغلىقلارغا كەشتە قىلىپ تىكىپ يىگىتىگە سۇنمايدۇ ؛ بۇ دىياردىكى مۇھەببەت مېۋىسى ئەنە شۇنداق يىراقتىن كۆز بېقىشىش ، بىللە دەرس تەييارلاش ، بىر ـ بىرىنىڭ ياتاقلىرىغا ئىزدەپ بېرىشتەك ئاددىي يوللار بىلەن پىشىپ يېتىلىۋېرىدۇ…

ئەلىمۇ بىر چاغلاردا ئاشۇلارغا ئوخشاش غەمسىز ئوقۇغۇچىلاردىن ئىدى . ئۇمۇ رابىيە بىلەن بۇ مەيدانلاردا بىللە يۈرگەن ، بىر چېلەكنىڭ بېغىنى تەڭ تۇتۇشۇپ شۇ كۆچەتلەرگە سۇ قۇيغان ، رەڭمۇرەڭ ئېچىلغان گۈللەر ئۇلارنىڭ تالاي پىچىرلاشلىرىنى ئاڭلىغان . بىر ئويلىسا ئۇ تونۇگۇنكى

ئىشلاردەكلا بىلىنىدۇ ، ئاشۇ كېتىپ بارغان ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىن ھېلىلا تونۇش بىرى ئايرىلىپ چىقىپ ، يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ كېتىدىغاندەكلا قىلىدۇ…

ئەلى ئايلىنىپ ئۆتۈپ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى بىناسىنىڭ ئالدىدىكى مەيدانغا چىقتى . ئاسفالت يېيىتىلغان بۇ چوڭ مەيداندا بىر توپ ئوقۇغۇچىلار توپ ئويناۋاتاتتى ، مەيداننىڭ نېرىقى بۇرجىكىدىكى تورنىكلار قويۇلغان تەرەپتە قىزلار نېمىنىدۇر چۆرىدىشىپ قاقاقلاپ كۈلۈشمەكتە ئىدى . ئەلى مەيدان چېتىدىكى ئاكاتسىيەگە يۆلەنگىنىچە بۇ مەيدانغا قاراپ ئۇزاق تۇرۇپ قالدى .

1966 - يىل 8 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئەلىنىڭ ئېسىدىن زادى چىقمايتتى . شۇ كۈنى بۇ مەيداندا كۆتۈرۈلگەن بىر قېتىملىق قارا قۇيۇندا ، تۆت يۈزدىن ئوشۇق كىشى تارتىپ چىقىرىلىپ كۈرەش قىلىنغان ، كۈرەش قىلىنغانلار ئىچىدە مەكتەپنىڭ رەھبەرلىرىدىن تارتىپ ئىشچىلىرىغىچە ، فاكۇلتېتنىڭ مۇئەللىملىرىدىن تارتىپ ئاددىي ئوقۇغۇچىلارغىچە ھەممە قاتلامدىكى ئادەملەر بار ئىدى . شۇ كۈندىن باشلاپ بۇ مەكتەپ مەكتەپكە ئوخشىماي قالدى . ئەسەبىيلەشكەن بىر توپ تەلۋىلەر مەكتەپنى بېشىغا كىيىشتى . ئۇلارنىڭ ئىچىدە شۇ قىلىۋاتقىنىنى «ھەقىقىي ئىنقىلاب» دەپ چۈشىنىدىغان «ساددىلار»مۇ ، ئۆزىنىڭ نېمە قىلىۋاتقىنىنى بىلمەي ئەگىشىپ يۈرگەن ئەخمەقلەرمۇ ، پىتنە - پاسات تېرىشنى ئۆزىگە كەسىپ قىلىۋالغان چاكىنىلارمۇ ، كىشىلەرگە زىيان - زەخمەت يەتكۈزۈپ ھۇزۇرلىنىدىغان رەزىللەرمۇ ، توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلاشنى كۆڭلىگە پۈككەن قارا نىيەتچىلەرمۇ بار ئىدى . ئۇلار تەرەپ - تەرەپكە پىتىراپ ئاجايىپ «كەشپىياتلار»نى تېپىپ

چىقىشقانىدى . ئۇلارنىڭ كۆزىگە گۈزەل نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ۋەھىمىلىك كۆرۈنەتتى ؛ قەدىمىي نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى قانچە قەدىمىي بولسا شۇنچە خەتەرلىك بىلىنەتتى ؛ ئۇلار سەنئەت ئۇستىلىرىنىڭ بىنالارغا ئويغان ئويمىلىرى ، نەرسە - كېرەكلەرگە بېسىلغان نەقىشلەر ، ئاياغ كىيىملەرنىڭ پاشنىسىدىكى ئەگرى - بۈگرى سىزىقلارنىڭ ھەممىسىدىن «پارتىيىگە قارشى» بىر مەنە تېپىشقا تىرىشاتتى . كوتۇپخانا زاللىرىغا ئېسىلغان رەسىملىك جازىلار جاراڭلاپ چۈشۈپ چېقىلدى ؛ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى بىناسىنىڭ يۇقىرى قەۋىتىدىكى قەدىمىي كىتابلار ساقلىنىۋاتقان ئۆي پاچاقلىنىپ ، قانچىلىك ئاۋارىچىلىكلەر بىلەن توپلانغان ۋە قانچە بىلىم ئىگىلىرىنىڭ كۆچى بىلەن رەتكە تۇرغۇزۇلغان بۇ قىممەتلىك ماتېرىياللارنىڭ كۆلى كۆككە ئۆرلىدى . شۇ كېچە ئىتلار توختىماي ھاۋشىپ ، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە ئەنسىزچىلىك سالدى ، قانچە ئادەملەر ئۇيقۇسىزلىقتىن تۈننى تاڭغا ئۇلىدى ، تالاي كىشىلەرنىڭ ئۆيى ئاختۇرۇلدى . «گومانلىق» دەپ قارالغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئورۇن - كۆرپىلىرى يەرگە تاشلىنىپ ، مەشىق ئۈچۈن يازغان ئەسەرلىرى تارتىۋېلىندى . بۇ تېخى تەلۋىلىكنىڭ باشلىنىشى ئىدى .

شۇ كۈنلەردە بولغان ئىشلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمىگەن كىشىلەرگە سۆزلەپ بەرسە كىممۇ ئىشىنەر ؟ بۇ چاغدىمۇ كۈن شەرقتىن چىقىپ ، غەربكە پاتاتتى ، دالىلاردا رەڭگارەڭ گۈللەر ئېچىلىپ تۇراتتى . مەكتەپ ئارقىسىدىكى قارىياغاچلىقتا قۇشلار سايرىشاتتى ، تەبىئەت تىنچ ۋە زامان - زامانلاردىن بېرى قانداق كېلىۋاتقان بولسا شۇ بويىچە بىلەن تۇراتتى ؛ لېكىن

جەمئىيەتتە كىشىنىڭ ئەقلىگە سىغمايدىغان غەلىتە ئىشلار يۈز بەرمەكتە ئىدى؛ مەكتەپ ئىچى ۋە كوچىلاردا چوڭ خەتلىك گېزىت پارچىلىرى ئۇچۇپ يۈرەتتى، ئوقۇش بىنالىرىنىڭ ئۈستىگە دۆۋىلەنگەن تاشلار، بىنالارنىڭ ئىشىكلىرىگە تىركەپ قويۇلغان ئۇستەل - ئورۇندۇقلار كىشىنىڭ كۆز ئالدىغا قەدىمكى تاش قورال دەۋرىدىكى جەڭ مەيدانىنى كەلتۈرسە، نەيزە - قالقان تۇتۇشۇپ تۇرغان «ئىسيانچىلار» شامال تۇگمىنىگە قارشى «باتۇرلارچە» ئاتلانغان دونكىخوتنى ئەسكە سالاتتى. ئاتا بىلەن بالا، ئەر بىلەن خوتۇن، پۇقرا بىلەن ئەمەلدار ئوتتۇرىسىدا بەس-مۇنازىرە قاينايتتى؛ كىشىلەر تامدەك تاتىرىپ بىر - بىرىگە قول شىلتىشاتتى، ئۆپكىدەك قىزىرىشىپ ياقا سىقىشاتتى. مانا بۇ — ئامما تولۇق قوزغىتىلغان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئىدى.

ئەلى فاكۇلتېت بىناسىغا كىرىپ پەلەمپەيلەردىن كۆتۈرۈلدى. بىنانىڭ زاللىرىدا يۈرگەنلەردىن ھېچكىم ئۇنىڭغا دىققەت قىلمىدى. سىنىپلارنىڭ ئوچۇق تۇرغان ئىشىكلىرىدىن دوسكىغا نېمىلەرنىدۇر يېزىۋاتقان ئوقۇغۇچىلار كۆزگە چۈشەتتى. قايسىبىر سىنىپتا باللار قانداقتۇر بىر خورغا ۋارقىراپ سىنىپنى چاڭ كەلتۈرۈشكەنىدى. ئوقۇتقۇچىلار ئىشخانىسىغا ئالدىراش كېتىپ بارغان مۇئەللىملەرنىڭ بەزىلىرىنى ئەلى تونۇدى. ئۇلارنىڭ بىرنەچچىسى كۆزلىرىگە كۆزەينەك تاقاشقان، يەنە بەزىلىرى خېلىلا مۇكچىيىپ قالغانىدى، مانا بۇ كېلىۋاتقان سالاپەتلىك ئايال ئەلىلەرگە «جۇڭگو كىلاسسىك ئەدەبىياتى» دىن دەرس بېرىدىغان ئوقۇتقۇچى ئەمەسمىدى؟ ئۇنىڭ ئىسمى خەلچەممىدى، ئايشەممىدى؟ ··· بۇ ئايالنىڭ ئىسمىنى ئەلى دەرھال ئېسىگە ئالالمىدى.

— راخمان مۇئەللىم قايسى بۆلۈمدىكىن؟ — دەپ سورىدى ئەلى ھېلىقى ئايال ئوقۇتقۇچىدىن.

— ئۆيىدە ئىشلەۋاتىدۇ، — دېدى ئايال ئەلىگە قاراپمۇ قويماي.

«تونۇمىدى، — دەپ ئويلىدى ئەلى، — چىرايىم شۇنچىلىك ئۆزگىرىپ كەتتىمىكىنا؟»

ئۇ بىنادىن چىقىپ، مەكتەپنىڭ ئارقا تەرىپىگە قاراپ كەتكەن يول بىلەن مېڭىپ كەتتى.

ئۇ ئازراقلا مېڭىپ چوڭ بىر كۆلنىڭ بويىغا چىقىپ قالدى. بۇ كۆل «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ ئالدىنقى يىللىرىدىلا ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۈچى بىلەن قېزىلغانىدى. كۆلنىڭ سول تەرىپىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان مانا بۇ ئۈچ يېرىم قەۋەتلىك بىنادا بولسا ئەلى بەش - ئالتە يىل يېتىپ - قوپقان. ئۇ ئەينى يىللاردا پۈتۈن مەكتەپكە داڭقى چىققان ئەدەبىيات ئوغۇللار ياتاق بىناسى ئىدى. ئوقۇش توختاپ كەتكەن ھېلىقى قالايمىقانچىلىق يىللىرى بۇ بىنانىڭ ھەربىر ياتىقى ئۆز ئالدىغا بىر دۇنيا سانىلاتتى. قايسىبىر ياتاقتا دۇتار بىلەن ناخشا قاينايتتى، كىملەردۇر ياتىقىنىڭ ئىشىكىنى مەھكەم ئېتىۋېلىپ، ئاخشامقى توپىلاڭدا قولغا چۈشكەن ئولجىلىرىنى تىقىشتۇراتتى. قايسىبىر ياتاقتا بىر خىيالچان ئوقۇغۇچى تورۇسقا قاراپ يالغۇز ياتاتتى. كىملەرنىڭدۇر ياتىقىدىن قىز - ئوغۇللارنىڭ گۇدۇڭلاشقان ئاۋازى ئاڭلىناتتى. قايسىبىر ياتاقتىكى «ئىنقىلاب» توغرىسىدىكى بەس- مۇنازىرىنىڭ ئاخىر جېدەل - ماجىراغا ئايلىناتتى...

ئەلى كۆلنىڭ يېنىدىكى چوڭ يول بىلەن تۆۋەنلەپ كەتتى، بۇ يوللار ئەلىگە ناھايىتىمۇ تونۇش، بىر چاغلاردا ئۇ رابىيە بىلەن

بۇ يولدىن تالاي قېتىم ئۆتكەن، نېرىدىكى دۆڭدىن ئۆتۈپ، ئوڭ تەرەپكە بۇرۇلۇپ ئازراق ماڭغاندا مەكتەپنىڭ تېرىلغۇ مەيدانى باشلىناتتى. ئۇ يەردىكى ھەر تەرەپكە قاراپ كەتكەن ئېرىقلارنىڭ بويىدا يوغان قارىياغاچلار سايە تاشلاپ تۇراتتى. بالىلار بۇ جاينى «قارىياغاچلىق» دەپ ئاتايتتى. ئۇ يەردە بۇككىدە كۆچەتزارلىقلار، مەكتەپ ئاشخانىسى ئۈچۈن تېرىلغان ھەر خىل كۆكتاتلار، ئۇنىڭمۇ نېرىسىدا بولسا دولقۇنلىنىپ تۇرغان كەڭ بۇغداي ئېتىزلىرى بار ئىدى. ئوقۇغۇچىلار بۇ يەرگە دەرس تەييارلىغىلى چىقىشاتتى. ئەلى بىلەن رابىيە بۇ يەرگە پات - پات كېلىشەتتى. ئۇلار ئاشۇ قارىياغاچلىقتىكى چۆپلۈكلەر ئارىسىدا بىر - بىرىگە سىرلىرىنى ئېيتىشقان، دەۋر توغرىسىدىكى مۇلاھىزىلىرىنى پىچىرلاشقان، كەلگۈسى توغرىسىدا ئاجايىپ تەسەۋۋۇرلارنى قىلىشقان. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بۇ مۇناسىۋەت، مىجەزى كېلىشىپ قېلىشمۇ، ساۋاقداشلار ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان مۇنداقلا بىر يېقىنچىلىقمۇ ياكى كىتابلاردا ئېيتىلغان مۇھەببەتنىڭ ئۆزى شۇمۇ؟ ئۇ چاغدا بۇ سوئالغا ئەلىنىڭ ئۆزىمۇ جاۋاب بېرەلمەيتتى.

كېيىن ئوقۇش توختاپ، ھەر كۈنى كوچىغا چىقىپ شوئار توۋلاشلار باشلىنىپ كەتتى. بۇ ئىشنىڭ ئاخىرى ئۇرۇش - چېقىش، باش - ئايغىنى يىغىشتۇرۇپ بولمايدىغان مالىمانچىلىققا بېرىپ يەتتى. ئەلىلەرنىڭ مەكتەپ پۈتكۈزۈپ تەقسىم بولۇش ئىشى ئىككى يىلچە كېچىكتى. ئاندىن قايسىبىر ھەربىي قىسىمنىڭ ئادەملىرى كېلىپ، ئۇلارنىڭ تەقسىمات ئىشىنى ئىشلىدى. ئۇلارغا بىر يىللىق مائاشنى تولۇقلاپ بەردى. شۇ چاغدا، رابىيە بىلەن ئەلى ئاددىيغىنە توي مۇراسىمى

ئۆتكۈزۈشكەندى . هازىر ئويلىسا ئەلى شۇ تويىنى قانداق تەييارلىقلار بىلەن قىلغانلىقىنى ئەسلىيەلمەيدۇ . ئېسىدە قالغىنى ، رابىيە ئۆينىڭ كېرەكلىك بىر قۇر جابدۇقلىرىنى سېتىۋېلىپ ، دوستلىرى بىلەن يېڭى يوتقان - كۆرپە تىكىشكە تۇتۇش قىلغاندى . ئەلى بىر قۇر يېڭى كىيىم - كېچەك سېتىۋالغان ، مەكتەپنىڭ ئارقىسىدىكى شەخسلەر ئېگىز - پەس قىلىپ ئۆي سېلىۋالغان ئازگال كوچىدىن ئىجارىگە بىر ئېغىز ئۆي تاپقاندى . ئۇلارنىڭ تويى شەنبىمۇ ، يەكشەنبىمۇ ، ئەيتاۋۇر ھەپتىنىڭ يەتتە كۈنىنىڭ بىرىدە ، كۆڭلى يېقىن ئون نەچچە ساۋاقداشلىرىنىڭ جەم بولۇشى بىلەن ئاددىيلا ئۆتكەن . ئۇ چاغلار يۈرەكلىك ساز چېلىپ ناخشا ئېيتىشقىلىمۇ بولمايدىغان بۇرۇقتۇرما جاھان ئىدى . مېھمانلار دەسلەپتە ئازراقتىن ئىچىشىپ ، گۇدۇڭلىشىپ ئولتۇرۇشتى ، بۇنداق كەيپىياتقا چىدىمىغان رابىيە ئاخىر ئورنىدىن تۇرۇپ : «يولداشلار ، بۇ ھازا ئەمەس ، توي ، مېنىڭ تويۇم ، ئازراق ناخشا بىلەن ساز چېلىپ ، كۆڭۈللۈكرەك ئولتۇرمىساق رازى بولمايمەن» دېگەندى .

بىردەمدە قەيەردىندۇر بىر دۇتار تېپىپ كېلىنىپ ، ئۆينىڭ دېرىزىسىگە ئەدىيال تارتىپ قويۇلۇپ ، شۇ بىر دۇتار بىلەن ئۇلار ناخشىمۇ ئېيتىشقان ، تانسىمۇ قىلىشقان ، تاڭغا يېقىن مېھمانلار يېڭى ئائىلە قۇرغۇچىلارغا مەڭگۈلۈك بەخت تىلىشىپ تارقىلىپ كېتىشكەن . لېكىن ، بۇ بەخت ئۇزاققا بارمىدى ، توي بولۇپ بىر ئايدىن كېيىن ئەلى قولغا ئېلىندى .

ئەلىنىڭ قولغا ئېلىنىشىغا ئۇنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى سەۋەبچى بولۇپ قالغاندى . بۇ خاتىرىنى «ئىسيانچىلار» قولغا چۈشۈرگەن بولۇپ ، خاتىرىنىڭ كېيىنكى يىللاردا يېزىلغان

سەھىپىلىرى قانۇن ـ تۈزۈم ئاياغ ئاستىـــ قىلىـــنغان؛ پىشقەدەملەر، ئىلىم ئىگىلىرى، گۈزەللىككە تەلپۈنگەن ياشلار زەربىگە ئۇچرىغان؛ ئادەملەر ئارىسىدا بىر ـ بىرىگە ئۆچمەنلىك، گۇمانخورلۇق، بىر ـ بىرىنىڭ پېيىنى قىرقىش ئەۋج ئالغان؛ يالغان گەپ بازار تېپىپ، پىتنە ـ پاسات يامرىغان شۇ دەۋرگە بولغان ئاچچىق كىنايە سۆزلەر بىلەن تولغانـدى. بۇ دەپتەر قولدىن ـ قولغا ئۆتۈپ، توپتوغرا «ئەكسىلئىنقىلابچىلارنـى تازىلاش باش ئىشتابى»غىلا يېتىپ باردى...

ئەلى كۆل يېنىدىكى دۆڭلۈكتىــــن ھالقىـــپ چۈشۈپ بولغانىدى. ئۇ ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قالدى. ئەينى يىللاردىكى قارىياغاچنىڭ ئورنىدا ھازىر ئېگىز بىنالار قەد كۆتۈرگەن يېڭى بىر مەھەللە يېيىلىپ ياتاتتى.

## 3

پىروفېسسور راخمان مۇئەللىم رادىيو چۈشتىن كېيىنكى سائەت بەشكە سىگنال بەرگەندە، يېزىق ئۈستىلىدىن بېشىنـى كۆتۈرۈپ سائىتىگە قارىدى. «پاھ، سائىتــىم توپتوغرا ئون مىنۇت كېيىن قاپتۇ. كېچە تولغىۋېدىمىكىنا...»

دەل شۇ چاغدا بىرى ئىشىكنى چەكتى. پىروفېسسور ساپما كەشىنى پۇتىغا سىپىپ ئورنىدىن تۇرغاندا ئىشىك يەنە قاتتىقراق چېكىلدى.

— ھە، كىم؟

مۇئەللىم ئىشىكنى ئېچىپ، ئالدىدا تۇرغان ياش كىشىنى تونۇيالماي بىر دەقىقە تېڭىرقاپ قالدى ـ دە:

— ئەلىمۇسەن؟! — دەپ ۋارقىرىۋەتتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم مۇئەللىم، تونۇيالمىغىلى تاس قالدىڭىز-ھە؟ راستىڭىزنى ئېيتىڭە، شۇنچىلىك ئۆزگىرىپ كېتىپتىمەنمۇ؟...

يىگىت غۇلچىنى كەڭ يېيىپ، ئوقۇتقۇچىسىنى قۇچاقلىدى.

— تونۇدۇم، تونۇدۇم، نېمىشقا تونۇماي. ئاسماندىن چۈشتۈڭمۇ، قەيەردىن پەيدا بولدۇڭ؟

— تۈرمىدىنلا كېلىشىم.

— ئاقلىنىپسەن-دە؟

— خۇدايىم بۇيرۇسا.

ھەر ئىككىلىسىنىڭ كۆزىدە ياش تامچىسى پارقىرىدى.

— نېمىشقا بوسۇغىدىلا تۇرىمىز، قېنى ئۆيگە كىر.

ئەلى، مۇئەللىمنىڭ ئارقىسىدىن پۇتىنى سۆرەپ ماڭغىنىچە تار زالدىن ئۆتۈپ، چاققانغىنە بىر ئۆيگە كىردى. ئۆينىڭ سول تەرەپتىكى گىلەم تارتىلغان تېمىغا تىرەپ بىر كىشىلىك كارىۋات قويۇلغان بولۇپ، كارىۋاتنىڭ يېنىدىكى ئۈستەلنىڭ بىر بۇرجىكىدە قاتتىق مۇقاۋىلىق بىرنەچچە پارچە كىتاب دەستىلەگلىك تۇراتتى. ئۈستەلنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قولىيازمىلارنىڭ ئۈستىدە ياتقان كۈمۈش رامكىلىق كۆزەينەك، قاپچۇقى ئوچۇق قەلەملەردىن ئەلى ھېلىلا مۇئەللىمنىڭ بۇ يەردە ئىشلىگىنىنى پەملىدى.

— سىزنى ئىشتىن قويىدىغان بولدۇم، — دېدى ئەلى ئۆيگە كىرىپ.

— نېمە دېگىنىڭ بۇ، بىز كۆرۈشمىگىلى قانچە يىل بولۇپ

كەتتى؟ ئىش دېگەننى قاچانلا بولمىسۇن قىلىشۇالىمەن. ئاۋۇ سافاغا ئۆت.

ئۇلار ئۆينىڭ ئىككىنچى بۆلۈكىگە قويۇلغان بىر جۈپ سافاغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى. ئىككى سافا ئوتتۇرىسىغا بىر چاي ئۈستىلى قويۇلغان بولۇپ، بۇ كىچىك ئۆي مۇشۇ جاھازلار بىلەنلا توشۇپ قالغانىدى. ئەلىنىڭ ئوچۇق تۇرغان ئىشىكتىن نېرىقى چوڭ ئۆيدىكى نەرسىلەرگە كۆزى چۈشتى. ئۇ يەردە كىيىم ئىشكاپلىرى، كىيىم ئاسقۇچ، ساندۇق، خورۇم چامادانلار بولۇشىغا تاشلاپ قويۇلغانىدى. تۆردىكى ئىككى كىشىلىك چوڭ كارىۋات ئۈستىگە بىرنەچچە پارچە گىلەم تۇرتەپ قويۇلغانىدى. پولدا رەسىم جازىلىرى، كىتابلار قالايمىقان چېچىلىپ ياتاتتى.

— بۇ ئۆيگە يېڭى كۆچۈپ كىردىم، — دەپ چۈشەندۈردى مۇئەللىم، — نەرسە - كېرەكلەرنى تېخى رەتلىگۈدەك بولمىدىم. تۇرمىدىنلا كېلىشىم دېدىڭمۇ؟ قاچان بوشانغانىدىڭ؟

— تېخى ئون كۈننىڭ ئالدىدا ئېگىز تاملارنىڭ ئىچىدە ئىدىم. تۈنۈگۈن ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدىم. مېھمانخانىغا چۈشۈپ، ئۆزۈمنى ئانچە - مۇنچە تۈزەشتۈرۈپلا ئالدىڭىزغا كېلىشىم، مەكتەپنى، سىزنى سېغىندىم.

— رەھمەت، پات - پاتلا ئېسىمگە كېلىپ قالىسەن، ئۇ چاغدا تېخى ياشلا بالا ئەمەسمىدىڭ؟ ھازىر يوغانلا ئادەم بولۇپ كېتىپسەن. سېنى قايسى يىلى تۇتۇپ كەتكەنىدى؟

— 1968 - يىلى.

— ھە مانا، ئون نەچچە يىل ئۆتۈپ كېتىپتۇ. سېنى ئىككى يىل كېچىكتۈرۈپ ئېتىشقا ھۆكۈم قىلغان ئەمەسمىدى؟ كونىلارنىڭ «كەتكەنلەر كېلىدۇ، كەتمەنلىگەنلەر كەلمەيدۇ»

دىگەن سۆزى راست . ئەجەلنىڭ ئاغزىدىن قايتىپ كەپسەن . قورسىقىڭ قانداق ؟

— ھېلىلا دۆڭكۆۋرۈكتە تاماق يېدىم . ئۇ يەر قالتىس بازار بولۇپ كېتىپتۇ .

— ھە ، ئۇنداق بازاردىن ئۇرۇمچىدە بىرقانچە يەردە بار ، جىق ئۆزگىرىشلەر بولۇپ كەتتى… توختا ، چۈشتە ئېشىپ قالغان سەيدىن ئازراق بار ، ئىسسىتىپ كىرەي ، بىر - ئىككى رومكىدىن ئىچەيلى .

— مەكتەپنىڭ ئالدىغا چىقىپ ، ھېلىقى قاۋاقتىنلا ئىچمەيلىمۇ ؟

— قايسى قاۋاقتىن دەيسەن ؟

— ھېلىقى ، سىز پارخانىغا ئوت قالايدىغان چاغدا ئىككىمىز ئوغرىلىقچە چىقىپ ھاراق ئىچىدىغان قاۋاقچۇ ؟ شۇ دۇكانچى ھازىرمۇ بارمۇ ؟

— ھە ، ئۇنتۇماپسەن . ئۇ قېرى ئۆلۈپ كەتتى . قاۋاق ھازىرمۇ بار . ھارىقى تازا ياخشى ئەمەس . ئۇ چاغدا ياخشى جۇن ساتاتتى - ھە ! ھازىر پارچە ھاراقلار جالىشىپ كەتتى . مېنىڭدە سىلەرنىڭ يۇرتىنىڭ ھارىقىدىن بار ، شۇنىڭدىن ئىچەيلى .

راخمان مۇئەللىم چىقىپ كەتتى . ئەلىنىڭ ئېسىگە مۇئەللىمىنىڭ ئايالى كەلدى : «ئۇ ھازىرغىچە قايتىپ كەلمىدىمىكىنە ؟ »… بېشىنى كەم ئۇچرايدىغان زىراپىدەك غادايتىپ ، ئۇزۇن پۇتلىرىنى يېنىك ئېلىپ ماڭىدىغان ئۇ ئايال گۈزەل ۋە تولىمۇ مەغرۇر ئىدى . ئوقۇغۇچىلار ئۇنى كۆرسە : «ئەنە ، راخمان مۇئەللىمنىڭ مەلىكىسى كېلىۋاتىدۇ» دېيىشەتتى . ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، ئۇ قىز ۋاقتىدا قايسىبىر

سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئۇسسۇلچىسى بولۇپ، بېيجىڭغا بارغاندا، ئۇ يەردە ئوقۇۋاتقان راخمان مۇئەللىم بىلەن تونۇشۇپ قالغانىكەن.

— ئايالىڭىزچۇ؟ — دەپ سورىدى ئەلى مۇئەللىم ئۇستەل ئۇستىگە يېمەكلىكلەرنى قويۇۋاتقاندا.

— ئۇنىڭ كېپىنى قوي. ئۆز ۋاقتىدا قانداق ئادا - جۇدا بولۇشقانلىقىمىزدىن خەۋىرىڭ بار. ئۇ شۇ كەتكەنچە كەتكەن بولدى. يۇگەنسىز ئاتتەك ھەۋەسنىڭ ھەممە كوچىلىرىدا مېڭىپ باقتى. كېيىن مەكتەپ خىزمىتىمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، تۇتۇپ قالغان مائاشلىرىمنىڭ ھەممىسىنى قايتۇرۇپ بەرگەندە، بىرنەچچەيلەن ئارىغا كىرىپ بىزنى ياراشتۇرۇپ قويماقچىمۇ بولۇشتى. بۇ خوتۇندىن رايىم ناھايىتى قايتىپتىكەن، بولدى قىلدىم. ئۆتكەن يىللاردا بالىلىرىم مائاشىم چىقمىدىغان كۈنلىرى پەيدا بولۇپ قالىدىغان، ھازىر ئۇلارمۇ چوڭ بولۇپ، ئىشقا ئورۇنلىشىپ، ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا جاھان تۇتۇشۇپ كېتىشتى. مانا مەن تېخىچە يالغۇز، يالغۇزلۇقتا ئۆگىنىپ قالدىم، سەن ھازىرمۇ تاماكا چەكمەمسەن؟

— چەكمەيمەن.

— مانا قىزىق، تۈرمىدىمۇ چەككۈڭ كەلمىدىمۇ؟

— چېكىپ باقتىم، قاملاشتۇرالمىدىم.

مۇئەللىم قولىدىكى ئەمدىلا تۇتاشتۇرغان تاماكىسىنى ئىككى شوراپ، كۈلدان ئۇستىگە قويدى - دە، يەنە چوڭ ئۆيگە چىقىپ كەتتى. جىگەر رەڭ چوڭ مۈشتەككە قىستۇرۇلغان تاماكىدىن كۆتۈرۈلگەن كۆكۈچ ئىس تىككىدە كۆتۈرۈلۈپ، ئېگىزلىككە چىققاندا تولغىنىپ بىر چەمبەر ياساپ، ئەتراپقا تەكشى يېيىلىشقا باشلىدى. مۇئەللىم ئىشكاپلارنى تاراقشىتىپ، نېمىلەرنىدۇر

ئاختۇرماقتا ئىدى. ئەلىنىڭ ئېسىگە كەلدى. ئاشۇ مۇشتەك مۇئەللىم پارخاننىڭ ئوچىقىغا كۆمۈر تاشلاپ يۈرگەندىمۇ ئۇنىڭ ئېغىزىدىن چۈشمەيتتى. ھازىر ئۇ تېخىمۇ سىلىقلىشىپ پارقىراپ، قولدا تۇتقان يەرلىرىنىڭ سىرى سۇسلىشىپ ئاچ مېغىز رەڭگە كىرىپ قاپتۇ. «ئەجەب ئىش، — دەپ ئويلىدى ئەلى، — قانچە يىل ئۇنىڭ قوينىدا ياتقان ئايال ئاخىردا ئۇنىڭغا ئەسقاتماپتۇ، كىچىككىنە بىر مۇشتەك بولسا ھازىرغىچە ئۇنىڭغا ساداقەتلىك بىلەن خىزمەت قىلىپ قولدىن چۈشمەيۋېتىپتۇ...»

مۇئەللىم «ئىلى ئالىي ھارىقى»دىن بىر بوتۇلكا كۆتۈرۈپ كىرىپ ئاغزىنى ئاچتى.

— شۇنداق گەپلەر، ئەلى، ئۆزۈڭنىڭ ئەھۋالىنى بىر سۆزلىگىنە، نېمە جاپالارنى تارتتىڭ؟ چىرايىڭغۇ يامان ئەمەس تۇرۇپتۇ، نېمىشقا پۇتۇڭغا يوغان ئۆتۈك كىيىۋالدىڭ؟

— پۇتۇم ئاغرىيدۇ. بۇ تۈرمىنىڭ ماڭا بەرگەن يادنامىسى. سۆزلىگۈدەك نېمە بار دەيسىز، ئۇزۇن يىل ناھەق كۈلپەت تارتتىم، ئۆلمىدىم، يەنە قايتىپ كەلدىم.

ئەلى چۆل - جەزىرىلەردە يۈرگەندە ياكى سىم توسۇقلار ئىچىدە بۇرۇقتۇرما بولۇپ ياتقان چاغلىرىدا مۇشۇ مۇئەللىمگە ئېيتماقچى بولغان نۇرغۇن سۆزلەرنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى؛ بىرەر يېڭىلىقنى ئۇچراتقان ياكى بىرەر ئىشتىن ئاچچىق تەسىرات ئېلىپ كاللىسىدا يېڭى پىكىرلەر پەيدا بولغان چاغلاردا ئۇ مۇشۇ ئادەم بىلەن مۇڭدىشىشنى ئىستەپ قالاتتى. ھازىر نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ گەپلىرى قىسقىلا بولۇپ تۈگەپ قالدى.

— توغرا، — دېدى مۇئەللىم، — ياخشىسى ئۇ كۈنلەرنى ئۇنتۇپ قال. قېنى ئال، سالامەتلىكىڭ

ئۈچۈن بىر ئىچىۋېتەيلى .

ئۇلار بىر - بىرىگە قاراپ كۈلۈمسىرىشىپ ، تەنتەنىلىك هالدا رومكا سوقۇشتۇردى .

— هاراقنى ئۆزۈڭدىن بېرى بۇگۈن ئېغىزغا ئېلىشىم . كۆپ ئىچەلمەيمەن ،— دېدى ئىككىنچى رومكىدىن كېيىن ئەلى .

— قورقما ، ماۋۇ يامان ئەمەس هاراق . هازىر مەنمۇ كۆپ ئىچەلمەيمەن . كۆپ ئۆزگىرىشلەر بولۇپ كەتتى ، ئەلى . تۇتۇپ قالغان نەچچە مىڭ سوم پۇلۇمنى بىراقلا قايتۇرۇپ بەردى . لېكىن ، بىهۇدە كەتكەن ۋاقتىمنى كىم قايتۇرۇپ بېرەلەيدۇ ؟ ! هازىر زېهنىم ناچارلاشتى ، سالامەتلىكىم ئىلگىرىكىدەك ئەمەس . يېقىندا پىروفېسسور ئۇنۋانى ئالدىم…

— دۇرۇس ، ئەجرىڭىزگە لايىق ئىش بوپتۇ .

— نەدىكىنى ، راستىنى ئېيتسام ، يازغان بىرنەچچە پارچە ماقالەم ، بىر - ئىككى كىتابىمنى هېسابقا ئالمىغاندا ، ئۇنۋانغا تۇشلۇق دەسمايىنىڭ تايىنى يوق … ئىچىم پۇشىدۇ . بەزىدە ئىچىپ قويىمەن . ئۆلۈپ كەتكەنلەرمۇ بارغۇ ، قارىغاندا مەن يەنىلا تەلەيلىك ئوخشايمەن ، دەپ ئويلاپمۇ كېتىمەن . ئادەم هاياتلا بولىدىكەن ، يەنە ئاز - تولا ئىش قىلمىسا بولامدۇ دەيسەن . هەركۈنى بىرەر سائەت بىر نەرسىلەرنى يېزىپ قويىمەن . هەپتىسىگە بىر - ئىككى سائەت دەرس سۆزلەيمەن . سەن كۆرگەن چاغدىكىدەك ۋالاقلىغىنىم ۋالاقلىغان . ئەمما ، زېهنىم بۇرۇنقىدەك ئەمەس . سېنىڭچىلىك ۋاقىتلىرىمدا كۈچ - قۇۋۋىتىمنى تېشىپ تۇرغاندەك هېس قىلاتتىم . هازىر ئۇنتۇغاق بولۇپ قالدىم . بەزى كۈنلىرى ئىشىكنى قۇلۇپلىدىممۇ ، قۇلۇپلىمىدىممۇ ؟ دەپ يېرىم يولدىن قايتىپ كېلىمەن .

ئۇستۇمدىكى كۆڭلەكنى چامادىندىن ئىزدەيدىغان چاغلىرىمۇ بولۇپ قالىدۇ. بەزىدە بازارغا چىقىپ، نىمە ئالغىلى چىققىنىمنى ئېسىمگە ئالالماي يول ئۈستىدە تۇرۇپ قالىمەن...

شۇنداق دەپ تۇرۇپ مۇئەللىم بوتۇلكىنى قولىغا ئېلىپ رومكىغا ئېگىشتۇرۇۋىدى، بوتۇلكىنىڭ مېتال ئېغىزى رومكا ئىچىگە جاراڭلاپ چۈشتى.

— مانا دېمىدىممۇ! — دەپ كۈلۈۋەتتى مۇئەللىم.

ئەلىمۇ ئىختىيارسىز كۈلۈپ مۇئەللىمگە قارىدى. ئوقۇتقۇچىنىڭ ھېلىقى يىللىرى چارلىشىشقا باشلىغان چاچلىرى ھازىر ئاپئاق ئاقارغان بولۇپ، ئۇنىڭغا ئۆزگىچە سالاپەت بەرگەنىدى. شۇ ئۆزگىرىشنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئۇنىڭ مەڭزلىرىدىن تېخى قىزىللىق يىتمىگەن، كىيىم - كېچەكلىرى يەنىلا پاكىز، رەتلىك ئىدى. تۈگمىلىرىنى ياقىسىغىچە ھىم ئېتىۋالىدىغان تۆت يانچۇقلۇق چاپانىنىڭ ئورنىغا ئۇ ھازىر قوڭۇر رەڭلىك كاستۇم كىيگەن بولۇپ، كاستۇم ئاستىدىن كۆڭلىكىنىڭ ئاپئاق ياقىسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

شۇ تاپتا بىر - بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرغان بۇ ئوقۇتقۇچى بىلەن ئوقۇغۇچىنىڭ مىجەزى بىر - بىرىگە زادىلا ئوخشىمايتتى. ئەلى ئەزەلدىن ئىچ مىجەز، كەم سۆز بالا ئىدى. ئۇ ئون بىر يېشىدىن باشلاپ شېئىر يازغان، ئون بەش يېشىدا دەسلەپكى ھېكايىسى ئېلان قىلىنغان. ئۇ ئۆزىنىڭ ھەممە ئويلىغانلىرىنى، ھېسسىياتىنى يېزىق بىلەن ئىپادىلەشكە ماھىر ئىدى. ئاقىۋەتتە، قەلەم بىلەن يېزىلغان خاتىرە ئۇنىڭ بېشىغا چىقىشقا تاس قالدى. راخمان مۇئەللىم بولسا تۇغما ناتىق. ئۇ 50 - يىللارنىڭ باشلىرىدا يەر ئىسلاھاتى، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش

ھەرىكەتلىرىگە قاتنىشىپ، يېڭى جەمئىيەتنىڭ ئاكتىپ تەشۋىقاتچىسى بولغان، كېيىن ئۆلكىلىك كادىرلار مەكتىپىگە چىقىپ ئوقۇغان، ئۇ يەردىن بېيجىڭغا ئەۋەتىلىپ چەت ئەل مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ قولىدا مەخسۇس تەربىيەلەنگەن، كۆڭلىگە كەلگەن پىكىرنى دادىل دەۋېرىدىغان بولغانلىقتىن 50 - يىللارنىڭ ئاخىرىدىكى سىياسىي ھەرىكەتلەردە ئارقا - ئارقىدىن زەربىگە ئۇچرىغان. ئۇنىڭ ئېغىزىدىن ناھايىتى مۇرەككەپ مەسىلىلەرمۇ ئىنتايىن چۈشىنىشلىك بولۇپ يېشىلىپ چىقاتتى، بۇ ناتىقلىق ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە ئۇنىڭ شۆھرىتىنى ئاشۇردى، سىياسىي ھاياتىدا ئۇنى نۇرغۇن كۆڭۈلسىزلىكلەرگىمۇ سالدى. قىسقىسى، بۇ ئىككى ئادەمنىڭ بىرى سۆزلەپ، بىرى يېزىپ بالاغا قالغانلاردىن ئىدى.

ھاراق يېرىملاشقاندا مۇئەللىم بارغانسېرى ئېچىلىپ، ئىلگىرىكى جۇشقۇن دەۋرىگە قايتقاندەك بولۇپ قالدى.

— شۇنداق قىلىپ، ئەمدى نېمە ئىش قىلماقچى بولۇۋاتىسەن؟ — دەپ سورىدى مۇئەللىم باياتىن بېرىقى سۆھبەتنى داۋاملاشتۇرۇپ.

— تۈنۈگۈن كېلىپلا باش ساقچىغا يولۇققانىدىم، ئۆيگە قايتىپ ئىككى - ئۈچ ئاي دەم ئېلىپ كېلىشىمگە رۇخسەت قىلدى. شۇنىڭغىچە قالغان رەسمىيەتلىرىم پۈتۈپ تەييار بولىدىكەن، مەن ئۆزۈم خىزمەت ئورنى ئۇقۇشسامۇ بولىدىكەن، بولمىسا، ئۇلار ئۆزى خىزمەت ئورنى تېپىپ ئورۇنلاشتۇرىدىكەن. مېنىڭ ھۆكۈمەت ئورنىدا خىزمەت قىلغۇم يوق. ئاز كۈن كۆردۈممۇ، يېزامغا بېرىپ كەتمەن چاپىمەن.

— ھا!... ھا!... ھا! ... — مۇئەللىم قاتتىق

كۆلۈۋەتتى ، — باللارچە خىياللىرىڭ تېخى بار ئىكەن - دە ، جۇڭگودا كەتمەن چاپىدىغانلار يېتىپ ئاشىدۇ . سەن دېگەن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى - دە ، ئوقۇغۇچى ۋاقتىڭدىلا ياخشى يازاتتىڭ ، تۇرمۇشنى كۆرۈپ پىشتىڭ ، ئەمدى تازا ياز . ئۆتكەن ئىشلارغا قېيىداپ نېمە تاپىمىز ؟ بىر چاغلاردا مەنمۇ ، پارتىيە رەھبەرلىكىدىكى بىر سوتسىيالىستىك مەملىكەتتە نېمە ئۈچۈن شۇنچىۋالا ناھەق ئىشلار يۈز بېرىدۇ ، دەپ ئازابلانغانىدىم . ئويلاپ باقسام ، جۇڭگودەك نەچچە مىڭ يىل فېئودالىزم ئاسارىتىدە تۇرۇپ كەلگەن بىر مەملىكەتنىڭ ئالغا بېسىش تارىخىدا مۇنچىلىك ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىكەن . باشقىلار ماڭمىغان بىر يېڭى يولنى ئىزدەۋاتقان دۆلەتكە داغدام يول نەدە تۇرۇپتۇ . يېڭى يول ھامان تار ۋە ئەگرى - توقاي بولىدۇ...

— ئەمدى نېمىنىمۇ يازارمەن ؟

— ئېلان قىلىنمىغان بىر - ئىككى ھېكايەڭنىڭ ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگىنىنى كۆرگەنىدىم . چىقىۋاتقان ھەممە گېزىت - ژۇرناللارغا ئەسەر ئەۋەتىپ ، ئۆزىنى ئۆزى شائىر ، يازغۇچى ساناپ يۈرىدىغان ئادەملەر ئاز ئەمەس . ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ يازغانلىرىنى خەلق ئوقۇپمۇ قويمايدۇ . بەزىلەر بىر پارچە ئەسىرى بىلەنلا خەلققە تونۇلۇپ كېتىدۇ .

— سەۋەبى نېمە ؟

— نېمىشقا دېسەڭ ، تۇرمۇشتىن تەسىرلەنمەيدىغان ئادەمدىن ياخشى ئەسەر چىقمايدۇ . ھەقىقىي بەدىئىي ئەدەبىيات ئىنسان روھىنى ئاختۇرۇشى ، كىشىلەر قەلبىنى ئىپادىلىشى ، ھەر خىل مىجەزدىكى ئادەملەرنىڭ جانلىق كارتىنىسىنى يارىتىشى لازىم . ھېسسىياتسىز ئەسەر يۈرىكى يوق ئادەمگە ئوخشىشىدۇ ، ئۇنىڭدا

ھاياتي كۆچ بولمايدۇ. ھازىر شېئىر يېزىپ قاملاشتۇرالمىسا، ھېكايە يېزىپ باقىدىغان، ھېكايىسى جايىدا چىقمىسا، بوزۇپلا شېئىر قىلىۋېتىدىغان، شېئىرنىڭ ئاخىرىنى يىغىشتۇرالمىسا ئۇزارتىپ داستان قىلىدىغان، ھېكايىسىنىڭ داۋامىنى چۇشۇرەلمىسە سوزۇپ پوۋېست قىلىۋېتىدىغان؛ كاسىپ ئىتتىك بازارغا مال تىككەندەك، كېلەر يىلى كېلىدىغان بايراملارغا بۇ يىل شېئىر يېزىپ تەييارلاپ قويىدىغان؛ پۈتۈن ئۆمرىدە ئىشلەتكەن قاپىيەسىنى يىغىپ كەلسە يۈزدىن ئاشمايدىغان «ئەدىبلەر»مۇ ئاز ئەمەس. لېكىن، ئۇلارنىڭ يازغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى بەدىئىي ئەسەر دېگىلى بولمايدۇ...

— سېرىق تۇرغاننىڭ ھەممىسىلا ئالتۇن ئەمەس - دە!

— شۇنداق، بەزىلەرنىڭ ئويلىغىنى ئالتۇن بولسىمۇ، قەلىمىدىن تامغىنى مىس... سەن ياز، ئەدەبىياتقا ئۆز ئالاھىدىلىكىڭ بىلەن كىرىپ كەل. نېمىنى يازارمەن، دەمسەن؟ ئويلىغانلىرىڭنى، سېغىنغانلىرىڭنى، سېنى ھاياتقا قايتا ئاچققان كۆچلەرنى، يۈرىكىڭنى نېمە ھاياجانغا سېلىپ دۈپۈلدەتكەن بولسا شۇلار توغرىسىدا ياز!...

تالاي ئۆمرىنى دوسكىنىڭ ئالدىدا بور چاڭلىرىنى يۇتۇپ ئۆتكۈزگەن بۇ مۇئەللىم خۇددى سىنىپتا دەرس ئۆتكەندەك قىزىشىپ سۆزلىمەكتە ئىدى. ئەلى سافادىن كۆتۈرۈلۈپ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» توغرىسىدا بىرنېمە دېمەكچى بولدى. لېكىن، مۇئەللىم ئۇنىڭ سۆزىنى تارتىۋېلىپ:

— «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»، — دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دەك مۇنداق غەلىتە قۇيۇن ھازىر ئۆتۈپ كەتتى. بارا - بارا ئۇ ئۆتمۈشكە ئايلىنىپ،

قىزىق پاراڭلارنىڭ تېمىسى بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. مەن ساڭا ئېيتسام، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا بىرەر زەربىگە ئۇچرىماي ئۆتۈپ كەتكەن ئادەم ئۆزىنىڭ زادى قانداق ئىنسانلىقى ھەققىدە بىر ئويلىنىپ باقسا بولىدۇ. تېخى بۈگۈنكى تاماشىلارنى كۆرمەيسەن. ھازىر كىمنىڭ ئاغزىغا قارىساڭ ئۆزىنى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا ئازار يېگەن قىلىپ كۆرسىتىۋاتىدۇ. بەزىلەر ئۆز ۋاقتىدا سۆككەن نەرسىلىرىنى ھازىر مەدھىيەلەۋاتىدۇ، ئەينى چاغلاردا بىرگە سولدىن چىقىپ ھۇجۇم قىلغان بەزى ئادەملەرنىڭ بۈگۈن ئوڭدىن چىقىپ دەۋاتقان گەپلىرىنى ئاڭلىساڭ، قورقۇپ ئەتراپىڭغا قارايسەن، بۇلارنىڭ كۆپىنچىلىرىنىڭ نىيىتى توغرا بولۇشى مۇمكىن، ئايرىملىرى چېخوپ يازغان خامېلېئوننىڭ ئۆزى. ئۇنداقلار پەسىلگە قاراپ رەڭگىنى ئۆزگەرتىدۇ، شامالغا قاراپ لەگلەك چىقىرىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى 50 - يىللىرى ئۇرۇمچىگە يېڭى كەلگەندە كىيىپ كەلگەن دوپپىسىدىن خىجالەت بولۇپ كەپكىگە ئۆزگەرتكەندى؛ 1960 - يىلنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە «خاتا قىپتۇق» دەپ بىر سوملۇق لاتا شەپكىدىن باشقىنى كىيمەيدىغان بولۇشتى؛ ھازىر قارىساڭ، ئۇلار يېڭى پاسوندىكى چىمەندوپپىلارنى كىيىشىپ، خۇددى بارلىق مىللىي ئەنئەنە، مىللىي غۇرۇرنى ئاشۇ دوپپىسىدا نامايان قىلىۋاتقاندەك گىدىيىشىپ يۈرىدۇ. مۇبادا جاھان باشقىچە بىر داۋالغۇپ قالسا، ئۇلار بېشىدىكىنى يەنە نېمىلەرگە ئۆزگەرتىدۇ، خۇدا ئۆزى بىلىدۇ...

بۇ مۇلاھىزە ئەلىنى ئويغا سېلىپ قويدى. مۇئەللىم سافاغا ئۆزىنى تاشلاپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇراتتى:

— ئۇنىڭغىمۇ مەيلى. ئادەملەر بۇگۈن قارا بۇلۇت ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىنكى نۇرلۇق قۇياشقا ھوزۇرلىنىپ قارىماقتا؛ بەزىلەر خۇشاللىقىدىن قىيغىتىپ، بەزى شوخلۇقلارنىمۇ قىلىپ قويۇۋاتىدۇ، ئۇزۇن ۋاقىت باغلاقتا تۇرغان تايچاق كەڭ دالىغا چىققاندا ئەنە شۇنداق قىلىقلارنى قىلىدۇ... نېمىشقا ئىچمەيسەن؟

مۇئەللىم ئالدىدا تۇرغان رومكىنى قولىغا ئېلىپ كۆتۈرۈۋەتتى. ئالدىنقى بىر رومكىدا «ئەمدى ئىچمىسەم بولارمىكىن» دېگەننى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزگەن ئەلىمۇ سۆھبەتنىڭ تەسىرىدىن رومكىنى ئىختىيارسىز ئېلىپ كۆتۈرۈۋەتتى.

— ھەممە بالا ماڭا شۇ قەلەمدىن كەلگەن، — دېدى ئەلى ئالدىدىكى قورۇمىدىن بىر چوكا ئېلىپ ئاغزىغا سېلىپ تۇرۇپ، — يەنە قەلەمنى ئېلىپ بىر نەرسە يېزىشقا زادىلا مەيلىم يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە تازا يازىدىغان ۋاقىتلىرىمىز ئۆتۈپ كەتتى دەڭە...

— ۋاقىت دېدىڭمۇ؟ — مۇئەللىم پېشانىسىنى تۇتۇپ بىرنېمىنى ئەسكە ئالغاندەك بولدى، — رىم پەيلاسوپى سىنكامىكىن، ئىشقىلىپ، بىرى: «ھەممە نەرسە بىزنىڭ ئەمەس، پەقەت ۋاقىتلا ئۆزىمىزنىڭ مۈلكى» دېگەنىكەن، لېكىن بۇ مۈلۈككە ئىگىدارچىلىق قىلماق بەك تەس، بەك تەس! ھەممىنى قايتۇرۇۋېلىش مۇمكىن، بىھۇدە كەتكەن ۋاقىتنى كىم قايتۇرۇۋالالايدۇ؟! ۋاقىت دېگەن نېمە؟ ۋاقىت ئۇ پۇل، ۋاقىت — ئىجادىيەت، ۋاقىتنىڭ ئۆزى ھايات، ھازىر ھەممە ئادەمنىڭ بىلىكىدە بىر سائەت بار. ئۇنى ۋاقىتنى قەدىرلىگەنلىكتىن تاقايدۇ دەمسەن؟ سۆلەت ئۈچۈن تاقىشىدۇ، سۆلەت ئۈچۈن! چىكىلداپ مېڭىپ تۇرغان سائەت ئىنسان

يۈرىكىنىڭ دۈپۈلدەپ ئۇرغان ساداسى ، بىلسەك ، ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئۆمرىمىزنىڭ قەدەم ئاۋازى . هەي ، ئەلى ، ئامال قانچە؟ بۇنىڭدىن كېيىنكى ۋاقتىمىزنىمۇ ئۆتۈپ كەتكەن ئۆمرىمىزگە ئېچىنىپ ، يىغلاپ ئۆتكۈزسەك نېمە ئەھمىيىتى ؟ يەنە قانچە يىل ئۆمۈر كۆرەرمىز ؟ ئۆلۈپ كەتسەك ، تۆت ئادەم يۆيۈپ - تاراپ كۆمۈپ قويىدۇ . دۈشمەنلىرىمىز خۇش بولار ، دوستلىرىمىز : «هەي ئىسىت ، رەھمەتلىك يامان ئەمەس نېمە ئىدى » دەپ قويۇشىدۇ ، خالاس . شۇنچىلىكلا ئىش...

ئۇلار گەپ بىلەن بولۇپ بوتۇلكىنى قۇرۇقداپ قويۇشقىنىنى تۇيماي قېلىشتى . هەر ئىككىلىسى ئوبدانلا تەڭشەلگەنىدى . تالاغا قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغانىدى . قۇرۇق بوتۇلكىغا قاراپ ئۇلار قورسىقىنىڭ ئاچقانلىقىنى هېس قىلىشتى .

— يۇر ، — دەپ ئورنىدىن تۇردى مۇئەللىم ، — دۆڭ- كۆۋرۈك ئالدىدىكى سەن دېگەن هېلىقى بازاردىن ئوبدان بىر تاماق يەيلى .

ئۇلار ئىشىكنى قۇلۇپلاپ چىققاندىمۇ راخمان مۇئەللىم سۆزلەشتىن توختىمىغانىدى .

— بۇلتۇر سىلەرنىڭ يۇرتقا بارغانىدىم ، — دەپ گەپ باشلىدى مۇئەللىم يولغا چىققاندا ، — هېلىقى سىلەرنىڭ جالالىمىدى ، جامالىمىدى بىر ساۋاقدىشىڭلار بار ئىدىغۇ ؟

— قايسى ؟

— سەل دۇدۇقلاپ گەپ قىلىدىغان ، كۆك كۆز .

— هە ، جالال ، ئۇ نېمە قىلىۋېتىپتۇ ؟

— هازىر ئۇ كاتتا ئادەم بولۇپ كېتىپتۇ . ئوقۇغۇچى ۋاقتىدىلا بۇ بالا بىلەن خۇشۇم يوق ئىدى . ئۆتۈلگەن دەرستىن

ھېچنېمىنى بىلمەيتتى ، بېشىنى كۆتۈرمەي شېئىر يازاتتى . يازغان شېئىرلىرىنى ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم چۈشەنمەيتتى . «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا ئۇنىڭ دۇدۇقلايدىغان كېسىلىمۇ تۇگەپ ، كۇرەش يىغىنى ئېچىلسا ھەممە گەپنى شۇ قىلىدىغان بولۇپ كەتكەنىدى . قېنى ، سېنىڭ بۇ ھاماقەتلىكىڭ سېنى قەيەرگە ئاپىراركىن... دەپ ئويلاپمۇ قالاتتىم .

مۇئەللىم توختاپ ، سەرەڭگە بىلەن ئۇزاق ھەپىلىشىپ بىر تال تاماكا تۇتاشتۇردى .

— سەرەڭگىلەرنىڭ جالىشىپ كەتكىنىنى دېمەمسەن ، نېمە دەۋاتاتتىما ؟

— جالال توغرىسىدا ، سېنىڭ بۇ ھاماقەتلىكىڭ سېنى قەيەرگە ئاپىراركىن... دەپ...

— ھە ، شۇنداق دەپ ئويلايتتىم . سەن چۈشەنگەنسەن ؟ جەمئىيەت دېگەن باشقا گەپ ، مەكتەپتە ھەممە ئوقۇغۇچىنىڭ ئورنى باراۋەر بولىدۇ ، ئىمتىھان سوئالى ئۇلارنىڭ قانداق ئائىلىدىن كەلگەنلىكى ، كىمنىڭ بالىسى ئىكەنلىكى ، چىرايىنىڭ سەت - چىرايلىقلىقى ، كىيىمىنىڭ كونا - يېڭىلىقىنى تونۇمايدۇ . كىم تىرىشچان بولسا ، ئەتراپلىق پىكىر قىلالىسا ، يۇقىرى نومۇر شۇنىڭ . جەمئىيەت ئۇنىڭغا ئوخشاشمايدۇ . جەمئىيەتتە تالانتلىق ئادەملەر پەگاھتا قېلىپ ، ھېيلىگەرلەر تۆرگە چىقىپ قالىدىغان ؛ ئاق كۆڭۈللەر جېنىنى باقالماي ، ساختىپەزلەر بېيىپ كېتىدىغان ؛ تەخسىكەشلەر مۇكاپاتقا ئېرىشىپ ، ھەقنى سۆزلىگەنلەر جازالىنىدىغان ئىشلارنى ئاز دەمسەن ؟... يەنە گېپىمنى يېتتۇرۇپ قويۇپ ، باشقا تەرەپكە كەتتىما... ھە ، ھېلىقى جالالنى تونۇمايلا قاپتۇمەن . كۆزىدە قارا

كۆزەينەك ، ئۇچىسىدا چەتنىڭ پەلتوسى ، ۋىلايەتتە بىر ئىدارىنىڭ باشلىقى ئىكەن ، كوچىدا تۇتۇۋېلىپ : «بۇ مېنىڭ ئۇستازىم ، ئاتاقلىق ئەدەبىيات نەزەرىيەچىسى ، پروفېسسور راخمان مۇئەللىم بولىدۇ » دەپ يېپىشىۋېلىپ ئۆيىگە ئاپاردى . بىر چىنە چايدىن كېيىن ، ئالدىمغا يازغان نەرسىلىرىنى ئەكېلىپ دۆۋىلىۋەتتى . ئوقۇپ باقسام ، ئوقۇغۇچى ۋاقتىدىكىدىنمۇ دۆتلىشىپ كېتىپتۇ . ئىشلەتكىنى كىلاسسىك ئەسەرلەردىن تېرىۋالغان چۈشىنىكسىز سۆزلەر . بەزى سۆزلىرىنىڭ مەنىسىنى مەنمۇ چۈشەنمىدىم ، ئۆزىمۇ چۈشەنمەيدۇ ، كىتابخان نەدىن چۈشەنسۇن... ياخشى ئەسەرلەرنى پەقەت داغدۇغىلىق ، ئۇلۇغ سۆزلەر بىلەنلا يېزىپ چىققىلى بولىدۇ ، دەپ قارايدىغان ئەخمەقلەرمۇ ئاز ئەمەس ؛ ئۇلار خەلق كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ئىشلىتىۋاتقان ئاددىي سۆزلەرنىڭ قۇدرەتلىك كۈچىنى چۈشەنمەيدۇ . مەن ئۇنىڭدىن : «بۇنچىۋالا نەرسىنى قايسى ۋاقىتتىمۇ يازغانسەن ؟ » دەپ سورىسام ، ئۇ : «ھەر كۈنى يازىمەن ، كېچىسى ھېچبولمىغاندا بىر - ئىككى سائەت ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانمىسام ئۇيقۇم كەلمەيدۇ » دېدى . قارا ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئاۋارىچىلىكىنى تېخى ئىجاد قىلىۋاتىمەن ، دەپ تونۇيدىكەن . مەن ئۇنىڭغا : «شېئىر دېگەننى زورلاپ يازىدىغان نەرسە ئەمەس ، ئۇنى خۇشاللىقتىن ئۆزىنى باسالماي تۇرغان ۋاقىتتا ياكى قايغۇدىن كۆز يېشى تۆكۈلۈپ تۇرغاندا يازسا بولىدۇ . ھەقىقىي شائىر كىچىك بالىدەك شوخ ، ئاق كۆڭۈل ، تەسىرچان بولىدۇ . سەن شېئىر يازىمەن دەپ ئۆزۈڭنى ئاۋارە قىلمىساڭ بوپتىكەن » دېدىم . ساۋاقدىشىڭ نېمە دېدى دېمەمسەن ، چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ : «مۇئەللىم ، بۇ نېمە دېگىنىڭىز ؟

بىزنى ئۆزىڭىز ئوقۇتقان، ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا بەش ـ ئالتە يىل مۇشۇ كەسىپنىڭ نەزەرىيەسىنى ئۆگەندۇق. ھازىر ھەممە ئادەم كەسىپىنى پۇختىلاۋاتىدۇ. مەن مۇشۇنىڭ بىلەن ھەپىلەشمىسەم، باشقا نېمە ئىش قىلىمەن؟» دېدى. مەن كۈلۈپ كېتىپ ئۇنىڭغا: «سەن، شائىر ـ يازغۇچىلىقنى بىرەر مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇپ، ئۆگىنىپ كېلىدىغان نەرسە دەپ قارامسەن؟ باشقا گەپنى قويۇپ تۇرايلى، بىزنىڭ مەكتەپنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىلا ئالساق، يىلىغا يۈزلەپ ئوقۇغۇچى ئوقۇش پۈتكۈزۈپ چىقىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا شائىر ـ يازغۇچى بولىدىغان بولسا، بۇ كەمگىچە شائىر بىلەن يازغۇچىنىڭ تولىلىقىدىن كوچىدىمۇ ماڭغىلى بولماي قالاتتى... ئەدەبىي ئىجادىيەت — ئۇ بىر سەنئەت، سەنئەت دېگىنىمىز ھۈنەر ئەمەس، مەسىلەن، ئالايلى، ھەرقانداق كاسىپ ئۆزىنىڭ ئوغلىغا ھۈنىرىنى ئۆگىتىپ قويالىشى مۇمكىن. لېكىن، ھەرقانچە قىلغان بىلەنمۇ شائىرنىڭ بالىسى شائىر، يازغۇچىنىڭ بالىسى يازغۇچى بولۇپ چىقالىشى ناتايىن... سەن ھازىر باشلىق بولۇپ تازا ئورنۇڭنى تېپىپسەن، باشلىقلىقىڭنى قىلىۋەر» دېدىم. ئۇ گەپلىرىمنىڭ تېگىگە يەتتىمۇ، يەتمىدىمۇ بىلمىدىم، ئاغزىنى ئېچىپ تۇرۇپلا قېلىپ، ئاندىن: «سىز تالانتنىلا تەكىتلەپ، تىرىشچانلىقنىڭ رولىغا سەل قارايغانلاردىن ئىكەنسىز» دېدى. «ھە، ئۇنداق بولسا تىرىشىۋەر!» دېدىم. سېنىڭچە قانداق، ئەلى؟ — مۇئەللىم توختاپ، قۇرۇقدىنىپ قالغان تاماكا قېپىنى مىجىقلاپ يەرگە تاشلىدى، — ئۇلۇغ بىر شائىر بولۇشنى ئارزۇ قىلىپ بىر ئۆمۈر تىرىشىپ، ھېچنېمە بولالماي ئۆتۈپ كېتىدىغان بىچارىلەر ئازمۇ؟

— تىرىشچانلىقمۇ لازىم، — دەپ سۆز قىستۇردى ئەلى.

— توغرا، تىرىشچانلىق بولمىسا بولمايدۇ، ئازراق خىيىرتۇرۇچ بولمىسىمۇ بولمايدۇ. بۇ دېگەنلىك، پەقەت خىيىرتۇرۇچ بىلەنلا نان ياققىلى بولمىغاندەك، بىر تەڭلە خىيىرغا كىچىككىنە خىيىرتۇرۇچ بولمىسىمۇ بولمىغاندەك گەپ… يۇرە، ئاۋۇ ماگىزىندىن تاماكا ئېلىۋالايلى…

ئۇلار تاماقلىنىپ قايتقۇچە ئاپتوبۇس توختاپ كەتكەنىدى، بايىقى هاراقنىڭ كەيپى تېخى تارقىمىغانىدى. بازاردىن مەكتەپكىچە بولغان ئۆرە يولنى ئۇلار پاراڭ بىلەن مېڭىپ تۈگەتتى. ئەلى پۈتىنى سۆرەپ ئاستا كېلەتتى. مۇئەللىم بىر توختاپ، بىردە مېڭىپ هامان سۆزلەيتتى. ئەلىمۇ كەيپچىلىكتە نېمىلەرنىدۇر تالىشاتتى. ئۇلار مەكتەپ ئالدىغا يېتىپ كەلگەندە، هېلىقى كونا قاۋاقنىڭ ئىشىكى ئوچۇق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، قىزىقچىلىق قىلىپ دۇكانغا كىرىپ يەنە بىر - ئىككى رومكىدىن قېقىۋېلىشتى. ئۆز ۋاقتىدىكى بۇ دۇكاننىڭ ئىچى خېلىلا كېڭەيگەن بولۇپ، هاراقتىن باشقا مال جازىلىرىغا يەنە ئوقۇغۇچىلارغا لازىملىق دەپتەر - قەلەم، سالام خەت قەغەزلىرى، يىپ - يىڭنە، لۆڭگە - سوپۇن قاتارلىق مىللىچاللار تىزىۋېتىلگەنىدى. ئاغزى ئوچۇق قەغەز يەشىكلەردە هەر خىل كەمپۈت - پىرەنىك، باهاسى ئانچە ئۆرە بولمىغان تاماكىلار تۇراتتى. كونا دۇكاندارنىڭ ئورنىدا ئىككى ياش يىگىت سودا قىلىۋاتاتتى. بىر سەر هاراق يىگىرمە بەش تىيىنگە چىققان بولۇپ، زاكۇسكىغا چىلىغان سامساق ئەمەس، بىر - ئىككى تال ئەرزان باهالىق كەمپۈت تاشلاپ قويىدىكەن.

ئۆيگە كەلگەندە ئۇلار چوڭ ئۆيدە پاراڭلىشىپ ياتماقچى

بولۇشتى . مۇئەللىم ئەلى ئۇچۇن كارىۋاتقا ئورۇن سالدى ، ئۆزىگە چېچىلىپ ياتقان كىتابلارنى بىر چەتكە سۈرۈپ قويۇپ ، بىر گىلەمنى قاتلاپ سېلىپ ، تۆۋەنگە ئورۇن راسلىدى . يېتىش ئالدىدا ، ئۇلار ئارىسىدا «كىم كارىۋاتتا ياتىدۇ ؟» دېگەن مەسىلىدە خېلى تالاش ـ تارتىش بولدى . ئەلىنىڭ قارىشىچە ، ھۆرمەتتە چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈن كارىۋاتتا مۇئەللىم يېتىشى لازىم ؛ مۇئەللىمنىڭ قارىشىچە ، ئەلى بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدىكى ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلىق مۇناسىۋەت ئۇلار پارچىلانغان ئوت قالاپ يۇرگەن چاغلاردىلا ئاياغلاشقان ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەلى مېھمان . ئاخىرىدا ئۇلار گىلەمنى پولغا ئېچىپ سېلىپ ، ھەر ئىككىلىسى پەستە ياتتى . مۇئەللىم ئېلېكتىر چىرىغىنى ئۆچۈرۈپ كېلىپ ، ئورنىغا كىرىپلا يەنە ئۆز نۇتقىنى باشلىۋەتتى :

— مېنىڭ بەزى ئاغىنىلىرىم ھازىرقى ياشلارنى ياراتمايدۇ . ئۆزلىرىنىڭمۇ ياش ۋاقتىدا تالاي بىمەنە ئىشلارنى قىلغانلىقى ئۇلارنىڭ ئېسىدە يوق ، ئۆزىنى ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن تۇغۇلغاندىلا شۇنداق سالاپەتلىك تۇغۇلغاندەك ھېس قىلىشىدۇ... ياشلار بولمىسا ، بىزنىڭ كەلگۈسىمىزمۇ بولمايدۇ . ئۇلارنى يامان كۆرۈشكە بولمايدۇ...

— سىزچە قانداق قىلىش كېرەك ؟

— ياخشىسى ، ئۇلارغا تەسىر كۆرسىتىش ، ساغلام ياشاش ، مەنىلىك ياشاشنى ئۆگىتىش كېرەك .

— ساغلاملىقنى سىز قانداق چۈشىنىسىز ؟

ئەلى ئوقۇتقۇچىسىدىن شۇ سوئالنى سورىدى ـ دە ، كۆزى ئۇيقۇغا كەتتى .

— ساغلاملىق دېدىڭما ؟ — دەپ سۆزلەپ كەتتى

مۇئەللىم ، — ساغلاملىقنىڭ بەلگىسى شۇ ئادەمنىڭ مۇسكۇللىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ، چىرايىنىڭ كۆركەملىكى ، ئۇزۇنغا يۇگۇرەلىشى ياكى ئېگىزگە سەكرەلىشى قاتارلىقلار بىلەن بەلگىلىنىدىغان بولسا ، مېنىڭچە بۇ تولىمۇ ھەققانىيەتسىزلىك بولىدۇ . ساغلاملىقنىڭ ئەڭ روشەن بەلگىسى ئالدى بىلەن شۇ ئادەمدە ساغلام ئەقىلنىڭ بولۇشىدا... مەنىلىك ياشاشنى ئالساق ، بۇ تولىمۇ چوڭقۇر پىكىر . ئادەم دېگەن تۇرمۇشتا ياخشى كۆرۈشنىمۇ ، كۈلۈشنىمۇ ، ئۆزىنى تۇتۇشنىمۇ ، ۋاقتى كەلگەندە ئېچىپ بالىلاردەك قىيغىتىشنىمۇ ، ھەتتا يىغلاشنىمۇ بىلىشى كېرەك . ئەگەر ھاياتنىڭ مەقسىتى قورساقنى توق تۇتۇپ ، ئاغرىماي ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشلا بولسا ، بۇ نېمىدېگەن بىمەنە تۇرمۇش ـ ھە ؟ ! ... ھەر كۈنى كەچلىكى ئۆيىگە ئالدىراپ كېتىپ بارغان ئادەملەرنى كۆرۈپ سەن نېمە ئويلايسەن ؟ ئۇلار خوتۇنىنى ، بالىلىرىنى سېغىنىپ كەتكەنلىكتىن ئەمەس ، قورسىقى ئاچقانلىقتىن شۇنداق ئالدىرايدۇ... ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى بەدەن چېنىقتۇرۇۋاتقانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ كۆڭلىگە بىر ئۇلۇغ غايىنى پۈككەن بولۇشى ناتايىن ، قوپالراق ئېيتقاندا ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۇزۇنراق ياشاپ ، ئىنسانىيەت ياراتقان نېمەتلەردىن جىقراق يەپ-ئېچىپ ، چېچىۋېتىپ كەتمەكچى . ھاياتنىڭ مەزمۇنى ئۇنىڭ ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقىدا ئەمەس ، قانداق ئۆتكەنلىكىدە... سېنىڭچە قانداق ؟

قاراڭغۇلۇقتا چوڭكەن ئۆيدىن مۇئەللىمنىڭ سوئالىغا جاۋاب بولمىدى . «ئۇخلاپتۇ !» دېدى پىروفېسسور قولىنى سىلكىپ ، ئۇمۇ يوتقاننى تارتىپ ، كۆزىنى يۇمدى .

ئەتىسى ئەتىگەنلىكى مۇئەللىم ئەلىنى ئۇزىتىپ چىققاندا ،

ئۇنىڭغا قىلماقچى بولغان بىر گېپىنى تاپالماي تۇرۇپ قالدى.
— راست ئاخشام ساڭا ئېيتىمەن دەپ ئۇنتۇپتىمەن. رابىيەنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى ئاڭلاپ ناھايىتى ئېچىندىم. ئۇ چاغلاردا مەنمۇ ئۆز ئاۋارىچىلىكىم بىلەن… كەچۈرسەن، رابىيە ئاغرىق چاغلاردا ئەھۋالىدىن خەۋەر ئالالمىدىم…
— نېمە دەۋاتىسىز، ئۇ قاچان ئۆلۈپ كېتىپتۇ؟!
ئەلى پۈتىندا جان قالمىغاندەك بولۇپ تامغا يۆلىنىپ قالدى.
— سېنىڭ خەۋىرىڭ يوقمۇ؟ بۇ گەپنى ئاڭلىغىنىمغا ئۇزۇن يىللار بولۇپ كەتتىغۇ!…
— خاتا ئاڭلاپسىز،— دېدى ئەلى يېنىك تىنىپ، — ماڭا يېقىنغىچە ئۇنىڭدىن خالتا كېلىپ تۇرغان.
— شۇنداقمۇ! رابىيەنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولغۇدەك. بۇ گەپنى كىمدىن ئاڭلىغانلىقىم ھازىر ئېسىمدە يوق… رابىيەگە مېنىڭدىن سالام ئېيت!
ئەلى راخمان مۇئەللىم بىلەن خوشلىشىپ قايتتى. «رابىيە ئۆلۈپ كېتىپتۇ» دېگەن ھېلىقى سۆز ئۇنىڭ خىيالىدىن نېرى كەتمەيتتى. تۈنۈگۈن ئۇ، راخمان مۇئەللىم بىلەن كۆرۈشۈپ قايتقاندىن كېيىن، مەكتەپ ئىچىنى يەنە بىر قېتىم ئوبدانراق ئارىلاپ چىقىمەن، دەپ پىلان قىلغانىدى. ھازىر ھەممىنى ئۇنتۇدى. ئائىلىلىكلەر بىناسى ئالدىدا ئويناپ يۈرگەن كىچىك باللار، ئوقۇتۇش بىناسى تەرەپكە ئالدىراش كېتىپ بارغان ئوقۇغۇچىلار، سۇ ئوتلىرى بىلەن قاپلانغان يېشىل كۆل، ئۇچ يېرىم قەۋەتلىك ئوغۇللار ياتىقى، يەنە ئەلى بۇ يەردە بولمىغان يىللىرى ياسىلىپ پۈتكەن يېڭى بىنالار — بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتالمىدى. تۈنۈگۈن ئوقۇتۇش بىناسى ئىچىدە

ئۆچرىغان ئايال مۇئەللىم ئەمدى ئۇنى تونۇغاندەك قىلىپ قاراپ يېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى... ئەلى ئىچىدە بىر نەرسىنى پىچىرلايتتى: «رابىيە بار، ئۇنىڭ قەيەردىلىكىنى ئەلىنىڭ ئۆزىمۇ بىلمەيدۇ، ئەمما ئۇ بار. ھايات قايىنىغان مۇشۇ كەڭ زېمىنىنىڭ قايسىبىر بۇرجىكىدە ئۇ ياشاۋاتىدۇ.» ئەلى ئۇنى چوقۇم ئىزدەپ تاپىدۇ. مەشۇقىنى تاپمىغۇچە ئۇنىڭ كۆڭلىمۇ ئارام تاپمايدۇ...

## 4

ئەلى يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ، ئاكىسىنىڭ ئاغزىدىنمۇ شۇ خەۋەرنى ئاڭلىدى. ئاكىسى ئوسمانمۇ: «ئالدىڭدا خىجالەتمەن، ئۇكام، ئايالىڭنى ئىزدەپ تېپىپ ھالىدىن خەۋەر ئالالمىدىم، كېچىرىن...» دېدى. ئەلى بۇ گەپلەرگە ئۆزىنى زادى ئىشەندۈرەلمىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى رابىيەنى خېلى يىللارنىڭ ئالدىدا ۋاپات بولغان، دېيىشەتتى. ئۇنداقتا، تۈرمىگە ھازىرغىچە ئۈزۈلدۈرمەي خالتا كىرگۈزۈپ، يېمەك ـ ئىچمەك، يىپ ـ يىڭنە، تاماكا ـ قەغەز، ئىچ كىيىملىرىگىچە ئەۋەتىپ تۇرغان ئاق كۆڭۈل ئادەم زادى كىم؟!...

ئەلى رابىيە خىزمەتكە تەقسىم بولۇپ كەتكەن K شەھىرىگە بېرىش قارارىغا كەلدى. ئۇ ئاۋۋال بالىلىق چاغلىرى ئۆتكەن يېزىسىغا چىقىشنى ئويلىدى. تۈرمىدىكى چاغدا بۇ گۈزەل يېزا ئۇنىڭ خاتىرىسىدىن زادىلا كەتمىگەن. ئۇ، يېزىنىڭ چېتىدىكى يېيىلىپ ئاقىدىغان دەريانى، توپىلىق يول ۋە شۇ يوللار بىلەن كېلىدىغان پادا كالىلارنى، پاكار تاملار يېنىــدىكــى تونۇر باشلىرىنى، كەچتە قوغۇنلۇقلاردىن قايتىپ كېلىۋاتقاندا ئۇنىڭ

بىلەن تەڭ يۈگۈرىدىغان تولۇن ئاينى بەكمۇ سېغىنغانىدى... يەنە ئۇ، مۇشۇ شەھەردە تۇرۇۋاتقان ساۋاقداشلىرى بىلەن ئۇچرىشىشنى ئويلىدى. ئەلى ئۇلاردىن رابىيەنىڭ بار - يوقلۇقى خەۋىرىنى سوراشتۇرىدۇ. ئاندىن رابىيە ئۆز ۋاقتىدا خىزمەتكە بۆلۈنۈپ كەتكەن K شەھىرىگە جەزمەن بىر بارىدۇ. ھايات بولسا ھايات رابىيەنى، ۋاپات بولغان بولسا ئۇنىڭ قەبرىسىنى ئىزدەپ تاپىدۇ. ئەلىنى ئەجەلنىڭ ئېغىزىدىن قايتۇرۇپ كەلگەن تەقدىر ئۇنىڭ سۆيگەن ئادىمىنى ئۇنىڭدىن شۇنداق رەھىمسىزلەرچە تارتىپ كېتەرمۇ؟ ياق، ئۇ ھايات. قۇياش نۇرى ئاستىدا يورۇپ تۇرغان بۇ كەڭ زېمىننىڭ قايسىبىر يېرىدە ئۇ ئەلىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈۋاتىدۇ...

× ×

ئەلى تۆت كوچىنىڭ دوقمۇشىغا كېلىپ توختاپ قالدى. يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىپ بارغان ئىككى دېھقاننىڭ قىلىشىۋاتقان گېپى ئىختىيارسىز ئۇنىڭ قۇلىقىغا چۈشۈپ قالدى. ئېگىز كەلگەن، چىرايىدىن چاقچاقچىلىقى چىقىپ تۇرغان بىرى يېنىدىكى ساقاللىق ھەمراھىغا: «بىزنىڭ مەھەللىنىڭ ئەرلىرىمۇ تاز، ئاياللىرىمۇ تاز، شۇڭا ئۇ يەرنى ‹تاز مەھەللىسى› دەيدۇ. خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن، ئەرلىرىنىڭ خوتۇن ئالغاندىن كېيىن، خوتۇنلىرىنىڭ ئەرگە تەگكەندىن كېيىن تېزى ساقىيىپ كېتىدۇ» دەۋاتاتتى. ئەلى ئىختىيارسىز كۈلۈۋەتتى. «توۋا!— دېدى ئۇ،— بۇ راست گەپمىدۇ، توقۇپ چىقىرىلغان چاقچاقمىدۇ؟...»

ئەلى بۇ دوقمۇشتا ئېمىشقا توختىغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى... ئاكىسىنىڭ ئۆيىگە قايتىش كېرەكمۇ ياكى... ئاكىسى: «بۇ يەردە كامال دېگەن بىر ساۋاقدىشىڭ مەدەنىيەت ئىدارىسىدە تەرجىمانلىق قىلىۋاتىدۇ» دېگەندەك قىلىۋىدى، كامال ھازىر قانداقراق تۇردىكىن، ئۇ رابىيە توغرىسىدا نېمىلەرنى بىلىدىكىن؟ ... ئەلى ۋېلىسىپىتنى مەدەنىيەت ئىدارىسى تەرەپكە تارتتى. كامال مەكتەپتىكى چاغدا كۆزگە ئانچە چېلىقىپ كەتمەيدىغان مىجەزى ئېغىر، تىرىشچان ئوقۇغۇچى ئىدى. ئۇ ياۋاشتەك قىلغان بىلەن ناھەقچىلىككە ئۇچرىغاندا ئۆزىنى باسالماي تىترەپ كېتەتتى. دادىسىنىڭ ئوڭچى قالپىقى بولغانلىقى ئۈچۈن ھېلىقى تۆت يۈزدىن ئوشۇق كىشى تارتىپ چىقىرىلغان كۈرەش يىغىنىدا ئۇمۇ سەھنىگە يالاپ چىقىلغانىدى. مەكتەپتە ئەلى ئىككىسى ياخشى ئۆتكەن.

ئەلى مەدەنىيەت ئىدارىسىدىن «كامال ئۆيىدە» دېگەن جاۋابنى ئېلىپ، ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئادرېسىنى بىلىۋالغاندىن كېيىن، ئارقىسىغا قايتتى. مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ تۆمۈر رېشاتكىلىق چوڭ دەرۋازىسىدىن چىقىپ يولغا بۇرۇلغاندا ئۇنىڭ كۆزى ئالدىدىن كېلىۋاتقان بىر ئادەمگە چۈشتى. ئەڭ يېڭى مودىدىكى كاستۇم - بۇرۇلكا كىيىپ، گالستۇك تاقىغان، ئىككى مەڭزىنىڭ قىزىللىقىدىن ئىشى ئوڭدىن كېلىۋاتقان غەمسىز ئىنسانلاردىن ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇرغان بۇ ئادەممۇ ئەلىگە كۆز يۈگۈرتتى. ئۇنىڭ قاراشلىرى، چىرايى ئەلىگە تونۇشتەك قىلدى. «بۇ ئادەمنى مەن قەيەردە كۆرگەن بولغىيدىم!...» ئۇلار ئۆتۈشۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئەلى ئېسىگە ئالدى. «ھوي، بۇ جالال — راخمان مۇئەللىم شېئىرلىرىنى

ئوقۇدۇم ، دەپ گېپىنى قىلغان ھېلىقى جالال ئەمەسمۇ !» ئەلى ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قارىغاندا ، جالالمۇ بىرنەچچە قەدەم نېرىدا توختاپ ئارقىسىغا قاراۋاتاتتى . ئۇلارنىڭ كۆزلىرى يەنە ئۇچرىشىپ قالدى .

— ئە - ئە ئەلىمۇ سەن ؟

ئۇ ئەلىگە قاراپ ، قولىنى سۇنۇپ كەلدى .

— قانداق ئەھۋالىڭ ؟

— قا - قا - قانداق ئەھۋالىڭ ؟ سې - سې - سېنى چىقىپتۇ دەپ ئاڭلىدىم . يو - يو - يوقلاپ بارماقچىدىم...

ئۇنىڭ جىددىيلىشىپ قالغاندا ئاشۇنداق تۈتۈتلەيدىغان ئادىتى بار ئىدى .

— رەھمەت ! — دەپ ئۇنىڭ سۇنغان قولىنى تۇتۇپ كۆرۈشتى ئەلى .

— قە - قەيەرگە ماڭدىڭ ؟ ئۆ - ئۆيگە باشلايمەن .

— مەن بار ، كېيىن يەنە كۆرۈشەرمىز .

ئەلى شۇنداق دېدى - دە ، بۇرۇلۇپ يولغا ماڭدى .

ئەلىنىڭ مەكتەپتىكى چېغىدىلا بۇ ساۋاقدىشى بىلەن خۇشى يوق ئىدى . جالالنىڭ ئۆزىنى ياساپ ، قىزلارنى ئەگىپ يۈرۈشتىن باشقا ئالاھىدىلىكى يوق بولۇپ ، ئۇنىڭ ئۆزىنى كىتاب ياكى كىنولاردىكى قەھرىمانلارغا ئوخشىتىپ گىدىيىپ مېڭىپ كېتىشى باشقىلارنىڭ غىدىقىنى كەلتۈرەتتى . «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»غا كەلگەندە جالال ، قەھرىمانلار يارىلىدىغان دەۋر ئەمدى كەلدى ، دەپ ئويلاپ بىر «قەھرىمان» بولۇپ باقماقچى بولدى . شۇ مەزگىللەردە ئۇنىڭ ئەلىگە قىلغان ئەسكىلىكلىرىمۇ ئاز بولمىدى . ئۇ باشقىلارنى سۆرەپ چىقىپ كۈرەش قىلىشقا خۇشتار ئىدى ،

بولۇپمۇ يالغان ـ ياۋىداق گەپلەرنى توقۇپ ، چوڭ خەتلىك گېزىت يېزىپ چاپلاشتا ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغىنى يوق ئىدى . ئېھتىمال ئۇ شۇ ئىككى ـ ئۈچ يىل ئىچىدە شىلىم چېلىكىنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ ، ئۇرۇمچىنىڭ پۈتۈن تاملىرىنى ئالا قويماي پاتلاپ چىققاندۇ… ھە دېگەندىلا مۇشۇنداق بىر ئادەم بىلەن ئۇچرىشىپ قالغىنىغا ئەلىنىڭ كۆڭلى ناھايىتى غەش بولدى .

## 5

ئەلى ئىزدەپ ـ سوراپ ، مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ ئارقىسىدىكى تار كوچىلارنىڭ بىرىدىكى ئائىلىلىكلەر قورۇسىغا كىرىپ كەلدى . بۇ ئۆز ۋاقتىدا بىر باينىڭ قورۇسى بولسا كېرەك ، ھازىر بۇ ھەشەمەتلىك ئۆيلەر ئۆز ئىسكەتىنى تامامەن تۈگەتكەن ، تۈتاش كەتكەن پېشايۋانلار ھەر خىل تاختاي پەنەركە ، قەغەز ، يەشىكلەر بىلەن بۆلۈۋېتىلگەنىدى . ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا يەنە بىر كورپۇس ئۆي سېلىنغان بولۇپ ، ھەربىر ئۆينىڭ ئالدىغا كۆمۈرخانا ، توخۇ كاتەكلىرى سېلىنىپ ، كۆكتات ئورىلىرى كولىنىپ كەتكەچكە ، ئادەم ماڭىدىغانغا تار بىر يوللا قالغانىدى . توخۇلار قاقاقلايتتى ، قايسىبىر ئۆيلەرنىڭ ئالدىدا دۇنياغا تۆرەلگەندىن بىرى ئېرىق ـ ئۆستەڭ دېگەننى كۆرۈپ باقمىغان ئۆردەكلەر ئىرغاڭلىشىپ مېڭىپ يۈرەتتى… ئەلى ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تېڭىرقاپ توختاپ قالدى . ئۇ ، ھەر خىل ئادەملەرنىڭ ھەر خىل دىتى بىلەن تۈتۈلغان بۇ ئۆيلەرنىڭ پەردە تارتىلغان ـ تارتىلمىغان ، گۈللەر قويۇلغان ـ قويۇلمىغان دېرىزىلىرىگە تەكشى قاراپ چىقتى . شۇ چاغدا ، قايسىبىر

ئىشكتىن سېمىز بىر ئايال چىقىپ قالدى .
— بىرىنى ئىزدەمسىز ؟ — سورىدى ئايال .
— مەدەنىيەت ئىدارىسىدە ئىشلەيدىغان كامال ...
— ھە ، مۇشۇ ئۆيدە .
ئايال ئەلىنى تار بىر دالاندىن ئۆتكۈزۈپ ، چوڭ - كىچىكلىكى تاشقىرىقى ئۆيدىن سەللا پەرقلىنىدىغان بىر ئۆيگە باشلاپ كىردى . ئۆيگە كىرىپلا ئەلىنىڭ كۆزىگە چېلىققىنى — يېڭى كىگىزلەرنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان ئۈستەل ، ئۈستەل ئۈستىگە قويۇلغان قېلىن لۇغەتلەر ۋە شۇ كىتابلار ئارىسىغا ئېگىشكەن تاقىرلىشىپ كەتكەن بىر باش بولدى . «ئۆز ۋاقتىدىكى قويۇق ، قارا چاچلىق كامالنىڭ چاچلىرى شۇنچىۋالا چۈشۈپ كەتكەنمىدۇ ! ... »
كامال بېشىنى كۆتۈردى - دە ، ۋارقىراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى :
— ئەلى ! تېخى بىز سېنىڭ گېپىڭنى ئاخشاملا قىلىشقان . زۆھرە ، مەن ساڭا گېپىنى قىلىدىغان ئەلى مۇشۇ ئەمەسمۇ !...
ئىككى دوست ئۇزاق قۇچاقلاشتى . مېھمان ئۇچۇن كۆرپە سېلىۋاتقان ئايال ئۇلارنىڭ گېپىنى ئارىلاپ سۆزلەپ كەتتى :
— تېخى ئەتىگەنلا مەن بۇنىڭغا دېگەن ، شۇنداق دېگەنىدىمغۇ ، كامال ؟ چۈشۈمدە ئېگىز ئۇچۇپ ئۆتۈۋاتقان تۇرنىلارنى كۆرۈپتىمەن . «ئەجەب يازنىڭ ئوتتۇرىسىدىلا ئۇچۇپتۇ بۇلار ، كېلىۋاتقان تۇرنىلارمىدۇ ، كېتىۋاتقان تۇرنىلارمىدۇ ؟... » دېگۇدەكمىشمەن... بىزنىڭ ئۆيدىنمۇ سەپەرگە چىقىدىغان ئادەم يوق ، چوقۇم ئۆيىمىزگە يىراقتىن بىر مېھمان كېلىدۇ جۇمۇ ، دەپ ئويلىغانتىم . توۋا ! دېگەندەك... قېنى ،

يۇقىرى ئۆتتىكە .

— كۆرپىگە كەل ، ئاداش ، كۆرپىگە...

ئەلى جايلىشىپ ئولتۇردى . كامالنىڭ ئايالى يەنە سۆزلەپ كەتتى :

— ھېلىقى ئەلى دېگەن ئاغىنىڭىز مۇشۇدۇ ؟ قاراڭ ، سىزنىڭ گېپىڭىزنى كۆپ قىلىدۇ . قانداقراق يىگىتتۇ ، بىر كۆرسەم دەيتتىم . سىز تۇرمىدە يېتىپمۇ يەنە ياپياشلا تۇرۇپسىز . كامالغا قاراڭ ، قېرىپلا كەتتى . قۇۋلۇقنى بىلمەيدۇ ، كىم ئىشقا بۇيرۇسا كىچىك بالىدەك «ھە» دەپ ئىشلىگىنى ئىشلىگەن...

— بولدى ، بولدى . گەپنى ئاز قىل زۆھرە . ئۇستەلنى يىغىشتۇرۇپ چېيىڭنى ئەكىر !... خوش ، ئەھۋالىڭ قانداق ، ئاداش ؟ سۆزلىگىنە .

— سۆزلىگۈدەك نېمە گەپ بار دەيسەن . قولغا ئېلىنىدىم ، ئەمدى ئۆمرۈم مۇشۇ چۆل - جەزىرىدە تۈگىشىدىغان ئوخشايدۇ ، دەپ ئويلىغانىدىم ، يەنە يەيدىغان رىزقىم بار ئىكەن ، ئالدىڭدا ھايات تۇرۇپتىمەن . ئۆزۈڭنىڭ ئەھۋالىڭچۇ ؟

— مەندىن ئەھۋال سورىساڭ ، ئىشقىلىپ ، كۆنىمىز كېتىپ باردۇ . مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپ ، مۇشۇ ئەتراپتىكى بىر گۇڭشېغا قايتا تەربىيەگە چۈشكەنىدىم . ئىشقىلىپ ، خەنزۇچىغا سەل پۇختىراقمىدۇ نېمىكىن ، گۇڭشېغا تەرجىمان قىلىپ ئەكېلىشتى . كېيىن شەھەرگە يۆتكىلىپ مائارىپ بۆلۈمىدە تەرجىمان بولدۇم . ھازىر مانا مەدەنىيەت ئىدارىسىدە تەرجىمان... زۆھرە بىلەن گۇڭشېدىكى چاغدا تېپىشقان ، ئىشقىلىپ يامان ئەمەس . تۆت بالىمىز بار ، مەكتەپكە كېتىشتى ، كەلگەندە كۆرىسەن...

جوزىغا قەنت ـ گېزەكلەرنى تىزىۋاتقان زۆھرە يەنە ئېرىنىڭ گېپىنى ئارىلاپ سۆزلەپ كەتتى :

— قاراڭ ، ئەلى ، بۇ ئادەم ئۆتۈپ كەتكەن ياۋاش . بەش ـ ئالتە يىل ئەدەبىيات ئوقۇغان بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىغا باشقا خىزمەت تېپىلمامدۇ ؟ ئون يىلنىڭ ئالدىدا مەن بۇنىڭ بىلەن تونۇشماستا تەرجىمان ئىكەن ، ھازىرمۇ تەرجىمان . بۇنىڭ بىلەن بىللە ئوقۇغانلار باشلىق بولۇپ كەتتى…

— ئۇ گەپنى قىلىسىڭىز ، مەنمۇ كامال بىلەن بىللە ئوقۇغان ، ھېچ يەرگە باشلىق بولمىدىمغۇ ؟— دەپ كۈلدى ئەلى .

— گېپىڭىزنى تارتىۋالدىم ، سىزنىڭ يولىڭىز باشقا ، بۇنىڭ ساۋاقداشلىرىنىڭ ھەممىسى ھازىر ئازادە ئۆيلەردە ئولتۇرۇۋاتىدۇ . قاراڭ ، بىز تۆت بالا بىلەن ئالتە جان ئادەم كاتەكتەك بۇ ئىككى ئېغىز ئۆيگە تىقىلىپ ، سىبسىپ قالاي دېدۇق . باشقىلارغا ئوخشاش تېتىپ تۇرۇپ…

— بولدى قىل ، خوتۇن !— دەپ ئايالىنىڭ گېپىنى ئۈزدى كامال ، — «غاچچىدە» بىر تەخسە سەي قىل ، بىزنى ئارامخۇدا پاراڭلاشقىلى قوي .

— تېخى گۇڭشېدىن شەھەرگە كېلىپ تەرجىمان بولغىنى ئۆسكىنىكەنمىش . نېمە پەرقى ؟ باينىڭ قولىدىكى ئۆكۈزمۇ ساپان سۆرەيدۇ ، گادايىنىڭ قولىدىكى ئۆكۈزمۇ ساپان سۆرەيدۇ . ئوخشاش گەپ … — زۆھرە ئاغزى بېسىلماي سۆزلەپ دالان ئۆيگە چىقىپ كەتتى . كامال بىرىپ ئوتتۇرىدىكى ئىشىكنى ياپتى ـ دە ، ئەلىگە قاراپ خىجالەت بولغاندەك كۈلۈپ :

— مىجەزى شۇنداق ، ئاداش ،— دەپ قويدى ، — ئۇنى دېمىسىمۇ ، — دېدى ئۇ ئىشكاپتىن بىر بوتۇلكا ھاراق بىلەن

رومكىنى ئىلىپ ئۇستەل ئۇستىگە قويۇۋېتىپ ، — تەرجىمانلىق دېگەننىڭ جاپاسى تولا ئىش دېگىنە ، لېكىنزە ، بىزنىڭ بۇ جەمئىيەتتە تەرجىمان دېگەننىڭ نېمە ئورنى بار دەيسەن ؟ تەرجىمان پەگاھقا تاشلاپ قويۇلغان كەشكە ئوخشىشىدۇ . ئىشقىلىپ ، قايسى باشلىققا كېرەك بولسا ، پۇتىغا سېپىپ چىقىپ كېتىۋېرىدۇ . باشقىلارغا ئوخشاش ئىدارىگە ئەتىگىنى باشنى تىقىپ قويۇپلا قاچقىلى بولمايدۇ . دائىم باشلىقنىڭ كۆزىدە يۈرىدىغان گەپ ، بەزىدە كەچكىچە ئولتۇرساڭ ھېچ گەپ يوق . ئەمدى قايتاي دەپ تۇرساڭ ، بىر غوجامنىڭ يىغىن ئاچقۇسى كېلىپ قېلىپ «تەرجىمان قېنى ؟» دەپ ئىزدىگىلى تۇرىدۇ . ئىشقىلىپ ، گەپ قىلىپ كەلسەك گەپ تولا . ھالىمنى ئېيتىپلا كەتتىم . سەي تەييار بولغۇچە بىرەر رومكىدىن ئىچىپ قويمايلىمۇ ؟

— ماقا ئاز قۇي .

— بۇگۈن ئىچىمىز ، ئاداش ، سېنى يەنە كۆرەرمىز دەپ ئويلىمىغۇدۇق ، مانا قايتىپ كەپسەن .

كامالنىڭ كۆزەينىكىدە ھويلا ۋە ئۆي ئىچىدىكى جاھازلارنىڭ شولىسى لاپ ئېتىپ ئەكس ئەتتى . ئۇنىڭ تاقىرلىشىپ كەتكەن بېشى ، بۇرنىنىڭ ئىككى يېنىدىن ئېغىز جاۋغىيىنى بويلاپ چۈشكەن چوڭقۇر سىزىقلار كامالنى ھەقىقەتەنمۇ ئون ياش چوڭ قىلىپ كۆرسىتەتتى . ئۇنىڭ ئايالى ئاغزى ئىتتىك بولغىنىغا يارىشا قولىمۇ چاققان ئوخشايدۇ ، بىردەمدىلا «گاژ - گۇژ» قىلىپ بىر تەخسە گۆشلۈك سەي قورۇپ كىردى .

— قۇرۇق ئىچمەي ماۋۇنىڭ بىلەن ئىچكەچ تۇرۇڭلار ، ھازىرلا تاماق قىلىمەن .

— بولدى ، ئاۋارە بولماڭ .

— ياق ، نېمە دېگىنىڭىز ؟ ئىككى ساۋاقداش بۈگۈن بىر تېپىشتىڭلار ، ئالدىرىماي ئولتۇرۇپ ئوبدان بىر مۇڭدىشىۋېلىڭلار . ئۆيىمىز تار بولسىمۇ ، كۆڭلىمىز كەڭ . بۈگۈن مۇشۇ يەردە قونىسىز . ئالدىڭىزغا بېرىپ چاقىرىپ كېلىدىغان يولىمىز بار ئىدى ، مۇشۇ كامالنىڭ ئېغىرلىقى . مېھماندەك ئولتۇرۇشنى قارىمامسىز . قورۇق گەپنىلا قىلماستىن ئاغىنىڭىزنى چايغا تەكلىپ قىلمامسىز... ئۆي ئىشى بىلەن زادىلا كارى يوق . ئۆيگە كەلسىمۇ ئىدارىدە ئىشلىگىنىنى ئاز دەپ ، مۇشۇ يوغان كىتابلىرىنىڭ ئىچىگە بېشىنى تىقىۋېلىپ بىر نەرسە يازغىنى يازغان .

— بولدى ، ئاغزىڭنى باس ، خوتۇن .

زۆھرە چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ، كامال ئەلگە چۈشەندۈردى :

— ئىككى كۈندىن كېيىن ، مەدەنىيەت سېپىدىكى ئاكتىپلارنىڭ يىغىنى ئېچىلماقچىدى ، يىغىن ماتېرىياللىرىنى تەرجىمە قىلىۋاتاتتىم . ئىدارىدە ئىشلەي دېسەڭ قالايمىقان ، ئىشقىلىپ دۇنيادىكى ھەممە ساھەنىڭ ئاكتىپلىرىنىڭ يىغىنى ئېچىلىدىكەن ، يەنە شۇ يىغىنلارغا تەرجىمان بولمىسا بولمايدىكەن ، لېكىنزە ، تەرجىمان ئاكتىپلىرىنىڭ يىغىنى ئېچىلغىنىنى ئاڭلاپ باققانمۇسەن ؟

— ئاڭلىماپتىكەنمەن .

— بىزنىڭ ئەمگىكىمىزنى باھالايدىغان ئادەم يوق... ئۆي توغرىسىدا زۆھرەنىڭ ماڭا ئاچچىقى بار . قانداق قىلىمەن ، ئۇلار ئەھۋالىمنى بىلىپ تۇرۇپ ، بۇنىڭغىمۇ بىر كۆز سېلىپ قويايلى

دېمەيدۇ ؛ مېنىڭ ئۇ خەققە يالۋۇرۇشقا تەبئىتىم تارتمايدۇ…
بولدىلا ، ئۆزىمىزنىڭ گېپىنى قىلىشايلى ، ئىچە !

كامال كۆزەينەكنى بىر چەتكە ئېلىپ قويۇپ ، گەپ بىلەن گۇپۇلدىتىپ ئىچكىلى تۇردى . هاراقتىن ئۇنىڭ تاتارغان چىرايىغا قان يۈگۈرۈپ ، ئەلگە ئۇ بارغانسېرى ياشىرىپ ، مەكتەپتىكى چىرايىغا قايتىپ كېلىۋاتقاندەك بىلىندى .

— سىنى بىر چاغدا قۇلىقى ئاڭلىماس بولۇپ قاپتىكەن ، دەپ ئاڭلىغانىدىمغۇ ؟ — دەپ سورىدى ئەلى .

— ها !… ها !… ها !… بۇ ئىش سىنىڭ قۇلىقىڭغىمۇ يەتتىمۇ ؟ بۇ هېكايىنى سۆزلەپ كەلسەم گەپ تولا…

كامال ئەلىنى زورلاپ يەنە بىر رومكا ئىچۈرۈپ ، ئۆزى يەنە بىرنى كۆتۈرۈۋەتتى - دە ، قىزىشىپ سۆزلەپ كەتتى :

— بۇ قۇلاقنىڭ دەردى مەكتەپتىن قالغان ، — دېدى ئۇ ئالىقىنى بىلەن ئاغزىنى سۈرتۈۋېتىپ ،— هېلىقى هەممىمىزنى تارتىپ چىقىرىپ كۆرەش قىلغان كۈنى ئېسىڭدىغۇ ؟ قارىسام «ئىنقىلابچىلار »نىڭ پەيلى يامان . هەرقاچان «ئوكچىنىڭ بالىسى » دەپ مېنىمۇ ئاۋارە قىلىشىسەنغۇ ، دەپ جېنىم تۇيغاندەك بولدى . يىغىن مەيداندىن ئاستا سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ ، بىنانىڭ ئىچىدىكى تەرەتخانىغا كىرىۋالدىم . ئىشقىلىپ ، بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتتى . «ئەمدىغۇ بۇ بىرنېمىلەرنىڭ پەيلى بوشىشىپ قالغاندۇ ؟ » دەپ بىنانىڭ ئالدىغا شۇنداقلا چىقمايمەنمۇ ، نەدىكىنى ، تازا قاينىغان بازارنىڭ ئۈستىگىلا چىقىپتىمەن . بىزنىڭ سىنىپتىكى ئۇچارمەنلەرنىڭ ئۈچ - تۆتى مېنى تاپالماي پىرقىرىشىپ يۈرگەنىكەن ، يوپۇرۇلۇپ كېلىپلا سۆرەپ ماڭدى . مەن ئەخمەق تىرەجەپ تۇرۇۋاپتىمەن دېگىنە . شۇ چاغدا ئۇشۇق

دۇمبا يەپ كەتتىم . قۇلىقىمغا بىر مۇشت بەك قاتتىق تېگىپ كەتكەنىكەن ، ئۇ كۈنى تازا سەزمەپتىمەن ، كېيىن ئۇزاققىچە ئاغرىپ يۈردى . بەزىدە «غۇڭگىدە» قىلىپ ئېتىلىپ قېلىپ ، يەنە ئوڭشىلىپ قالاتتى . ئىشقىلىپ ، شۇنداق بولۇپ يۈردى . مۇشۇ مەدەنىيەت ئىدارىسىگە يۆتكىلىپ كەلگەندىن كېيىن ، قۇلىقىمنىڭ بۇ دەردى يەنە ئەدەپ قالدى . مېنىڭ ئىش ئۇستىلىم كاتىبات ئىشخانىسىدا دېگىنە . بۇ ئىشخانىنىڭ ئەھۋالىنى ساڭا ئېيتىپ بەرسەم…

شۇ چاغدا دالان ئۆيدە بالىلارنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭى ئاڭلاندى .

— بالىلار مەكتەپتىن كەلدى ، — دېدى كامال .

ئون بىر ياشلار چامىسىدىكى بىر قىزچاق قىيا ئوچۇق تۇرغان ئىشىكتىن بېشىنى تىقىپ قاراپ ، تىلىنى چىقىرىپ قويدى . زۆھرەنىڭ :

— بۇياققا ئۆتۈڭلار ، مېھمان بار . بولمىسا تالادا بىردەم ئويناپ تۇرۇڭلار ، هازىر تاماق پىشىدۇ ، — دېگەن ئاۋازى بىلەن بالىلار جىمىپ قالدى . كىمدۇر بىرى قىيا ئوچۇق قالغان ئىشىكنى ئىتتىرىپ يېپىۋەتتى .

— ئۇياقتا قىشنىڭ كۈنى كۆمۈر قويۇپ ، يازدا چايخانا قىلىۋالىدىغان بىر كەپىمىز بار ، نېمە دەۋاتاتتىما ؟ — دېدى كامال .

— بۆلۈمنىڭ گېپىنى قىلىۋاتاتتىڭ .

— ھە ، بۆلۈمنىڭ… بۆلۈمدە بەش ئۇستەل بار . بىرىدە ئىدارىنىڭ باش كاتىپى ئولتۇرىدۇ ، بۇ كاتىپنى ئىدارىمىزنىڭ ئەركە بايۋەچچىسى دېسەك بولىۋېرىدۇ . كەلسە كېلىدۇ ، كەلمىسە

يوق. بەزى كۆڭۈللىرى ئەتىگىنى بۆلۈمگە بېشىنى بىر تىقىپ قويۇپلا: «مەن ئۆيدە ماتېرىيال يازىمەن ـ ھە!» دەپ بىرلا ئېلان قىلىدۇ، بولدى، بىرنەچچە كۈن يوقىلىپ كېتىدۇ، ھېچكىم ئۇنىڭغا بىرنېمە دېيەلمەيدۇ. نېمىشقا؟ دەمسەن. باشلىقلارنى ئۆزۈڭ بىلىسەن، بارلىق چوڭ ـ كىچىك باشلىقنىڭ يىغىنلاردا سۆزلەيدىغان سۆزى شۇ ئاكامنىڭ قولىدىن چىقىدۇ. يەنە بىر ئۇستەلدە بۆلۈم باشلىقى بار، ئۇ ۋىلايەتتىكى بىر كاتتىباشنىڭ ئايالى. قالغان ئىككى ئۇستەلدە يەنە ئىككى ماشىنىست قىز ئولتۇرىدۇ. بىزنىڭ ئىدارىدە ئىككى ماشىنكىدا بېسىپ تۈگىتەلمىگۈدەك شۇنچە نېمە ئىش بار دەيسەن. ئىككىلىسى باشلىقلارنىڭ ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىپ ئۆتەلمىگەن قىزلىرى، ئىشقىلىپ مۇشۇ بۆلۈمنىڭ ئىشىنى راھەت كۆرۈپ دادىلىرى شۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان. ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى ھېلىقى بۆلۈم باشلىقىمىز ماشىنكىدا بېسىلىدىغان بىر ـ ئىككى ۋاراق ئالاقىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ قىزلارغا تارقىتىپ بېرىدۇ. تەرجىمە قىلىنىدىغان نەرسىلەرنى مېنىڭ ئالدىمغا «گۇپ» قىلىپ تاشلايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدىن بىكار ئادەم يوق، ئاندىن كېيىن بۇ خوتۇن قاش ـ كۆزىنى سۈزۈپ كېلىپ غەيۋەتنى باشلايدۇ. ئۇنىڭ قۇلىقى ناھايىتى ئۇزۇن، ئىشقىلىپ كىم قەيەرگە ئۆستۈرۈلمەكچى، قايسى باشلىقنىڭ قايسى باشلىق بىلەن زىددىيىتى بار، كىم كىم بىلەن يېقىن، كىمنىڭ خوتۇنى كىم بىلەن قانداق... ۋاي ـ ۋۇي، ئىشقىلىپ ئۇنىڭ بىلمەيدىغان ئىشىنى ئاز دەمسەن؟ كىمدۇر بىرى «غەيۋەت— قىچىشقان يەرنى تاتىلىغاندەك ھۇزۇر ئىش» دەپتىكەن. ئاندىن بۇ خوتۇننىڭ گېپىگە ھېلىقى باشلىقنىڭ قىزلىرى قوشۇلىدۇ.

قويۇۋەر ، ساڭا ئوخشاش يازالايدىغان بىرەرى بولسا شۇ يەردىلا بىر رومان پۈتتۈرىدۇ - دە ! بۇ ئۈچ خوتۇن بىرنىڭ گېپىنى بىرى تارتىشىپ ، ئاخىرغا كەلگەندە چۇرقىرىشىپ ئۆينى ئېچىۋەتكىلى تاسلا قېلىشىدۇ . بۇ قالايمىقانچىلىقتا بېشىم قېيىپ ، بەزىدە تەرجىمە قىلىۋاتقان نېمەمگە چەكچىيىپ قاراپ ئولتۇرۇپلا قالىمەن ، كاللام ھېچنېمىگە ئىشلىمەي قالىدۇ . گەپ قىلاي دېسەڭ ، بىرى باشلىقنىڭ خوتۇنى ، قالغانلىرى باشلىقنىڭ قىزلىرى . خۇدا ساقلىسۇن ، ئىشقىلىپ بۇ نېمىلەرگە كۆلۈپلا قويۇپ ، سىر بەرمىگەنىنىڭ ئۆزى ياخشى . تەرجىمە قىلىدىغان ماتېرىياللىرىمنى كۆتۈرۈپلا ئۆيگە قايتىپ كېلەي دېسەم ، ئۇ چاغدا بالىلىرىم كىچىك ، ئۆي قالايمىقان . زۆھرەنىڭ مىجەزىنى بىلدىڭ ، ئۆيدىكى قالايمىقاننى ئاز دەپ ئىدارىنىڭ ئىشىنى ئۆيگە كۆتۈرۈپ كەلدىڭمۇ ، دەپ كوتۇلداپ ئارام بەرمەيدۇ . بىر كۈنى ھېلىقى نېمىلەر تازا ۋاتىلدىشىپ بۆلۈمنى بېشىغا كىيىشىۋاتاتتى ، نېمە قىزىق گەپ بولۇۋىدىكى ، باشقا بۆلۈمدىكى بىكارچىلارمۇ بۇ يەرگە يىغىلىپ بۆلۈمنىڭ ئىچى يىپ بازىرى بولۇپ كەتتى . بىر چاغدا ، بېشىم گاراڭ بولۇپ ، قۇلىقىم «ۋاڭگىدە» قىلىپ قالدى - دە ، جاھان تىمتاس بولۇپ ، چوڭقۇر بىر ھاڭنىڭ ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەندەك بولۇپ قالدىم . نېمە بالا بولدى ؟ دەپ ئەتراپىمغا قارىسام ، ھېلىقى خوتۇنلار ھەدەپ كۈلۈشۈپ ، پاراڭ سوقۇۋېتىپتۇ ، قۇلىقىمغا ھېچنېمە ئاڭلانمايدۇ . بېشىمنى سىلكىپ باقتىم ، قۇلىقىمنى كوچىلاپ باقتىم ، ئوخشاش··· ئىچىم پۇشۇپ ئۆيگە قايتتىم ۋە يولدا پاراڭلىشىپ كېتىپ بارغان ئادەملەرنىڭ ئاغزىنىڭ مىدىرلىغىنىلا كۆرىمەن . يا ئاۋاز ، يا ماشىنىلارنىڭ سىگنالى ئاڭلانسا ، ئۆيگە

كېلىپ ئەھۋالنى ئېيتسام، خوتۇن بىلەن بالىلار كۈلۈشتى. كېيىن بىرنېمىلەرنى دېيىشىپ كەتتى. بىر ئېغىز گەپنىمۇ ئۇقمىدىم، پارقىراپلا قاراپ تۇرغان ئوخشايمەن. بىر چاغدا زۆھرە قورققاندەك بولۇپ: «راست گەپ قىلىۋاتامسىز، چاقچاقمۇ؟» دەپ قولىقىمغا كېلىپ ۋارقىرىغىلى تۇردى. ئۇنىڭ ئاۋازىنى سەل - پەل ئاڭلىغاندەك بولدۇم...

— قولىقىڭىزنىڭ پەردىسى بىرنېمە بولۇۋېدىمىكىنە؟

— كېيىن، بۇ ئىشنى ئۇققان ھەممىسى: «جىددىي داۋالاتمىساڭ بولمايدۇ» دېيىشىپ كەتتى. بەزىلەر بۇنىڭ سەۋەبىنى تەھلىل قىلىشىپ: «سوغۇقۇق ئىشىپ كېتىپتۇ، قولىقىڭىزنىڭ ئارقىسىغا جوزىغا - بوزىغا سۇركە، ئوكۇلنى كۆپ سالدۇرغان ئوخشايسەن، قولىقىڭنى قاتتىق كوچىلىغانمۇ - يا!» دەپ بېشىمنى ئايلاندۇرۇۋەتتى. خەق نېمە دېسە دېسۇن. قولىقىمنى داۋالاتمىدىم. نېمىشقا دېسەڭ، ئىشقىلىپ شۇ كۈندىن باشلاپ بىر راھەتكە چىقىپ قالدىم دېگىنە. ئىدارىگە بارسام، ھېلىقى خوتۇنلار بۆلۈمىنىڭ ئۆگزىسىنى كۈنىگە نەچچە ئېچىپ، نەچچە ياپسىمۇ ماڭا قىلچە تەسىرى بولمايدۇ، ئارامخۇدا ئولتۇرۇپ ئىشىمنى قىلىۋېرەتتىم. ئۆيگە كەلسەم، خوتۇنىنىڭ ۋاتىلداشلىرى بىلەن بالىلارنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭى قولىقىمغا كىرىپ باقمايتتى. ھېلىقى باشلىقلارمۇ مېنى «قولىقى ئېغىر» دەپ يىغىنلارغا سۆرىمەيدىغان بولدى، يازما تەرجىمە ئىشىدىن باشقا ئىشىممۇ قالمىدى، ئويلىسام، ئۆمرۈمدىكى ئەڭ بەختلىك چاغلىرىممۇ شۇ بولغانىكەن. ئىككى يىل شۇنداق ئۆتتى. سەمرىپ ئوبدانلا بولۇپ قالدىم. بىرنەچچە پارچە ھېكايە تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلدۇردۇم. نەشرىيات ئەۋەتكەن پۈتۈن بىر

كىتابنى تەرجىمە قىلىپ پۈتتۈرۈۋالدىم . ئىشقىلىپ ، ئىشىم ئوبدان يۈرۈشۈپ قالغانىدى ، قولىقىمنى زادى داۋالاتقۇم يوق ئىدى . بىر كۈنى ئۆيگە باللارنىڭ كېسىلىنى كۆرگىلى بىر دوختۇر كېلىپ قالدى . چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ ، ئەھۋالنى ئۇقۇپ «ئەگەر ۋاقتىدا داۋالاتماي ، ئۇزۇنغا سوزۇۋەتسىڭىز ، ئۆمۈرلۈك پاڭ بولۇپ قالىسىز» دېگەن گەپنى قىلىپ قالدى ، بۇ گەپنى ئاڭلاپ زۆھرە يەنە ئاللا - توۋا سالدى : «مەن ئەمدى كىمنىڭ خوتۇنى دېسە ، كامال ‹پاڭ›نىڭ ، دېگەن ئاتاقنى كۆتۈرۈپ يۈرىمەنمۇ ؟ باللىرىمىزمۇ كىمنىڭ بالىسى دېسە ، كامال «گاس» نىڭ دېگەن ئاھانەتكە قالامدۇ ؟» دەپ سوقۇشۇپ ، ھېچ ئارامىمنى قويمىدى . ئاخىر داۋالاتتىم ، ياخشى بولۇپ كەتتى . مېنىڭچە بولسا ھازىرمۇ پاڭ بولۇۋالغۇم بار...

— ھا !... ھا !... ھا !

ئەلى تۇرمىدىن چىققاندىن بېرى بۈگۈن بىر قاتتىق كۈلۈپ باقتى .

— قويە ، ئاداش ، قويە ، ھارىقىڭدىن بىر رومكا قۇي ،— دەيتتى ئەلى تېلىقىپ ،— تۇرمۇش دېگەندە ئەجەب قىزىق ئىشلار بولىدۇ - ھە !

زۆھرە لېگەندە پولۇ كۆتۈرۈپ كىردى . ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كىرگەن ئوغۇل بالا چىراغنى ياندۇرۇپ قويۇپ چىقىپ كەتتى . ئۇلار گەپ بىلەن بولۇپ ، قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغىنىنىمۇ تۇيماي قالغانىدى...

— قورسىقىڭىزنى ئاچۇرۇۋەتتۇق ، ئەلى . كامالنىڭ مۇشۇنداق ئولتۇرغىنى ئولتۇرغان ، ھېچبولمىغاندا مۇنۇ سوۋۇپ قالغان چايلارنى بولسىمۇ يەڭگۈشلەپ قويسىڭىز بولمامدۇ ، پاھ ،

ئاغىنىڭىزنى تېپىۋالسىڭىز ئەجەب گەپچى بولۇپ كېتىدىكەنسىزا؟… بىز گە تۇزۇكرەك پاراڭمۇ قىلىپ بەرمەيدۇ. خەقلەرگىمۇ ئارىلاشمايدۇ، قاراڭ. سىزنى كۆرۈپ بۆلەكچىلا ئېچىلىپ كەتتىغۇ!

— قىزىق پاراڭلار بولۇۋاتىدۇ، — دېدى ئەلى كۈلۈپ.

— ھېلىقى، قولىقىمنىڭ ئېتىلىپ قالغىنىنى سۆزلەپ بەردىم، — دېدى كامال چاي قۇيۇۋېتىپ.

— ۋاي - ۋۇي! بۇنىڭ ئەپەندىمدەك قىلىقلىرىنى بىر دېمەڭ. بۇگۈن سىلەرنى ئازادە پاراڭلىشىۋالسۇن، دەپ ئارىلاشمىدىم، يەنە بىر كەلگەن چېغىڭىزدا سۆزلەپ بېرىمەن.

كامال، گۆشلەرنى پارچىلاپ قويۇڭ.

زۆھرە چىقىپ كەتتى.

— قېنى، ئاداش، تاماق ئاله. ھاراق بىلەن گۆرۈچ ئاشقۇ قاملاشمايدۇ، ئىشقىلىپ، خوتۇن خەقنىڭ مېھمانغا پولۇ ئەتمىسە كۆڭلى ئۇنىمايدىكەن.

— شۇنداق، پولۇدىن ئالىي تاماق بولامدۇ؟ بۇگۈن زۆھرەنىمۇ ئاۋارە قىلدىم، سېنىمۇ ئىشتىن قويدۇم.

— ئىش دېگەننى قاچان بولمىسۇن قىلىۋالىمىز. تاماقتىن بۇرۇن يەنە بىر رومكىدىن قېقىۋالىمىزمۇ؟

— مەن ئىچمەي…

— بوپتۇ، تاماق ئال. بۇ قۇلاقنىڭ شۇنداق بولۇپ قېلىشىغا ئەسلىي سەۋەبچى جالال دېگىنە. قۇلىقىمغا مۇشت تەگكەندە ئارقامدا جالال بار ئىدى…

— راست، سورايمەن دەپ ئۇنتۇپتىمەن، — دەپ ئېسىگە ئالدى ئەلى، — ئۇ نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟

— بىزنىڭ ئىدارىدە باشلىق .
— باشلىق .
— ھە ، باشلىق ؟
— قانداق باشلىق ؟
— قانداق باشلىق بولاتتى ، پۈتكەن ئىشقا قول قويىدىغان ، پۈتمىگەن ئىشقا ئۆزىنى ئاۋارە قىلمايدىغان باشلىق . قېنى ، چوڭ ـ چوڭ ئاله . ئۇنىڭ گېپىنى قىلىپ بەرسەم ، ئىككىمىز بۇ يەرگە بىللە تەقسىم بولۇپ كەلگەن . ئۇ باشتا ، مەن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا خېلى خىزمەت كۆرسەتكەن ، مېنى چوڭ بىر يەرگە خىزمەتكە قويىدۇ ، دەپ تەمەددە يۈردى . نەدىكىنى ، ئىككىلىمىزنى بىر كىچىك ئەترەتكە «قايتا تەربىيە ئېلىپ كېلىڭ !» دەپ چۈشۈرۈۋەتتى . بىر يىلدىن كېيىن ، مەن گۆڭشېغا تەرجىمان بولۇپ يۆتكەلدىم . جالال ئارقامدىن ، ئۇ ئۆچىنىڭ بالىسىنى ئەتىۋارلاپ ئىشلەتتى ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا قالپاق كىيگەن نېمىنى گۆڭشېغا ئاپىرىۋالدى ، دەپ گەپ تارقىتىپ ، غاجاپ يۈردى . كېيىن ئۇنىمۇ گۆڭشېغا ئەكەلدى ، تەرجىمانلىق ئىشىغىمۇ قويۇپ باقتى . بۇ كېكەچ سەھنىگە چىقسا دۇدۇقلاپ ، قىلىدىغان گېپىنى تاپالماي ، چۈشىنەلمەي قالغان گەپلىرىنى يالغان تەرجىمە قىلىپ ئەپلەشتۈرەلمىگەندىن كېيىن ئۇنى خەت ـ چەك تارقىتىشقا قويۇپ قويدى . شۇ چاغدا گۆڭشېدا ما فامىلىلىك بىر شۇجى بولىدىغان ، جالال بىلەن ئىككىسى زادىلا چىقىشالمىدى . جالال ، ما شۇجىنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنۈپ قالدىم ، مېنى تېگىشلىك خىزمەتكە قويمىدى ، دەپ بىرنەچچە قېتىم ئۇنىڭ بىلەن سوقۇشقانمۇ بولدى . گۆڭشې مالىيە بۆلۈمىدە يەنە بىر سەتەڭ

بولىدىغان، بىر كۈنى جالال ما شۈجىنى ئىزدەپ ئۆينىڭ ياتىقىغا كىرىپ، ما شۈجىنىڭ ھېلىقى سەتەڭنى قۇچىقىغا ئېلىپ ئولتۇرغانلىقىنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ قاپتۇ. شۇ كۈنى ئۇ مېنىڭ قېشىمغا يۈگۈرۈپ كىرىپ: «كا - كا - كامال» دەيدۇ. «ھە نېمە؟» دېسەم، بولغان ئەھۋالنى سۆزلەپ بەردى، «ئەمدى قانداق قىلماقچىسەن؟» دېسەم، «بۇ - بۇ گۇينىڭ ق - ق - قىلىقىنى ھە - ھە - ھەممە ئادەمگە ئېيتىپ، چا - چا - چا- چاۋىسىنى چىقىرىمەن دەيدۇ. مەن ئۇنىڭغا: «ما شۈجىنىڭ ئۇ خېنىمنى قۇچىقىغا ئېلىپ ئولتۇرغىنىنى سېنىڭدىن باشقا كىم كۆرۈپتۇ؟ بۇ گەپنى دېسەڭمۇ گۇۋاھچىڭ بولمىغاندىن كېيىن ئاقمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، سېنىڭ ما بىلەن بىر - ئىككى قېتىم سەن - پەن دېيىشكەنلىكىڭنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. شۈجى، مېنىڭ ئۈستۈمدىن يالا چاپلىدى، دەپ ئەيىبنى ئۆزۈڭگە ئارتىپلا قويىدۇ، ئۆزۈڭ زىيان تارتىسەن» دەپ بۇ ئىشنى باستۇرۇپ قويدۇم. توۋا! دەيمەن، ئىشقىلىپ شۇ ئىشتىن كېيىن ما شۈجى بىلەن جالال ئىككىسى قالتىس يېقىن بولۇپ كەتتى. جالال ئۆزى چەكمىسىمۇ يانچۇقىغا بىرقاپ پاپىروسنى سېلىپ، ما شۈجىنى قەيەردە كۆرسە، شۇ يەردە تاماكا تەڭلەپ يۈرىدىغان بولۇپ قالدى. ئاز ئۆتمەي پارتىيىگە كىردى، كېيىن گۇڭشېغا جۇرېن بولدى. مانا ھازىر مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ باشلىقى... قېنى، چوڭ - چوڭ ئاله، ئاداش.

— مەن تازا ئېلىۋاتىمەن. ئۆزۈڭمۇ ئاله. شۇنداق قىلىپ، ھېلىقى خېنىمنىڭ قۇچاقىقا چىققىنى جالالغا پايدا بولدى، دېگىنە!

كامال كۈلۈپ ئاشنى پۈرقۇۋەتكىلى تاسلا قالدى.

— هە ، بۇ تازا جايىدا چاقچاق بولدى··· ئۆزۈڭ قەيەرگە ئورۇنلاشتىڭ ؟

— كەلگەن كۈنۈملا ۋىلايەتكە چاقىرتىپتىكەن . بارسام ، ۋىلايىتىمىزدە بىر ئەدەبىي ژۇرنال چىقارماقچىمىز ، شۇنىڭدا ئىشلەپ قىلىڭ ، دەيدۇ . مەن : «ئۇرۇمچىدە پۈتتۈرىدىغان رەسمىيەتلىرىم تېخى پۈتمىدى . ئويلىشىپ باقاي» دېدىم .

— ئىشلە ، ئاداش ، قالتىس يازاتتىڭ··· هوي راست ، ژۇرنال دېسەڭ ئېسىمگە كېلىۋاتىدۇ . ساڭا ئاجايىپ بىر نەرسە كۆرسىتىمەن . ئاۋۋال تاماق يەيلى .

تاماق يېيىلىپ ، داستىخان يىغىلغاندىن كېيىن ، كامال تۆردىكى ئىشكاپنىڭ يېنىغا بىر ئورۇندۇقنى قويۇپ چىقىپ ، ئىشكاپ ئۈستىنى ئۇزاق ئاختۇردى ـ دە ، بىر دەستە كونا گېزىتلەرنى كۆتۈرۈپ كەلدى .

— مانا ، ئىشنىڭ قىزىقى ماۋۇ يەردە . مۇنۇ شېئىرلارنى ئوقۇپ باققىنا .

كامال گېزىتلەرنى ئۈستەل ئۈستىگە يايدى . ئەلى ئۈستەلگە جەينەكلەپ ، قولىغا بىر گېزىتنى ئېلىپ هەيران بولغىنىچە ئوقۇپ كەتتى .

— قانداق ، بۇ شېئىرلارنى تونۇغاندەك قىلامسەن ؟

— تونۇدۇم . بۇ مېنىڭ شېئىرلىرىمغۇ ؟ بۇ قايسى ئوغرىنىڭ قىلىپ يۈرگەن قىلىقى ؟··· «ياڭراق» دېگەن كىم ؟

— كىم بولاتتى ، ئاشۇ جالال ماز بولمامدۇ . بىر يىللىرى قارىسام ئۇ شائىر بولۇپ قالدى . مەكتەپتىكى چاغدا بىر تاغار بىر نېمىلەرنى يېزىپ بىرنىمۇ ئېلان قىلدۇرالمىغان بۇ نېمىنىڭ شائىر بولۇپ قالغىنىغا هەيران بولۇپ ، ئېلان قىلغان

شېئىرلىرىنى تازا دىققەت قىلىپ ئوقۇپ باقسام، ئىشقىلىپ بۇ شېئىرلارنى بىر يەردە كۆرگەندەكلا قىلىمەن. ئويلىسام، مەكتەپتە سىنىڭ خاتىرىلىرىڭدە ئوقۇغاندەكمەن. ھە، ئىش مۇنداق ئىكەن ـ دە، دەپ بۇ گېزىتلەرنى يىغىپ قويۇۋىدىم. قارا، ئۇنىڭ ھىيلىگەرلىك بىلەن «ياڭراق» دەپ تەخەللۇس قويۇۋالغىنىنى…

ئەلى گېزىتلەرنى قولىغا ئېلىپ بىر ـ بىرلەپ كۆرۈشكە باشلىدى. «ياڭراق» شېئىرلارنى 1972 ـ يىلىدىن كېيىن ئېلان قىلىشقا باشلاپتۇ. شېئىرلارنىڭ مەزمۇنىغا بەزى ئۆزگەرتىشلەرنى كىرگۈزۈپ، بەزىبىر مىسرالارنى ئىلگىرى ـ كېيىن قىلىپ، قىسمەن سۆزلەرنى ئالماشتۇرۇۋېتكىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بۇ شېئىرلار ئۇسلۇبى، تىلى، ئىشلەتكەن قاپىيە، تۇراق، ئۇرغۇلىرىغىچە ئەلىنىڭ مەكتەپتە يازغان شېئىرلىرىنىڭ نەق ئۆزى ئىدى. بۇ شېئىرلارنىڭ بەزىلىرىنى ئۇ ھازىرمۇ يادقا ئوقۇپ بېرەلەيتتى. مەشىق ئۈچۈن يېزىلغان بۇ شېئىرلارنى ئەلى ئىككى دەپتەرگە جەملەپ قويغان، كېيىن «ئىسيانچىلار» ياتىقىنى ئاختۇرغاندا يىغىپ چىقىپ كەتكەنىدى. مانا بۇلارنى جالال قولىغا چۈشۈرۈپتىكەن ـ دە!…

— ھازىر ئۇ رەسمىي شائىر ئاتالدى، — دېدى كامال زەردە بىلەن، — شائىر دەپ قويسا ئۇنىڭ بەزى سورۇنلاردا ئالقاندەك قەغەزنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، شېئىر ئوقۇپ نايناقلاپ كېتىشلىرىنى ئېيتايمۇ، قىپقىزىل ئالدامچى. ئىشقىلىپ، نام ـ ئاتاق ئۈچۈن ئۇ ھەرنېمە قىلىشتىن يانمايدۇ ـ دە!

ئەلى سارغىيىپ كەتكەن گېزىتلەرنى تۇتقىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى. بايا، مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ ئالدىدا جالالنىڭ ئەلىگە

ئۆچراپ قىلىدىغان گېپىنى تاپالماي ئالدى ـ كەينىگە مېڭىپ قالغىنى بىكار ئەمەس ئىكەن ـ دە...

ئۇلار بۇ شېئىرلار توغرىسىدىكى مۇلاھىزىسىنى توگىتىپ، گېزىتلەرنى يىغقاندا ۋاقىت كېچە سائەت ئون ئىككىدىن ئاشقانىدى. زۆھرە بىلەن بالىلارنىڭ دالان ئۆيدىكى ئاۋازىمۇ ئاللىقاچان جىمىپ كەتكەنىدى. كامال زۆھرەنى ئويغاتماقچى بولدى. ئەلى ئۇنى ئويغاتقىلى قويمىدى.

— بولدى، ئۆزىمىز ئورۇن سېلىپ ياتايلى، — دېدى ئۇ.

ئۇلار ئۇستەلنى ئېلىۋېتىپ، كىگىز ئۇستىگە قاتار ئورۇن سېلىپ ياتاتتى. كامال يوتقانغا كىرىشتىن ئىلگىرى، تاقىر بېشىغا بىر كونا قۇلاقچىنى كىيىپ، ئەلىگە قاراپ:

— قۇلىقىمنىڭ هازىرمۇ ئازراق دەردى بارچۇ، باشنى ئىسسىق تۇتمىسام بولمايدۇ، — دەپ كۇلۇپ قويدى.

كامال بېشى ياستۇققا تېگىشى بىلەنلا سەبىي بالىلاردەك تاتلىق ئۇيقۇغا كەتتى. ئەلىنىڭ خىيالىدىن گېزىتتىكى شېئىرلار چىقمايتتى، يۈتى سىرقىراپ ئاغرىپ ئۇزاققىچە ئۇخلاتمىدى. بىر چاغدا دېرىزىدىن تولۇن ئاي جامالىنى كۆرسەتتى. ئۆي ئىچى خىرە يورۇققا تولدى. ئەلىنىڭ كۆز ئالدىغا شۇ تولۇن ئايدەك ساهىبجامال بىر قىز كەلدى، بۇ قىزنىڭ ئىسمى زۇمرەت ئىدى. ئۇ، ئەلىنىڭ يېنىدا يۈشۈلداپ ئۇخلاۋاتقان ئاشۇ ساۋاقدىشى كامالنىڭ ياخشى كۆرىدىغان قىزى ئىدى. زۇمرەت ئۇلاردىن تۆۋەن سىنىپتا ئوقۇيتتى. قورچاقتەك ياسىنىپ يۈرىدىغان، جۇغى كىچىك كەلگەن بۇ قىزغا كامال مەخپىي كۆيەتتى. ئىككىنچى قەۋەتتىكى سىنىپنىڭ دېرىزىسىدىن (كامالنىڭ پارتىسى دېرىزىنىڭ يېنىدا ئىدى) كامال پەسكە — تەنەپپۇسكە

چىقىشۋاتقان تۆۋەنكى سىنىپ بالىلىرى تەرەپكە قارايتتى. ئۇنىڭ كۆزى شۇ ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىن زۇمرەتنى ئىزدەيتتى. كېيىن ئۇلار توپ مەيدانى يېنىدىكى كۆچەتلىك ئارىسىدا پات - پات پاراڭلىشىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇلار ھەر ئىككىلىسى شۇنچە تارتىنچاق بولسا كېرەك، قىز چېچىنى قولىغا يۆگەپ، توپلىيىنىڭ تومشۇقى بىلەن يەرنى سىجاپ تۇراتتى. كامال ئۆپكىدەك قىزىرىپ، قىزغا ئەمەس، يېشىل يوپۇرماقلارغا، يىراقتىكى ئۆگزىلەرنىڭ تورخونىغا قونۇپ تۇرغان كەپتەرلەرگە قارايتتى. ئاشۇ ئەھۋالدا ئۇلارنىڭ بىر - بىرىگە نېمىلەرنى ئىزھار قىلىشۋاتقانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندا فاكولتېتنىڭ ئىچى - تېشى چوڭ خەتلىك گېزىت بىلەن تولۇپ كەتتى. بۇ گېزىتلەرگە نېمىلەر يېزىلمىغان دەيسىز؟ بىر كۈنى، نەق فاكولتېت بىناسىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا، قارا سىياھ بىلەن يوغان قىلىپ يېزىلغان «قاراڭلار، بۇ بۇرژۇئا خېنىمنىڭ ئەپت - بەشىرىسىنى» دېگەن چوڭ خەتلىك گېزىت پەيدا بولۇپ قالدى. بۇ گېزىت زۇمرەتنىڭ ئۈستىدە يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا: «... زۇمرەت، سەن، ماڭا يۇقىرى سىنىپ ئوغۇللىرىنىڭ كۆزى چۈشتى، دەپ ھەر كۈنى قېشىڭنى تېرىپ، يۈزۈڭگە ئۇپا - ئەڭلىك سۈركەپ، نايناقلاپ يۈرسەن. يەنە سەن، مەن ھازىر يىگىت تاللاۋاتىمەن، مېنىڭ ئاغزىم كىچىك، ئوغۇللار ياخشى كۆرىدۇ، دېگەن. بۇ قايسى سىنىپنىڭ قىلىقى! جاۋاب بەر!...» دېگەندەك تۇتۇرۇقسىز سۆزلەر يېزىلغانىدى. بۇ چوڭ خەتلىك گېزىتنى كىملا ئوقۇسا كۈلەتتى. بەزى تېتىقسىز ئوغۇللار زۇمرەت دېگەن قايسى قىز؟ دېيىشىپ ئۇنىڭ

سىنىپىنىڭ ئىشىكىدىن بېشىنى تىقىپ قاراشقانمۇ بولدى. بۇ ئىشنى ئار ئالغان زۇمرەت يىغلىغىنىچە چىقىپ، ئاچچىقىدا ھېلىقى چوڭ خەتلىك گېزىتنى «جارت - جۇرت»لا قىلىپ يىرتىپ تاشلىدى. ئىش شۇنىڭ بىلەن ئۇلغايدى. غەزىپى تېشىپ كەتكەن «ئىنقىلابچىلار» شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، زۇمرەتنى: «چوڭ خەتلىك گېزىتنى يىرتىپ، مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىغا قارشى چىققان» دەپ سۆرەپ چىقىپ، بېشىغا ئېگىز قالپاق كىيدۈرۈپ، يۈزىگە كۈيە سۈركەپ كۈرەش قىلدى. كىمنىڭ خىيالىغا كەلسۇن، شۇ كۈنى يېرىم كېچىدە زۇمرەت ئىچ كىيىملىرى بىلەن ياتاقتىن چىقىپ، مەكتەپنىڭ ئارقىسىدىكى كۆلگە ئۆزىنى تاشلاپ ئۆلۈۋالدى. بۇ قىزدىن كامالغا پەقەت كىچىككىنە بىر پارچە خەتلا قالدى. خەتكە ئۇ: «كامال، سىزنى ياخشى كۆرەتتىم، ھاياتنى ياخشى كۆرەتتىم. لېكىن، تۆھمەت ۋە ئاھانەتلەرنى كۆتۈرۈپ يۈرۈشكە ۋىجدانىم چىدىمىدى» دەپ يازغانىدى.

كۈزنىڭ سۈيى سۈزۈك بولىدۇ. بالا ۋاقىتلىرىدا ئەلى ئېرىق بويىدا سۇغا قاراپ ئولتۇرۇپ خىيال سۈرۈشنى ياخشى كۆرەتتى. بەزى يوپۇرماقلار سۈپسۈزۈك سۇ بېتىگە جۈپلىشىپ چۈشۈپ، خېلىغىچە بىللە ئاقاتتى - دە، ئاندىن دولقۇنلار ئۇلارنى ئايرىپ ھەر تەرەپكە ئەكېتەتتى. ئەلى ئۇ چاغدا تۇرمۇشتىكى ئىشلارنىڭمۇ شۇنداق بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمىغانىدى. توپ مەيدانىنىڭ يېنىدىكى كۆچەتزارلىقتا كامالغا تىكىلىپ قاراشقىمۇ جۈرئەت قىلالماي شەلپەردەك قىزىرىپ تۇرىدىغان زۇمرەت قېنى؟ ئەلى بىلەن بىر ئاي بىر ئۆيدە بولغان رابىيە قەيەرلەردە يۈرىدۇ؟...

شۇ خىياللار بىلەن ئەلىنىڭ كۆزى ئاخىر ئۇيقۇغا كەتتى.

# 6

ئەلى ئويغانغاندا ئەتىگەنلىك قۇياش ئۆي ئىچىنى يورۇتۇۋەتكەنىدى. كامال دالان ئۆيگە ئۇستەل راسلاپ، ئەتىگەنلىك چاينىڭ تەييارلىقىنى قىلىۋاتاتتى. زۆھرە ئىشقا، باللار مەكتەپكە كەتكەنىدى.

ئەلى يۇز - كۆزىنى يۇيۇپ ئۇستەلگە كەلدى. كامالدىن ھاراقنىڭ تەسىرى قايتىپ، ئۆزىنىڭ ياۋاش، كەم سۆز ھالىتىگە قايتقانىدى.

— قانداقراق ئۇخلاپسەن؟ — دەپ سورىدى كامال،— ئاخشام ئىچكەن ھارىقىمىزنىڭ تايىنى يوق، بېشىم ئاغرىپ تۇرىدۇ.

— سەن بىر- ئىككى رومكىنى ئارتۇقراق ئىچتىڭ.

— بولمىسا بىر بوتۇلكىنىمۇ يېرىم قىلالماپتۇق. ئىچىپ ئۆگەنمىگەن دېگىنە. ئاخشام سېنى كۆرۈپ خۇشاللىقىمدا ئىچىپ قويدۇم، چاي ئاله.

چايدىن كېيىن ئەلى رابىيە توغرىسىدا گەپ ئاچتى.

— ھە ... — دەپ تۇرۇپ قالدى كامال،— مەن قاپاق باش ئاخشام ئۆزۈمنىڭلا گېپىگە چۈشۈپ كېتىپتىمەن. رابىيە بەك ياخشى قىز ئىدى - ھە! ئادەمنىڭ ياخشىلىرى كېتىپ، ماڭا ئوخشاش سۆرەلمىلىرى ئېشىپ قالىدىغان جاھان ئوخشايدۇ. ئۇ رەھمەتلىك ئۆلۈپ كەتكىلى ئۇزۇن بولدىغۇ، سەن كېتىپ بىر يىلدىن كېيىنمۇ، ئىشقىلىپ، شۇنداق بىر ئاڭلىغىنىم ئېسىمدە، ئەجەب، سەن ئۇقمامسەن؟

— ئۇنى ئۆلۈپ كەتتى، دېگەن گەپنى جەمئىيەتكە چىقىپ

ئاڭلىدىم . تۇرمىدە چېغىمدا ماڭا ئۇنىڭدىن ئۆزۈلمەي خالتا كېلىپ تۇرغان .

— هازىرغىچە ؟…

— مەن بۇياقتا مېڭىشتىن بىر ئاي ئىلگىرىمۇ ئۇنىڭ نامىدىن خالتا تاپشۇرۇۋالغان .

— نېمە دەيدىغانسەن ؟ ئىشقىلىپ ، هاياتلىقى راست بولسۇن ، ئۇنداقتا ئۇ هازىر قەيەردە ؟

— مەن سەندىن شۇنى ئۇقماقچى ، ئۇ هازىر قەيەردە ؟

— مەكتەپتىن K شەهىرىگە تەقسىم بولۇپ كەتكەن…

— بىر - ئىككى كۈندىن كېيىن K شەهىرىگە ئۆزۈم بېرىپ باقايمىكىن دەۋاتىمەن . ئاۋۋال سېنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ ئەھۋاللىشىپ كېتەي دەپ كېلىشىم ئىدى . ئۇنىڭ پوسۇلكا قەغىزىگىمۇ شۇ شەهەر ئەتراپىدىكى بىر جاينىڭ ئىسمى يېزىلغان .

— مۇنداق دە . بىز رابىيەنى ئۆلۈپ كەتتى دەپ يۈرۈپتۇق . K شەهىرىدە بىزنىڭ ئىسمائىلمۇ بار…

— قايسى ئىسمائىل ؟

— بىزنىڭ كونا سىنىپ باشلىقىمىزچۇ . هازىر شۇ يەرنىڭ ئىلىم - پەن كومىتېتىغا باشلىقمۇ بىرنېمە بولغان ئوخشايدۇ .

— ياخشى گەپ بولدى ، ئادرېسىنى تولۇق بىلەمسەن ؟ يېزىۋالاي .

ئەلى كامالنىڭ ئۆيىدە ئەتىگەنلىك چايغا ئولتۇرغان ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئاكىسى تۇرغان قورۇغا بىر ئايال كىرىپ كەلدى . ئوسمان دېرىزىنى ئېچىپ ، تەشتەكتىكى گۈل يوپۇرماقلىرى ئۈستىدىن بېشىنى چىقىرىپ سورىدى :

— سىڭلىم، بىرىنى ئىزدەمسىز؟
— ئەلى مۇشۇ قورۇدىمۇ؟
— ھە، مۇشۇ ئۆيدە، ئۆيگە كىرىڭ.
ئوسمان ئىشىكتىن چىقىپ بولغۇچە، مېھمان پەلەمپەيلەردىن تېز كۆتۈرۈلۈپ، پېشايۋاننىڭ ئۈستىدە پەيدا بولدى.
— ياخشىمۇسىز؟
ئايال دېدىللىك بىلەن ئوسمانغا قول ئۇزاتتى. ئاياللار بىلەن پەقەت باش لىڭشىتىپلا سالاملىشىش ئادەت بولۇپ قالغاچقا، ئوسمان تەمتىرەپ قالدى.
— ياخشىمۇسىز؟ ئۈ... ئۆيگە كىرىڭ.
ئايالنىڭ ئەرلەردەك قاتتىق قول سىلكىپ كۆرۈشكىنىگە قاراپ ئوسمان «بۇياق شوپۇر بولسا كېرەك» دېگەننى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى.
— يۇقىرى ئۆتۈڭ، — دېدى ئوسمان.
— ئۆيدە ھېچكىم يوققۇ؟
— بالىلار مەكتەپكە كەتتى. بالىلارنىڭ ئاپىسى سەي - پەي ئالغىلى بازارغا ماڭدى. ئەلىنى دەمسىز؟ ئەلى ئىككى كۈندەك بولدى سەھراغا چىقىپ كەتكەنىدى.
— قاچان كىرىدۇ؟
— قانچە كۈن تۇرىسەن؟ دېسەم، ئاۋۋال بىر چىقىپ كۆرۈپ باقاي، دەپلا چىقىپ كېتىۋىدى. بۈگۈن - ئەتىنىڭ ئىچىدە پەيدا بولۇپ قالار، ئولتۇرۇڭە.
بۇ كېلىشكەن، گەۋدىلىك ئايال بولۇپ، كالتە چېچىنى چەيزە رەڭ نېپىز ياغلىق بىلەن ياش قىزلاردەك يىغىپ

بوغۇۋالغانىدى . كەڭ ئېتەكلىك يېپەك كۆڭلىكى ئۈستىگە كىيىۋالغان ئەت رەڭ پىلاتىنىڭ ئالدى ئوچۇق تۇراتتى ، تولۇق كەلگەن كۆكسى ئۇنى تېخىمۇ بەستلىك كۆرسىتەتتى . بۇ ئايالمىدۇ ، قىزمىدۇ ؟ هازىر قىز ـ چوكاننى ئاجراتماقمۇ تەس . بەزى يېشى چوڭىيىپ كەتكەن مۇشۇنداق قىزلارمۇ ئۇچراپ قالىدۇ ، دەپ ئويلىدى ئوسمان .

ئايال ئولتۇرماي ئۆي ئىچىدىكى نەرسىلەرنى كۆرۈشكە باشلىدى .

— پاھ ، مۇنۇ ئىشكاپىڭلار قالتىس چىرايلىق ئىكەنە ؟

— كونا ئىشكاپ ، ئەللىك نەچچىنچى يىلى سوۋېتكە چىقىپ كېتىدىغان بىر رۇستىن ئەرزانلا سېتىۋېلىۋىدىم...

— ماۋۇ پىكوس بەك شاخلاپ كېتىپتىغۇ ؟

— قارىماسىز ، شۇڭا مۇشۇ ئۆيدىن باشقا يەرگە يۆتكىگىلى بولمايۋاتىدۇ .

بۇ ئايالنىڭ يېشىنى ئوسمان ئوتتۇزدىن كەم ئەمەس ، دەپ مۆلچەرلىدى . ئۇنىڭدىن كېلىۋاتقان ئەتىرنىڭ كۈچلۈك پۇرىقىغا قاراپ ، بايىقى «شوپۇر بولسا كېرەك» دېگەن پەرىزىدىن يالتايدى . هېچنېمىدىن قورۇنمايدىغانلىقىغا قاراپ ئۇنى «ئارتىسمىكىن ؟ » دەپ ئويلىدى . بەستىگە قاراپ ئاخىرىدا ، تەنتەربىيە ساهەسىدە ئىشلىسە كېرەك ، دەپ جەزم قىلدى . ئۇنى ئەڭ قىزىقتۇرغان نەرسە ، بۇ ئايالنىڭ ئەلى بىلەن نېمە ئالاقىسى باردۇ ؟ دېگەن سوئال بولدى .

— پوهوي ، ئۆينىڭ ئىچى نېمىشقا هاراق پۇرايدىكىن دېسەم ، مۇنۇ بوتۇلكىڭىزنىڭ ئاغزى ئوچۇق قالغانىكەن ـ دە .

ئوسمان دېرىزە تەكچىسىدە تۇرغان بوتۇلكىنى ئىتتىك

قولىغا ئېلىپ ، ئاغزىنى ئېتىپ ، ئىشكاپنىڭ ئارقىسىغا جىمىقتۇردى . ئۇ ئاخشام بىر پەدە قاتتىق ئىچىشىپ قويغانلىقتىن بېشى ئاغرىپ قوپقانىدى . ئەتىگەندە بىر رومكا ئىچىۋېتىش ئۈچۈن بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ ، بۇ ئايال كىرىپ كىرىشى بىلەن ئۇنى ئەستىن چىقارغانىدى .

— كىلەملىرىڭىز ئېسىل ئىكەن ، — دېدى ئايال تامغا تارتىلغان ۋە يوغان تۆمۈر ساندۇقنىڭ ئۈستىگە قاتلاپ ئېلىپ قويغان گىلەملەرنىڭ ئارقىسىنى قايرىپ كۆرۈپ .

— خوتەندىن ئۆزۈم ئەكەلگەن . بىر يىللىرى شۇ يەردە خىزمەت بىلەن تۇرغانىدىم .

— هازىر مۇشۇنداق ياخشىسىنى تاپماق تەس .

ئايال ئاخىرىدا تامدىكى سۈرەتلەر ئېلىنغان ئەينەك رامكىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى .

— ئەلىنىڭ سۈرىتى يوققۇ ؟

— هە ، خوتۇن قولىغا چىققان نېمىلەرنىلا چاپلاپ قويۇپتۇ . ئەلىنىڭ سۈرىتى بار ، ساندۇقتىكى ئالبومدا . بىزنىڭ قېشىمىزدا يېتىپ - قوپۇپ ئوقۇپ يۈرگەن چاغدا چۈشكەن سۈرەتلىرى ...

— سىز ئەلىنىڭ ئاكىسىغۇ دەيمەن ، — دېدى ئايال ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇرۇپ ...

— شۇنداق ، بىز بىر ئاتىدىن ئىككىلا بىر تۇغقان . سىز كىم بولىسىز ؟ — دېدى ئوسمان ئايالنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ ، قىزىقىش بىلەن قاراپ . ئۇ ئىچىدە ، قىلغان پەرەزلىرىنىڭ قايسى توغرا چىقاركىن ، دەپ ئويلايتتى .

— مەن ئەلىنىڭ ساۋاقدىشى بولىمەن ، ئىسمىم سارە .

— مۇشۇ شەھەرلىكمۇسىز ؟ هازىر نېمە ئىش قىلىسىز ؟

— مۇشۇ شەھەردە ، گېزىتخانىدا مۇخبىرلىق قىلىمەن .
— ھە ، مۇنداق دەڭ !...

ئوسمان سارەگە قارىغىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى . ئۇ ، «پايدىلىنىش خەۋەرلىرى»دىن باشقا گېزىتلەرگە ئانچە قىزىقىپ كەتمەيدىغان ئادەملەردىن ئىدى . ئەدەبىي كىتابلار قولىغا چۈشۈپ قالسا ئانچە - مۇنچە ئوقۇپ قوياتتى ، بەك ئىزدەپمۇ كەتمەيتتى . بەزىدە ئۇ بىرەرىنىڭ ئۆيىدە يېڭى كىتاب كۆرۈپ قالسا ، ئاۋۋال قولىغا ئېلىپ ، تەۋەككۈل قىلغان بىر يېرىدىنلا ئېچىپ ئوقۇپ باقاتتى ، قىزىق بولۇپ قالسا ئاچقان يېرىدىن باشلاپ شۇ ئوقۇغىنىچە ئوقۇپ تۈگىتىۋېتەتتى - دە ، «ھوي ، ماۋۇ بولىدىغان كىتاب ئىكەن - ھە ؟» دەپ يەنە بېشىدىن باشلاپ ئوقۇيتتى . «پايدىلىنىش خەۋىرى»دىكى ئىشلارنى يازىدىغان مۇخبىرلارنى ئۇ زادىلا كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلمەيتتى . زۇڭتۇڭلارنىڭ سارايلىرىدىن تارتىپ ئۇرۇش مەيدانلىرىغىچە ھەرقانداق يەردە شەيتاندەك ئۈنۈپ چىقىدىغان بۇ ئادەملەرگە بولغان ھېسسىياتىنى ئوسمان «قالتىس نېمىلەر ئىكەن - دە !» دېگەن بىر جۈملە سۆزگىلا يىغىنچاقلايتتى . شۇ تاپتا ئۇ ، سارە توغرىسىدا قىلغان بارلىق پەرەزلىرىنى ئېسىدىن چىقاردى . «توغرا ! — دېدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە ، — مۇخبىر بولغاچقا ئۇ مەن بىلەن قول سىلكىپ كۆرۈشۈپ ، ئۆيدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىگە قاراپ كەتكەنىكەن - دە....»

— مۇخبىر مەن دەڭ ! — دەپ تەكرارلىدى ئوسمان .
— ئەلى قانداقراق تۇرۇپتۇ ؟ — سورىدى سارە .
— ياخشى تۇرۇپتۇ ، پۇتى ئازراق ...
— پۇتى نېمە بوپتۇ ؟

— يۈتىدا ئازراق رېماتىزىم بار ئوخشايدۇ، ياخشى بولۇپ كېتىدۇ.

سارە ئوسمانغا قاراپ ئۇنىڭدىكى ئىنىسىغا ئوخشاشلىقنى ئىزدىدى. ئوتتۇرا بوي، سەل قورساق سېلىپ سەمرىگەن بۇ ئادەمنىڭ كەڭ پېشانىسى بىلەن كېلىشكەن يوغان كۆزلىرى ئىنىسىغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشىشاتتى. مىجەز جەھەتتىن ئۇ ئىنىسىدىن روشەن پەرقلىنىپ تۇراتتى. بۇ ئادەم خۇش چاقچاق، بىغەم ئىدى، ھەرقانداق كىشى بىلەن چىقىشالايتتى، ھاراقتىن باشقا كەيپنى قىلمايتتى، ئەمما ھاراقنى قاتتىق ئىچەتتى، مەست بولغاندىمۇ ناھايىتى خۇش كەيپ بولاتتى. ناخشا ئېيتاتتى، ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كېتەتتى، بەزىدە سازەندىلەرنىڭ قولىدىكى دۇتار-تەمبۇرنى تالىشىپ چاتاقمۇ قىلىپ قوياتتى. لېكىن ئۇ ھېچكىم بىلەن سوقۇشۇپ قالمايتتى. كېچىلىرى تازا مەست بولۇپ قايتقاندا ئۇ مۇشۇ تېرەكلىك كوچىغا ناخشا ئېيتىپ كىرىپ كېلەتتى. ئۇنىڭ ناخشىسىنىڭ سۆزىنى ھېچكىم چۈشەنمەيتتى، بۇ ناخشىنىڭ ئاھاڭىمۇ دۇنيا دۇنيا بولۇپ ئىجاد بولغان ھېچبىر ئاھاڭغا ئوخشاشمايتتى. ئەمما، بۇ شۇ كوچىدىكىلەرگە ناھايىتى تونۇش ئاھاڭ ئىدى. بۇ ناخشا ئاڭلىنىشى بىلەن قوشنىلارنىڭ كىچىك بالىلىرىمۇ «ئاھاي، ئوسمانجىنىكام مەست بوپتۇ!» دەپ ۋارقىرىشاتتى... ئوسمان ئازادلىقتىن كېيىنلا كادىر بولغان، ئۇ چاغدا ئۇ خېلى غايىلىك ياشلاردىن ئىدى. 50 - يىللارنىڭ باشلىرىدا — جەنۇبقا بېرىپ خىزمەت قىلىش چاقىرىق قىلىنغاندا ئۇ ئاكتىپلىق بىلەن ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ، خوتەنگىچە بېرىپ بىرقانچە يىل ئىشلىگەن، كېيىن ئۈسۈپ كىچىكرەك بىر ئىدارىنىڭ باشلىقىمۇ بولغانىدى... ئوسماننىڭ مۇشۇ شەھەردە

خىزمەت قىلغان ئورۇنلىرى ئاز ئەمەس. تۆمۈرچىلەر كوپېراتىپى، مەشچىلەر كارخانىسى، شەھەرلىك تازىلىق ئەترىتى، ئاھالە كومىتېتى، قۇشخانا، كىگىزچىلىك كوپېراتىپى، ھەتتا بىر قېتىم ئۇ روھىي كېسەللەر دوختۇرخانىسىغىمۇ باشلىق بولۇپ باققان. ئۇ ھۆكۈمەتنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ مۇشۇ يېشىغا كەلگۈچە نۇرغۇن سىياسىي ھەرىكەتلەرنى بېشىدىن كەچۈردى. بۇ ھەرىكەتلەردە ئۇ ئاكتىپمۇ بولۇپ باقمىدى، قاتتىقراق زەربىمۇ يېمىدى. ھەر قېتىم سىياسىي ھەرىكەت بولغاندا ئىدارىگە كەلگەن خىزمەت گۇرۇپپىسى ھە دېگەندىلا ئۇنى تۇتاتتى، تەكشۈرۈپ، ھاراق ئىچىشتىن باشقا چوڭراق مەسىلىسىنى تاپالمىغاندىن كېيىن، ئاز ئۆتمەيلا ئۇنى «ئازاد» قىلىپ، يەنە ئاكتىپلار قاتارىغا قوشۇپ قوياتتى. بىر - ئىككى قېتىم ھاراق ئىچىپ كېلىپ، پوكاندەك قىزىرىپ ھېجىيىپلا قاراپ تۇرۇپ ئىشنى بۇزغاندىن كېيىن، ئاكتىپلار ئىچىدىنمۇ ھەيدىلەتتى، ئاكتىپلار بىلەن پاسسىپلار، ئوڭچىلار بىلەن «سول»چىلار ئوتتۇرىسىدىكى تالاي كۈرەشلەرنى ئۇ ئەنە شۇنداق ھارىقىنى ئىچىپ يۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋەتكەنىدى. شۇڭا بىر ئاغىنىسى ئۇنىڭ ئۈستىدىن قوشاق توقۇپ:

ھەي ئوسمان، ئوسمان،
ئاستىدا مانتا يەيسەن.
ئۆرۈلۈپ چۈشسىمۇ ئاسمان...

دېگەنىدى. ئوسمان بىلەن بىللە خىزمەت قىلغانلارنىڭ قانچىسى خاتالىشىپ يىقىلدى، بىرنەچچىسى ئۆسۈپ نازارەتلەرگىچە يېتىپ

باردى ؛ ئۇ تېخىچە شۇ پارچە - پۇرات ئىدارىلەرنىڭ باشلىقى، باشلىق بولغاندىمۇ مۇئاۋىن باشلىق، ئۇ ئۆمرىدە ئۆزىنىڭ بىرىنچى قول باشلىق بولۇپ باققىنىنى بىلمەيتتى. بۇ خىزمەت تارىخى ئۇنىڭدا مەلۇم ئاممىۋى خىزمەت ئىشلەش تەجرىبىسىنى يېتىشتۈرگەنىدى. ئۇ قەيەرگىلا بارمىسۇن شۇ يەردىكىلەر بىلەن چىقىشىپ، ئارىلىشىپ كېتەلەيتتى. ئۇ يۆتكىلىپ كەتكەندە ئۇ يەردىكىلەر ئۇنى: «ئوسمان كۆڭلىدە يامانلىقى يوق نېمە ئىدى جۇمۇ!» دەپ ئەسكە ئېلىشاتتى.

يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئوسمان «مۇشۇ هاراق دېگەن ئىپلاس»نى تاشلىۋېتىشنى ئويلاپ يۈرەتتى. دائىم ئۇ ئۆزىنى ئۆزى ئالدايتتى. بەزىدە ئۆزىگە: «مۇشۇ يېڭى يىلدىن باشلاپ قەتئىي ئىچمەيمەن» دەپ ۋەدە قىلاتتى. لېكىن، شۇ يېڭى يىلغا يەنە تېخىمۇ قاتتىق مەست هالدا كىرىپ كېلەتتى. ئەلىنىڭ قايتىپ كېلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى مىش - مىش گەپ تارقالغاندىن باشلاپلا ئۇ، ئاشۇ ئۇكام قېشىمغا قايتىپ كېلىدىغانلا بولسا هاراقنى ئاغزىمغا قەتئىي ئالماسمەن، دەپ يۈردى. ئەلىمۇ قايتىپ كەلدى. ئوسمان يەنە كېچە ئىچكەن هارىقىنىڭ باش ئاغرىقىدىن يېشىلەلمەي ئولتۇرۇپتۇ...

— ئەلى ئەمدى نېمە ئىش قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ؟ — دەپ سورىدى سارە.

— ساقچىدىن بېجىرىدىغان بەزى رەسمىيەتلىرى تېخى پۈتمىگەن ئوخشايدۇ. ۋىلايەتتە ئىشلەيدىغان يېقىن بىر ئاغىنەم بولىدىغان، ئىنىمنىڭ قايتىپ كەلگىنىنى ئېيتسام، «ئوبدان بوپتۇ، رەسمىيەتلىرىنى ئېلىپ مۇشۇ يەرگىلا قايتىپ كەلسۇن. بىز بىر ژۇرنال چىقارماقچى، ئادەم تاپالماي يۈرىمىز» دېگەن.

كېيىن ئۇلار قىچقارتىپ ئۆزى بىلەن سۆزلەشتى . ئەلـــى «ئۆيلىنىپ باقاي» دەپ قايتىپ چىقىپتۇ . ئەخمەق بالا ـ دە ، ئۆيلىنىشنىڭ نېمىسى بار . ھۆكۈمەت ئون نەچچە يىل چىقىم قىلىپ تەربىيەلىگەن ، نېمە دېسە «ھە»لا دېيىش كېرەك . تېخى بالا ـ دە بالا .

— ئەلىنى بالا دەيسىزغۇ ، — دەپ كۈلدى سارە ، — ھەممىمىز قىرىققا يېقىنلىشىپ قالدۇق . ئۇنىڭمۇ ئۆيلايدىغان يەرلىرى باردۇ...

— سىزمۇ قىرىققا بېرىپ قالدىڭىزمۇ ؟

— ئايال كىشى بولغانلىقىم ئۈچۈن ئوتتۇز بەش ، دەپ قويىمەن ، بولمىسا ، قىرىققا تاقاپ قالدىم .

— ھا !... ھا !... سىڭلىم ، ئۆز ئادەم ئىكەنسىزغۇ ، خاپا بولمايسىز ، بېشىم بەك ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ ، ھاراقتىن بىر رومكا يۇتۇۋالاي .

— ئىچىڭ ! — دەپ كۈلدى سارە .

— ئۆگەنگەن خوي ، — دېدى ئوسمان ھارىقىنى ئىچىپ ، ئۇستەل يېنىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ، — ئەلىنىڭ قانداق قىلىپ مۇشۇ كۈنلەرگە قالغانلىقىنى ئويلىسام ، ئەقلىم يەتمەيدۇ . بىرىنچى سىنىپتىن ئونىنچى سىنىپقىچە ئەلا ئوقۇغان ، بىر ئوبدان ئىمتىھان بېرىپ ئالـــي مەكتەپكە كەتكەن . ھەي ، ھۆكۈمەت بىلەن تاقىشىپ نېمە قىلىدۇ... سىلەر بىلەن ئوقۇغاندا قانداقراق ئىدى ؟

— دەرستە ئۆتكۈر ئىدى ، سۆزنى ئاز قىلاتتى ، يېزىقچىلىقتا ماھارىتى قالتىس ئىدى...

— دۇنيالىقتا بىر تالالا ئىنىم دەڭە ، ئۆزۈممۇ ياخشـــى

كۆرمەن . ھەممە بالانى ئاشۇ يازدىغان ئىشتىن تاپتى .

ئارىنى بىر ئاز جىمجىتلىق باستى .

— مەن قايتاي ، — دەپ ئورنىدىن تۇردى سارە .

— ھوي ، نېمىشقا ؟ بالىلارنىڭ ئانىسى ھازىرلا قايتىپ كېلىدۇ . تاماق قىلسۇن ، ئاڭغىچە ئەلى كېلىپ قالسا كۆرۈشۈپلا كېتىڭ !

— رەھمەت ، ئىشىم ئالدىراش . ئەلى كەلسە ، مېنى كېلىپ كەتتى ، دەپ قويارسىز ، يەنە كېلىمەن . خەت يېزىپ تاشلاپ قويايمۇ - يا ؟

— بولمىسا شۇنداقلا قىلىڭ .

ئەلى ئۆيگە كەچكە يېقىن قايتىپ كەلدى . ۋېلىسىپىتنى پېشايۋانغا يۆلەپ قويۇپ ، يوغان ئۆتۈك بىلەن تاقىلداپ دەسسەپ يۇقىرىغا چىقتى . ئاكىسى ياندىكى كىچىك بىر ئۆينى ئۇنىڭغا ھۇجرا قىلىپ بەرگەنىدى . ئۇ قولۇپنىڭ ھالقىسىغا قىستۇرۇقلۇق تۇرغان خەتنى كۆردى . ئەلى ئىشىكنى ئېچىپ كىرىپ ، كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ خەتنى ئوقۇدى .

«ئەلى ، ياخشىمۇسەن !

ئىزدەپ كەلسەم يوق ئىكەنسەن . كەچتە يەنە كېلىمەن…

كېلىپ قالساڭ بىر يەرگە كېتىپ قالماي ساقلاپ تۇرارسەن . زۆرۈر ئىشىم بار ئىدى .

ساۋاقدىشىڭ : سارە»

ئەلىنىڭ كۆز ئالدىغا ئىختىيارىي ھەرىكەت ۋاقتىدا توپ مەيداندىن كەتمەيدىغان، يوگۇرۇشتە ھەممە قىزلارنىڭ ئالدىدا كېلىدىغان، ئەرلەردەك بەستلىك بىر قىز كەلدى. ئۇ چېچىنى كالتە قىلىۋېلىپ، بورۇلكا كىيىپ ئەرلەرچە ياسىنىپ يورۇشنى ياخشى كۆرەتتى. ئەلى ئۇنى «ئىلگىرى مۇئەللىملىك قىلغان، ھازىر گېزىتخانىغا يۆتكىلىپ مۇخبىرلىق قىلىۋاتىدۇ» دەپ ئاڭلىغانىدى. بۇ مۇخبىرنىڭ مەن بىلەن پۈتىدىغان نېمە زۆرۈر ئىشى چىقىپ قالغاندۇ؟ دەپ ئويلىدى ئەلى. شۇ چاغدا ئوسمان كىرىپ كەلدى.

— كەل، ئاكا، — دەپ ئورنىدىن تۇردى ئەلى.

— ھە، سەھەرالارنى بىر قۇر ئايلىنىپ كەلدىڭمۇ، قانداق؟...

ئىشىكنى بىرى چەكتى.

— كىرىڭ!

ئىشىكنى ئېچىپ، يوغان قەدەم ئالغىنىچە كۇلۇپ سارە كىرىپ كەلدى.

— سالام، قەدىناس ساۋاقداش.

— كېلىڭ، سارە.

ئەلى ئۇنىڭ ئالدىغا باردى. ئىككىسى قول سىلكىشىپ كۆرۈشتى.

— بۇ سىڭلىم ئەتىگەنلا بىر كەلگەن. خېتىنى ئوقۇدۇڭمۇ؟ ئەلىنىڭمۇ ھازىرلا كېلىپ تۇرۇشى، — دەپ سۆز قىستۇردى ئوسمان.

— ياخشى ئۆتكەن ساۋاقداشلار ئىدۇق. ئەھۋال سوراپ قوياي دەپ كېلىشىم. ئەھۋالىڭ قانداق؟

— رەھمەت !— دېدى ئەلى .

سارە مەكتەپتىكى چاغدا ھەممە ئوغۇللار بىلەن سەنلىشىپ سۆزلىشەتتى . ئارىدىن ئون نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىنكى مۇشۇ سائەتتىمۇ ئۇنىڭ ئەلىنى سەنلىشى ئۇنىڭغا ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىنىڭ پۇرىقىنى ئەكەلگەندەك بولدى . يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ سەل غەلىتىلىك ھېس قىلىپ ، ئاكىسىنىڭ ئالدىدا خىجالەت بولۇپمۇ قالدى .

— قورسىقىڭلار ئاچقاندۇ ؟ ئۆيگە چىقىپ تاماق يەڭلار ،— دېدى ئوسمان .

— تاماقنى بىزنىڭ ئۆيدىلا يەيمىز . مەن چاقىرىپ كەلدىم . سىزمۇ بارمامسىز ؟— دېدى سارە ئوسمانغا قاراپ .

ئوسمان «ئۆھۆ !» دەپ يۆتىلىپ ئىنىسىغا قاراپ قويدى ـ دە :

— رەھمەت ، مەن كېيىنچە بارارمەن ، — دەپ چىقىپ كەتتى .

— يور ، بىزنىڭ ئۆيگە بېرىپ پاراڭلىشىمىز . تاماقمۇ راسلاپ قويدۇم ،— دەپ ئالدىراتتى سارە .

— مۇشۇ يەردىلا پاراڭلاشامدۇق .

— سەن مېنىڭ ساۋاقدىشىم . تورمىلەردە يېتىپ ، جاپا چېكىپ قايتىپ كەلدىڭ . ئۆيۈمگە بېرىپ ، بىر پىيالە قايناق سۈيۈمنى ئىچمىسەڭ بولماس ؟

— ئۇغۇ شۇنداق ، مەن سېنىڭ يولدىشىڭ بىلەن تونۇشمىسام ، ساڭا ئەگىشىپلا ئۆيۈڭگە بارسام …

— ھا !… ھا !… ھا !— سارە قاتتىق كۈلدى ،— سارالىڭ ، مېنى يولدىشى بار دەپ كىمدىن ئاڭلىدىڭ ؟ تېخىچە بويتاقمەن .

يولدىشىم بولغان تەقدىردىمۇ سېنى باشلاپ بارالايمەن . «يولدىن چىقما ، خاندىن قورقما» دېگەن گەپ بار . قانداق دېدىم؟ سەن بولساڭ مېنىڭ بەش ـ ئالتە يىل بىللە ئوقۇغان ساۋاقدىشىم . ئارىمىزدا باشقا نېمە ئىش بار؟ !

ئەلى ئويلىنىپ قالدى ـ دە :

— ئەمىسە كەتتۇق !— دېدى .

## 7

چوڭ يولغا چىققاندا سارە ئەلىنى قولتۇقلىۋالدى . ئەتىر ، چاچ مايلارنىڭ ئارىلاشمىسىدىن ھاسىل بولغان كۈچلۈك ۋە يېقىملىق پۇراق دىماغنى غىدىقلايتتى . يۇمشاق كېلىپ تەگكەن بەدەننىڭ ھارارىتى ئايالدار دۇنياسىدىن ئۇزۇن يىل نېرى تۇرغان ئەلىنى ساراسىمىگە سېلىپ قويدى . ئۇ ، باشقىلار نېمە دەپ ئويلاپ قېلىشىۋاتقاندۇ؟ دېگەندەك قىلىپ ئەتراپقا قورۇنۇپ قاراپ قوياتتى ، شەھەرنىڭ غەربىدىكى تاغ تەرەپكە قۇياش پېتىپ كېلىۋاتاتتى . شەھەر كوچىسى ئىشتىن يېنىپ ئۆيىگە كېتىپ بارغان ، كىنوغا ماڭغان ئادەملەر بىلەن يەنىلا ئاۋات ئىدى . سارە كۆرۈشمىگىلى ئۇزۇن بولغان بىر ساۋاقدىشىنى تېپىۋالغىنىغا خۇشال ئىدى .

— ئاۋۇ ئېگىز بىنانى كۆردۇڭمۇ؟ ئۇ يېڭى ماگىزىن ، ئىلگىرى ئۇ يەردە ئۈچ بۇرجەك بىر كونا ئىمارەت بولىدىغان ، ئېسىڭدىدۇ؟ ماۋۇ تۆت قەۋەت بىنانى كۆردۇڭمۇ؟ تېخى پۈتمىدى . ئەسلىدە بۇنى بەش قەۋەت قىلىپ سالماقچىدى ، چېرتيوژدىن چاتاق چىقىپتۇدەك ، ئىش كۆتۈرە ئالغۇچىلار بىلەن

ئىشنى بەرگۈچىلەر ئوتتۇرىسىدا قاقتى ـ سوقتىمۇ بار . مەن بۇنى يازىمەن . قارا ، ئاۋۇ دۈۋىلەكلىك ئەخلەتلەرنى ، بۇنى سۈرەتكە تارتىپ گېزىتكە بىر بېسىپ داۋراڭ سالمىغۇچە بۇ يەردىكى مەينەتچىلىك تۈگىمەيدۇ… مەندە ياخشى فوتو ئاپپارات بار ، كېيىن ئاكاڭنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن سىزنى بىر سۈرەتكە تارتىپ قوياي . ھازىر ھەممە ئادەم كاستۇم كىيىگىلى تۇرۇۋاتسا بۇ تۆت يانچۇقلۇق چاپاننى قەيەردىن ئالدىڭ ؟

— مەن تۇرمىگە ماڭغاندا ھەممە ئادەم مۇشۇنداق چاپان كىيىدىغان . شۇ ئىسىمدە ، تۇرمىدىن چىقىپلا مۇشۇ چاپاننى سېتىۋاپتىمەن . ھازىرچە كىيىپ تۇرارمەن .

— ماشىنىچىلاردىن تازا ياخشى تونۇشۇم بار ، «غاچ ـ غۇچ » لا قىلىپ تىكتۈرەمدۇق ـ يا ؟

— ئاكام بىلەن بېرىپ بىر قۇر يېڭى كىيىم زاكاز قىلىپ قويدۇق .

— پۇتۇڭ ئاغرىيدىكەن ـ ھە ؟ ھەرقانچە بولسىمۇ يازدا مۇنداق كېلەڭسىز بىرنېمىنى كىيمە . ئاياغ زاۋۇتىدىن مەن ئىچى يۇڭ بەتىنكىلەرنى ئۇقۇشۇپ باقاي . شۇ يېنىكرەك…

— چاتاق ئەمەس ، سارە .

— تىزغا ئىچىدىن بىر نەرسە يۆگىسەڭ بولار…

ئۇلار يان كوچىغا بۇرۇلۇپ ، ئازراق مېڭىپلا يېڭى سېلىنغان بەش قەۋەتلىك بىر بىنانىڭ ئالدىدا توختاشتى .

— مانا ، مۇشۇ بىنادا تۇرۇۋاتىمەن ، — دېدى سارە .

بىنانىڭ ئىچى پاكىز ئىدى . پەلەمپەيلەر پارقىراپ تۇراتتى . ئۇلار ئۈچىنچى قەۋەتكە چىققۇچە ، سارە بۇ بىنادىن ئۆي ئالغۇچە قانداق كۈرەشلەرنى قىلغىنىنى سۆزلەپ كەتتى :

— سۇ يوللىرى ، ئىسسىتىش ئۈسكۈنىلىرى تولۇق مۇنداق زامانىۋى بىنادىن ئۆي ئالماقنىڭ ئۆزى بىر گەپ دېگىنە . بۇ بىنا پۈتكۈچە پىلان كومىتېت ، ئۆي باشقۇرۇش ئىدارىسى ، قۇرۇلۇش ئىدارىسى دېگەنلەرگە كۈندە بىر قاتىرىدىم . ئۇلارنىڭ ئىش ئىزلىرىنى ماختاپ گېزىتكە يېزىپ ، باشلىقلىرىنىڭ ئاغزىنى ئاچالماس قىلىۋەتتىم . كېيىن ، ئۆي تەييار بولغاندا : «تۇل خوتۇنغا نېمە ئۆي» دەپ بىر - ئىككىسى چىقىۋىدى ، «تۇل خوتۇن تالادا ياتسۇن دېگەن دۆلەتنىڭ قايسى قانۇنغا يېزىلىپتىكەن ، ماڭا بىر كۆرسىتە !» دەپ تازا دېيىشتىم… ئۈرۈمچىنىڭ ئۆيلىرىنى كۆرگەنسەن؟ بىز ئوقۇغان چاغلاردا بىنالىرىنىڭ سۇ يوللىرى بولمىغاچقا ، قىشتا يۇقىرىدىن تۆككەن يۇندى توڭلاپ ئىككىنچى قەۋەتنىڭ دېرىزىلىرىگىچە يامىشىپ چىقاتتى . پاھوي ، مۇشۇ بىر- ئىككى يىلنىڭ ئىچىدە ئۈرۈمچى قالتىس ياخشى بولۇپ كېتىپتۇ .

سارە ئاغزى بېسىلماي گەپ قىلىپ تۇرۇپ ئىشىكنى ئاچتى . ئەلى ئۆيگە كىرىپ قايىل بولدى . بۇ ، ئاشخانا ، سۇخانىلىرى تولۇق ئۈچ ئېغىزلىق ئازادە ئۆي ئىدى . بۇ ئۆيلەرنى ئەلى تونۇگۈن كېچە قونغان كامالنىڭ كاتەكتەك ئىككى ئېغىز ئۆيىگە سېلىشتۇرغاندا پەرق چوڭ ئىدى .

— مۇشۇ ئۆيلەرنىڭ ھەممىسىدىلا ئۆزىڭىز يالغۇز تۇرامسىز ؟

— سىزلىمەي سۆزلىگىنە ، ئەلى . بىز ئۆز ئادەمغۇ ؟ مەكتەپتە ئوغۇللار مېنى سىزلىمەيتتى . مەنمۇ ئوغۇللار بىلەن سەنلىشىپ سۆزلىشەتتىم ، بۇنىڭدىن پەخىرلىنەتتىم . سىلەرنىڭ بىزنى سىزلىشىڭلار ھۆرمەتلىگىنىڭلار ئەمەس ، كەمسىتكىنىڭلار ، مەن شۇنداق قارايمەن . ئەرلەر بىلەن

ھەممىدە — مۇئامىلىدىمۇ باراۋەر بولسام دەيمەن ··· ئەمدى سوئالىڭغا جاۋاب بېرەي : بۇ ئۆيلەردە ئۆزۈم يالغۇز . مانا بۇ ئاشخانا ، ئاۋۇ مېھمانخانا ، ياندىكى كىچىك ئۆيدە ۋاننىمۇ بار ، يۇيۇنۇۋالامسەن- يا ؟

ئەلى گەپ قىلالماي قالدى .

— تارتىنما ، يۇيۇنساڭ سۇ ئىسسىتىپ بېرىمەن . ئۇشۇقچە تەكەللۇپ ، ياسالمىلىقنىڭ نېمە ھاجىتى ؟ كۆڭلىمىز تۈز بولسا بولدى ، مەن شۇنداق قارايمەن . يۈرە ، مېھمانخانىدا ئولتۇرايلى .

سارە ئەلىنى مېھمانخانىغا باشلاپ ، سافاغا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ چىقىپ كەتتى .

بۇ ئۆي خېلىلا يوغان بولسىمۇ ، ئۆي جابدۇقلىرى بىلەن تولۇپ ، لىققىدە بولۇپ قالغانىدى . ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۈستىگە كەشتىلىك ئاق داستىخان يېپىلغان چوڭ ئۈستەل تۇراتتى . ئۈستەل ئۈستىدىكى كۆكۈچ لوڭقىغا بىر دەستە ئەتىرگۈل چىلاقلىق تۇراتتى . ئەينەكلىك ئىشكاپ ، كىتاب جازىلىرى ، ئۈستىگە موۋۇت قاپلانغان يۇمىلاق ئورۇندۇقلار ، قىلىن ئورۇن - كۆرپىلەر يىغىلىپ ئۈستىگە يۇڭ ئەدىيال يېپىلغان سىم كارىۋات ، سافانىڭ يۇمىلاق ياستۇقلىرى ، ماموق ياستۇق ، چىنە - قاچا ۋە ۋازىلارنىڭ ئۈستىگە تاشلانغان كەشتىلىك ياپقۇچلار ھەممىسى جاي - جايىغا قويۇلغانىدى ، دۇخاۋىدىن قىلىنغان ئېغىر ئىشىك پەردىسى ، يېرىم چۈشۈرۈلگەن دېرىزە تورلىرى ، پىكوس نوتىسى چىلانغان ئەينەك قاچىلار ، بالكوننىڭ قىيا ئوچۇق قالغان ئىشىكىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان تەشتەكتىكى گۈللەر ۋە ئۆي ئىچىگە تارقالغان خۇشبۇي ئەتىر پۇرىقى بىلەن ئۆي ئىچىدىكى گۈڭگا قاراڭغۇلۇق قوشۇلۇپ كىشىگە تىل بىلەن چۈشەندۈرۈپ

بولمايدىغان سىرلىق تۇيغۇ بېغىشلايتتى...

ساره چىراغنى ياندۇرۇۋەتتى ـ دە ، كەمپۈت ، پىرەنىك ، تۇش ، تورتلار تىزىلغان ۋازىلارنى ئارقا ـ ئارقىدىن كۆتۈرۈپ كىرىپ ، سافانىڭ ئالدىدىكى كىچىك ئۈستەلنى تولدۇرۇۋەتتى . ئاخىرىدا ئۇ ئىككى تەخسە سەي بىلەن چوكىلارنى ئەكىرىپ ، ئەلىدىن سورىدى :

— قىزىلنى ئىچەمسەن ، ئاقنىمۇ ؟

— تېخى هاراقمۇ ئىچەمدۇق ؟ مەن...

— مەن ـ پەن دېگىنىڭنى قوي ، ساۋاقداش دېمەك ، ئۇرۇق ـ تۇغقان دېمەك ، مەن شۇنداق قارايمەن . مەكتەپتىكى چېغىمىزدا بىر ـ بىرىمىزنىڭ قەدرىگە يەتمەي ، ئەخمەقلىق قىلىپ ئۇرۇشۇپتىكەنمىز ، تالىشىپتىكەنمىز . مانا هازىر ھەممىمىز تۇزغاقتەك توزۇپ هەر تەرەپكە چېچىلىپ كەتتۇق . سىلەرگە قانداقكىن ، مەن هازىر بىرەر ساۋاقدىشىمنى ئۇچرىتىپ قالسام ، ئۇزۇن يىل كۆرۈشمىگەن يېقىن تۇغقىنىمنى كۆرگەندەك خۇش بولۇپ كېتىمەن .

— بوپتۇ ، مەن ئاقتىن ئىچەي . لېكىن جىق ئىچمەيمەن جۇمۇ .

— هەببەللى ، ئوغۇل بالا . مەنمۇ ساڭا ئۇلپەت بولۇپ قىزىلدىن ئازراق ئىچىپ قوياي ، تاماكىچۇ ؟ ياخشى تاماكىمۇ بار .

— تاماكا چەكمەيمەن .

— شۇ ئىشىڭغا هەيرانمەن . سېنىڭدەك ئىچى كۆچلۈك ئادەملەر ئاچچىق ـ ئاچچىق تاماكا چەكمەمدۇ ؟ مەكتەپتىمۇ چەكمەيتتىڭ...

— ئۆگىنەلمىدىم ، — دەپ كۈلۈپ قويدى ئەلى .

ساره ئەلىنىڭ يېنىدىكى سافادا ئولتۇرۇپ ، قولىنى سۇنۇپلا ياندىكى ئىشكاپتىن ئىككى بوتۇلكا هاراقنى ئېلىپ ئەلىگە بەردى . ئەلى هاراقلارنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ ئۈستەل ئۈستىگە قويۇپ :

— ئۆزۈڭ قۇي !— دېدى .

ساره ئىككى رومكىغا تولدۇرۇپ قۇيۇپ ، ئاق هاراقنى ئەلىنىڭ قولىغىلا تۇتقۇزۇپ قويدى .

— مېنىڭ دېگىنىم ، — دېدى ئەلى رومكىنى قولىغا ئېلىپ ، — ئەركىشى يوق ئۆيدە ئىككىمىز يالغۇز ئولتۇرۇپ هاراق ئىچىشىپ كەتسەك ، بىرى كىرىپ قالسا...

— ئەجەب توخۇ يۈرەك بولۇپ كېتىپسەن . بىرى كىرىپ قالسا نېمە بوپتۇ ! ؟... مۇنداق مۇتەئەسسىپلىكنى قاچانغىچە كۆتۈرۈپ يۈرىمىزكىنتاڭ ! سالامەت قايتىپ كەلگىنىڭ ئۈچۈن بىر ئىچەيلى ، ئىچە .

ئۇلار هاراقنى كۆتۈرۈۋەتتى . ساره چاي قۇيۇپ ئەلىنى چايغا تەكلىپ قىلدى .

— نېمىشقا يالغۇزسەن ، يولدىشىڭچۇ ؟

— بۇ گەپنى سوراپ قالدىڭ ، سەندىن نېمىسىنى يوشۇراي . ئوقۇغۇچى ۋاقتىمدا ، مېنىڭ يولدىشىم بولىدىغان ئادەم باتۇر ، يۈرەكلىك ، هەقىقىي ئەر بولۇشى كېرەك ، دەپ قارايتتىم . ئۇ چاغدا ، سىنىپىمىزدىكى ئوغۇللارغا ، بۇلار تېخى كىچىك بالا ، دەپ ئانچە ئېتىبارمۇ قىلىپ كەتمەيتتىم . كېيىن جەمئىيەتكە چىقتىم . مەن باشقىلارنى ياراتمىسام ، باشقىلار مېنى ياراتمىدى . كۆڭلۈمدىكىدەك ئادەمنى تاپمىسام تۇرمۇشقىمۇ چىقماسمەن ، دېگەنىدىم . لېكىن ئۆزۈڭ بىلىسەن ، جەمئىيەت دېگەن باشقا گەپ ئىكەن ، قىز بالىنىڭ يېشى چوڭىيىپ كەتسە بىرمۇنچە قۇرۇق

گەپكە قالىدىكەن . شۇنىڭ بىلەن بىر ئىدارىنىڭ بۆلۈم باشلىقى — ئۆزىنى توختاتقان بىر ئادەمگە ياتلىق بولدۇم . باشتا ، كۆزۈمگە خېلى بىر ئەردەك كۆرۈنگەنىدى . بىر ئۆيگە كىرىپلا مىجەزىم قاملاشمايدىغانلىقىنى سەزدىم . مەن ئەر دېگەندەك قىلىپ تولىمۇ گىدىيىپ چىشىمغا تەگدى . ئەرلىك غۇرۇرىغا تۇشلۇق ئىش قىلىسىغۇ مەن ئۇنىڭ ئايىغىدا يۈرۈپ خىزمىتىنى قىلاتتىم ، ئەمدى ئۇ شۇنداق بىر ئىنسان ئىكەن دېگىنە ، ئۆيگە ئوشۇقراق ئىككى مېھمان كەلگەن كۈنى خۇيى تۇتۇپ قالىدۇ ، كۈنىگە قانچە نان كېتىۋاتقانلىقىدىن تارتىپ ، قازانغا مايىنىڭ قانچىلىك قۇيۇلۇۋاتقىنىغىچە ھەممە ئۇششاق - چۈشەككە ئارىلىشىۋېلىپ بىزار قىلىۋەتتى . ئۇنىڭ بىلەن ئىككى يىل ئۆي تۇتۇپ ئاران چىدىدىم . ئاخىر ، مىڭ تەسلىكتە ئاجرىشىپ كەتتىم . قىز تۇغۇلغان . بالىنىمۇ ئەكەتتى… يەنە بىر رومكىدىن ئىچىۋېتەيلى ، ئەلى .

— ماڭا ئازراق قۇي .

— ئوغۇل بالىدەك گەپ قىلغىنە ، تېخى بىر رومكا ئىچتىڭغۇ ؟ ئۈچ رومكىنى ئۆز قولۇم بىلەن قۇيۇپ بېرىمەن ، ئاندىن سېنىڭ ئىختىيارىڭچە بولىدۇ . مانا ، مەن تولدۇرۇپ ئىچتىم .

ئەلى تولدۇرۇپ قۇيۇلغان ھاراقنى ئاغزىغا بىراقلا قۇيۇۋالغانىدى ، ناھايىتى تەستە يۇتتى .

— شۇنىڭدىن بېرى يالغۇزمۇسەن ؟

— بىر ھېسابتىغۇ يالغۇزلۇقمۇ ياخشى ئىكەن . مەن شۇنداق قارايمەن . بىراق ، تۇرمۇش سېنى بەربىر ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە ئىش تۇتۇشقا مەجبۇر قىلىدىكەن . كېيىن ، ھەۋەس قىلىپ

ئۆزۈمدىن بەش ياش كىچىك بىرىگە تەگدىم. ئۆزى گەۋدىلىك، كېلىشكەن نەرسە ئىدى، ئۆيۈمنىڭ ئەتراپىنى ئەگىپ، يولدا ماڭسام ئارقامغا كىرىۋېلىپ ئارامىمنى قويمىدى. سۈرۈشتۈرسەم، ئىش ئورنى يوق بالا ئىكەن. بوپتۇلا، ياش ئىكەن، ئىش دېگەن تېپىلىپ قالار، دەپ تەۋەككۈل قىلىپ تېگىپ قاپتىمەن. ئۇ مېنى پۇلۇمنى كۆزلەپ ئالغانىكەن، ئايلىقىمنى ئەكېلىپ قولىغا بەرسەم شۇ پۇل تۈگىگۈچە چىرايى ئوچۇق يۈرىدۇ، پۇل تۈگىگەن كۈنى مەست كېلىپ مېنى ئۇرۇپ-تىللاپ بەك خورلاپ كەتتى. ئۆزىمۇ ئوقۇمىغان، چىرايىدىن باشقا ھېچبىر دەسمايىسى يوق نېمىكەن. مەن بۇرۇنلاردا، ھاراق ئىچمىگەن، تاماكا چەكمىگەن ئادەممۇ ئەرمۇ؟ دەپ قارايتتىم. خۇدايىم ساقلىسۇن، ئىچسىمۇ چىرايلىق كېلىپ پاراڭلىشىپ ئولتۇرسا كىمنىڭ دەردى، ئاغزى ھاراققا تەگسىلا جېدەل تاپىدىكەن. بۇنىڭ بىلەن ھايت-ھۇيت دېگۈچە ئاجرىشىپ كەتسەم خەق ئۇششاق گەپ تاپمىسۇن، دەپ لېۋىمنى چىشلەپ بىر يىل ئۆي تۇتتۇم. ئۇنىڭدىن بالا تۇغۇشنى خالىمىدىم. ئاخىرىدا قولىغا يەنە خېلى پۇل تۇتقۇزۇپ، ئالداپ-سالداپ ئاران قۇتۇلدۇم. شۇنىڭدىن بېرى يالغۇزمەن. ھازىر، يالغۇزلۇقنىڭ ئۆزى راھەت ئىكەن، دېگەن تونۇشقا كەلدىم. تۇرمۇش ئەھۋالىمنى سورىساڭ مانا شۇ گەپ. قېنى، ئاخىرقى ئۈچىنچى رومكاڭنى ئىچۋەت. ئاندىن ئىچەمسەن، ئىچمەمسەن ئىختىيار ئۆزۈڭدە.

ئۈچىنچى رومكىدىن كېيىن ئەلىنىڭ كەيپى خېلىلا كۆتۈرۈلدى. بايىقى گەپلەرنىڭ تەسىرىدە ئۇ سارەگە ئىختىيارسىز كۆز تاشلىدى. سارەنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئاستىغا ئىنچىكە قورۇقلار چۈشكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى تېخى چىڭ تۇرغانىدى.

ئۇ سافادا پۈتىنى مىنگەشتۈرۈپ ئولتۇرغان بولۇپ، بىر چەتكە سۈرۈلۈپ قالغان ھاۋا رەڭ يوپكىسىنىڭ ئاستىدىن ئاپئاق يوتىلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئەلى كۈلۈۋەتتى.

— نېمىگە كۈلىسەن؟

— ساڭا ئىچىم ئاغرىۋاتىدۇ.

— نېمىدەپ؟

— ئۆزۈڭ ياش، شۇنچىلىك ساغلام تۇرۇپسەن. چىرايىڭنىڭ ھېچكىمدىن قالغۇچىلىكى يوق. لېكىن، يالغۇز ياشاۋېتىپسەن...

— ئۇنداق دېسەڭ ئاچچىقىم كېلىدۇ. تۆت خوتۇن بىر يەرگە كەلگەندە قىلىشقان، غەيۋەتلىرىنى ئاڭلىساڭ، ئەرلەرنىڭ خوتۇنلارنىڭ دەردى مېنىڭدىنمۇ تولا. بىراق، ئىنسان ئىكەنمىز، بەزىدە ھەقىقەتەنمۇ ئىچىم پۇشىدۇ، يۈرىكىم قىسىلىدۇ... بولدى، قويغىنا بۇ گەپنى. سەن چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ تۇر، سەي تەييار، خېمىرنىمۇ پىلتىلاپ قويغان، جىق ئەمەس، بىر تەخسىدىنلا لەڭمەن سېلىپ كىرىمەن. تاماقنى يەۋېلىپ، ئاندىن پاراڭلىشايلى.

سارە تاماقنى دېگەندەك بىردەمدىلا تەييار قىلدى.

— گېزىتخانىدا نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟ — دەپ سورىدى ئەلى تاماق يەۋېتىپ.

— مۇخبىرلىق قىلىۋاتىمەن. بۇ ئىش ئاياللارغا تازا قاملاشمايدۇ، ماڭا ئوخشاش خوجايىنى يوق خوتۇنلارغا بولىۋېرىدىكەن. ئىشىكنى قۇلۇپلاپلا چىقىپ كېتىپ، ھەپتە-ھەپتىلەپ ناھىيەلەردە تۇرۇپ قالىمەن. سىرتتىكى كەڭ جاھاننى كۆرسەم كۆڭلۈم ئېچىلىپ، يالغۇزلۇقۇم ئۇنتۇلۇپ قالىدۇ.

سارە تاماق قاچىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ بولۇپ بىر پارچە چوڭايتىلغان سۈرەتنى كۆتۈرۈپ كىردى.

— بۇ ساۋاقداشلىرىڭنى بىر كۆرۈۋال.

ئەلى سۈرەتنى قولىغا ئېلىپ، سافانىڭ ئالدىغا سۈرۈلدى. بۇ بىر قانچەيلەننىڭ ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئالدىدىكى باغچىدا چۈشكەن سۈرىتى ئىدى. ئەنە سارە ھەممىنىڭ ئالدىدا، بۇرۇلكا كىيگەن ھالدا قولىنى ئەرلەردەك بېلىگە تىرەپ، مەھكەم دەسسەپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ يېنىدا ھېلىقى «ياڭراق» شائىر جالال ھجىيىپ تۇرۇپتۇ، ئۇنىڭ بىر تۇتام چېچى سېكىلەكتەك بولۇپ قېشىنىڭ ئۈستىگە چۈشۈۋاپتۇ.

— جالال بىلەن ئىككىڭلارنىڭ ئارىلىقىدا قىسىلىپ كۆرۈنمەي قالغان ئەزىزمۇ قانداق؟

— ھە، تونۇيالمىغىلى تاس قالدىڭ ـ ھە؟!

مانا، ئارقا رەتنىڭ بىر تەرىپىدە ئەلى ئۆزى تۇرۇپتۇ. ئوتتۇرىدا يەنە بىرنەچچە ئوقۇغۇچىلار بار. ئىككىنچى چەتتە رابىيە دەرەخكە يۆلىنىپ، كۇلۇپ قاراپ تۇرۇپتۇ. ئەلى ھەر قېتىم رابىيەنى ئەسلىگەندە ئۇ ئەنە شۇ كۇلكىسى بىلەن ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كېلەتتى...

— كىمگە قاراپ كەتتىڭ؟ — دېدى سارە.

— رابىيەگە.

— ئەجەب ياخشى قىز ئىدى ـ ھە؟ خۇشخۇي، گېپى ئوچۇق ئىدى. ھېلىقى سىلەرنىڭ توي كۇنۇڭلار، رابىيەنىڭ چاچراپ تۇرۇپ: «بۇ ھازا ئەمەس، توي، مېنىڭ تويۇم، ئازراق ناخشا بىلەن ساز چېلىپ، كۆڭۈللۈكرەك ئولتۇرمىساق رازى بولمايمەن» دېگىنى ئېسىڭدىمۇ؟ رەھمەتلىك...

— نېمىشقا رەھمەتلىك دەيسەن؟
— بىز قازا قىلغان ئادەمنى «رەھمەتلىك» دەپ تىلغا ئالىمىزغۇ؟
ئەلى جىم بولۇپ قالدى ـ دە، سارەگە قاراپ:
— هارىقىڭدىن بىر رومكا قۇيغىنە !— دېدى.
سارە نېمە بولغىنىنى چۈشەنمەي، ئۇنىڭغا «لاپپىدە» قاراپ، تولدۇرۇپ بىر رومكا هاراق قۇيۇپ بەردى. ئەلى رومكىنى قولىغا ئېلىپ بىراقلا كۆتۈرۈۋەتتى.
— سارە، چىن گېپىڭنى قىلغىنە. رابىيەنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنى راستمۇ؟
— يوق گەپنى قىلمىغىنا، سېنىڭ خەۋىرىڭ يوقمۇ؟ سەن تۈرمىگە كىرىپ، بىرەر يىلغا قالمايلا تۈگەپ قالدىغۇ؟
— سەن ئۆلۈمىدە بولغانمۇ؟
— بىر شەھەردىن يەنە بىر شەھەرگە ئۆلۈمگە قانداقمۇ ئۇلگۈرۈپ بارغىلى بولىدۇ!
— ئەمىسە، ئۇنىڭ ۋاپات بولغىنىنى كىمدىن ئاڭلىدىڭ؟
— ئەلى، مەست بولۇپ قالدىڭمۇ، مېنى گەپكە سېلىۋاتامسەن؟ بىز ساۋاقداشلار بىر يەردە ئۇچرىشىپ قالساقلا سىلەرنىڭ گېپىڭلارنى قىلاتتۇق، رابىيەنىڭ ۋاپات بولغانلىقى توغرىسىدا گەپ بولاتتى، بۇ ھەممىگە مەلۇم ئىشقۇ.
— ئۇنداقتا، ماڭا خالتا ئەۋەتىپ تۇرغان كىم؟
— نېمە خالتا؟
— ئۆزۈڭ بىلىسەن، مەن مەكتەپتىلا تۈرمىگە كىرىپ كەتتىم. شۇنداق بولدىغۇ؟ تۈرمىگە كىرىپ دەسلەپكى يىلى رابىيەدىن خەت ئېلىپ تۇردۇم. ئۇ: «K شەھىرىگە تەقسىم

قىلىمەندىم ، پالانى يەرگە قايتا تەربىيەگە چۈشتۈم» دىگەنلەرنى يېزىپ تۇرغان . كېيىن ، نېمە بولدى خەتلىرى ئۈزۈلۈپ قالدى . رابىيە خەت يازغان بولسىمۇ تۇرمە باشقۇرغۇچىلىرى قولۇمغا بەرمەيۋاتقان ئوخشايدۇ . دەپ ئويلىدىم . سۈرۈشتۈردۈم ، ھېچ خەۋىرىنى ئالالمىدىم . ئارىدىن ئىككى يىلچە ئۆتۈپ كەتتى . ئېھتىمال ، تۇرمۇشتا قىيىنالغان بولسا ، باشقا بىرىگە تۇرمۇشقا چىقىۋالدىمىكىن... دەپمۇ ئويلىدىم . ئۈچىنچى يىلى ئۇنىڭدىن خالتا كىرگىلى تۇردى .

— رابىيەنىڭ نامىدا ؟

— رابىيەنىڭ نامىدا تاكى مەن قايتىپ چىققۇچە ئارىلىقتا ئۇنىڭدىن خالتا ئېلىپ تۇردۇم . قانچە قېتىم خەت يازدىم . بەزى خەتلىرىم جاۋابسىز قالدى . بەزىسى ئۆزۈمگە قايتىپ كەلدى .

— خۇدايىم ، نېمە دەيدىغانسەن ؟ رابىيەنىڭ روھى ساڭا خالتا ئەۋەتىپ يۈرەمدۇ ، قانداق ؟

— مەن ئويلايمەن ، رابىيە ھايات !

سارە نېمە دېيىشىنى بىلمەي جىمىپ قالدى . ئۇ ئۆزىگە يېرىم رومكا ھاراق قۇيۇپ ئىچتى ، ئاندىن بېشىنى سافانىڭ يۆلەنچۈكىگە تاشلىدى - دە :

— رابىيەنى ھايات دېيىشىڭدىكى ئاساسىڭ نېمە ؟ — دەپ سورىدى .

— بىرىنچىدىن ، سىلەر ئۇنى «ئون يىلنىڭ ئالدىدا ۋاپات بولۇپ كەتكەن» دەيسىلەر ، لېكىن ماڭا ئۇنىڭدىن خالتا كېلىپ تۇرغان ؛ ئىككىنچىدىن ، ھازىرغىچە مەن ئۇچراتقان تونۇش - بىلىشلەرنىڭ ھەممىسى رابىيەنى «ئۆلۈپ كەتتى دەپ ئاڭلىدۇق» دىگەن گەپنى قىلىدۇ . ئۇنىڭ ئۆلۈمى ئۈستىدە تۇرغان ئادەمنى

تېخىچە مەن ئۆچراتمىدىم؛ ئۆچىنچىدىن، مېنىڭ يۈرىكىم «رابىيە تىرىك» دېگەندەكلا قىلىدۇ...

— ئۇ سېنىڭ ئۈمىدىڭ، — دەپ گەپنى بۆلۈۋەتتى سارە، — سەن رابىيەنى ياخشى كۆرسەن، يۈرىكىڭ رابىيەنىڭ ھايات بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ... ساڭا خالتا ئەۋەتىپ تۇرغان ئىشنىڭ سەۋەبىنى مۇنداق تەھلىل قىلىشقا بولىدۇ: ئېسىڭدىمۇ، مەكتەپتە بىرقانچە ئوقۇتقۇچىلارنى «قارا يېپ» دەپ كۆتۈپخانىنىڭ ئاستىدىكى ئامبارغا سولاپ ئاچ قويغاندا، ئوقۇغۇچىلار ئۇلارغا دېرىزىدىن تاماق تاشلاپ بەرمىگەنمىدى؟ جەمئىيەتتە ناھەقچىلىككە ئۇچرىغانلارغا خەيرخاھلىق قىلىدىغانلار ئازمۇ؟... مەن شۇنداق قارايمەن...

— رابىيە خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغان K شەھرىگە بېرىپ، ئۇ ئىشنىڭ راست - يالغىنىنى ئېنىق ئۇقمىغۇچە كۆڭلۈم تىنمايدۇ.

— K شەھرىگە ... — دەپ ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى سارە، — قاچان ماڭىسەن؟

— ئەتە - ئۆگۈنىڭ ئىچىدە.

— ئىشنىڭ ئوڭ كەلگىنىنى قارا.

— نېمە ئىشنىڭ؟

— ھېلىقى ئىشككە قىستۇرۇپ قويغان خېتىمدە، زۆرۈر بىر ئىشىم بار، دەپ يازغانىدىمغۇ، كەلگەندىن بېرى، نېمە زۆرۈر ئىشىڭ بار ئىدى؟ دەپمۇ سوراپ قويمايسىنا.

— ھە، نېمە زۆرۈر ئىشىڭ بار ئىدى؟

— توختا، ماڭا ئاق ھارقىڭدىن تولدۇرۇپ بىر رومكا قۇيۇپ بەرگىنە. كىچىككىنە مەست بولۇۋالمىسام، گېپىمنى

خىجىل بولۇپ ئىيتالمايدىغان ئوخشايمەن .
ئەلى ھەيرانلىقتا ئۇنىڭغا بىر رومكا ئاق ھاراق قۇيۇپ بەردى . سارە ئۇنى بىر كۆتۈرۈشتىلا ئىچىۋەتتى ـ دە ، ئارقا ـ ئارقىدىن بىرنەچچە چوكا سەي ئېلىپ ئاغزىغا سالدى .
— سەن K شەھىرىگە بېرىش يولۇڭدا A ناھىيەسىگە بىر چۈشۈپ ئۆتسەڭ ، قانداق ؟
— ئۇ يەردە نېمە ئىش قىلىمەن ؟
— ئەزىز شۇ يەردە ئەمەسمۇ ...
ئەزىزنىڭ ئىسمى چىقىشى بىلەن ئەلىگە سارەنىڭ ئېيتماقچى بولغان گېپى ئايدىڭلىشىپ قالدى . دېمەك ، ئۇنىڭ بايا ئەلىگە ھېلىقى سۈرەتنى كۆرسىتىشىمۇ ئەزىزنى ئېسىگە سېلىش ئۈچۈن ئىكەن ـ دە !
— ئۇ ھازىر نېمە قىلىۋېتىپتۇ ؟
— ھازىر دەم ئېلىشتا ئوخشايدۇ . 1976 ـ يىلى تيەنئەنمېن ۋەقەسى بولغان چاغدا ئۇنىمۇ «قالايمىقان گەپ تارقاتتىڭ» دەپ تۇتۇپ كېتىپ قاتتىق ئۇرغانىكەن . مېڭىسى زەخمىلىنىپ ئاران ئوڭشالدى ، دەپ ئاڭلىدىم . ئۆيلەنگەنىكەن ، ھازىر ئۇمۇ ئايالىنى قويۇۋېتىپ ، ماڭا ئوخشاش ياستۇق بىلەن مۇڭدىشىدىغان بەختسىزدىن بولۇپ قاپتۇ . بىلەمسەن؟ مەكتەپتىكى چاغدا ئۇ مېنى ئەگىپلا يۈرەتتى . مەن ئۇنى ياراتمايتتىم . نېمىشقا ياراتمايدىغىنىمنى ئەمدى خىيال قىلسام ئۇنى «شاللاق» دەپ قارايتتىم ، ئۇنىڭ ئۇستىگە مېنىڭ مۇنداق ئۇستىخىنىم يوغان ، ئەزىز ۋىجىك ، ئۇنىڭ بىلەن يېتىلىشىپ يۈرۈشنى ھار ئالاتتىم . ھازىر ئويلىسام ، قاتتىق خاتا قىلغانىكەنمەن . ھېلى ساڭا : «يالغۇزلۇق — راھەت» دېگەن گەپنى قىلدىم . بىراق ،

تۇلچىلىقنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق دەردى بار دېگىنە . تۇل خوتۇنىنىڭ — بولۇپمۇ ماڭا ئوخشاش ياش تۇل خوتۇنىنىڭ ئالدى-كەينىدە ئۇششاق گەپ تولا . بەزى مازلار ئەتەي سېنى كولدۇرلىتىپ گەپكە سېلىپ باقىدۇ ؛ بەزى بېزەڭلەر مەست بولۇۋېلىپ ئارقاڭغا كىرىۋېلىپ ، كېچىلىرى كېلىپ دېرىزەڭنى چېكىپ بىزار قىلىۋېتىدۇ . بەزىسىگە يالۋۇرۇپ ياخشى گەپلەرنى قىلىپ باقىمەن . مەستىتىنىغۇ قورقۇپ قالمايمەن ، چىقىپ سوقۇشاي ، دېسەم ، قوشنا - قولۇملاردىن نومۇس قىلىمەن . بىلگەنلەر توغرا چۈشىنىدۇ ، بىلمىگەنلىرى : «شامال چىقمىسا ، دەرەخ لىڭشىمايدۇ» دەيدۇ . بەزى كېچىلىرى جىلە بولغىنىمدىن يوتقاننى بېشىمغا پۈركەپ تاڭ ئاتقۇچە يىغلاپ چىقىمەن . نېمىشقىمۇ ئايال بولۇپ تۆرىلىپ قالغاندىمەن ، دەپ خۇداغا نالە قىلمىغان كۈنۈم ئاز…

— قانداق لۈكچەكلەر ئۇ سېنى شۇنچە بوزەك قىلىدىغان ؟

— لۈكچەكلەر دەيسەنغۇ ، مۇنداق ئىش خېلى تۈزۈك ئادەملەردىنمۇ چىقىدىكەن . بىزنىڭ گېزىتخانىغا شېئىر ئەكېلىدىغان بىر شائىر بار ، ئىسمىنى دەپ بەرسەم تونۇيسەن . خېلىلا نامى چىققان شائىر . مەن مۇشۇ بىناغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىنمۇ بىرقانچە قېتىم مەست كېلىپ ئولتۇرۇۋېلىپ ئاۋارە قىلدى . تالانت بىلەن ئەخلاق دېگەن باشقا - باشقا نېمە ئىكەن ، مەن شۇنداق قارايمەن . بوپتۇلا ، تالانتلىق ئادەملىرىمىزنىڭ بىرى ئىكەن ، دەپ چىرايلىق مېھمان قىلىپ ، ياخشى گەپ بىلەن يولغا سېلىپ قويسام ، قانداق ئويلاپ قالدى ، يېقىندا يەنە مەست كېلىپ ئولتۇرۇۋېلىپ زادى كەتمەيدۇ . كېچە سائەت ئىككى بولۇپ كەتتى . ئۇيقۇم كېلىپ ، ئەسنەپ ئىڭەكلىرىم ئاجراپ كېتەي

دېدى . ئۇ نېمە قىلماقچى ؟ بىر مىنۇتلۇق لەززەت ئۈچۈن شۇنچە سالاپەتلىك ئادەمنىڭ ھەممىنى ئۇنتۇپ قېلىۋاتقىنىنى كۆردۈڭمۇ ؟... ئايالى بار ، باللىرى بار . مېنى ئەخمەق كۆرسە كېرەك . «قاراڭ ، سارە ، يوتىلىرىڭىز قالتىس ئاق ئىكەن جۇمۇ . كۆزلىرىڭىز نېمىدېگەن چىرايلىق . كۆكسىڭىزچۇ ، نېمىدېگەن تولۇق . ئەكېلىڭە قولىڭىزنى ، بەخت - پېشانىڭىز قانداقراقكىن ئالىقىنىڭىزغا بىر قاراپ باقاي» دەپ قوللىرىمغا ئېسىلىپ تارتىشتۇرغىلى تۇردى . ئاچچىقىم نەدىن كەلدى ، ياقىسىدىن تۇتۇپ ، دارقىرىتىپ سۆرىگەنچە ئاچىقىپ بىر ئىتتىرىۋىدىم ، پەلەمپەيلەردىن دومىلىغانچە تۆۋەنگە چۈشۈپلا كەتتى . ئىشىكنى «گۈپپىدە» تاقاپ ، كارىۋاتقا ئۆزۈمنى تاشلاپ يىغلىۋەتتىم... شۇنىڭدىن بېرى ئۇ گېزىتخانىغا ئۆزى كەلمەي ، شېئىرلىرىنى بالىسىدىن ئەۋەتىپ بېرىدىغان بولدى . دەپ كەلسەم گەپ تولا . سېنى يېقىن كۆرۈپ ئېيتىۋاتىمەن . زۆرۈر ئىشمۇ شۇ ئىدى ، مەن ئۈچۈن ئەزىز بىلەن بىر سۆزلىشىپ باقساڭ ، ئۇنىڭغا ئۆز ۋاقتىدا خاتا مۇئامىلە قىلغانىكەنمەن . كەچۈرسە ، ئەزىزلا خالىسا ، مەن ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا ئۆمۈرۋايەت تەييار...

ئارىنى بىردەملىك سۈكۈت باستى . سارەنىڭ سۆزلىرى ئەلىنى تەسىرلەندۈرگەنىدى . ئۇ ھاياجاندىن جوزىدىكى قۇرۇق رومكىنى ھەدەپ پىرقىرىتاتتى .

— بولىدۇ ،— دېدى ئەلى ،— سېنىڭ ياخشى كۆڭلۈڭنى ئەزىزگە يەتكۈزۈش مېنىڭ دوستلۇق بۇرچۇم .

— رەھمەت ساڭا ، قاچان ماڭىمەن دېدىڭ ؟

— ئەتە ياكى ئۆگۈن .

— ئەتە ماڭساڭ ئالدىراپ قالىسەن ، باشقا كۈنى ماڭ .

مۇخبىرلىق سالاھىيىتىم بىلەن بېرىپ ، ياخشى ئورۇنىنىڭ بىلىتىنى ئۆزۈم ئېلىپ بېرەي .

— ئەزىزنىڭ ئادرېسىنى يېزىپ بەر !

سارە ئەينەكلىك ئىشكاپنى ئېچىپ ، پىلاتىنىڭ يانچۇقىدىن كىچىككىنە بىر خاتىرىنى ئالدى - دە ، ئەزىزنىڭ ئادرېسىنى يىرتىۋالدى . ئەلى خوشلىشىپ قايتقاندا كېچە سائەت ئون بىردىن ئاشقان بولۇپ ، تۇن ئاسمىنىدا يۇلتۇزلار كۆكۈللۈك كۆز قىسىشاتتى…

## 8

ئەلىنىڭ K شەھىرىگە مېڭىشى بىر ھەپتە كېچىكتى . بۇ ئىش ئوسمان بىلەن سارەنىڭ زورى بىلەن شۇنداق بولدى . ئۇلار ئەلىنىڭ ئۇستىدىكى مودىدىن قالغان كىيىملەرنى ئالماشتۇرۇپ ، ئۇنى ياساپ - تۈزەپ يولغا سالماقچىدى .

— ياش ئادەم دېگەن چىرايلىق كىيىنىپ ، پاكىز يۈرۈشى كېرەك ، بىز ياش ۋاقىتلىرىمىزدا … — دەپ چۈشەندۈرەتتى ئاكىسى .

سارەمۇ ئوسماننىڭ گېپىنى قوۋۋەتلەپ :

— شۇنداق قىل ، ئۇستۇڭدىكى كۆك چاپان ، كۆك ئىشتان ، يوغان ئۆتۈك نېمىلەر بۇ ! ئەلۋەتتە ياقا يۇرتلارغا ساۋاقداشلىرىڭ بىلەن كۆرۈشكىلى ، رابىيەنى ئىزدەپ تاپقىلى كېتىپ بارىسەن … كۆڭلۈڭ بەك سۇنۇپ كېتىپتۇ سېنىڭ . ئوقۇغۇچى چاغلىرىڭدا بىر چىرايلىق يۈرەتتىڭغۇ ؟— دەيتتى .

— يېڭىسى نېمە ، كونىسى نېمە ، ئوخشاش ، — دەپ ئېرەنشىمەيتتى ئەلى .

— قويغىنا ، — دەپ قارشى چىقاتتى سارە ، — ئادەم دېگەننىڭ دوست - دۈشمىنى بار ئەمەسمۇ ! يىگىت دېگەن يىگىتتەك يۈرسە بولىدۇ .

شۇنداق قىلىپ زاكاز قىلىنغان كىيىملەرمۇ ئەكېلىندى . شۇ كۈنى ئەلى يۇيۇنۇپ ، ساقال - بۇرۇتلىرىنى پاكىز قىردى . بۇ ، ھەممەيلەن دەم ئالغان يەكشەنبە كۈنى ئىدى . ئەلىگە يېڭى كىيىملەرنى كىيدۈرۈپ كۆرىدىغان چاغدا ، ئۇنىڭ كىچىككىنە ھۇجرىسى بازارغا ئايلىنىپ كەتتى . كىيىملەرنى ئەكەلگۈچە يولدا ئانچە - مۇنچە قېقىۋالغان ئوسماننىڭ كەيپى بەكمۇ چاغ ئىدى . ئۇ ئىنىسىغا ئۆز قولى بىلەن يېڭى كىيىملەرنى كىيدۈرۈپ ، ئۇ يەر - بۇ يەرلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ ئۇنىڭ ئەتراپىدا پىرقىراپ يۈرەتتى . ئوسماننىڭ ئايالى بىلەن كىچىك بالىلار ئىشىك ئالدىغا توپلىشىۋالغانىدى . سارە كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ ، كىيىمنىڭ ياراشقان - ياراشمىغانلىقى ، تىكىلىشىنىڭ قانداقلىقى ئۈستىدە مۇلاھىزىسىنى بايان قىلىۋاتاتتى .

— مۇنۇ شەپكىنىڭ ئورنىغا كەپكە تىكتۈرەيلى ، دېسەم زادى ئۇنىمىدىڭ ، ساڭا كەپكە يارىشاتتى ، — دېدى ئوسمان .

— كاستۇمنى ئۈچ تۈگمىلىك قىلماي ، ئىككى تۈگمىلىك قىپسىلەر ، ھازىر ئۈچ تۈگمىلىك پاسوندا كىيىشىۋاتىدۇ … — دەپ پىكىر قىلاتتى سارە .

قانداقلا بولمىسۇن ، زىغىر رەڭ سارجىدىن تىكىلگەن كاستۇم - بۇرۇلكا ، شۇ رەڭدىكى شەپكە ۋە قاتتىق ياقىلىق ئاپئاق كۆڭلەك ئەلىنىڭ چىرايىنى ئاچتى . ئۇنىڭ پۈتىدىكى سارە تېپىپ

كەلگەن ئىچى يوغلۇق بەتىنكە سەل قوپال كۆرۈنسىمۇ، بۇرۇلكىنىڭ پۇچقاقلىرى ئۆنى يىپىپ تۇرغاچقا يەنە ئانچە چىنىپ كەتمەيتتى. سارە قەيەرلەردىندۇر تېپىپ، سومكىسىغا سېلىپ كەلگەن چېكىم گۈللۈك گالىستۇكنى ئەلىگە زادىلا تاقىغۇزالمىدى. ئەلى:

— قويغىنا بۇ نېمەڭنى، مېنى مازلاشتۇرۇپ نېمە قىلماقچىسىلەر؟ — دەپ سارەنىڭ قولىنى ھەدەپ نېرى ئىتتىرەتتى.

— بولدى قويۇڭ! — دەپ سارەنىڭ قولىدىكى گالىستۇكنى ئېلىپ كارىۋات ئۈستىگە تاشلاپ قويدى ئوسمان، — بۇ نېمە بىلەن مېنىڭمۇ خۇشۇم يوق.

ئەلىنى ياساش ئىشى ئاياغلاشقاندا، باللار چۇرقىرىشىپ كىرىپ، ئۇنىڭ يېڭى كىيىملىرىنى تۇتۇپ بېقىشتى. ئوسمان خۇشاللىقىدىن كىيىمنىڭ تىكىش ھەققىنى تۆلەپ ئېشىپ قالغان پارچە پۇللارنىڭ ھەممىسىنى باللارغا بېرىۋەتتى. ئەلى يېڭى كىيىمدە ئۆزىنى قورۇنغاندەك ھېس قىلىپ كۈلۈپ قويدى.

— تازا قاملاشتى، — دېدى سارە، — ئەمدى ئىككىمىز شەھەرنىڭ سىرتىدىغا چىقىپ، ئورمان تەرەپلەرنى ئايلىنىپ كېلەيلى!

— شۇنداق قىلىڭلار! — دەپ قوشۇلدى ئوسمان.

ئەزەلدىن تەبىئەتنى ياخشى كۆرىدىغان ئەلى:

— مەيلى! — دەۋەتتى.

ئۇلار بۇ ھويلىدىن چۈشتىن كېيىن سائەت تۆتلەر بىلەن ۋېلسىپىتلىرىنى يېتىلىشىپ چىقىپ كېتىپ بارغاندا، ئوسماننىڭ كۆڭلىدىن، خۇددى قەدىناس ئەر ـ خوتۇنلاردەك ـ

ھە ! دېگەن پىكىر كەچتى . مۇشۇ بىر - ئىككى كۈن ئىچىدىلا بۇ تېرەكلىك كوچىدىكى قوشنا - قولۇملار ئىچىدە : «ئوسماننىڭ تۇرمىدىن چىققان ئىنىسى بىر مۇخبىر خوتۇننى ئالغۇدەك» دېگەن سۆز تارقىلىپ كەتكەنىدى . ئوسمان ئۆزىمۇ باشتا ، بۇ ئايالنىڭ ئەلگە تەگكۈسى بار ئوخشايدۇ ، دەپ ئويلىغانىدى . لېكىن ، سارەنىڭ ئەلگە ماشىنا بېلەتلىرىنى ئەكېلىپ ، ئۇنىڭ رابىيەنى ئىزدەپ تېپىشىغا پايپېتەك بولۇپ يۈرۈشى ئوسماننىڭ پەرەزلىرىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتتى...

ئۇلار شەھەر سىرتىغا ئاچىقىدىغان يول بىلەن شىمالغا قاراپ كەتتى . ۋاڭ - چۇڭغا تولغان بازارلار ئارقىدا قېلىپ ، ئۆيلەر شالاڭلىشىپ ئېتىزلىقلار باشلاندى . يول بويىدىكى تېرەكلىك ئىچىدە بېشىغا سۆگەت شۇمبىلىرىدىن چەمبىرەك ياساپ كىيىۋالغان بىر بالا قولىدىكى چىۋىق بىلەن كوكاتلارنى ئۇرۇپ ئۆچكە بېقىپ يۈرەتتى . سول تەرەپتە تۇتاش كەتكەن بۇغدايلىق ، ئوڭ تەرەپتە مېۋىلىك باغلار ، سەيلىكلەر ، ئېتىز ئىچىگە تىكىلگەن كەپىلەر كۆزگە تاشلىنىپ ياتاتتى . سارەنىڭ يېڭى ۋېلىسىپىتىنىڭ روللىرىدا قۇياش نۇرى ئەكس ئېتەتتى . ئەلى مىنگەن ۋېلىسىپىتىنىڭ قەيىرىدۇر بىر يېرى رىتىملىق غىچىرلايتتى...

ئەلى چوڭقۇر نەپەس ئالدى . كەڭ جاھان ، ئاچ يېشىل رەڭ ئېلىپ تاۋلىنىپ ياتقان بۇ تەبىئەت ئۇنى ھاياجانلاندۇراتتى... يىراقتىن قاراڭغۇلىشىپ تۇرغان ئورمان كۆرۈندى . ئۇلار ئورماننىڭ ئارقىسىدىكى يېزىغا ئەكېتىدىغان ھارۋا يولىغا بۇرۇلۇشتى - دە ، ئازراق مېڭىپ بىر ئۆستەڭگە كېلىپ توختاپ قېلىشتى . ھارۋىلار ئۆتۈۋېرىپ كېڭەيتىۋەتكەن بۇ كېچىكتە سۇ

ئانچە چوڭقۇر ئەمەس ئىدى .

— مۇشۇ يەردىن ئۆتەمدۇق ؟— دەپ سارەگە قارىدى ئەلى .

— باشقا ئۆتىدىغان يەر يوق ئوخشىمامدۇ ،— دەپ ئەتراپىغا قارىدى سارە .

ئەلى ۋېلىسىپىتىنى قويۇپ ، ئايىغىنى يەشمەكچى بولۇپ ئېڭىشتى .

— توختا ، سىنىڭ پۇتۇڭ ئاغرىيدۇ ! — دەپ ساپما توپلىسىنى سېلىپ ، يىپەك پايپاقلىرىنى سىيرىپلا قولىغا ئېلىپ بولدى سارە .

سارە ئېتەكلىرىنى بىر قولىدا سەل كۆتۈرۈپ ، ئاۋۋال ۋېلىسىپىتلەرنى مۈرىسىگە ئېلىپ ئۆتكۈزدى .

— قاۋۇللۇقۇڭ بىر ئەسقاتتى - دە !— دېدى ئەلى كۈلۈپ .

— ئەمدى سېنى كۆتۈرۈپ ئۆتكۈزىمەن .

— قويساڭ ، مەن سەكرەپلا ئۆتىمەن ، — دەپ ئۆستەڭ ياقىلاپ يۈگرىلاپ كەتتى ئەلى .

ئۇ ئۆستەڭنىڭ تارىيىپ ئاققان بىر يېرىدىكى قارىياغاچنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى - دە ، قارىياغاچنىڭ ئۆستەڭگە ئېڭىشكەن شاخلىرىنى ئاۋايلاپ تۇتۇپ قولىغا يۆگەپ ، ئالدىغا تارتىپ تۇرۇپ ، بىر سەكرەپلا گۈلەڭگۈچتەك ئۇچۇپ ئۇ تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى .

— خېلى قاملاشتۇردۇڭ ، — دېدى توپلىيىنى كىيىپ ئورنىدىن تۇرۇۋاتقان سارە .

— كىچىك ۋاقتىمىزدا يېزىنىڭ ئېرىقلىرىدىن ئاشۇنداق سەكرەپ ئۆتەتتۇق ،— دەپ قويدى ئەلى .

ئۆستەڭدىن ئۆتكەندىن كېيىن هارۋا يولى تۆۋەنلەپ

كېتەتتى . ئورمان يوقىرىدا ئىدى . ئۇلار ئورمانغا ئاپىرىدىغان ئاياغ يول بىلەن مېڭىپ ئورماننىڭ ئىچىگە ئەمەس ، ئورمان يېنىدىكى چىمەنلىككە كېلىپ توختاشتى .

— كۈننىڭ قىزىقى كەتتى . مۇشۇ ئوچۇقچىلىق ياخشىمىكىن ؟— دېدى سارە .

— مەنمۇ شۇنى دەي دەپ تۇراتتىم . ئورماننىڭ ئىچى زەي ،— دېدى ئەلى .

ئۇلار ۋېلىسىپىتلىرىنى چىملىق ئۈستىگە ياتقۇزۇپ قويدى . سارە ۋېلىسىپىتنىڭ كەينىگە قىستۇرۇۋالغان ئەديالنى ئېلىپ يېيىپ سالدى . ئەلى ئۇنىڭغا راھەتلىنىپ ئۆزىنى تاشلىدى ، سارە ئۇنىڭ يېنىدا پۇتلىرىنى سوزۇپ ئولتۇردى .

— ئاۋۇ يەردە ئۈچقۇلاقلار بار ئىكەن ، بەختىڭنى بىر سىناپ باقامسەن ؟

— تۆتقۇلاقنى ھازىرلا تاپىمەن ، — دېدى سارە ئىشەنچ بىلەن ، — ئۇنداق ئادەم ئالدايدىغان پالغا ئىشەنمەيمەن .

شۇنداق بولسىمۇ ئۇ ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ ، ئۈچقۇلاقلىق ئارىسىغا باردى ۋە بىر قاراشتۇرۇپلا تېپىۋالدى .

— مانا دېمىدىممۇ ، تۆتقۇلاق ئەمەس ، بەشقۇلاقتىن بىرنى تاپتىم .

دېگەندەك ئۇنىڭ قولىدا قۇلاقلىرى تولۇق كەلگەن بىر بەشقۇلاق تۇراتتى . پالغا ئىشەنمەيمەن ، دېگەن بولسىمۇ ، شۇ تاپتا خۇشاللىقتىن سارەنىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتكەنىدى ، ئۇ يەنە :

— بۇنىڭ بەختكە كاپالەت قىلىشى بىكار ! — دەپ بەشقۇلاقنى پىرقىرىتىپ چۆرۈۋەتتى .

— ئۇنداق بولسا نېمانچە خۇشال بولۇپ كەتتىڭ؟
— ئادەم دېگەن شۇنداق نېمە ئىكەن، ئۈمىدكە ئالدىنىپ يۈرىدىكەنمىز، ئازراق ئۈمىد بولمىسىمۇ بولمايدۇ. ئەمما، بەخت ... بەخت دەپ سەن نېمىنى چۈشىنىسەن؟ — دەپ ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى سارە.
— بەخت! — دەپ سارە تەرەپكە يېنىچە بولۇپ جەينەكلەندى ئەلى، — بەخت توغرىسىدا مەنمۇ كۆپ ئويلىغان. تۇرمىدە مەھبۇسلار بەخت، تەلەي دېگەنلەر ئۈستىدە جىق سۆزلىشىدىغان. بەخت نېمە؟ بايلىقمۇ، خاتىرجەملىكمۇ، ئەمەلگە ئاشقان ئارزۇمۇ؟ بۇنىڭ تېگىگە يېتەلمىدىم... چەت ئەللەردە ناھايىتى بېيىپ كەتكەن ئادەملەر بولىدىكەن، ئالتۇن - كۈمۈشلىرى قانچە كۆپەيگەنسېرى ئۇلارنىڭ تەشۋىشى شۇنچە ئېشىپ ئازابلىنىدىكەن؛ تۇرمۇشى خاتىرجەم ئادەملەرنىمۇ ئۇچراتتىم، ئۇلار يەنە نېمىشقىدۇر ئىچى پۇشۇپ زېرىكىدىكەن. ئارزۇغا كەلسەك، ئادەمنىڭ ئارزۇسى مەڭگۈ قانمايدۇ؛ بۈگۈن سەن بىر ئارزۇيۇڭغا يەتسەڭ، ئەتە يەنە باشقا بىرنېمىنى ئارزۇ قىلىسەن...
ئورمان ئىچىدىن بىر توپ قۇش «گۇررىدە» ئۇچۇپ چىقىپ ئۇلارنىڭ دىققىتىنى چېچىۋەتتى. قۇشلار ھاۋاغا تىككىدە كۆتۈرۈلدى - دە، تۆۋەنگە قاراپ ئۇچۇپ كەتتى. ئەلىنىڭ ئۆزىنىڭ يان تەرىپىدە ئېچىلىپ تۇرغان چىغىرتماقگۈلگە كۆزى چۈشتى. كۆكۈچ گۈلنىڭ بەرگىلىرىدە سىرىق چۈمۈلىلەر ئالدىراش مېڭىپ يۈرەتتى.
— سەن K شەھىرىگە بارغاندا قەيەرگە چۈشمەكچى؟ — سورىدى سارە.
— ئىسمائىلنىڭ ئۆيىگە.

— ھە ، ئىسمائىلنىڭ ئۆيىگە چۈشسەڭ بولىدۇ ، مىجەزىڭلارمۇ كېلىشىدۇ . ئادرېسىنى بىلەمسەن ؟
— كامالدىن يېزىۋالدىم .
— ئۇ يەردە بىز بىلەن ئوقۇغانلاردىن يەنە كىم بار ؟...
ئىبادەت بار .
— بىزنىڭ سىنىپتىكى ئىبادەت ؟ !
— ھە ! ئۇ شۇ يەرلىك ئەمەسمۇ . «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا ئاكتىپ بولۇپ يۈرۈپ ، ئۆز يۇرتىغا بۆلۈنۈۋالغان .
— شۇ ئىپلاسنىمۇ شۇ يەردە دېگىن !
— نېمىشقا تىللايسەن ؟ يامان ئەمەس قىز ئىدى ، دەرستە ئالدىنقىلاردىن ئىدى . «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا نېمە بولدى خۇدايىم ، خۇيىما لاۋزىلىشىپ كەتتى . بىر چوڭ يىغىندا سەھنىگە چىقىۋېلىپ : «مېنىڭ ئىسمىم ‹ئىبادەت قىلىش› دېگەن خۇراپىي گەپتىن كېلىپ چىققان . ئىنقىلابىي ئاممىغا بۇگۈندىن باشلاپ ئىسمىمنى مۇنداق (سارە ئىبادەتنىڭ شۇ چاغدا ئىسمىنى نېمىگە ئۆزگەرتكەنلىكىنى ئېسىگە ئالالمىدى) ئۆزگەرتكەنلىكىمنى ئېلان قىلىمەن» دەپ كەتكىنى ئېسىڭدە بارمۇ ؟... يالغۇز ئۇمۇ دەيسەن ، ئۇ چاغدا ھەممىمىز خەق نېمە دېسە ، قولىمىزنى تەڭ كۆتۈرگەندۇق . بەزى بالىلار بىكاردىنلا ، پالانچىنى قوغدايمەن ، پوكۇنچىنى يوقىتىمەن ، دەپ سوقۇشۇپ ئۆلۈپمۇ كەتتى . شۇ ئوقۇغۇچىلارنى ئويلىسام ئىچىم ئاغرىيدۇ... ئىبادەتنى ھازىر جىق ياخشى بولۇپ كەتتى دەيدۇ . بارغاندا ئۇنىڭ بىلەنمۇ كۆرۈشۈپ قوي...
— ياخشى بولغىنى قۇرۇسۇن ، بىلەمسەن ؟ ئۇ بىر قارا نىيەت ئىپلاس ! — دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئولتۇرۇپ قالدى

ئەلى ،— ئۇنىڭ ئىسمىنى ئۆزگەرتكەنلىكى ، بىزلەرنى سۆرەشتۈرۈپ سەھنىگە ئاچىقىپ كۆرەش قىلغىنى ۋە باشقا ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارنى كەچۈرگىلى بولىدۇ . راست ، ئۇ چاغدا ھەممىمىز ياش ئىدۇق ، ئەينى ۋاقىتتىكى ئىجتىمائىي مۇھىت بەزىلىرىمىزنى ئىرادىمىزگە خىلاپ ئىشلارنى قىلىشقا مەجبۇر قىلغانىدى… لېكىن ، مەن ساڭا ئېيتسام ، ئۇلار مېنىڭ ياتىقىمنى ئاختۇرۇپ قولىيازما ئەسەرلىرىمنى بۇلاپ چىقىپ كەتكەندە ، مەن ھېلىقى كۈندىلىك خاتىرەمنى يەنە ساقلاپ قالغانىدىم . بۇ خاتىرىلەر يوتقان- كۆرپىنىڭ ئاستىدا ئىدى . مەن ئەخمەق ، شۇنىڭدىن كېيىنمۇ بۇ خاتىرىلەرنى داۋاملاشتۇرۇپ يېزىۋېرىپتىمەن . ئۇنىڭغا ھەر كۈنى بولۇۋاتقان ئىشلار ، بۇ ئىشلارنىڭ ماڭا بولغان تەسىرى ، كۆزقاراش - تەھلىللەرنىڭ ھەممىسى يېزىلغانىدى . ئىبادەت مېنى ماراپ يۈرگەنىكەن ، بىر كۈنى ، خاتىرە يېزىۋاتقىنىمنىڭ ئۈستىگىلا چۈشۈپ قالدى . تىقىشتۇرۇشقا ئۈلگۈرەلمىدىم . «يېزىۋاتقىنىڭ نېمە ؟ كۆرسەت !» دېدى . مەن ئۇنىڭغا : «ئىبادەت ، بۇ مېنىڭ خۇسۇسىي ئىشىم ، سىز ئارىلاشماڭ» دېدىم . ئۇ ۋارقىراپ غوۋغا كۆتۈردى . بىردەمدىلا ئۇنىڭ ئادەملىرى پەيدا بولدى . قارشىلىق قىلىپ تاياق يېدىم ، يوتقان- كۆرپىلەرنى سۆكۈپ ھەممىنى ئاچىقىپ كەتتى… بۇنىمۇ كەچۈرۈشكە بولىدۇ . بىراق ، سەن ئاڭلا ، سارە . مەن نېمىنى كۆردۈم دېمەمسەن ؟ ئارخىپىمدىكى قارا ماتېرىياللار كۆيدۈرۈلىدىغان چاغدا ، ئىبادەتنىڭ ئۈستۈمدىن يېزىپ تاپشۇرغان ماتېرىياللىرىنى كۆرۈپ قالدىم . بۇ ماتېرىياللارنىڭ ئۆزى مېنىڭ كۈندىلىك دەپتەرلىرىمدىن قېلىن ، پۈتۈنلەي بوھتان ، يالغان گەپ بىلەن تولغان . ئۇنىڭ پاش

قىلىشىچە، مەن ئىنقىلابنىڭ ئەڭ خەۋپلىك دۈشمىنى ئىكەنمەن. مېنىڭ كۈندىلىك خاتىرىلىرىم، جامائەت پىكرى توپلاپ، ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە چوڭ بىر ئەكسىلئىنقىلابىي تەشكىلات قۇرۇشنىڭ ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى تەييارلىقى ئىكەن. مېنى ئۆلتۈرۈۋەتمىگۈچە ئاممىنىڭ غەزىپى بېسىلمىغۇدەك... ۋاي - ۋۇي، ئۇنىڭ نېمىلەرنى دەپ جۆيلۈگەنلىكى ئۇخلىساڭ چۈشۈڭگىمۇ كىرمەيدۇ... ئىبادەت كۈندىلىك خاتىرىنى ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق ئۇزۇندىن- ئۇزۇن تەھلىللىرى بىلەن قوشۇپ، «ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاش ئىشخانىسى»غا ئاپىرىپ بەرگەن. ئۇ يەردىكى چالا تەرجىماندىن بىرى بۇ ماتېرىياللارنى تازا «كېلىشتۈرۈپ» تەرجىمە قىلىپ، كۈندىلىك خاتىرىدىكى گەپلەر بىلەن تەھلىل ماتېرىيالدىكى نەرسىلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ، ئەمەسلا بىرنېمە قىلىۋەتكەن. «قۇرماقچى بولغان» دېگەن سۆزلەر «قۇرغان»، «تەييارلىماقچى بولغان» دېگەن سۆزلەر «تەييارلىغان» بولۇپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن «ئەكسىلئىنقىلابچىلار»نى تازىلايدىغان باشلىقنىڭ ئالدىغا يېتىپ بارغۇچە بۇ ماتېرىيال ئادەمنىڭ قورققۇسى كەلگۈدەك بىرنېمىگە ئايلىنىپ بولغان... بۇ زىيانكەشلىكنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولغانلىقىنى سەن بىلمەمسەن، سارە؟! بىز زادى نېمە جىنايەت ئۆتكۈزگەن؟ ئىبادەت شۇنچە خىزمەت كۆرسىتىپ نېمىگە ئېرىشكەندۇ؟ K شەھىرىگە ھاكىم بولغانمىدۇ؟ مەن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغاندىمغۇ؟ مېنىڭ سالامەتلىكىم، بىھۇدە كەتكەن ئۆمرۈم قېنى؟ ھايات قالغان يولدىشىم رابىيە ھازىر قەيەردە؟ بىزگە شۇنچىۋالا ۋەيرانچىلىقنى ئەكەلگەن زادى كىم؟... يەنە مەن شۇنداق ئادەملەر بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشىمەنمۇ؟!

ئارنى چوڭقۇر سۈكۈت باستى. ئەلىنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتكەنىدى. يىراقتىكى توپىلىق يولدا چاك توزۇتۇپ پادا كالىلار قايتىۋاتاتتى.

— كەچ كىرىپ قالدى، قايتايلى، — دەپ ئورنىدىن تۇردى سارە.

ئەلى قايتىپ كەلگەندە، هويلىدىن ئاكىسىنىڭ ناخشىسى ئاڭلىنىۋاتاتتى. «مەست بوپتۇ!» دېدى ئەلى. ئۇ هويلىنى كېسىپ ئۆتۈپ، ئاكىسىنىڭ كۆزىگە چېلىقماسلىق ئۈچۈن «غىپلا» قىلىپ، هۇجرىسىغا كىرىپ، چىراغنى ياقماستىنلا كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلىدى. ئوسماننىڭ هەقىقەتەنمۇ كەيپى چاغ ئىدى. ئىنىسىنىڭ يېڭى كىيىملەرنى كىيىپ، چىرايلىق بولۇپ كەتكىنىنىڭ خۇشاللىقىدا ئۇ يەنە بىرنەچچە رومكىنى ئۇشۇق كۆتۈرۈۋەتكەنىدى.

ئايەي، سەن قاياقتىن —
كېلىسەن، كېلىسەن قاياقتىن...

سۆزلىرى قولاشمىغان بۇ ناخشا ئەلىنىڭ قۇلىقىغا ئۇزاققىچە ئاڭلىنىپ تۇردى.

## 9

ئەزىز تۇرغان ناھىيەگە ئەلى كەچكە يېقىن يېتىپ كەلدى. سارەنىڭ بەرگەن ئادرېسى بويىچە ئىزدەپ ئەزىزنىڭ قورۇسىنى

تاپتى . دەرۋازا چىڭ يېپىقلىق ئىدى . بۇ چوڭ دەرۋازىغا قاراپلا ئەزىزنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ خېلى ھاللىق ئۆتكەن ئادەملەردىن ئىكەنلىكىنى پەملىگىلى بولاتتى . دەرۋازىنىڭ ئەينى يىللاردىكى سىرلىرىنى يامغۇر ـ يېشىنلار يۇيۇپ تۈگەتكەن بولسىمۇ ، قايسىبىر ماھىر ئۇستىلارنىڭ قولى بىلەن قېلىن ياغاچلارغا چېكىلگەن نەقىشلەر ، دەرۋازا ئۇستىدىكى كۆك خىش بىلەن چىقىرىلغان ئەگمە گۈللەر كىشىنى ھەيران قالدۇراتتى . ئەلى كۇن نۇرىنىڭ قىزىقى كەتمىگەن تۆمۈر ھالقىنى تۇتۇپ شاراقشىتتى . قورۇدىن ئىتنىڭ ھاۋشىغان ئاۋازى ئاڭلاندى . ئۇ يەنە قاتتىقراق شاراقشىتتى . ئەمدى ئىتنىڭ غەزەپ بىلەن ھاۋشىغان ئاۋازى دەل دەرۋازىنىڭ ئارقىسىدىلا پەيدا بولدى . لېكىن ، ئادەمنىڭ شەپىسى ئاڭلانمايتتى . ئەلى يەنە بىر قېتىم ئۇرماقچى بولۇپ تۆمۈر ھالقىنى تۇتۇۋىدى ، ئارقىسىدىن :

— ھوي ، كىمنى ئىزدەيسىز ؟ — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى .

ئەلى كوچا تەرەپكە قاراپ ، يوغان بىر قارا سومكىنى كۆتۈرۈپ ئىرغاڭلاپ كېلىۋاتقان ئەزىزنى كۆردى .

— كىمنى ئىزدەيسىز ؟

— سىزنى !

— ھوي ، ھوي ! ئەلىغۇ بۇ…

ئۇ سومكىنى يولغا قويۇپلا ، قوللىرىنى كەڭ يېيىپ يېتىپ كەلدى . ئۇلار قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى . بۇ تار كوچىدا ئويناپ يۈرگەن بىرنەچچە كىچىك بالا ئۇلارغا ھەيران بولۇپ قارىشىپ قالدى .

— تۇرمىدىن چىققىنىڭنى ئاڭلىغانىدىم . ئاغىنە دېگەن مۇشۇنداق بولسا بولىدۇ ـ دە ! مەن يوقلاپ بارغۇچە ئۆزۈڭ

كەپسەن ، — ئۇ ئارقىدا قىپقالغان سومكىسىنى ئەكىلىپ ، دەرۋازىنى ئىتتەردى ،— قىنى ، خوش . ئىت سىنى قەدەم باسقۇزمىغاندۇ ؟ ئالامەت جانىۋار ـ دە ، ئۆيلەرنى ئىشەنچلىك تاشلاپ چىقىپ كىتىۋىرىمەن . «يولۋاس» قايت !

كىچىكرەك كەلگەن بۆرە ئىت ئىگىسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قۇيرۇقىنى شىپپاڭلاتقىنىچە نېرى كەتتى . ئۇلار قورۇغا كىردى . ئەلى دەرۋازىسىغا قاراپ بۇ ھويلىنىڭ ئىچىنى خېلى كەڭ تەسەۋۋۇر قىلغانىدى . بۇ ئاشۇ دەرۋازىنىڭ كەڭلىكىچىلىكلا تار ھويلا بولۇپ چىقتى . ھويلىنىڭ تارلىقىغا باقماي ھەممە يەرنى كوكات بېسىپ كەتكەنىدى . تام تۈۋلىرىدىن ئۆزى ئۈنۈپ چىققان قارىياغاچلار بىر ـ بىرىگە چىرمىشىپ ئۆسۈپ تەبىئىي جاڭگالغا ئايلانغىلى تۇرغانىدى .

— بۇرۇن بىزنىڭ مەھەللىنىڭ چېتىدە «جاڭگال باغ» دەپ بىر باغ بولىدىغان ، مۇنۇ ھويلاڭ شۇنىڭ ئۆزىگىلا ئوخشىغىلى تۇرۇپتۇ ـ دە .

— ھەممە نەرسىنىڭ ئاشۇنداق تەبىئىي ئۆسۈشىدىن ھۇزۇر ئالىمەن . ئەسلىدە بۇ يوغان قورۇ ئىدى . بۇ قورۇنىڭمۇ بېشىغا نېمە كۈنلەر كەلمىگەن دەيسەن . مەن كىچىك چاغلاردا ، مەھەللىدە چوڭراق يىغىن ئېچىلماقچى بولسىلا ، ئادەملەر مۇشۇ قورۇغا يىغىلاتتى . كوللېكتىپ ئاشخانا يولغا قويۇلغاندا مەھەللىنىڭ داش قازىنى مۇشۇ قورۇغا ئېسىلغان ، كېيىن بۇ ھويلىنى ئاساسىي قاتلامنىڭ ئىدارىسىمۇ قىلىشىپتۇ . مەن كەلسەم بەش ئاغا ـ ئىنى قورۇنى بۆلۈشۈپ ، ماڭا مۇشۇ تەرەپنى ئايرىپ قويغانىكەن . قىنى ، ئاداش ، ئۆيگە كىر .

ياغاچلىرى ئېگىلىپ قىيسىيىپ قالغان پېشايۋاننىڭ ئاستىدا

قاتار كەتكەن ئۆيلەر تۇراتتى. ئۆگزىنىڭ قېلىن توپىسى ئۈستىدە باھارنىڭ يامغۇر - يېشىنلىرىدا كۆكلەپ، ھازىر سارغىيىپ قالغان كوكاتلارنىڭ ئۇچى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. دېرىزىلەرنىڭ نەقىشلىك قاپقاقلىرى كىملەر تەرىپىدىندۇر يۇلۇۋېلىنغان بولۇپ، ئىشىك - دېرىزىلەرنىڭ ياغاچىنىڭ ئېتىبارى يوق زامانلاردا ياسالغان قېلىن كېشەكلىرى قاغجىراپ يېرىلىپ، يول - يول يېرىقلارنى ھاسىل قىلغانىدى. ئەزىز پېشايۋان ئۈستىدىكى يازلىق ئوچاقنىڭ بىر يېرىگە قولىنى تىقىپ، ئاچقۇچنى ئالدى - دە، ھەر يىلى قىشتا يوچۇقلىرىغا كىگىز قېقىلىۋېرىپ توقۇملىشىپ كەتكەن كونا ئىشىكنى ئاچتى. ئىشىك ئاچچىق بىر نالە قىلىپ غىچىلداپ ئېچىلدى.

— قېنى، غېرىب كۆلبەمگە قەدەم تەشرىپ قىل!

ئەلى ئۆيگە كىرىپ بوسۇغىدىلا توختاپ قالدى. ئۆي ئىچىدىكى قالايمىقانچىلىقتا قاراپ ئادەمنىڭ ئىچى ئېلىشىپ كېتەتتى. ئەسلىدە بۇ ئاستى - ئۈستى تاختايلىق پۇختا ئۆيلەردىن بولۇپ، ھازىر تورۇسنىڭ تاختايلىرىنى چۈۋىن بېزەپ قىلىپ قارايتتۇەتكەن، بەزى تاختايلار ئاجراپ ساڭگىلاپ قالغانىدى. تور بېسىپ كەتكەن بۇلۇڭلارنىڭ بىرىدە يوغان سۇ تۇڭى، تۆۋىقى يوق قازان، چۆرىسى تىتىلىپ كەتكەن چويلا ۋە ماكچىيىپ كەتكەن ئاياغ كىيىملەر تاشلىنىپ ياتاتتى. يەنە بىر تەرەپتە چىنە - قاچا جازىسى، زىخقا ئۆتكۈزۈپ تامغا سانجىپ قويغان ماي پارچىسى، بىر تىزىق تۈمۈر ياماقتىن ياسالغان تارازا تېشى، قەدىمىي پاسوندىكى ئورۇندۇقلار قېلىن تور بېسىپ ياتاتتى. ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پۇتلىرى قىرىپ ياسالغان قەدىمىي چوڭ ئۈستەلنىڭ ئۈستىدىن بىر نەرسىنى ئىزدەپ تاپماقنىڭ ئۆزى بىر

گەپ ئىدى . ئۆنىڭ ئۆستىگە چىپچىلىپ ياتقان چوكىلار ، داتلىشىپ كەتكەن مىخ ، قاچاندۇر بىر چاغدىكى تاماقتىن قالغان ئۆستىخانلار ، ئىسكىرىپكىنىڭ قىلى ئۈزۈلگەن كامالچىسى ، نان ئۇۋاقلىرى ، ئاغزى ئوچۇق قالغان بوتۇلكا ، ئوڭدىسىغا تاشلاپ قويۇلغان كونا شەپكە ، بىر تىزىق ئاچقۇچ ، چىپچىلغان سەرەڭگە تېلى ، تاماكا قالدۇقىغا تولغان كۈلدان ، قەغەزلىرى سارغىيىپ كەتكەن قانداقتۇر بىر كونا كىتاب ، چايداننىڭ ماكچىيىپ كەتكەن ئېغىزى ، قىشتا ئۈنتۈپ قېلىنغان بويىچە تۇرغان تېرە پەلەي… دېگەندەك نەرسىلەر كۆزگە تاشلىناتتى . ئىشىك تەرەپتە ئۆز زامانىسىدا ئەتىۋارلىق بولغان ، هازىر نەزەرگە چۈشمەي قارىداپ كەتكىنىچە تاشلىنىپ ياتقان مىس چىلاپچا بىلەن ئاغزى يوق ، غاز بويۇن ئاپتۇۋا تۇراتتى . تامغا بىر كۆتمەك سۇپۇرگە يۆلەكلىك ئىدى . دېرىزە تەكچىسىدە ئىككى تەشتەك گۈل تۇراتتى . گۈل قاچىلىرىنى كىمدۇر بىرى هەربىرىنىڭ ئاستىغا ئۈچ - تۆتتىن ماشىنا يىپىنىڭ غالتىكىنى قويۇپ كۆتۈرۈپ قويغانىدى . بىراق ، گۈل قاچىسىنىڭ توپىسى ئاللىقاچان قاغجىراپ قېتىپ كەتكەن بولۇپ ، گۈللەر قۇرۇپ بولغانىدى… بۇ ئۆي شارا - بارىچىلارنىڭ يايمىسى ياكى بىراك مال ماگىزىنلىرىنىڭ ئىسكىلاتىنى ئەسكە سالاتتى .

— ئىچكەركى ئۆيگە ئۆتۈپ كەت ، — ئەلىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ يول باشلىدى ئەزىز .

ئىككىنچى ئۆينىڭ ئاستى پاكىز سۈرتۈلگەن بولۇپ ، بۇ ئۆيدىكى قالايمىقانچىلىق هەر هالدا دالان ئۆيدىكىگە قارىغاندا ياخشىراق ئىدى . ئۆيگە كىرگەندە ئەڭ بۇرۇن كۆزگە چېلىقىدىغان نەرسە ئۇدۇلدىكى يوغان ، قەدىمىي شەمەي ساندۇقى

ئىدى . ساندۇقنىڭ تۆمۈرلىرى قارىداپ ، گۈللىرى ئاللىبۇرۇن ئۆچۈپ بولغان بولسىمۇ ، ئۇ يەنىلا ناھايىتى مەزمۇت تۇراتتى . ساندۇق ئۈستىگە كونا بىر گىلەم بىلەن بىرنەچچە يوتقان قاتلاپ قويۇلغانىدى . ساندۇق يېنىدا تۇرغان ئىشكاپنىڭ ئەينەكلىرىنى توپا بېسىپ ، ھېچنېمىنىڭ ئەكسى چۈشمەس ھالغا كەلگەنىدى . دېرىزە تەرەپتىكى كارىۋات ئۈستىدە يىغىلمىغان ئورۇن - كۆرپىلەر قالايمىقان يېيىلىپ ياتاتتى . ئىشىك يېنىدىكى ۋىكلىيۇچاتېلنىڭ يېپى ئالىيېشىل بوغقۇچلار بىلەن ئۇزارتىلىپ ، كارىۋاتنىڭ بېشىغا تارتىپ قويۇلغانىدى . ياستۇق ئۈستىدە يەنە باتارېيەسى چىگە يىپ بىلەن ئارقىسىغا چېتىپ قويۇلغان كىچىك بىر رادىيو ياتاتتى . ئەزىز قولىدىكى سومكىنى تام تۈۋىگە قويۇپ :

— بۇ مېنىڭ خاس ھۇجرام بولىدۇ ! — دەپ جاكارلىدى ،— ئولتۇر ، ئاداش ، توختا ، ئۇ ئورۇندۇقنىڭ پۇتى سۇنۇق ، سەن يۇمشاقراق ماۋۇ كارىۋاتقىلا كەل ، رەھمەتلىك دادامنىڭ ئولتۇرىدىغان بىر سافاسى بولىدىغان شۇنى تېپىپ كىرەي .

كارىۋاتنىڭ يېنىغا بىر كىچىك ئۈستەل قويۇلغانىدى . ئۈستەلنىڭ تامغا تىرەلگەن تەرىپىدە بىرقانچە كىتاب تىزىقلىق تۇراتتى . كىتابلارنىڭ ئۈستىدە قاپچۇقىغا دەز كەتكەن بىر قەلەمىمۇ ياتاتتى . ئەزىزنىڭ كۈندىلىك پائالىيىتى مۇشۇ كارىۋات بىلەن ئۈستەلدىن نېرىغا ئۆتمىسە كېرەك ، دەپ ئويلىدى ئەلى .

ئەزىز مەكتەپتىكى چاغلاردا قىزلارغا ئارام بەرمەيدىغان شوخ ئوقۇغۇچىلاردىن ئىدى . بىراق ئۇنىڭ بويى پاكار ، كۆرۈمسىزرەك بولغاچقا ، قىزلار ئۇنىڭغا نەزەر سالمايتتى . ئائىلىسىدىن ئۇنىڭغا ھەر ئايدا پۇل كېلىپ تۇراتتى . سىنىپتىكى

ئەڭ باي ئوقۇغۇچىمۇ مۇشۇ ئەزىز ئىدى . ئۇنىڭ غەلىتە قىلىقلىرى بولىدىغان ، بىر مەزگىل ئۇ فوتو ئاپپاراتقا ھەۋەس قىلىپ ، بوينىغا ئاپپاراتنى ئېسىپ ، قىزلارنى سۈرەتكە تارتىپ قويىمەن ، دەپ ئەگەشتۇرۇپ يۈردى ؛ كېيىن ئاپپاراتنىي گارمونغا تېگىشىپ ، ئۇنى بىرەر يىلچە غاتىلداتتى . كېيىن ، ئىسكىرىپكا ئۆگەنمەكچى بولۇپ ، ئۇنىمۇ خېلىغىچە غىڭشىتىپ باقتى ... ئۇنىڭ قولىدىكى سائەت ئايدا بىر دېگۈدەك يەڭگۈشلىنىپ تۇراتتى . بىرىگە تېگىشىۋېتەتتى ياكى سېتىپ باشقا پاسوندىكى سائەتتىن ئېلىپ تاقاپ باقاتتى...

ئەزىزنىڭ سافا دەپ كۆتۈرۈپ كىرگىنى خەنزۇ ئۇستىلار ياسىغان كونا پاسوندىكى تۆت چاسا يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇق بولۇپ ، ئۇستى ئۆچكە تېرىسى بىلەن قاپلاپ قويۇلغانىدى . ئەزىز بۇ «سافا»نى ئۇستەل يېنىغا قويۇپ ئولتۇردى .

— ئۆينىڭ ئىچى قالايمىقان ، ئاداش . قانداق قىلىسەن ، بويتاقچىلىق . تېخى ئەتىگەنلا ، خۇددى بىرى كېلىپ قالىدىغاندەك كۆڭلۇم تۇيۇپ ، ماۋۇ ئۆينىڭ ئاستىنى ئانچە - مۇنچە سۈرتۈپ قويغانىدىم . خوش ، ئەھۋالىڭ ياخشىدۇ ؟ چىرايىڭ بىر ئوبدانلا تۇرۇپتۇ . بىز تۇگىشىپ كەتتۇق .

— سەنمۇ يامان ئەمەس تۇرۇپسەن ، مېنىڭ ئەھۋالىمنى سورىساڭ ، يەيدىغان رىزقىم بار ئىكەن ، تىنچ - ئامان قايتىپ چىقتىم ، مانا ئالدىڭدا ئولتۇرۇپتىمەن .

— ياشا ، ئەلى ، ھەممە ئادەم قورقۇپ تىترەپ تۇرغان چاغدا سەن ئۇلارغا قارشى چىقالىدىڭ ، جىق گەپ . مېنىڭ ساڭا ھەۋىسىم كېلىدۇ ...

— مەن ھېچكىمگە قارشى چىقمىغان ، ئۆزۈمنىڭ ھېس

قىلغانلىرىمنى يازغان .

— ئۆز پىكرىنى ئوچۇق يېزىش دېگەنمۇ چوڭ قەھرىمانلىق دېگەنە . بىزمۇ شۇ چاغلاردا ئىشلارنىڭ تازا توغرا بولمايۋاتقانلىقىنى سەزگەندەك قىلاتتۇق . لېكىن ، سەن يازغان نەرسىلەرنى ئويلاشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتۇق .

ئەزىز موخوركا قۇتىسىنى ئېلىپ ئوتتۇرىغا قويدى ، گېزىت قەغىزىدىن يىرتىپ ئەلىگە سۇندى . ئەلى قەغەزنى ئېلىپ ئالدىغا قويۇپ قويدى . ئەزىز تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇۋېلىپ سۆزلەپ كەتتى :

— شۇ چاغدا ، باشقىلارنى دوراپ مەنمۇ كۈندىلىك خاتىرە يېزىپ باققان ، كېيىن ئوقۇپ باقسام ، بۈگۈن ھاۋا ئوچۇق ، پالانى كۈنى يامغۇر ياغدى… دېگەندەك گەپلەر بىلەن توشۇپ ھاۋا رايى پونكىتىنىڭ خاتىرىسىگە ئوخشىشىپ قاپتۇ… ئازراق جوزا راسلاي ، بىلگەندەكلا بازاردىن خېلى بىرنېمىلەرنى ئەكېلىۋاپتىكەنمەن . «ئاتاڭ بازار ، ئاناڭ بازار» دەپ بىر ھەپتە يەتكۈدەك ئوزۇقۇمنى بازاردىن بىراقلا توغرىلاۋالىمەن…

ئەزىزنىڭ داستىخان راسلىشى ئەر - خوتۇنلۇق ئۆيلەردىكىدىن تېز بولدى . ئۇ ھېلىقى ئېغىر سومكىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ ، پىشقان گۆش ، نان ، تاتلىقلارنى ئېلىپ ئۈستەلنى تولدۇردى ، چايداندىن قىزىق چاي قۇيدى ، ئاخىرىدا بىر بوتۇلكا ھاراق بىلەن «خۇشەن» ماركىلىق تاماكىدىن بىرنى ئالدى ، تاماكىنىڭ قەغىزىنى يىرتىپ قويدى .

— چاي ئىچكەچ پاراڭلىشايلى ، ئالە .

— ئۆيلەنمىدىڭمۇ ؟ — سورىدى ئەلى .

— ئۆيلەندىم .

— ئايالىڭچۇ ؟

— مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ كەلگەن چېغىمدا دادام تېخى هايات ئىدى . هەي كونا ئادەملەر ـ دە..... رەهمەتلىك ، ئاغرىق يېتىپ مېنى ئۆيلەپ قويۇشنىڭ كويىدا قالدى . تۇغقىنىمىزنىڭ بىر قىزىنى ئېلىپ بەرمەكچى بولۇشتى . ئۇنىمىسام ، دادام رەنجىدى ، ئۇنىڭ كۆڭلى ئۇچۇنلا «بوپتۇ» دەپتىمەن . تېخى ئون بەش ـ ئون ئالتىلەرگە كىرگەنلا بىرنېمە ئىدى دېگىنە . ئۇنى «خوتۇنۇم» دېيىشكىمۇ ئادەم نومۇس قىلىدۇ . ئۆزىمۇ نېمە دېسەڭ «خوش ، خوش» دەپ قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرۇشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان قىز ئىكەن . ئىشەنسەڭ ، ئۇنىڭ بىلەن تۇزۇكرەك بىر ئورۇندىمۇ ياتمىدىم . جىڭ گەپ ، زادىلا كۆڭلۈم چۈشمىدى . دادامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنلا خېتىنى بېرىۋەتتىم .

ئەزىز تاماكىدىن بىر تال ئېلىپ تۇتاشتۇردى .

— راست ، سەن نېمىشقا چەكمەيسەن ؟

— ئۆگىنەلمىدىم .

— مەكتەپتىغۇ چەكمەيتتىڭ ، تۈرمىدىمۇ چەكمىدىڭ ؟

— چەكمىدىم .

— ئىرادەڭ قالتىس نېمە ـ دە ، سەن .

— بۇنىڭ ئىرادە بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بار ؟

— مانا مەن : «تاماكا تاشلايمەن» دەپ مىڭ قېتىم قەسەم قىلغاندىمەن . جىق چەكمىگەن چاغدا بىر ـ ئىككى سائەت چەكمەي چىداپتىمەن ... شۇنداق قىلىپ ، ئۇ خوتۇننى ئاران يولغا سالدىم . «خېتىمنى ئالمايمەن» دەپ تۇرۇۋېلىپ دېمەمسەن ، نۇرغۇن مال ـ مۈلۈكنى بېرىپ ، ئاران قۇتۇلدۇم . قارىمامسەن ، ئۆينىڭ يالىڭاچلىنىپ قالغىنىنى ؟ تامدىكى گىلەم ، دېرىزە پەردىلىرى

دەمسەن ، ئەدىيال ، ئورۇن - كۆرپە ، ئەيتاۋۇر ، تامغا قاققان مىخنىمۇ سۇغۇرۇپ چىقىپ كەتتى . قۇتۇلغىنىمغا خۇش بولدۇم . ئاڭلىسام ، ھازىر ئۆزىگە ئوخشاش ياش بىر بالىغا تېگىپ بەختى ئېچىلىپتۇ . «ئەزىز دېگەن نېمىگە خوتۇن بولۇپ زايە كەتكەن ئۆمرۇمگە ئىچىم ئاغرىيدۇ» دەپ يۈرگۈدەك . ھا !... ھا !... ھا !... گۆشتىن توغراپ قويااي . ھاراققا مەيلىڭ قانداق ؟

— ئىچمىسەكمۇ چىرايلىق پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇۋاتىمىزغۇ ...

— كۆڭۈل ساناپ ئالاھىدە كەپسەن ، ئازراقتىن ئىچەرمىز ؟ راستىمنى ئېيتسام ، ھازىر مەن ھاراققا كىرىشىپ كەتتىم . مېنىڭ بېشىمغىمۇ خېلى دەرد كەلدى . «تيەنئەنمېن» ۋەقەسى بولغاندا ، ئىتتىكلىك قىلىپ : «ياﺋاللا ! بېيجىڭنىڭ ئۆزىدىن شۇنچىۋالا ئەكسىلئىنقىلابچى چىققان بولسا جۇڭگونىڭ ئىشىمۇ تۈگىشىپتۇ - دە !» دەپ قويغىنىمغا ساقچىخانىدا يېتىپ قاتتىق تاياق يېدىم . مېڭەم زەخىملىنىپ ئاينىپ قالغىلى تاسلا قالدىم . خۇدايا شۈكرى ، ھازىر خېلى ياخشى . بىراق بىر ئىش ئۈستىدە قاتتىقراق ئويلانسام مېڭەمگە ئاغرىق كىرىپ كېتىدۇ . جىڭ گەپ ، ھاراق ئازراق ئارام بولىدىكەن .

— ھازىر نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن ؟

— دەم ئېلىۋاتىمەن ، ناھەق جازالىنىپ ، سالامەتلىكىدىن ئايرىلغان ، دەپ مائاشىمنى تولۇق بېرىۋاتىدۇ .

ئەزىز چوڭ ئىستاكانغا يېرىم ھاراق قۇيۇپ ، بىراقلا ئىچىۋەتتى .

— مەن ئۇنداق كۆپ ئىچەلمەيمەن جۇمۇ .

— مانا ، ساڭا كىچىك رومكىغا قۇيدۇم ، مەن دەسلەپكى

رومكىغا جىقراق قۇيۇپ ئىچىۋالمىسام هاراق ئىچكەندەك بولمايمەن... خوش ، بىزنىڭ بۇ ناھىيەگە قانداق قەدىمىڭ يېتىپ قالدى ؟

— بىرىنچىدىن ، سىنى يوقلاپ ، — دېدى ئەلى ئەزىز قولىغا تۇتقۇزۇپ قويغان رومكىنى كۆتۈرۈۋېتىپ ، — ئىككىنچىدىن ، ساڭا مۇناسىۋەتلىك بىر ئىشنى ئېيتقىلى...

— رەھمەت . نېمە ئىش ئۇ ؟

— كېيىنرەك ئېيتاي .

— ئەمىسە هاراق ئىچەيلى . مەنمۇ ئەمدى كىچىك رومكىدا ئىچەي . بولمىسا ، هېلىلا مەست بولۇپ قېلىپ ، ساڭا ئويۇن قويۇپ بېرىپ يۈرمەي...

ئۇلار ئارقا ـ ئارقىدىن يەنە ئىككى رومكا هاراق ئىچىپ ، ئازراق تاماق يېيىشتى . ئەزىز يەنە بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرۇپ ، گەپكە چۈشۈپ كەتتى :

— مانا ئوقۇدۇق ، جەمئىيەتكە چىقتۇق . يېشىمىز ئوتتۇز بەشتىنمۇ هالقىدى . ئويلىسام ، شۇ ياشقىچە ئۆزۈم مۇستەقىل بىر ئىش قىلىپ باقماپتىمەن . هەممە ئىشتا باشقىلارنى دوراپتىمەن . ئوقۇغۇچى ۋاقتىمدا كاستۇم ـ بۇرۇلكا كىيىپ ، گالستۇك تاقاپ ، سالاپەتلىك يۈرۈپمۇ باقتىم ، قىسقا يەڭ مايكا بىلەن ئاق چۇخەي كىيىپ تەنتەربىيىچىلەرنى دوراپ ماڭغان چاغلىرىممۇ بولغان . بىر مەزگىل سازغا خۇشتار بولۇپ ، گارمون ، ئىسكىرىپكا ، هەتتا دۇتار بىلەنمۇ هەپىلىشىپ باقتىم ، هېچقايسىسىنى بىر باشقا ئاچىقالمىدىم . شۇ چاغلاردا نۇرغۇن شېئىرلارنى يازغاندىم . كۆپىنچىسى مۇھەببەت ھەققىدە بولىدىغان ، بىرەرىمۇ مەتبۇئاتقا چىقمىدى . ھەممىسى بىر

ئەخمەقلىق ئىكەن .

— ھازىر يازمامسەن ؟

— ھازىرمۇ ئىلھامىم تۇتۇپ كەتكەندە بىرنېمىلەرنى قەغەزگە جىجاپ باقىمەن . مەسىلەن ، بىر شېئىرنى :

ساقلانغان مەسلىلەر ئاز ئەمەس ،
بەزىلەر كۈندۈزى ساق ، كېچىسى مەست…

دەپ باشلىغانىدىم . ئاخىرىنى قانداق داۋاملاشتۇرۇشۇمنى بىلمەي توختاپ قالدىم . بىر ئۇلتۇرۇشتا ئىلھامىم قايناپ ، قەلەمنى ئېلىپ ، «غاچ - غۇچلا» قىلىپ :

رەسىمگە يارىشۇر رامكا ،
ئۇشۇق پۇلغا بانكا .
پېچەت ھاراقنىڭ يارىشقى رومكا ،
چىرايلىق ئايالنىڭ سومكا…

دېگەنلەرنى يېزىپ ئوقۇپ بېرىۋىدىم . مەستلەر قىيقاس سېلىشىپ ماختاپ كەتتى . ئەتىسى ئۆزۈم ئوقۇپ باقسام شېئىر ئەمەس بىر تېتىقسىز نەرسە بولغانىكەن . «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا قىلغانلىرىمنى ئويلىسامىمۇ ھازىر ناھايىتى خىجىل بولىمەن . دەسلەپتە ، نېمە ئىش بولۇۋاتقانلىقىنى زادى ئۇقالمىدىم . پويىزغا ئېسىلىپ بارمىغان يېرىمىز ئاز قالدى . جىڭ گەپ ، بۇمۇ ئوبدان تاماشا ئىكەن دېدىم . قايتىپ كېلىپ قەشقەرگە بېرىپ مەسچىتلەرنى بۇزۇپ ، دوپپىلارغا ئوت قويدۇق . ئاقسۇنىڭ

ھوقۇقىنى تارتىۋالدۇق . ئۇرۇمچىگە كېلىپ ، پارتكومنىڭ ئالدىدا چېدىر تىكىپ ياتتۇق . لېكىن ، دادامنىڭ پومېشچىك ئىكەنلىكى بىلىنىپ قېلىپ ، ئىسيانچىلار سەپتىن قوغلاپ چىقىرىۋەتتى . شۇنىڭ بىلەن ، ئۇ ئىنقىلابتىنمۇ كۆڭلۇم قالدى...

— بۇ يەرگە كېلىپ نېمە خىزمەت قىلغانىدىڭ ؟

— ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان . ھازىر باللارغا دەرس ئۆتۈشكە كاللام چىدىمايدۇ . ۋاراڭ - چۇرۇڭنى كۆتۈرەلمەيمەن .

— ئەمدى نېمە ئىش قىلاي دەيسەن . مۇشۇنداق بىكارلا يۈرەمسەن ؟

— بەزى كېچىلىرى نۇرغۇن پىلانلارنى تۈزۈپ چىقىمەن . مەست بولۇپ قالغان چېغىمدا : «مەن نېمە بولدۇم ! رۇسلارنىڭ ئوستىروۋسكى دېگەن بىر يازغۇچىسى پالەچ يېتىپمۇ كىتابلارنى يازغانغۇ ؟ » دەپ ئۆز - ئۆزۈمگە سوئال قويۇپ ، ئەتىدىن باشلاپ باشقىچە بىر ئادەم بولاي ، ھەممە ھەيران قالسۇن ؟ دەپ ئۇخلاپ قالىمەن ، كۈن چىققاندا ئىشلار يەنە ئىلگىرىكى قېلىپىدا كېتىۋېرىدۇ... كىچىك چېغىمدا كىتابنى كۆپ ئوقۇيتتىم . كەلگۈسىدە سپارتاكتەك باتۇر ، نەۋايىدەك ئۇلۇغ شائىر ياكى تولستويدەك بۈيۈك يازغۇچى بولسام ، دەپ ئارمان قىلاتتىم . مانا كۆرۈپ تۇرۇپسەن ، ئاخىردا ھېچنېمە بولالماي ، يېرىم ئادەم بولۇپ يېتىپتىمەن... قېنى ، يەنە بىردىن ئىچىۋەتمەيلىمۇ !

— مەن سەل توختاپ ئىچەي .

— ئەمىسە مەن ئىچتىم .

ئەزىز ھارىقىنى كۆتۈرۈۋېتىپ ، گۆشتىن بىر پارچە ئاغزىغا سالدى - دە ، قوللىرىنى كىرىشتۈرۈپ قارسىلداتتى .

— بىر ئىش بىلەن شۇغۇللانغىنىڭ ياخشى ئىدى .

— ئاشۇ كارىۋاتتا يېتىپ نۇرغۇن خىياللارنى سۇرىمەن ،— دېدى ئەزىز ، — توۋا دەيمەن . باشقىلار ئايدا ، يىلدا بىر قېتىم چۈش كۆرسە ، مەن بەزى كېچىلىرى ئىككى - ئۈچ قېتىم چۈش كۆرىمەن . بەزىدە ئويغىنىپ كېتىپ ، تاللا - تۈزلەرگە چىقىپ كىرىپ ، يەنە ھېلىقى چۈشلىرىمنى داۋاملاشتۇرۇپ كۆرۈۋېرىمەن . جىق گەپ ، سەن كۈلمە ، چۈشۈمدە شۇنداق قىزىق ئىشلارنى كۆرىمەن ، يازسام گەپ يوق چوڭ كىتاب بولىدۇ . بەزىدە چۈشلىرىمنى يېزىپ باقماقچىمۇ بولغانىدىم ، بىراق ، قولۇمغا قەلەمنى شۇنداق ئالدىممۇ ، كاللامدا ھېچنېمە قالماي چېچىلىپ كېتىدۇ . مۇشۇ قەلەم دېگەن نەرسىنىڭ سۇرى بار نېمە ئىكەن . بەزىدە كىشى نۇرغۇن نەرسىنى ئويلايدۇ - يۇ ، قولغا قەلەم چىقىشى بىلەنلا ھەممە نەرسە قېچىپ كېتىدۇ ... كاللىدا ئويلانغان نەرسىلەرنى قەلەم ئىشلەتمەيلا كىتاب قىلىپ چىقىرىۋېرىدىغان بىر ماشىنا ئىجاد قىلىنسا قالتىس بولاتتى - دە ، جىق گەپ ، شۇ چاغدا ھەقىقىي نادىر ئەسەرلەر بارلىققا كېلەتتى . ئىنسانلارنىڭ ئەدەبىيات خەزىنىسى بايلىققا كۆمۈلۈپ قالاتتى...

ئەزىز قولىدىكى ئۆچۈپ قالغان تاماكىنى تاشلاپ ، تولدۇرۇپ بىر رومكا ھاراق قۇيۇپ ئىچىۋەتتى .

— ھاراق دېگەن ئاجايىپ نېمە - دە !— دېدى ئۇ ئاغزىنى سۇرتۇپ تۇرۇپ ، — ماڭا نوبېل مۇكاپاتىنى تارقىتىش ھوقۇقى بېرىلسە ، ھاراق چىقىرىشنى ئويلاپ تاپقان ئادەم بىلەن ۋېلىسىپىتنى ئىجاد قىلغان ئادەمگە بېرەتتىم . جىق گەپ ، نېمىشقا دەمسەن؟ ۋېلىسىپىتنى ئالساڭ تۈزۈلۈشى ئاددىي ، باھاسى ئەرزان ، يېقىلغۇ كەتمەيدۇ ، مۇھىتنى بۇلغىمايدۇ .

ئۇزۇن يىللاردىن بېرى مىڭلىغان كەمبەغەلنىڭ ھاجىتىدىن چىقىۋاتىدۇ. بىر ـ ئىككى سائەت ھەپىلىشىپلا ئۆگىنىۋالغىلى بولىدۇ.

— ھاراقچۇ؟— قىزىقىپ سورىدى ئەلى.

— ھاراق — شاھىنىڭمۇ، كەمبەغەلنىڭمۇ دوستى. ئۇ تالاي يىللاردىن بېرى ئادەملەرنى غەمدىن نېرى قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. توغرىمۇ؟ ئالدىڭىزدىكى رومكىنىڭ تۇرغىنىغا بىر سائەتچە بولۇپ قالدىغۇ دەيمەن؟ ئىچە، بىردەم بولسىمۇ كۆڭلىمىز ئېچىلسۇن.

— راست، قىزىق ـ قىزىق نەرسىلەرنى ئويلايدىكەنسەن.

— ئويلىغان نەرسىلىرىمنى ئېيتىپ كەلسەم، بۇ ئەقلىدىن ئازغىلى تۇرۇپتۇ، دەپ زاڭلىق قىلىشىڭ مۇمكىن. ئالايلى، ئادەم ئۆزى بىر پۈتۈن نەرسە، نېمىشقا بىز بېشىمىزغا، ئۈستىمىزگە، ئايىغىمىزغا ئايرىم ـ ئايرىم كىيىم كىيىمىز؟ ئىنسانلارنىڭ كىيىمىنى باشتىن ـ ئاياغ بىراقلا كىيىۋالىدىغان قىلىپ ئىسلاھ قىلىشقا بولامدۇ، يوق؟ ئايروپىلاندىن ھاۋادا چاتاق چىقسا موللاق ئېتىپ چۈشىدۇ. نېمىشقا ئۇنى ھاۋادا توختىتىپ تۇرۇپ رېمونت قىلىشنىڭ چارىسىنى قىلغىلى بولمايدۇ؟ بۇلۇتقا پاتۇرۇپ توختىتىپ قويسىچۇ...

— ھا!... ھا!... ھا!... — ئەلى ئىختىيارسىز كۈلۈۋەتتى.

— نېمىشقا كۈلىسەن؟ ئەللىك يىلنىڭ ئالدىدا ئادەملەرگە، مەن ئايغا چىقىمەن، دېسەڭ، ساڭا ئوخشاشلا كۈلەتتى. ھازىر ئالىملار ئاينىڭمۇ ئۇ يېقىغا ئۆتۈپ كەتتىغۇ؟... يەنە بىر گەپنى ئېيتاي، ئاياللار توققۇز ئاي قورساق كۆتۈرۈپ بالا تۇغىدۇ. ئۇلارنى توخۇغا ئوخشاش تۇخۇم تۇغىدىغان قىلىشقا بولامدۇ،

يوق ؟ سەن كۈلمە . بۇ جىك گەپ . ئەگەر شۇنداق قىلىشقا بولسا ، ئايال بىچارىلەرنىڭ تۇغۇت ئازابى يېنىكلەيتتى . ئۇلار ئايلاپ قورساق كۆتۈرۈپ يۈرۈشتىن ئازاد بولاتتى . تۇخۇم تۇغۇلغاندىن كېيىن ئەر - ئايال نۆۋەتلىشىپ بېسىپ بالا چىقىرىۋالسا بولىدۇ ، دېگەن گەپ .

— بەزى يامانراق ئاياللار تۇخۇمنى تۇغۇپلا ئېرىگە تاشلاپ بېرىپ چىقىپ كېتىدۇ - دە ! — دەپ چاقچاق قىلدى ئەلى .

— ئۇ قىسمەن ئەھۋاللار…

— بەزى كېلەڭسىز نېمىلەر تۇخۇمنى ئۇزاق بېسىپ يېتىپ ، پالاق قىلىپ قويسىچۇ ؟

ئەلىنىڭ بۇ گېپىگە ئەزىزمۇ ئىختىيارسىز كۈلۈۋەتتى .

— يۇقىرىقى ئويلىغانلىرىمنى بىر ئالىمغا سۆزلەپ بېرىۋىدىم . ئۇ ئادەممۇ ساڭا ئوخشاش قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ : «تۇخۇم توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇرىڭىز بولىدىكەن ، يەنىمۇ ئىزدىنىڭ» دېدى . جىك گەپ ، شۇنداق دېدى…

ئەزىزنىڭ سۆزى بارغانسېرى ئاجايىپ - غارايىپ تەسەۋۋۇرلارغا كۆچكىلى تۇردى . كېچە سائەت ئوندىن ئېشىپ كەتتى . ئەزىز ئارقا - ئارقىدىن تاماكا چېكىپ ، ئارىلاپ ھارىقىنىمۇ ئىچىپ ، گەپكە كىرىشىپ كەتكەنىدى .

— ئەي ئۇلۇغ ئالىم ! — دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى ئەلى ، — سەنلا سۆزلەمسەن ، مەنمۇ ئازراق سۆزلىمەمدىم ؟

— سۆزلە ، ئاداش ، سۆزلە ، بۈگۈن سېنىڭ گېپىڭنى ئاڭلايدىغان كۈن .

— بايا ، ساڭا بىر ئىشنى ئېيتقىلى كەلدىم ، دېگىنىم ئېسىڭدىدۇ ؟ سېنى بىرى سورىغانىدى .

— مەن جەمئىيەتتە ئۆتتۆلغان ئادەممەن . مېنى كىممۇ سورىغاندۇ ، سادىغاڭ كېتەي . ئايالمۇ ، ئەرمۇ ؟

— ئايال .

— ئايال ! ئىسىم – شەرىپى كىم بولىدىكىن ؟

— سارە .

— قايسى سارە ؟

— بىزنىڭ ساۋاقداش ، سېنىڭ...

— سەن ئۇنىڭ بىلەن قاچان ، قەيەردە كۆرۈشۈپ يۈرسەن ؟

— نېمىشقا كۆرۈشمەيمەن ، ئىككىمىز بىر يەردە تۇرساق .

— توغرا ، ئۇ سىلەر تەرەپكە تەقسىم بولۇپ كەتكەن . ھە سۆزلە ، ئۇ نېمە دەيدۇ ؟— ئەزىز ئۈستەل ئۈستىگە جەينىكىنى ئېلىپ ، ئەلىنىڭ ئاغزىغا دىققەت بىلەن تىكىلدى .

— ئۇ سېنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىڭدىن خەۋەردار ئىكەن . ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى سورىساڭ ، ئىككى قېتىم تۇرمۇشلۇق بوپتۇ . ھەر ئىككىلىسى بىلەن مىجەزى كېلىشمەي ئاجرىشىپ كېتىپتۇ . قىسقىسى ، تۇرمۇشتا بەختى كەلمەپتۇ . سېنى كۆپ ئەسلەيدىكەن...

— يوق گەپ !— دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ئەزىز .

— سەن گېپىمنى ئاخىرغىچە ئاڭلىمامسەن .

— بولدى ، ئاڭلىسام – ئاڭلىمىسام شۇ گەپ . بىلەمسەن ؟ مەكتەپتە جىن – شەيتانلارنى تارتىپ چىقىرىش دولقۇنى بولغان ھېلىقى كۈنى مەن ئۇنىڭغا قول سالغان ، جىڭ گەپ... مەن ئۇنى ياخشى كۆرەتتىم ، ياخشى كۆرۈش دېگەن شۇنداق بولامدۇ ؟ بىلمەيمەن . ئەيتاۋۇر ، ئۇنىڭدىن كۆزۈمنى ئۈزەلمەيتتىم . ھازىر قانداقراق تۇرىدىكىن ؟ ئۇ چاغلاردا سارەنىڭ تازا تولغان ۋاقتى

ئىدى . تولۇق فىگۇرىسى ، كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان كۆكسى ، ئەرلەردەك گۇرسۇلدەپ دەسسەپ مېڭىشلىرى··· قىسقىسى ، ھەممە قىلىقلىرىغا ھەۋىسىم كېلەتتى . سارە مېنى كۆزگە ئىلمايتتى . جىك گەپ ، ئەتەي مېنى ئىچى تېخىمۇ كۆيسۇن دېگەننى قىلىپ ، ھەدەپ باشقا باللار بىلەن ئېچىلىپ - يېيىلىپ پاراڭلىشىپ كېتەتتى··· شۇ قېتىم ، باشقىلار ئۇنى سۆرەپ ، بېشىغا قالپاق كىيدۈرۈپ سەھنىگە ئېلىپ ماڭغاندا ، ئۇنىڭ كۈچى بار ئەمەسمۇ ؟ تىرەجەپ ماڭغىلى ئۇنىمىدى . شۇ چاغدا مەن ئەخمەق يۈگۈرۈپ بېرىپ ، ئۇنى گەجگىسىدىن تۇتۇپ ، سەھنىگە سۆرىگەنىدىم . نېمە ئەقىلسىزلىك قىلىۋىدىمكىن ، بىلمەيمەن . بۇ ھاقارەت ئۇنىڭ ئېسىدىن مەڭگۈ چىقمايدۇ .

ئەلى نېمە دېيىشنى بىلمەي ئولتۇرۇپ قالدى .

— ئۇ ساڭا بۇ ئىشلارنى ئېيتمىدىمۇ ؟

— سەندىن رەنجىگەنلىكى توغرىسىدا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى .

— ھە ، قېنى نېمىلەرنى دېدى ، توپتوغرىسىنى ئېيتقىنە .

— سارەنىڭ دېگىنى ، ئۆز ۋاقتىدا سېنىڭ مۇھەببىتىڭگە لايىقىدا جاۋاب بەرمىگىنىگە ئېچىنىدىكەن . سەنلا قىچقارساڭ ، ئۇ ھازىر ئۇچۇپ كېلىپ خىزمىتىڭنى قىلىشقا تەييار ئىكەن . مۇشۇ ئارزۇسىنى يەتكۈزۈپ قويۇشۇمنى تاپىلىغانىدى . شۇڭا ، سېنى ئالاھىدە ئىزدەپ كېلىشىم···

— جىك گەپنى قىلىۋاتامسەن ، چاقچاقمۇ ؟

— شۇنچە يەردىن ساڭا يالغان گەپ كۆتۈرۈپ كېلىپ ساراڭ بولۇپ قاپتىمەنمۇ !

ئەزىزنىڭ مەستلىكى يېشىلگەندەك بولۇپ جىمىپ قالدى .

شۇ تاپتا ئۇنىڭ خىيالىدىن نىمىلەر كېچىۋاتىدىكىن!… ئەزىز
تۇيۇقسىز ئورنىدىن تۇرۇپ، يەنە بىر رومكا هاراق قۇيۇپ
كۆتۈرۈۋەتتى - دە، دادىسىدىن قالغان تەۋەررۇك «سافا»غا
ئۆزىنى تاشلاپ سوزۇلدى. تالادا تۈن قاراڭغۇلۇقى هۆكۈم
سۈرەتتى. قەيەردىدۇر ئىتلار هاۋشىماقتا ئىدى. يېقىن
كوچىلارنىڭ بىرىدىن يولۇچى ئېيتقان ناخشا ئاڭلىنىپ، ئاستا -
ئاستا يىراقلاپ جىمىپ قالدى.

ئەزىزنىڭ خىيالىنى بۆلۈۋەتمەسلىك ئۈچۈن ئەلى كارىۋاتقا
ئاستا سوزۇلۇپ ياتتى - دە، تورۇسقا تىكىلگىنىچە خىيال بىلەن
قانداق ئۇخلاپ قالغىنىنى سەزمەي قالدى.

× ×

ئەلى هويلىدىكى ئىتنىڭ هاۋشىشىدىن چۆچۈپ ئويغانغاندا
تاڭ سۈزۈلۈپ قالغانىدى. ئەزىز هېلىقى «سافا»دا بېشىنى بىر
تەرەپكە قىيسايتقان پېتىچە ئۇخلاۋاتاتتى.

— ئەزىز، ئەزىز! تۇر، مەن ماڭىمەن! — دەپ چاقىردى
ئەلى.

ئەزىز ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ:

— ئاپلا ئىت ئاچ قاپتۇ - دە، — دېدى ۋە ئاخشامقى
زىياپەتتىن ئېشىپ قالغان قاتتىق - قۇرۇقلارنى بىر لېگەنگە
يىغىشتۇرۇپ، تالاغا ئېلىپ ماڭدى.

— يۈزىمىزنى يۇيۇۋالغۇدەك سۇ بولسا ئالغاچ كىر، مەن
ماڭىمەن.

— قەيەرگە ماڭىسەن؟ — دەپ سورىدى ئەزىز، بىر چېلەك

سۇنى ئەكىرىپ، ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇپ.

K شەھىرىگە باراتتىم. سارەنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن يول ئۈستىدىلا چۈشۈپ سەن بىلەن كۆرۈشتۈم. كېيىن يەنە كېلەرمەن، سەنمۇ بارارسەن.

— K شەھىرىگە نېمىگە بارىسەن؟

— رابىيەنى ئىزدەپ.

— نېمە دەۋاتىسەن؟ رابىيە ئۆلۈپ كەتتىغۇ!

— قانداق ئۆلۈپ كەتتى؟ ئەھۋالنى سەن بىلەمسەن؟

— قانداق ئۆلۈپ كېتەتتى؟ ھەممىمىز ئۆلىمىز، شۇنداق ئۆلگەندۇ.

— ئەجەلغۇ ھەممىمىزگە سايىدەك ئەگىشىپ يۈرىدىغان نەرسە. K شەھىرىگە بىر بارمىغۇچە كۆڭلۈم تىنمايدۇ.

— ئەمىسە ئەتە ماڭ، بېلەتمۇ ئالمىدۇقغۇ تېخى!

— بېكەتكە بېرىپ باقايلى، بىرەر بېلەت چىقىپ قالار، بولمىسا قايتىپ كېلەيلى.

ئۇلار مۇزدەك سۇدا يۈزىنى يۇيۇشتى. ئاغزى ئوچۇق قالغان چايداندىكى سوۋۇپ قالغان قايناق سۇدىن ئازراقتىن قۇيۇپ ئىچىشىپ، بىرەر بۇردىدىن نان يەپ يولغا چىقىشتى.

— ھېلىقى گەپىنىڭ جاۋابىنى بەرمىدىڭغۇ؟— دەپ ئەزىزنىڭ ئېسىگە سالدى ئەلى يولدا.

— قايسى گەپىنىڭ؟

— ئاخشام سەن ساقمۇ، مەستمۇ؟ سارەگە نېمىدەپ جاۋاب بېرىمەن؟

— ھاراق ئىچىپ ئولتۇرۇپ قىلىشقان گەپكە ئىشەنگىلى بولمايدۇ. شۇڭا ساڭا ئۇنچىقمىغانىدىم. كېچىكى گەپلەر جىلك

بولسا، سارەگە ئېيتىپ قوي، مەن ئۆزۈم يېقىن ئارىدا ئۇنى ئىزدەپ بارىمەن...

ئۇلارنىڭ بەختىگە ماشىنىدىن بىر كىشىلىك ئورۇن چىقىپ قالدى. ئەزىز دوستى بىلەن خوشلاشقاندا كۆزلىرى ياشقا تولغانىدى.

## 10

ئەزىز بىلەن خوشلىشىپ يولغا چىققاندىن كېيىن، ئەلى ئۆزىنى ناھايىتى خۇشال ھېس قىلدى. ئاپتوبۇس كەڭ دالادا ئۇچقاندەك ئىلگىرىلەيتتى. يول بويىدىكى دەرەخلەر، كەڭ ئېتىزدا يەلپۈنۈپ تۇرغان زىرائەتلەر، ئېرىق بويىدا كالىسىنى ئوتلىتىۋاتقان بوۋاي، ئېتىزلىقلار ئارىسى بىلەن كەتكەن سوقماق يوللار، ھارۋىلىق كېتىپ بارغان يولۇچى، ئېتىز ئىچىدە يۈگۈرۈپ يۈرۈپ سۇ تۇتۇۋاتقان دېھقان غىل - پال قىلىپ كۆزگە تاشلىنىپ قالاتتى - دە، ئارقىغا ئۆتۈپ كېتەتتى... ئەلىنىڭ كۆز ئالدىغا سۆگەتلەر سايە تاشلاپ تۇرغان بىر خىلۋەت يول كەلدى؛ ئۇ يول بىلەن ئەزىز يوغان قارا سومكىسىنى كۆتۈرۈپ ئىرغاڭلاپ كېلىۋاتقان، سارە ئۇنىڭغا قاراپ يۈگۈرۈپ كېتىپ بارغان مەنزىرە شەكىللەندى. ئەلى ئۆزىنىڭ بۈگۈنكى خۇشاللىقىنىڭ نېمىدىن ئىكەنلىكىنى چۈشەندى: ئەزىز راستىنلا سارەنى ئىزدەپ بارارمۇ! ...

ماشىنا K شەھىرىگە كەچ يېتىپ كەلدى. ئەلى بىر مېھمانخانىدا قونۇپ، ئەتىسى كامالنىڭ بەرگەن ئادرېسى بىلەن ئىسمائىلنى ئىزدىدى.

ئۇ ، تۆت كوچىنىڭ دوقمۇشىغا زامانىۋى پاسوندا سېلىنغان ئېگىز بىنانىڭ پەلەمپەيلىرىدىن كۆتۈرۈلۈپ ، ئەينەكلىك چوڭ ئىشىكتىن كىردى . ئىشىك باققۇچى ئىسمائىلنى ئۈچىنچى قەۋەت ئون ئىككىنچى نومۇرلۇق ئۆيدە ، دەپ ئېيتىپ بەردى . بىنانىڭ ئىچىمۇ سىرتىغا ئوخشاش چىرايلىق ۋە پاكىز ئىدى . يېڭى بىنادىن ياغاچ ۋە سىرنىڭ ئۆتكۈر پۇرىقى كېلەتتى . زاللارغا تەشتەكلىك گۈللەر قويۇلغان ، تاملارغا سىزما رەسىملەر ئېسىلغانىدى . كەڭ دېرىزىلەردىن چۈشكەن يورۇقلۇق تاملار ، پەلەمپەيلەرنىڭ يان ياغاچلىرى ، ئىشىكلەرنىڭ پولات تۇتقۇچلىرىدا يالتىرايتتى . بىنادا ئاجايىپ بىر جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرەتتى . ئىككىنچى قەۋەتتىن باشلاپ سېلىنغان پاياندازلار كىشىنىڭ قەدەم ئاۋازىنى يۇتۇپ كېتەتتى… ئەلى ئۈچىنچى قەۋەتكە چىقىپ ، ئون ئىككىنچى نومۇرلۇق ئۆينى چەكتى .

— كىرىڭ !

بىر قىزنىڭ زىل ئاۋازى ئاڭلاندى . ئەلى ئىشىكنى ئېچىپ ، ئازادە ، يورۇق بىر بۆلۈمگە كىرىپ قالدى . بۇ بۆلۈمنىڭ ئوتتۇرىسىغا چوڭ گىلەم تاشلانغان ، تام تەرەپكە خۇرۇم سافالار قويۇلغان بولۇپ ، تالاغا قارىغان بىر تېمى پۈتۈنلەي ئەينەكلىك قىلىپ ياسالغانىدى .

— كىمنى ئىزدەيسىز ؟ — دېدى ئىشىك تۈۋىدە ئولتۇرغان ماشىنىست قىز .

شۇ چاغدا ، نېرىدىكى چوڭ ئۈستەلدە ئىشككە ئارقىسىنى قىلىپ ئولتۇرغان كىشى ئۆرۈلۈپ ئارقىسىغا قارىدى - دە ، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى .

— ئەلى !

ئۇلار قول ئېلىشىپ تۇرۇپ قېلىپ ، بىردىنلا قۇچاقلىشىپ كېتىشتى .

— قانداق تېپىپ كەلدىڭ ؟

— خېلى تەستە تاپتىم .

— سالامەتلىكىڭ ؟

— ھەر ھالدا يامان ئەمەس .

ئىسمائىل ئەلىنى يەنە بىر قېتىم قاتتىق قۇچاقلىدى . ئۇلارنىڭ بۇ كەيپىياتىنى كۆرگەن ماشىنىست قىزمۇ ئىختىيارسىز ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەنىدى .

— ئەلى ، ئولتۇر ، توختا ، بولمىسا ئۆيگىلا بارايلى ، ئايگۈلمۇ بۇگۈن دەم ئالغان ، — دېدى ئىسمائىل .

— خىزمىتىڭچۇ ؟

— سىز كاتىپقا ئېيتىپ قويارسىز ، — دېدى ئىسمائىل ماشىنىست قىزغا قاراپ ، — بۇ مېنىڭ كۆرۈشمىگىلى ئۇزۇن بولغان ساۋاقدىشىم ، يىراقتىن كەلگەن مېھمان...

ئەلىنى ھەيران قالدۇرغان نەرسە شۇ بولدىكى ، ئىسمائىل ئۇ ئۇچراتقان باشقا ساۋاقداشلارغا قارىغاندا ساغلام ۋە ياش تۇرۇپتۇ . ئىسمائىل ئەلىدىن ئىككى - ئۇچ ياشچە چوڭ بولۇپ ، مەكتەپتىكى چاغدا ئۇ ئېغىر - بېسىق ، ئۆزىنى تۇتقان ئوقۇغۇچىلاردىن ئىدى . ئەلى ئۇنى ياخشى كۆرەتتى . ئىسمائىل ئۇچ يىل سىنىپ باشلىقى بولغانىدى . «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»غا كەلگەندە ئۇنىڭ سىنىپ باشلىقلىق ھوقۇقى تارتىۋېلىنغان ، ئۇ ھېچقايسى تەرەپكە قاتناشماي چەت ئەل تىللىرىنى ئۆگەنگەنىدى .

ئۇلار ئىسمائىلنىڭ ئۆيىگە قاراپ كەتتى . بىنانىڭ

ئارقىسىدىكى چوڭ قورۇنى كېسىپ ئۆتۈپ، كەينى دەرۋازا بىلەن تار بىر كوچىغا چىقىشتى. ئازراق مېڭىپ ئائىلىلىكلەر قورۇسىغا يېتىپ كەلدى. بۇ بىر قەۋەت سېلىنغان ئۇزۇن كورپۇس ئۆيلەر بولۇپ، ھەممە ئائىلىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىشىك ئالدىنى توسۇپ چاققانغىنە ھويلا قىلىشىۋالغانىدى. ئۇلار يېشىل سىرلانغان كىچىك دەرۋازىدىن كىرىشتى. ئەلى ھويلا ئىچىگە قاراپ ئايگۈلنىڭ خېلى ئىشچان خوتۇن بولغانلىقىغا كۆزى يەتتى. دەرۋازىدىن ئۆيگىچە بولغان ئارىلىققا پىششىق كېسەكتىن يول ئېلىنغان بولۇپ، يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە قىلىنغان گۈللۈكتە رەڭمۇرەڭ گۈللەر ئېچىلىپ تۇراتتى. ئۆيلەر، قورۇق تاملار، ھەتتا بۇلۇڭدىكى تونۇر بېشىغىچە ئاپئاق ئاقارتىلغانىدى. ئىشىك ئالدىدىكى تارتىلغان ئىككى تال ئارغامچىدا يېڭى يۇيۇلغان كىرلەر يېيىقلىق تۇراتتى.

— ئايگۈل، قارا، كىم كەلدى! — دەپ ۋارقىرىدى ئىسمائىل.

دالان ئۆيدە كىر يۇيۇۋاتقان ئايگۈل ئورنىدىن تۇرۇپ پەرتۇقىغا قولىنى سۈرتكىنىچە، بىر ئالدىغا - بىر كەينىگە مېڭىپ داسلار ئارىلىقىدا پىرقىراپلا قالدى.

— ئەلىغۇ بۇ؟ ئىچكىرىگە باشلاڭە، ئىسمائىل، بۇ ئۆي بەك قالايمىقان، ۋېيەي، ئۆلمىسەكلا كۆرۈشىدىكەنمىز - ھە!

— قوزغالماي ئىشىڭىزنى قىلىۋېرىڭ، ياخشىمۇسىز؟ — دېدى ئەلى.

— كىرنىغۇ يۇيۇپ بولغان، ماۋۇ نەرسىلەرنى بىر قۇر چايقىۋەتسەملا بولىدۇ. ئۆيگە كىرىڭلار، ئۆيگە...

بۇ ئۆيلەر سىرتىدىن ئاددىي كۆرۈنگىنى بىلەن ئاستى

تاختاي ، ئۈستى لايلەمپە قىلىپ ئوبدان سىلىنغان ئۆيلەر ئىدى .
ئىسمائىل باشلاپ كىرگەن مېھمانخانا ئۆي ناھايىتى ئازادە بولۇپ ،
تاختايلىرى پارقىراپ تۇراتتى . ئۆي ئىچىدە ئۇشۇقچە ھەشەمەتلىك
جاھازلارمۇ يوق ئىدى ، بۇلۇڭدا بىر جۈپ سافا ، تام تەرەپتە
ئۇزۇن بىر دىۋان تۇراتتى . يەنە بىر بۇلۇڭدا ئەينەكلىك چوڭ
ئىشكاپ بار ئىدى . ئۆينىڭ تۆرىدە ئۇچۇق تۇرغان يەنە بىر
ئىشىكتىن كىتاب جازىلىرى ، يېزىق ئۈستىلى قويۇلغان كىچىك
ئۆي كۆرۈنۈپ تۇراتتى . ئىسمائىلنىڭ ئۆيدىكى ئىشخانىسى
ئىكەن ــ دە ! دەپ ئويلىدى ئەلى . ئۇنىڭغا خىلىلا ھاردۇق
يەتكەندى . يۇقىرىغا ئۆتۈپ ، دىۋانغا ئۆزىنى تاشلىدى .

— خوتۇن كىرىنى بىرنېمە قىلىپ بولغۇچە مەن ئۆزۈملا
ساڭا چاي قىلاي ،— دەپ چىقىپ كەتتى ئىسمائىل .

ئەلى ئۆي ئىچىگە كۆز يۈگۈرتۈپ ، ئىسمائىلنىڭ خوتۇن
تاللاشتىمۇ دىتى بار ئىكەن ، دەپ ئويلىدى . بۇ ئۆيدە جاھازلار
ئانچە كۆپ بولمىسىمۇ ، ھەممە نەرسە جاي ـ جايىغا قويۇلغانىدى .
كىشى پاكىزلىك ، ئازادىلىك ھېس قىلاتتى . قىش كۈنلىرى ئۆي
ئىچى بىلەن دېرىزە تەكچىلىرىنى بېزەپ تۇرىدىغان گۈللەرنىڭ
ھەممىسى ھويلىغا ئاچىقىۋېتىلگەنىدى .

ئىسمائىلنىڭ ئايالى ئايگۈل بىر تۇرمۇشلۇق بولۇپ ،
يولدىشىدىن ئاجراپ ئوقۇشقا كەلگەن قىز ئىدى . ئۇ مىجەزى
ئېغىر ، ئۆز ئىشىغا پۇختا ئىدى . ئايگۈل چىرايلىق بولسىمۇ ،
باللار ئۇنى «چوكان» دەپ ئانچە نەزىرىگە ئىلىپ كەتمەيتتى .
بۇ قىزغا ئىسمائىلنىڭ كۆزى چۈشتى . ئۇلارنىڭ قايسى ۋاقىتتا
مۇھەببەتلىشىپ ، قايسى ۋاقىتتا گېپىنى پىشۇرۇۋېلىشقىنىنى
ھېچكىم سەزمەي قالدى . كېيىن ئۇلار توي قىلىشقاندا ھەممىسى

ھەيران بولۇشقانىدى . ھازىر ئۇلار ئىككى بالىغا ئاتا ـ ئانا بولغان ، بالىلىرىمۇ چوڭ بولۇپ قالغانىدى .

ئىسمائىل چايغا جوزا راسلىدى . ئايگۈلمۇ چاي چۆگۈننى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى . ئايگۈلنىڭ سەمرىپ كەتكىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، ئۇمۇ ئانچە ئۆزگەرمەي ياپياشلا تۇرغانىدى . ئۇلار ئۈچ ساۋاقداش دەرقەمتە ئولتۇرۇپ چاي ئىچىشتى .

— قەيەرگە ئورۇنلاشتىڭ ؟ — سورىدى ئىسمائىل .

— تېخى بىر يەرگە ئورۇنلاشمىدىم . ھازىر دەم ئېلىۋاتىمەن . رەسمىيەتلىرىمنى پۈتتۈرگىلى ئۈرۈمچىگە يەنە بارىمەن .

— قېنى ، چاي ئىچ !

— سېنى چوڭ باشلىق بولۇپ كەتتى ، دەيدىغۇ !

— ھە ، ئازراق مەنسەپدار بولۇپ قالدىم ، — دەپ كۈلدى ئىسمائىل ، — يېقىندا يەن ـ تېخنىكا كومىتېتىغا جۇرېن قىلىپ يۆتكەشتى . ئۇنىڭ ئالدىدا مائارىپ بۆلۈمىدە ئىشلىگەنىدىم . بىرقانچە كىتابلارنى تەرجىمە قىلدىم ، بەش ـ ئالتە پارچە ئىلمىي ماقالە يازغان بولدۇم . شۇ ئىشلارنىڭ كۈچى بىلەن بۇ ئورۇنغا چىقىپ قالدىم . تۇرمۇشىمىزنى كۆرۈپ تۇرۇۋپسەن ، ماختاپ كەتكۈدەكمۇ ئەمەس ، زارلاپ كەتكۈدەكمۇ ئەمەس ، ئەل قاتارى .

— ئايگۈل ، سىز ؟...

— ۋاي ، بىزنى نېمە قىلىدۇ دەيسىز ، — دېدى ئايگۈل ، — بالا ئوقۇتۇپ ، ئۆيگە كېلىپ ئىسمائىل غوجامنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ كۈنىمىز كېتىپ بارىدۇ...

— مەن سىلەرنى يوقلاپ ، يەنە بىرى... ھە ، يەنە بىرى رابىيەنى ئىزدەپ كەلگەنىدىم ، — دېدى ئەلى سوئال نەزىرى بىلەن

ئۆلارنىڭ چىرايىغا تىكىلىپ .

ئىسمايىل بىلەن ئايگۈل ھەيران بولۇپ بىر - بىرىگە قاراشتى .

— سەن تېخى ئۇقمامسەن ؟ — دېدى ئىسمائىل ، — رابىيە ئۆلۈپ كەتكىلى ئۇزۇن يىل بولدىغۇ !

— قاچان ، قانداق ئۆلۈپ كەتتى ؟

— بىز بۇ يەرگە تەقسىم بولۇپ كېلىپ بىر يىلدىن كېيىنمىكىن ، ئاغرىپ ئۆلۈپ كەتتى ··· ئۇ چاغدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسىنى گۇڭشې - دۆيلەرگە قايتا تەربىيە ئېلىشقا چۈشۈرگەنىدى . ھەرقايسىمىز بىردىن - ئىككىدىن بولۇپ ھەر تەرەپكە چېچىلىپ كەتتۇق . ئىبادەت بىلەن رابىيە خېلى يىراقتىكى بىر يېزىغا چۈشۈپ كەتكەن ···

— ئىبادەت بىلەن ؟ !

— شۇنداق بولغان ، ئىبادەت ئىككىسى بىر يېزىغا چۈشۈپ كەتكەن . نېمىشقا شۇنداق بولۇپ قالدى ، دېسەڭ ، ئىبادەت مەكتەپتىكى چاغدا «ئىنقىلاب ئوتىنى تۇتاشتۇرىمەن» دەپ بۇ يەرگە كېلىپ ، بۇ يەردىكى باشلىقلارنىڭ خېلى چىشىغا تەگكەنىكەن . ئىبادەت تەقسىم بولۇپ كېلىشى بىلەنلا ئۇلار ئۇنى تونۇۋاپتۇ . ئۆز ۋاقتىدىكى قىلمىشىغا يارىشا ئۇنى ئاشۇ چەت يېزىغا قوغلىغانىدى . رابىيەنى «ئەكسىلئىنقىلابچىنىڭ ئايالى» دەپ شۇ ياققا بۆلۈۋەتكەن ··· ئۇ چاغدىكى ۋەزىيەت شۇنداق ئىدى ، ئەلى . رابىيەنىڭ سەندىن ئايرىلغاندىن كېيىنلا سالامەتلىكى ياخشى بولماي قالغان ، قايتا تەربىيەگە بارغان يېرىدىمۇ ئۇنىڭغا ، ئېرى تۈرمىدە ئىكەن ، دەپ ياخشى مۇئامىلە قىلمىغان ئوخشايدۇ ، كېيىن ئاغرىقى ئېغىرلىشىپ ، بىراقلا يىقىلىپتۇ . يۇرتىدىن

ئاكىسىمۇ، ئەيناۋۇر بىر تۇغقىنىنىڭ ئۇنى ئەكېتمەن، دەپ كەلگىنىنىڭ گېپى بار. شۇ ئارىلىقتا ئۇ ۋاپات بوپتۇ. ئۇ چاغدا، ھەممىمىز ھەر تەرەپتە ئۆز ھەلەكچىلىكىمىز بىلەن...

ئىسمائىلنىڭ كېيىنكى سۆزلىرى ئەلىنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدى پۇرقىراپ كۆتۈرۈلگەن توپا، لايقىپ ئاققان سۇ، ئۇرغۇپ چىقىۋاتقان قان تۇرۇۋالغاندەك بولۇپ قاراڭغۇلىشىپ كەتتى. ئۇ كۆزىنى يۇمدى، مېڭىسىگە ئۆرلىگەن قىزىق قان يەنە بەدىنىگە تارقىغاندەك بولدى - دە، كۆزىنى ئېچىپ سورىدى.

— رابىيەنىڭ قەبرىسى نەدە؟

— ئۇنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى بىزمۇ خېلى كېيىن ئاڭلىدۇق. بىر - ئىككى ئاي ئۆتكەندىن كېيىنمۇ، ئايگۈل ئىككىمىز ئۇنىڭ تۇپراق بېشىغا چىققان... شۇ يېزىنىڭ چېتىدىكى بىر قەبرىستانلىقتا.

— مېنى باشلاپ ئاپار!

— ئارىلىقى خېلى يول. ماشىنا بىلەن توپتوغرا بەش - ئالتە سائەت ماڭىدىغان گەپ، بۇگۈن كۈن كەتتى. ھازىر مەن بېرىپ ئىدارىنىڭ كىچىك ماشىنىسىنى سۆزلىشىپ قوياي، ئەتە سەھەردە مېڭىپ كېتەيلى. بېرىپ - كەلگۈچە گەپ يوق بىر كۈن كېتىدۇ.

ئەلىنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتكەنىدى. ئايگۈل ئۇنىڭغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويۇپ، ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى.

— خۇدايىم توۋا! — دېدى ئايگۈل، — سىز ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىپ تىرىك قايتىپ كەپسىز، تىرىك قالغان رابىيە كېتىپ قالدى. نېمىدېگەن تەڭشەلمىگەن ئالەم - ھە! مەكتەپتە بىزدىن كېيىنلا سىلەر توي قىلىشقانىدىڭلار...

— ئەلى بىلەن رابىيە بۇرۇن توي قىلغاندۇ ؟ — دېدى ئىسمائىل .

— ۋىيەي ، ماۋۇ ئىسمائىلنىڭ ئۇنتۇپ قالغىنىنى ، ئەللەر بىزدىن كېيىن توي قىلدى . مېنىڭ شۇنداق ئېسىمدە ، ئەللەر توي قىلغان ئۆي مەكتەپنىڭ ئارقىسىدىكى بىر تار كوچىنىڭ ئىچىدىكى قورۇدا ئىكەن . شۇ كۈنى پاتقاقچىلىق ، قايتقاندا ئىككىمىز قولتۇقلىشىپ تامنىڭ تۈۋى بىلەن مېڭىپ ، ئاران ئۆتمىگەنمىدۇق ؟... توي قىلمىغان بولساق قولتۇقلىشىپ يۈرمەستۇق !

— توي قىلمىغاندىمۇ قولتۇقلىشىپ يۈرگەندىمىز ؟ — دېدى ئىسمائىل كۈلۈپ .

— يوقسۇ ، — دېدى ئايگۈل ، — توي قىلماستىن ئىلگىرى ئىككىمىز تۈزۈكرەك بىللىمۇ مېڭىپ باقمىغان . سىز گەپكە ئۇستا ئىكەنسىز ، بىر پارچە خەت بىلەنلا بېشىمنى ئايلاندۇرۇپ ئېلىۋالدىڭىز . تويدىن كېيىن قولتۇقلاشقان بولساق قولتۇقلاشقاندىمىز...

— بولدى ، بولدى . بۇ گېپىڭنى قوي ، — دەپ ئورنىدىن تۇردى ئىسمائىل ، — ئەلى بىردەم هاردۇق ئالسۇن ، سەن تاماق قىل ، مەن ئىدارىگە چىقىپ كىچىك ماشىنىنى سۆزلىشىپ باقاي .

ئەر - خوتۇن ئىككىسى چىقىپ كەتتى . ساراي ئۆيدە ئەلى يالغۇز قالدى . ياندىكى تومپۇچكىنىڭ ئۈستىدە بىر ئالبوم ياتاتتى . ئۇ دىۋانغا سوزۇلدى - دە ، ئالبومنى قولىغا ئېلىپ ۋاراقلىدى . ئالبومدا ئىسمائىلنىڭ بالىلىرىنىڭ سۈرەتلىرى ، ئايگۈلنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن چۈشكەن سۈرەتلەر تۇراتتى... ئەلىنىڭ دىققىتى سۈرەتلەردە ئەمەس ئىدى ، ئالبومنى مەقسەتسىز

هالدا ۋاراقلاپ : ئاۋۇ كۈلۈپ تۇرغان قىز كىمكىن ، نېمە ئىش ئۇنى شۇنچىۋالا خۇشال قىلىۋەتكەندۇ ؟ مۇنۇ كۆچەت تىكىپ تۇرغانلارنى سۈرەتكە ئېلىشنىڭ نېمە ھاجىتىكىن ؟ ماۋۇ يەڭ بەلگىسى تاقاپ چۈشكەنلەر كىملەر ، بۇ قايسى دەۋردىن قالغان سۈرەت ؟ تيەنئەنمېننىڭ ئالدىدا ئۆزۈندى كىتابلارنى تۇتۇپ چۈشكەن مۇنۇ بىر توپ ياشلار كىملەر ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئايگۈلمۇ بارمۇ قانداق ؟ ... بىر قولىدا قورچاق ، يەنە بىر قولىدا پومزەك تۇتۇپ تۇرغان بۇ ئوماق بالا كىمنىڭ بالىسىدۇ ؟ نېمىشقا بۇ سۈرەتلەرنىڭ ئىچىدە رابىيەنىڭ سۈرىتى يوق ؟... مۇھەببەت دېگەن زادى نېمە ، ياخشى كۆرۈش مۇھەببەتمۇ ؟... ماۋۇ جانان كىمدۇ ، كىنو ئارتىسىمۇ ياكى ئايگۈل بىلەن ئىسمائىلنىڭ تۇغقىنىمۇ ؟ مۇھەببەت سېزىمىنى قوزغايدىغان نەرسە نېمە ، چىرايمۇ ؟... مۇنۇ ئېگىز بىنالار قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان قايسى شەھەركىنا ؟ چاپىنىنى بىلىكىگە تاشلاپ تۇرغان مۇنۇ يىگىت كىم ؟... ئۇ رابىيەگە قانداق باغلىنىپ قېلىۋېدىكىنا ، رابىيە گۈزەلمۇ ؟ ئۇ ئورۇق ، زىلۋا قىز ئىدى ، ھەمىشە بىر قىزىقچىلىق چىقىرىپ ، كۈلۈپلا يۈرەتتى . نېمىشقا ئەلىنىڭ ئۇنى كۆرگۈسى كېلەتتىكىن ، رابىيەدىن يىراقتا تۇرغان چاغلىرىدا نېمىشقا ئۇنىڭ كۈلكىلىرىنى سېغىناتتىكىن ؟ ... دېگەنلەرنى ئويلىدى . ئەلىنىڭ ئېسىگە رابىيەدىن ئايرىلغان ئەڭ ئاخىرقى كېچە كەلدى . ساقچى كىيىمىدىكى ھېلىقى ئادەملەر تۈن يېرىمىدىن ئۆتكەندە كېلىشكەنىدى . رابىيە بىلەن ئەلى ئالدىراپ كىيىنىشتى . ئۇلار رابىيەنىڭ كۆز ئالدىدىلا ئەلىنىڭ قولىغا كويزا سالدى . رابىيەگە : «ئېرىڭ بىر - ئىككى كۈندىن كېيىن قايتىپ كېلىدۇ ، ئارقىدىن ئەگىشىپ چىقما !» دەپ بۇيرۇق قىلىشتى .

ئەلى دەرۋازىدىن چىقىپ كېتىپ بېرىپ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قارىغىنىدا، رابىيەنىڭ كۆز ياشلىرى بىلەن يۇيۇلغان يۈزى دېرىزە ئەينىكىگە يېپىشقىنىچە قېتىپ قالغانىدى. ئۇ چاغدا ئەلى، بۇ بىزنىڭ ئاخىرقى كۆرۈشۈشىمىز بولۇپ قالىدۇ، دەپ ئويلىمىغانىدى. مەن هايات قېلىپ، رابىيە ئۆلۈپ كېتىدۇ، دېگەننى بولسا تېخىمۇ خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى.

ئەلىنىڭ قولىدىكى ئالبوم سىيرىلىپ، يەرگە «پاققىدە» چۈشتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. نېمە ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرغانلىقىنى ئېسىگە ئالالمىدى، ئېڭىشىپ ئالبومنى قولىغا ئېلىپ تومپۇچكا ئۈستىگە قويۇپ، دالان ئۆيگە چىقتى. ئۇ يەردە ئايگۈل خېمىر يۇغۇرۇۋاتاتتى.

— سىزنى يالغۇز تاشلاپ قويدۇق - هە؟ — دېدى ئايگۈل.

— ئىسمايىل كەلگۈچە كوچىلارنى بىر ئايلىنىپ كېلەي،— دەپ سىرتقا ماڭدى ئەلى. ئايگۈلنىڭ:

— يىراققا كېتىپ قالماڭ، تاماق هازىرلا تەييار بولىدۇ!— دېگەن ئاۋازىنى ئۇ هويلىدا تۇرۇپ ئاڭلىدى.

ئەلى قانداقتۇر بىر تار كوچىلاردىن ئۆتۈپ، چوڭ كوچىغا چىقىپ قالدى - دە، تەۋەككۇل قىلىپ بىر تەرەپكە قاراپ مېڭىپ كەتتى... ئەلى تۇرمىدىن چىقىش ئۈمىدى تۇغۇلغاندىن باشلاپ، ئۆزىنىڭ كەلگۈسىدىكى تۇرمۇشىنىڭ هەممىسىنى رابىيە بىلەن بىللە تەسەۋۋۇر قىلغانىدى. ئۇ رابىيەنى ئېلىپ يېزىسىغا قايتىپ كەتمەكچى، بوۋىسى ئولتۇرغان كونا جاڭزىغا ئۆي سېلىپ، شۇ يەردە ياشىماقچىدى. ئۇ دېھقانچىلىق قىلىشنى، جاڭزىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى دەريا بويىغا چۈشۈپ، دەرياغا قارماق تاشلاپ قويۇپ، قىرغاقتا خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇشنى خالايتتى. خىيالىدا ئۇ،

ئېتىزدىن ھېرىپ كەلگەندە ئۆي ئالدىدىكى كاۋا ـ قاپاق بارىڭى ئاستىدا ئولتۇرۇپ ، رابىيە بىلەن بىللە چاي ئىچەتتى ؛ ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا تۆكۈپ قويغان يېڭى مەڭگەن ئۈستىدە يېتىپ ، يۇلتۇزلارغا قارايتتى ، ئۇ دەرياغا چۈشۈپ بېلىق تۇتقاندا رابىيە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولۇپ ، قارماقلارغا سازاڭ ئۆتكۈزۈپ بېرەتتى ، ئاندىن ئۇلارنىڭ بالىلىرى بولاتتى... بەزىدە ئەلى ، رابىيە ئىككىمىز يېزا بالىلىرىنى ئوقۇتساق بولامدىكىن ، دەپمۇ ئويلايتتى... ئىشقىلىپ ، ئۇنىڭ تۇرمۇش ھەققىدىكى ھەممە پىلانلىرى رابىيە بىلەن مەھكەم باغلىنىپ كەتكەنىدى . شۇڭا ئۇ ، «رابىيە ئۆلگەن» دېگەن خەۋەرنى راخمان مۇئەللىمنىڭ ئۆيىدە چاغدىلا ئاڭلىغان بولسىمۇ ، بۇ خەۋەرگە ئۆزىنى ئىشەندۇرەلمىگەن ، بىر ئۈمىد ئۇنى مۇشۇ يەرگىچە ئەكەلگەنىدى . بۈگۈن بۇ ئۈمىد ئوتى ئۆچتى . ئۇ ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇشىنى رابىيەسىز تەسەۋۋۇر قىلىشى ، باشقىچە پىلان تۈزۈشى لازىم . لېكىن ئەلىنىڭ مېڭىسى ھازىر قۇپقۇرۇق ئىدى...

ئەلى ماڭە ـ ماڭە ئاۋات بىر بازارغا كېلىپ قالدى . ئېھتىمال ، بۇ شەھەرنىڭ ئەنئەنىۋى كونا بازىرى مۇشۇ جايدا بولسا كېرەك ، كوچا تار بولسىمۇ ، دۇكانلار ، ئۆيلەر ناھايىتىمۇ زىچ جايلاشقانىدى . ئادەملەرنىڭ ۋاڭ ـ چۇڭى ، قاسقانلاردىن كۆتۈرۈلگەن ھور ، كاۋاپدانلاردىن ئۆرلەۋاتقان تۇتەك ، كىشىلەردىن چىقىۋاتقان تەر ھىدى — بۇلارنىڭ ھەممىسى قوشۇلۇپ ئۆتكۈر بىر پۇراقنى ھاسىل قىلاتتى... ئەلى ھەممە نەرسىگە پەرۋاسىز نەزەر تاشلايتتى . نېمىشقا بۇ ئادەملەر شۇنچىۋالا ۋاڭ ـ چۇڭ كۆتۈرۈشىدىغاندۇ ؟ كۆلۈپ كۆزلىرى يۇمۇلۇپ كەتكەن ئاۋۇ ساقاللىق ئادەمگە يېنىدىكى بۇرادىرى نېمە

قىزىق پاراڭ سېلىپ بېرىۋاتقاندۇ؟ كىشىلەرگە ئۇرۇلۇپ - سوقۇلۇپ كېتىپ بارغان ماۋۇ دوپپىلىق ئادەم نېمىگە شۇنچىلىك ئالدىراشتۇ؟...

ئەلى بۇ ئاۋات مەيداننى كېسىپ ئۆتۈپ، چەتتىرەك تۇرغان بىر كىچىك دۇكاننىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپ قالدى. بۇ دۇكاننىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى بىر زامانلاردا راخمان مۇئەللىم بىلەن ئەلى ئوغرىلىقچە چىقىپ هاراق ئىچىدىغان قاۋاققا ئوخشىشىپ كەتتى. ئەلى ئەينەكلىك ئىشىكنى ئىتتىرىپ كىردى - دە، هەيران قالدى. بۇ راستتىنلا بىر هاراق دۇكىنى ئىدى.

— پارچە هاراق بارمۇ؟ — دېدى ئۇ پوكەي ئالدىغا كېلىپ.

— بار، — دەپ پوكەينىڭ ئارقىسىدىن ئوتتۇرا ياش بىر ئادەم قوپۇپ كەلدى.

— يۈز گىرام قۇيۇڭە، چىلىغان سامساق باردۇ؟

— چىلىغان سامساق يوق ئىدى.

— هەتتىگىنەي، چىلىغان سامساق بولسا قالتىس بولاتتى - دە، — دەپ هاراقنى قۇرۇقلا كۆتۈرۈۋەتتى ئەلى.

دۇكاندىن كوچىغا چىققاندا ئۇنىڭ كاللىسىغا، رابىيەمۇ بىر چاغلاردا مۇشۇ كوچىلاردا ماڭغان بولغىيدى دېگەن خىيال كەلدى - دە، شەهەر كوچىلىرىنى ئوبدانراق بىر ئايلىنىش قارارىغا كەلدى. ئۇ قانداقتۇر بىر يايمىچىلار، ماگىزىنلار ۋە چوڭ بىر كىنوخانىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتتى - دە، يولنىڭ چېتىگە كونا پالاسنى يېيىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە كىشىنى ئاجايىپ خىياللارغا سالىدىغان بىر سىقىم رەڭدار تاشلارنى تاشلاپ ئولتۇرغان رەمچىنىڭ قېشىغا كېلىپ توختاپ قالدى. لېكىن،

رەمچىنىڭ كۆزى شۇ تاپتا يولنىڭ ئۇ چېتىدە كېتىپ بارغان سېمىز خوتۇنغا چۈشۈپ ، ھەممە يېرى لىغىرلاپ كېتىپ بارغان بۇ خوتۇننى ھازىر ئۇ قىپيالىڭاچ ھالدا كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ، شۇ خىيالىنىڭ ھۇزۇرىنى سۈرۈۋاتاتتى . رەمچى ئېسنى يىغىپ :

— كېلىڭ ، ئۇكام ، بەختى - پېشانىڭىزگە بىر پال ئېچىپ باقاي !— دېگەن چاغدا ، ئەلى ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتكەندى .

ئەلى تۇرمىدە مۇنداق پالچىلارنى كۆپ كۆرگەن ، ئۇلار ۋاقىت تاپسىلا قىرىق بىر تال تاشنى يىغىۋېلىپ زېرىكمەي پال ئېچىشىپ ، ئۆزلىرىنىڭ كەلگۈسى تەقدىرى توغرىسىدا ھەر خىل قىياسلارغا چۈشۈپ كېتەتتى . ئەلى بۇ نەرسىگە ئىشەنمەيتتى…

كۆتۈلمىگەن يەردە ئۇ يەنە ھېلىقى ھاراق دۇكىنىنىڭ ئالدىدىن چىقىپ قالدى . دۇكانغا كىرىپ ، يەنە يۈز گىرام ھاراق قۇيدۇرۇپ ئىچتى ، كوچىغا قايتىپ چىقىپ ، ئەمدى ئىسمائىلنىڭ ئۆيىگە قايسى يول بىلەن قايتىپ كېتىشنى ئۇقالماي قالدى… تۇرۇپلا ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا يەنە ھېلىقى رەمچى كېلىپ ، رەمچىنىڭ ئۆز تەقدىرى ھەققىدە نېمىلەرنى دەيدىغانلىقى قىزىقتۇرۇپ قالدى - دە ، ئارقىسىغا يېنىپ ، رەمچى ئولتۇرغان جاينى ئىزدەپ تاپتى .

— ماڭا بىر پال ئېچىپ بېقىڭە .

— ئېتىڭىز نېمە ، ئۇكام ؟

— ئەلى .

رەمچى نېمىلەرنىدۇر پىچىرلاپ ، ئاخىردا ئەلىنىڭ ئىسمىنى ئۈنلۈك بىر تەكرارلىدى - دە ، مايلىشىپ كەتكەن پالاس ئۈستىدىكى سىلىقلىنىپ پارقىراپ كەتكەن تاشلارنى ئىككى قولى

بىلەن بىر يەرگە جەملەپ ، «بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم !» دەپ ئۇچكە بۆلدى ، تاشلارنى تۆتتىن جۈپلەپ تارتىپ ، قالغىنىنى پالاسنىڭ باش تەرىپىگە ئايرىپ چىقاردى ، بۇ ھەرىكەتنى ئۈچ قېتىم تەكرارلاپ ، توققۇز يەرگە تاش قويۇپ ، بىردەم خىيالغا چۆكتى ـ دە :

— ئۇكام ، سىز بىر نەرسە يىتتۈرۈپسىز ، — دېدى .

— توغرا ! — دېدى ئەلى ، — شۇ يىتتۈرگەن نەرسەم قەيەردىدۇ ، مۇشۇ يورۇق ئالەمدە بارمىدۇ ؟

— قارىغاندا يىتكەن مال خېلى چوڭدەك قىلىپ تۇرىدۇ . ئوغرى ئۆزىڭىزنىڭ مەھەللىسى ئەتراپىدا . ھازىر مال قاسساپنىڭ قولىدا . قاسساپمۇ «سوياىمۇ ، سويمايمۇ ؟» دەپ دەككە ـ دۈككىدە تۇرۇپتۇ . تېپىلسا مۇشۇ جۈمەگىچە خەۋىرى بولىدۇ ، ئۇنىڭ ئۇ يېقىغا ئۆتۈپ كەتسە …

— بولمىدى ، — دېدى ئەلى ، — باشقىدىن بىر سېلىپ بېقىڭا !

پالچى قۇملاقنى يەنە بىر قېتىم ئاچتى ، بۇ قېتىم ئويلانمايلا سۆزلەپ كەتتى :

— باش ئېغىر ، ئاياغ يېنىك چۈشتى . مانا ، سول تەرەپتە تۇرغان مۇنۇ بىر تال تاش سىز ، بىر دەۋا ئۈستىدە تۇرۇپسىز . چىڭ تۇرمىسىڭىز دەۋادا كەتكۈزۈپ قويىسىز . شۇڭا…

— بولدى ، بولدى ! — دېدى ئەلى ، — دەۋادا مەن ئاللىقاچان يېڭىپ ، ئازادلىققا چىقىپ بولدۇم . ئوبدانراق بىر سېلىڭا .

رەمچى بۇ قېتىم تاشلارنى ئۈچكە بۆلۈپ بىر رەتلا تاش چىقاردى ـ دە ، رەمنى ئاچماي يىغىشتۇرۇۋەتتى .

— نېمە بولدى؟ — دېدى ئەلى ھەيران بولۇپ.

— پالنىڭ بېشى ئۈچتىن توققۇز چۈشتى. مۇنداق پالنى ئاچمايمىز، ئاتىغىنىڭىزنى تاشلاڭ، ئۇكام. قاياققا بارسىڭىز يولىڭىز ئوچۇق، بەختى - تەلىيىڭىز قولىڭىزدا دېگەن گەپ!

ئەلى رەمچىنىڭ ئالدىغا بىر سوم پۇلنى تاشلاپ، ھاۋادا قولىنى بىر پۇلاڭلاتتى - دە، كېتىپ قالدى. ھاراق ئۇنى خېلىلا تۇتقاندى. يازنىڭ ئۇزۇن كۈنلىرى ئاخىرلىشىپ، سالقىن گۈگۈم ۋاقتى باشلىنىۋاتاتتى. ئالدىدىن توي تارتىپ كېلىۋاتقان بىر ماشىنا چىقىپ قالدى - دە، كوچىنى بىر دەملىك ۋاڭ - چۇڭغا تولدۇرۇپ، توي ناخشىسى بىلەن ئۆتۈپ كېتىشتى.

سېنىڭ يارىڭ ئوبدانمۇ،
مېنىڭ يارىم ئوبدانمۇ؟
ئەجەب مەززىلىك پۇرايدۇ،
قوينۇڭدىكى ئانارمۇ؟
......

باغقا كىرسەڭ باغچاڭمەن،
يارىم - يارىم، دوست.
ئۆيگە سالساڭ زىلچاڭمەن،
يارىم - يارىم، دوست.

سەن يارىم مېنى دېسەڭ،
يارىم - يارىم، دوست.
چېكەڭدىكى غۇنچەڭمەن،
يارىم - يارىم، دوست.

ناخشا ئاۋازى ئۇزاققىچە ئەلىنىڭ قۇلىقىدىن كەتمىدى. بۇ ناخشا ئۇ كىچىك چاغلاردا ئاڭلىغان توي ناخشىلىرىغا ئوخشىشايتتى. دوغىسىغا پەرەڭ ياغلىقلارنى چىگىۋەتكەن خادىك هارۋىلارنىڭ ئارقىسىدا يۈگۈرۈپ يۈرۈپ ئۇ ئاڭلىغان ناخشىلار مۇنداق ئىدى:

سايدا يۈرگەن جەرەننى،
سەككىز دەڭلار، يارسەنەم.
سەككىز قىزنىڭ بىرىنى،
مېنىڭ دەڭلار، يارسەنەم.
......

ئەگرى ـ ئەگرى كوچىلاردا،
ئىز كېلىدۇ، يارسەنەم.
كىمخاب تونغا پۈركىنىپ،
قىز كېلىدۇ، يارسەنەم.

ئەلى يەنە ئايلىنىپ هېلىقى هاراق دۇكىنىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالدى. يەنە يۈز گىرام ئىچىۋېتىپ ئۆتۈپ كېتەي، دەپ ئويلىدى ئۇ. دۇكاندا ئىككى ـ ئۈچەيلەن پوكەيگە يۆلىنىپلا هاراق ئىچىۋاتاتتى.

— ماڭا يۈزنى! — دېدى ئەلى.

ئۇ هاراقنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇشىغا، ئۆرە تۇرۇپ هاراق ئىچىۋاتقانلاردىن بىرى ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ قول سۇندى.

— ئەھۋالىڭىز قانداقراق؟ تونۇشۇپ قويايلى.

نىمىشقىدۇر، ئەلىمۇ ئۇنىڭغا قاراپ كۈلدى، لېكىن بۇ ئادەمنى قاچان، قەيەردە كۆرگەنلىكىنى ئەسلىيەلمىدى. ھېلىقى كىشى قولىدىكى هاراقنى ئەلىگە ئۇزاتتى.

— مەن جىق ئىچىپ قويدۇم، رەھمەت!

— قولۇمنى قايتۇرماڭ، كۆڭلۈم تارتىپ قالدى.

ئەلى بۇ ناتونۇش ئادەمنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن هاراق چىنىسىنى قولىغا ئېلىپ، بىر - ئىككى يۇتۇم ئىچتى. باشقىلارنىڭ هارىقىنى ئىچىپلا چىقىپ كېتىشنى توغرا كۆرمەي، يەنە ئىككى يۈز گىرام هاراق قويدۇرۇپ، پوكەينىڭ يېنىدىكى بۇرادەرلەرنىڭ ئالدىغا قويۇپ قويدى.

— هوي، بۇ قانداق گەپ؟ تونۇشۇپ قويايلى،— دېيىشىپ باشقىلارمۇ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتى. بۇ يەردە ھېچكىم ئەلىنى تونۇمايتتى. ئەلىمۇ ئۇلارنى قەيەردە كۆرگەنلىكىنى ئەسلەيمەن دەپ ئۆزىنى بىكار ئاۋارە قىلاتتى. بۇ پەقەت هاراقتا يېتىلگەن مەستلەرنىڭ ئادەتتىكى ئۇلپەتچىلىكى ئىدى، خالاس…

ئىسمائىل پۇتۇن شەھەرنى دېگۈدەك قىدىرىپ، ئەلىنى تاپقان چاغدا ئۇ ھېلىقى ئۇلپەتلىرى بىلەن دۇكاندىكى ئۇستەل ئەتراپىدا ئولتۇراتتى. ھەركىم ئۆزىنىڭ گېپىگە چۈشۈپ كەتكەنىدى. بىرى بېشىنى تامغا تىرەپ، كۆزىنى يۇمۇپ كونا ناخشىلارنىڭ بىرىگە غىڭشىپ پەيزە سۈرۈۋاتاتتى. ئەلى چۈشىنىكسىز بىرنېمىلەرنى دەيتتى. «سىلەر بۇ يەردە نېمىشقا سامساقنى زاكوسكا قىلمايسىلەر؟ چىلىغان سامساق، چىلىغان سامساق…» دەپ ئەتراپتىكىلەردىن سورايتتى. ئۇ ئىسمائىلنى كۆرۈپ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى.

— هوي ، مېنىڭ ئاغىنەم كەلدى . جانجىگەر ئاغىنەم ، يۈز گىرام ئىچىۋەت !

— ئىچمەيمەن ، ئۆيگە بېرىپ ئىچەيلى ،— دەپ ئۇنى يۆلەشتۈرۈپ ئېلىپ ماڭدى ئىسمائىل .

— ھېچبولمىغاندا ئازراق بولسىمۇ ئېغىز تېگىپ قوي . مەن بۈگۈن ئىچتىم . مەست بولاي دەپ ئىچتىم . بۇ جاننىڭ ئايىغىچىلىكى قالدىمۇ ، سەن مېنىڭ يېقىن ئاغىنەمغۇ ، دەپ باقە ، بۇ جاھاننىڭ ئايىغىچىلىكى قالدىمۇ ؟ !…

ئەلنى ئۆيگە يەتكۈزۈپ كەلگەندە ئۇنىڭ مەستلىكى تېخىمۇ ئەۋج ئېلىپ كەتكەندى . ئايگۈلنىڭ ئەجرى بىلەن قىلغان تامىقىدىن ئۇ بىر چوكىلا ئېلىپ بولدى قىلدى . ئۇ ۋارقىرايتتى ، سۆزلەيتتى ، سوئاللار سورايتتى .

— دوستلىرىم ، جېنىم دوستلىرىم ، سىلەر مېنىڭ ساۋاقداشلىرىمغۇ ؟ — دەپ تەكرارلايتتى ئۇ ،— ئورۇق ، بىچارە رابىيە قېنى؟ مەن تەقدىرگە نېمە قىلغان؟ مېنىڭ جىنايىتىم زادى نېمە؟… مېنىڭ ۋاقىتسىز توزۇغان گۈلۈمنى ، بىھۇدە كەتكەن ئۆمرۈمنى كىم قايتۇرۇپ بېرەلەيدۇ ، كىم ! ؟…

ئايگۈل ئەلگە ئىچى ئاغرىپ يىغلىۋەتتى . ئىسمائىل ئاغىنىسىنى ناھايىتى تەسلىكتە بىرنېمىلەرنى قىلىپ ياتقۇزۇپ قويدى .

## 11

ئەتىسى ئەلى ئەتىگەندىلا ئويغىنىپ كەتتى . ئاخشام قاۋاقتا ناتونۇش ئادەملەر بىلەن ھاراق ئىچكىنى ئۇنىڭ خىرە ئېسىدە بار

ئىدى ، لېكىن بۇ ئۆينى قانداق تېپىپ كەلگەنلىكىنى ئۇ زادىلا ئەسلىيەلمەيتتى . بىرنەچچە كۈندىن بېرى سەل پەسىيىپ قالغان يۆت ئاغرىقى بۈگۈن ئوبدانلا قوزغاپ قالغانىدى . ئەلى سىرقىراپ تۇرغان تىزلىرىنى ئۇۋۇلاپ ئورنىدىن تۇردى . كىچىك ماشىنىمۇ ئەتىگەندىلا يېتىپ كەلدى .

ئۇلار ئازراقلا ناشتا قىلىپ ماشىنىغا چىقتى . كېچىدىكى ئىش توغرۇلۇق ھېچكىم ئېغىز ئاچمىدى . ماشىنا تار كوچىلاردىن ئىرغاڭلاپ ئۆتۈپ ، چوڭ كوچىغا چىقتى ـ دە ، يېزىغا قاراپ مېڭىپ كەتتى . ماشىنا ئىككى سائەتچە ماڭغاندىن كېيىن ، چوڭ يولدىن بۇرۇلۇپ توپىلىق يېزا يولىغا چۈشتى . بىردە ئېگىز دۆڭلۈكلەرگە يامىشىپ ، بىردە كەڭ يېيىلىپ ئېقىۋاتقان ساي سۈيىنى كېچىپ ئۆتۈپ ، بىردە يان باغرى بىلەن كەتكەن يوللارنى ئايلىنىپ ، ماشىنا ئېگىزلىكتىكى بىر كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ توختىدى ، تۆۋەندە سۇنىڭ شارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى .

— بۇ يەردە بىر شارقىراتما بار ، — دېدى ئىسمائىل ، — چۈشۈپ بىردەم يۆت ـ قولىمىزنى سۇنايلى .

بۇ يەردە دەريا تار بىر قىساڭدىن قىسىلىپ ئۆتەتتى . ئاشۇ يەرگە كۆۋرۈك چۈشكەنىدى . كۆۋرۈك ئاستىدىن قىسىلىپ ئۆتكەن سۇ ئوقچۇپ چىقىپ تۆۋەنگە چۈشۈپ كېتەتتى . ئىسمائىل بىر تال تاماكا چەكتى . ئەلى كۆۋرۈك ئۈستىگە كېلىپ ، كۆۋرۈك سالاسۇننى تۇتۇپ تۆۋەنگە قارىدى . شارقىراپ چۈشۈۋاتقان سۇ تۆۋەندە بۇژغۇنلارنى پەيدا قىلىپ ، ئاندىن يەنە يىراققا يېيىلىپ ئېقىپ كېتەتتى . قىرغاقلاردا بۇژغۇنلار كۆۋەجەيتتى . شارقىراتمىدىن چاچرىغان سانسىز تامچىلاردا قۇياش نۇرى ئەكس

ئېتىپ كۆزنى قاماشتۇراتتى.

— چوڭقۇرمۇ؟— دەپ سورىدى ئەلى.

— چوڭقۇر!— دېدى ئىسمائىل،— مۇشۇ يەرگە بىر كىچىك ئېلېكتىر ئىستانسىسى قۇرۇشنى پىلان قىلغان، بىراق يەرلىكنىڭ مالىيە كۈچى يېتىشمەيۋاتىدۇ.

شوپۇر سىگنال بەرگەندە ئەلى يەنىلا شارقىراتما سۈيىگە قاراپ خىيال سۈرۈپ تۇراتتى. ئۇ بۇرۇلۇپ ماشىنىغا يۈگۈردى. بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن يىراقتا بۈككىدە دەرەخلىك كۆرۈندى.

— رابىيە تۇرغان يېزا ئەنە شۇ،— دېدى ئىسمائىل.

— ھەقىقەتەنمۇ يىراق ئىكەن،— دېدى ئەلى سائىتىگە قاراپ،— ماشىنىدا تۆت سائەتتىن ئوشۇق يول ماڭدۇق، بۇ پىيادە ئادەمگە تۆت - بەش كۈنلۈك يول دېگەن سۆز.

ماشىنا يېزىغا كىرگەندە توپىلىق يولدا يالاڭ ئاياغ ئويناۋاتقان بالىلار ماشىنىغا قاراپ چۇرقىرىشىپ يۈگۈردى. قايسىبىر قورۇلاردىن ئىتلار ئېتىلىپ چىقىپ ھاۋشىپ كېتىشتى. بۇ ئەسلىي قىياپىتىنى ساقلاپ قالغان قەدىمىي يېزىلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئەگرى - بۈگرى كەتكەن يېزا كوچىلىرى شالاڭ جايلاشقان ئۆيلەرنىڭ ئىشىك ئالدىلىرىدىن ئۆتۈپ ئېتىزلىقلارغا تۇتىشىپ كېتەتتى.

— قانداق، چۈشۈپ يېزا ئىچىنى بىر ئايلامدۇق؟ — دەپ ئەلىگە قارىدى ئىسمائىل.

— رابىيە كىمنىڭ ئۆيىدە تۇرغان؟ — دەپ سورىدى ئەلى.

— يېزىنىڭ ئايىغىدىراق، بىر يالغۇز موماينىڭ ئۆيىدە تۇرغان. ئۇ ئايالمۇ ئىككى - ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا تۈگەپ كەتتى.

ئەلى ئويلىنىپ تۇرۇپ قېلىپ قولىنى سىلىكىدى:

— بولدى ، قەبرىستانلىقنىڭ ئۆزگىلا بارايلى !

ماشىنا ئايلىنىپ يېزىدىن چىقىپ كەتتى . يېزا بالىلىرىمۇ ۋارقىرىشىپ بارغانسېرى يىراقتا قالدى . ئۇلار يانغا بۇرۇلۇپ ، لىڭشىپ تۇرغان تار بىر كۆۋرۈكتىن ئۆتتى ـ دە ، شىۋاق بېسىپ كەتكەن تۆپىلىككە ئۇلاشتى .

— كەلدۇق !— دېدى ئىسمائىل .

ماشىنىدىن چۈشكەندە ئەلىنىڭ كۆزىگە چىلىققىنى شىۋاقلىق دۆڭ ئۈستىگە ئايلاندۇرۇپ سوقۇلغان قورۇق تام بولدى . نېرىدا يوغان بىر دەرۋازا قىيا ئوچۇق تۇراتتى .

— ئىلگىرى ھەممە يەر ئوچۇقچىلىق بولىدىغان ، مۇنۇ سوقما تام بىلەن دەرۋازىنى بۇ ئەتراپتىكىلەر يېقىندا قىلغان ئوخشايدۇ ، — دەپ چۈشەندۇردى ئىسمائىل .

ئۇلار قەبرىستانلىقنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرىشى بىلەن ئالدىدىن بىر بوۋاي چىقىپ دۇئاغا قول كۆتۈردى . ئەلى يانچۇقىنى ئاختۇرۇپ ، كىچە ھاراق دۇكىنىدا پارچىلىغان پۇللارنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ ئۇنىڭغا بەردى . قەبرىستانلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا قەدىمي يوغان گۈمبەزلەردىن بىرنەچچىسى قاتارلىشىپ تۇراتتى . ئېھتىمال ، بۇلار ئۆز ۋاقتىدىكى يەر ئىگىلىرىنىڭ قەبرىسى بولسا كېرەك ، قالغانلىرى ئاساسەن ئاددىي توپا قەبرىلەر ئىدى . بۇ قەبرىلەرنىڭ بەزىلىرىگە يوغان تاشلار قويۇلۇپ ئۇنىڭغا ۋاپات بولغۇچىنىڭ كىم ئىكەنلىكى ، ئۆلگەن ۋاقتى قاتارلىقلار يېزىلغان ، بەزىلىرىگە ئاددىي تاختاي قادالغان ، بەزىلىرىنىڭ ئۈستىگە بەلگە ئۈچۈن بىرنەچچە پارچە كېسەكلا تاشلاپ قويۇلغانىدى .

ئۇلار ئىچكىرىلەپ بېرىپ نېرىقى تەرەپكە ئۆتكەندە ،

ئىسمائىل قەبرىلەرنىڭ ئارىسىدا ئالدى ـ كەينىگە مېڭىپ پىرقىراپ قالدى .

— ئېسىمدە قېلىشىچە ، رابىيەنىڭ قەبرىسى مانا مۇشۇ يەردىرەك بولىدىغان ،— دېدى ئىسمائىل ،— رابىيە ئاش ـ تاماق يەپ يۈرگەن ئۆيدىكى موماي بىزنى باشلاپ چىقىپ كۆرسىتىپ قويغان . ئۇ چاغدا بۇ ئەتراپتا يوغان بىر تۈپ ئۈجمە بولىدىغان ، كېسىلىپ كەتكەن ئوخشايدۇ . بۇ ئەتراپتا يەنە نۇرغۇن يېڭى قەبرىلەر پەيدا بولۇپ كېتىپتۇ . ئۇزۇن يىل بولۇپ كەتتى ئەمەسمۇ ؟

ئىسمائىل كۆرسەتكەن ئورۇندا ئۈستىنى شىۋاق بېسىپ كەتكەن چوڭ ـ كىچىك ، كونا ـ يېڭى قەبرىلەر ياتاتتى . دېمەك ، ھېچقانداق بەلگە قويۇلمىغان ئاشۇ يۇزلىگەن ئاددىي قەبرىلەرنىڭ بىرىدە ھاياتىمدىكى ئەڭ مۇھىم ، ئەڭ يېقىن ئادىمىم ياتىدۇ ، دەپ ئويلىدى ئەلى . ئۇ رابىيەنى ئىزدەپ تېپىشنى ، ئۇنىڭ قېشىغا يېتىپ بېرىشنى قانچىلىك ئارزۇ قىلغان ـ ھە ! بۇگۈن ئۇ يېتىپ كەلگەندە ئۇنىڭ سۆيۈملۈكى بىر دۆۋە تۇپىغا ئايلىنىپ بولغانىدى...

— ھاي ، بوۋاي ! — دەپ قىچقاردى ئەلى قەبرىستانلىقنىڭ دەرۋازىسى يېنىدىكى سۇپىدا ئولتۇرغان ھېلىقى قېرى ئادەمنى ،— بۇ يەرگە كېلىپ بىز ئۈچۈن بىر خەتمىقۇرئان قىلىپ قويۇڭە !

بوۋاي يېتىپ كېلىپ چاپانلىرىنىڭ پەشلىرىنى يىمىرىپ يۈكۈندى . ئىسمائىل بىلەن ئەلىمۇ يۈكۈندى . قىسقا بىر ئايەتتىن كېيىن ئۇلار بوۋايغا ئەگىشىپ دۇئاغا قول كۆتۈردى . بوۋاي پۈتۈن مازار ـ ماشايىخ ، ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالارنىڭ نامىنى ئاتاپ

ئۆزاقتىن - ئۆزاق دۇئا قىلدى. ئەلى كۆزىگە تىقىلىپ قالغان ياشلىرىنى تۇتۇۋالالمىدى...

— بوۋا! — دەپ سورىدى ئەلى دۇئادىن كېيىن، — بىر دانە قەبرە تېشىنى قانچىگە سېتىۋالغىلى بولار؟

— يىگىرمە — ئوتتۇز سوملارغا بېرەر. ئەگەر خەت ئويدۇرساڭ ئوتتۇز — قىرىق سوم بولۇپ كېتەرمىكىن، ئوغلۇم، — دېدى بوۋاي.

— مانا سىزگە ئەللىك سوم، بىر قەبرە تېشى سېتىۋېلىپ، بىز ئۇچۇن ئورنىتىپ قويۇڭ.

— قەيەرگە؟

ئەلى ئىسمايىلغا قارىدى. ئىسمائىل تەۋەككۇل قىلىپ بىر يەرنى كۆرسەتتى.

— مۇشۇ يەردىرەك بولسۇن.

— قەبرە تېشىغا نېمىدەپ يازىمىز، ئوغلۇم؟

— مانا مۇنداق دەپ يېزىڭ! — ئەلى قەلەم - قەغەز ئېلىپ يازدى: «رابىيەنى تاپالمىدىم. ئەلى»

بوۋاي ھەيران بولۇپ ئۇلارغا قارىدى - دە، كېيىن بىرنېمە چۈشەنگەندەك بولۇپ بېشىنى لىڭشىتتى.

ماشىنا يەنە توپىلىق يول بىلەن ئارقىغا ياندى. «تامام! — دېدى ئەلى ئۆزىگە ئۆزى، — ئۆلۈم دېگەن نېمىدېگەن قەتئىي ھۆكۈم - ھە؟ قانۇننىڭ ھۆكمىنى قايتۇرۇۋشقا بولىدىكەنۇ، تەقدىرنىڭ ھۆكمى شۇنچىلىك دەھشەت ۋە قايتماس ئىكەن!...»

ماشىنا شىغىل يولغا چىقىپ سىلىق كېتىپ باراتتى. ئەلىنىڭ كۆز ئالدىغا راخمان مۇئەللىم كەلدى. بىر چاغلاردا بۇ ئادەم پارخاننىڭ يېنىدىكى ئىسلىشىپ كەتكەن كىچىك ئۆيدە —

غىچىرلاپ تۇرىدىغان كونا كارىۋاتتا سوزۇلۇپ يېتىپ ، ئۆزىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كەلگۈسى تەقدىرى توغرىسىدا خىلمۇخىل مۇلاھىزىلەرنى يۈرگۈزەتتى . ئەلى بۇ ئادەمنى يەنە ئىزدەپ بارىدۇ ، ئۇنىڭغا مۇشۇ بىر - ئىككى ئاي ئىچىدە كۆرگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى سۆزلەپ بېرىدۇ . پىروفېسسور يەنە قانداق مۇلاھىزىلەرنى قىلاركىن .

— راخمان مۇئەللىمنى سېغىندىم ، — دېدى ئەلى تۇيۇقسىز .

— سەن ئۇنى ئۇرۇمچىدە كۆرگەنمىدىڭ ؟

— كۆرگەن .

— قانداق تۇرۇپتۇ ؟

— ناھايىتى ياخشى .

— ئالدىمىزدا — چوڭ يول ئۈستىدە بىر ئاشخانا بار ، تامىقى يامان ئەمەس ، قورسىقىڭ ئاچقاندۇ ؟

ئىسمائىلنىڭ سوئالىغا ئەلى جاۋاب بەرمىدى ، ئۇنىڭ كۆزلىرى يۇمۇلغانىدى . ئۇ : «ھەممە نەرسە ئارقىدا قالدى . رابىيەنى تېپىش ئۈمىدىمۇ ئاشۇ شىۋاقلىق دۆڭگە كۆمۈلۈپ قالدى··· خوش ، ماڭا رابىيەنىڭ نامىدا ئۈزۈلدۈرمەي خالتا ئەۋەتىپ تۇرغان ئاق كۆڭۈل ئادەمنىڭ ئۆزى كىم بولدى ؟ ئەمدى بۇ تېپىشماق قانداق يېشىلەر ؟··· » دېگەن خىياللارغا چۆككەنىدى .

ئۇلار ئۆيگە كەچ كىرگەندە قايتىپ كەلدى .

— ئەتە قايتىمەن ،— دېدى ئەلى .

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز ؟— دېدى ئايگۈل ،— ھېچبولمىغاندا ئەتە بىر كۈن تۇرۇڭ ، ئۆيگە مېھمان چاقىرىپ قويدۇم .

— نېمە مېھمان ؟
— بىزنىڭ بۇ يەرنىڭ رەسىم - قائىدىسىدە ئۆيگە يىراقتىن مېھمان كەلسە، تونۇش - بىلىشلىرىنى قىچقىرىپ تونۇشتۇرىدىغان بىر ئىش بار. بۇگۈنگىلا ئېيتماقچىدىم. سىلەرنى ھېرىپ كەلگەندە ئاۋارە بولۇپ قالارمىكىن، دېدىم. يات ئادەملەر يوق. ھەممىسى سىز بار چاغدا بىزنىڭ مەكتەپتە ئوقۇغان يۇقىرى - تۆۋەن سىنىپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىدىن مۇشۇ ئەتراپتا ئىشلەۋاتقانلار،— دېدى ئايگۈل.
— ھەممىسىگە خەۋەر قىلىۋەتتىڭىز؟
— خەۋەر قىلىۋەتتىم. ئەتە يەكشەنبە، كۈندۈزىلا يىغىلىشىدۇ.
— شۇنداق قىل. ئۆگۈنلۈككە مەن سېنى ئۆزۈم يولغا سېلىپ قويىمەن،— دېدى ئىسمائىل.
ئەلى نېمە دېيىشىنى بىلمەي قالدى.
— ئون نەچچە يىلدا بىر قېتىم كۆرۈشتۇق. بىرەر كۈن ئوشۇقراق تۇرسىڭىز ھېچنېمە بولماس،— دەپ قوشۇمچە قىلدى ئايگۈل،— يەنە بىر تەرەپتىن كۆڭلىڭىزنى ئازراق ئېچىلىپ قالامدىكىن، دەپ ئويلىدىم.

× ×

ئەلى ئەتىگەنلىكى تۇرۇپ، ساقال - بۇرۇتلىرىنى ئېلىپ، ئۆزىنى بىرئاز تەرتىپكە سالدى. ئىسمائىل بىلەن ئايگۈل تەييارلىق ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتى. تاختايلىق چوڭ ئۆينى تازىلاپ، ئۈستەل، ئورۇندۇقلارنى ئەكىرىشتى.

ئاندىن ئىسمائىل بازاردىن كەم ـ كۆتە نەرسىلەرنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن ۋېلىسىپىتنى مىنىپ يۈگۈردى . قوشنا ئاياللاردىن بىر ـ ئىككىسى ياردەمگە كىرىپ ، ئاشخانا ئۆيدە دۆشە ـ پىچاقلارنى تاراقلىتىپ ئىشنى باشلىۋەتتى . ئەلى باشقىلارغا پۇتلاشماسلىق ئۈچۈن ئىسمائىلنىڭ كىچىك ئىشخانىسىغا كىرىۋېلىپ ، شۇ يەردە كىتاب كۆرۈپ ئولتۇردى .

مېھمانلار چۈشتىن كېيىن ، سائەت تۆتتىن باشلاپ كەلگىلى تۇردى . بىرىنچى بولۇپ ئېگىز ، ئورۇق بىر ئەر بىلەن پاكار ، سېمىز بىر ئايال كىرىپ كەلدى .

— سالام ھەممىڭلارغا ! ئەلى ئاكىمىزنى كېلىپ قالدى دەيدىغۇ ؟— دېدى دالان ئۆيگە كىرىپ ئەر مېھمان .

ئەلى ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقتى .

— مانا ، مانا ، سالامەتمۇسىز ، ئەلى ؟

— قېنى ، يۇقىرى ئۆتۈڭلار .

— بۇلار بىز ئوقۇغاندا تۆۋەندىكى يىللىقلاردا ئوقۇغان ساۋاقداشلار ، تونۇيدىغانسىز ، ئەلى ؟— دەپ تونۇشتۇردى ئايگۈل ، — بۇياق ئابدۇراخمان «شاۋقۇنى» بولىدۇ ، شەھەرلىك ھۆكۈمەتتە ئىشلەيدۇ ، شېئىرلىرى ئېلان قىلىنىپ تۇرىدۇ . بۇ گۈلنىسا ، ئابدۇراخماننىڭ ئايالى ، ئىككىمىز بىر مەكتەپتە ئىشلەيمىز .

ئەلى ئابدۇراخماننى مەكتەپتە كۆرگەنلىكىنى ئېسىگە ئالالمىدى . گۈلنىسانىڭ مەكتەپتىكى ۋاقتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلىدى . مەكتەپتىكى چاغدا ئورۇق ، سېرىقراق كەلگەن بۇ قىز مۇنازىرىلىشىش بىلەن داڭ چىقارغانىدى . «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا ئاشخانا ، چوڭ كوچا ، مەيدان ، ئىشقىلىپ ، ئادەم

توپلانغانلا يەر بولسا بۇ قىزنىڭ چاڭىلداپ تۇرغان ئاۋازىنى ئاڭلىغىلى بولاتتى. هازىر ئۇ سەمرىپ يوغانلا خوتۇنلارغا ئوخشىشىپ قاپتۇ.

— شېئىر! — دەپ ئۆز نۇتقىنى باشلىۋەتتى شائىر ئابدۇراخمان «شاۋقۇنى» ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ - ئولتۇرمايلا، — ئېسىل ژانىر، بىزنىڭ كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئاساسى شېئىر. لېكىن، هازىر كىتابخانىلاردا شېئىردىن زېرىكىشتەك كەيپىيات پەيدا بولۇپ قالدى. قانداق دېدىم، ئەلىكا؟

— ئەلى دەڭە، ئاكىڭىز نېمىسى؟ — دەپ ئېتىراز بىلدۈردى ئايالى ئۇنىڭغا، — ئەلى سىزدىن چوڭ بولسا ناهايىتى بىر - ئىككى ياش چوڭدۇ.

— ئۇغۇ شۇنداق، ئەلى دېسەممۇ بولىۋېرىدۇ. هۆرمەتسىزلىك بولۇپ قالمىسۇن، دەيمىنا.

— نېمە دېسىڭىز، ئوخشاش، — دېدى ئەلى.

— شېئىرنىڭ مۇنداق كۇرسىسى چۈشۈپ كېتىشنىڭ سەۋەبى، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى «شاۋقۇنى»، — ئۇنىڭ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا مەدهىيەۋازلىقتا بېرىلىپ، مەزمۇنىنىڭ پۇچەكلىشىپ كەتكەنلىكىدىن بولدى. قانداق دېدىم؟ بىراق، بۇ ئىشلارنىڭ هەممىسىنى شائىرلاردىن كۆرگىلى بولمايدۇ - دە؟ !... شائىرنىڭ ئاۋازى — دەۋرنىڭ ساداسى. شۇ چاغدىكى ۋەزىيەت، سىياسەت، چاقىرىقلار بىزنى شۇنداق قىلىشقا قىستىغان. يېڭى دەۋر يېتىپ كەلگەندە شائىرلار يەنە قايناپ تۇرغان هېسسىياتى بىلەن يېڭى دەۋرنى كۈيلەشتى. بۇمۇ توغرا بولدى. قانداق دېدىم؟

— سىز، ئۇمۇ توغرا بولدى، بۇمۇ توغرا بولدى،

دېمەكچىمۇ؟— دەپ سورىدى ئەلى .
— شۇنداق ، زامانغا باقماي كىمنىڭ ھەددى؟
— ئۇ چاغدا ھەقىقەت قەيەردە قالىدۇ؟
— ھەقىقەت ! ... — دەپ بېشىدىكى كەپكىسىنى ئۇستەلگە ئۇڭدىسىغا تاشلىدى «شاۋقۇنى» .
ئىشىكتىن كىرىپ كەلگەن يېڭى مېھمان سۆھبەتنى بۆلۈۋەتتى .
— گېزىتخانىنىڭ مۇھەررىرى قاسىمكام ، قاسىمكام كەلدى ،— دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى «شاۋقۇنى» .
— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ، قانداق ئەھۋالىڭلار !— دەپ كىرىپ كەلگەن بۇ ئادەمنى ئەلى تونۇدى . ئۇ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ 64 - يىللىق يۇقىرى سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن ئىدى .
— قاسىمكا ، يۇقىرى ئۆتۈڭ ، مانا بۇ يەرگە...
«شاۋقۇنى» ئۇنىڭ قولىنى تارتىپ دېگۈدەك يۇقىرى ئۆتكۈزدى . قىسقا تىنچلىق سورىشىشتىن كېيىن «شاۋقۇنى» سورىدى .
— ئۆتكەندە ئۆيگە چاقىرتساق بارمىدىڭىز . بىر - ئىككى مېھمان بار ئىدى . ئەدەبىي ھەۋەسكارلار سىز بىلەن تونۇشۇپ قالساق دېگەن .
— باللار بىلەن ئاۋارە بولۇپ ھېچ يەرگە چىقالمايدىغان بولدۇم ،— دەپ ئەلگە قاراپ ئەھۋالنى چۈشەندۈردى مۇھەررىر ،— ئايالىم يېقىندا ۋاپات بولۇپ كەتتى ، قاراڭ ، ئۈچ بالا بىلەن قالدىم .
— ئاغرىقمىدى؟
— راك دېدى ، ئاز كۈن يېتىپلا كېتىپ قالدى . ئەيتاۋۇر ،

راك دېگەن ئەجەل دېگەن گەپ بولۇپ قالدىغۇ. دوختۇرلار داۋالىيالمىغان كېسەلنىڭ ھەممىسىنى راكلا دەيدىغان بولدى...

— ئۆتكەنكى شېئىرىمنى بەك قىسقارتىۋېتىپ قاپسىلەر، — دەپ مۇھەررىرنىڭ سۆزىنى بۆلدى «شاۋقۇنى».

— ھۆكۈمەت بىزگە ئۇزۇننى قىسقارتىدۇ، دەپ مائاش بېرىدۇ - دە! — كۈلدى مۇھەررىر.

— كېلىدىغان ئەسەرلەر كۆپمۇ؟ — دەپ سورىدى ئەلى.

— كۆپ، — دېدى ئۇ قولىدىكى سائەتنى ئالدىغا ئېلىپ قويۇپ، قولىنىڭ بېغىشنى سىلاپ تۇرۇپ، — بىر تامچى پۈتۈن بىر بىنانى پۈتتۈرۈپ چىقسىمۇ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنىڭ ئىسمىنى يېزىۋالمايدۇ. بىر شائىرنىڭ بىر كۇپلېت شېئىرى بولسىمۇ ئۇنىڭ نامى بىلەن چىقىدۇ. شۇڭا، شېئىر - ھېكايە يېزىپ نامىنى چىقىرىشقا قىزىقىدىغان ئادەملەرنى ئاز دەمسىز. تەھرىر بۆلۈمگە كۈنىگە نەچچە ئون پارچە ئەسەر كېلىدۇ، شۇنىڭ ئىچىدە كارغا كېلىدىغىنى بىر ياكى ئىككى... مانا سىز بىر چاغلاردا ياخشى نەرسىلەرنى يازغانىدىڭىز. مەكتەپتىكى چاغدا ئېلان قىلغان شېئىرلىرىڭىزنى، بىرنەچچە پارچە قولىيازما ھېكايىلىرىڭىزنى ئوقۇغانىدىم... خىزمەت ئورنىڭىز مۇقىملاشمىغان بولسا، بىزنىڭ تەھرىر بۆلۈمگە كېلىپ ئىشلىمەمسىز؟...

يەنە بىر توپ مېھمانلار كىرىپ كەلدى. ئۇلار بىلەن بىللە ئىسمائىلمۇ قايتىپ كەلگەنىدى.

— ياخشىمۇسىلەر؟

— ياخشىمۇسىز؟

ئەلى كىرگەنلەر بىلەن بىر - بىرلەپ قول ئېلىشتى.

بەشىنچى كىشىگە كەلگەندە ئۇ نېمە قىلىشىنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى. يازلىق پۈتۈن كۆڭلەك كىيىپ، سومكا تۇتۇپ تۇرغان بۇ ئايال ئىبادەت ئىدى.

— خوش كەپسىز؟ — دەپ ئېگىلدى ئۇ، ئەلى ئېسىنى يىغىپ بولغۇچە.

ئەلى «ھە» دەپ قويۇپلا، ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى مېھمانغا قولىنى سۇندى.

— ياخشىمۇسىز؟...

مېھمانلار ئولتۇرۇپ بولار ـ بولماستىنلا يەنە بىر ئايال كىرىپ كەلدى. ئەلى بۇ ئايالنى تونۇغاندەك قىلسىمۇ قايسى يىللىقلاردا ئۇقۇغانلىقىنى ئېسىگە ئالالمىدى. ئايالنىڭ بېشىدا زەر باسقان چەت ئەل ياغلىقى، ئۇستىدە چەت ئەلنىڭ زەرلىك رەختلىرىدىن تىكىلگەن، ۋالىلداپ تۇرىدىغان كۆڭلەك، ئايىغىدا ئېگىز، ئىنچىكە پاشىنىلىق چەت ئەل تۇپلىيى، قارا تومۇرلۇق نېپىز يىپەك پايپاق، بويۇنلىرىدا ئاجايىپ مارجانلار تۇراتتى. ئاياللار دالان ئۆيگە يۈگۈرۈشۈپ چىقىپ «ۋىيەي، نۇرنىسا» دېگىنىچە ئۇنىڭ كىيىملىرىنى كۆرگەزمە قىلىشقا باشلىدى:

— ماۋۇ قەيەرنىڭ مارجىنى، دوستۇم؟

— ھەرەمنىڭ.

— ماۋۇ ياغلىقچۇ؟

— سايوزنىڭ.

— كۆڭلىكىڭنىڭ رەختى بەك ئېسىلكىنا؟

— پاكىستاننىڭ.

— ئايىغىچۇ، ئايىغىنى كۆرمەيسىلەر بۇ خېنىمنىڭ...

— شياڭگاڭنىڭ.

ھەتتا قايسىبىرى ئۇنىڭ كۆڭلىكىنى قايرىپ ئىچىدىكى ئىچ كۆڭلىكىنىمۇ كۆرۈپ باقتى.

— ئاۋستىرالىيەنىڭ! — دەپ ئىبلان قىلدى ئۇ تەنتەنە بىلەن.

بۇ ئايال ئەتەي ئۇستەللەرنى پىرقىراپ ئۆتۈپ، مۇھەررىرنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇققا ئۆتۈپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ ئۇستىدىكى كىيىملەرنىڭ ياراشقان ـ ياراشمىغانلىقى توغرىسىدا بىرنېمە دېگىلى بولمىسىمۇ، ئۇ ھازىر ئاتاپ ئۆتكەن مەملىكەتلەرنىڭ ئىسمىلىرىلا بىر سەلتەنەت پەيدا قىلاتتى. ھەممە ئاياللار ئاغزىدا ئاشۇ يۇقىرىقىدەك سۆزلەرنى قىلىشسىمۇ، كۆڭلىدە مەنسىتمىگەندەك قارىشاتتى. ئەلىنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئالغان ياش ئايال ئۇنىڭغا:

— ۋىيەي، قاراڭ، ئىسسىقتا كۆز ـ كۆز قىلىمەن دەپ ھەممە نېمىسىنى ئۇستىگە بولۇشىغا ئارتىپ كەلگىنىنى، — دەپ پىچىرلىدى، — ئېرى ياشىنىپ قالغان ئادەم. شەھەرلىك ھۆكۈمەتتە باشلىق، ئۆزىچە نومۇس قىلىپ تېخى مۇنداق سورۇنلارغا باشلاپ كەلمەيدۇ...

شۇ چاغدا ئايگۈل كىرىپ ھېلىقى ئايالدىن سوراپ قالدى:

— نۇرنىسا، ھەسەنجىنىكام قېنى؟

— ھەسەن ئاخۇن كېلەلمىدى.

— ئۇنداق ئاددىي ئادەملەرنىڭكىگە بارامدىم، دەپ ياراتمىدى. دېگىنە؟!

— ۋىيەي، ئۇنداق بولامدىغان! ھال ئېيتىپ كەلگەنلەردىن بىرنەچچىسى يىغىلىپتىكەن، ئۆيگە كەلگەن ئادەمنى قوغلىۋەتكىلى بولمايدۇ. ئۆينى شۇلارغا تاشلاپ بېرىپ «مەن

بولسامـۇ باراي » دەپ كـەلدىم .

— ھەسەنجىنىڭكامنى ئـالماي كـەلگىنىڭىزمۇ ياخشـى بوپتۇ ،— دەپ چاقچاق قىلدى مۇھەررىر ،— ھەممەيلەن جۈپ - جۈپـى بىلەن كەپتىكەن . مـەن يـالغۇز ئـچـىم پۇشۇپ ئولتۇراتتىم...

ئەلى بۇ ئايالنى بوم ئاۋازىدىن ئەمدى ئىسگە ئالدى . ئۇ باشقا فاكۇلتېتنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىدىن ئـدى ، ئاۋازى يوغان چىققاچقا نامايىش بولغاندا باشلاپ شوئار توۋلايتتى . بىر قېتىم ئۇ «ياشىسۇن» ، «يوقالسۇن» دېگەن شوئارلارنـى ئارقا - ئارقىدىن توۋلاۋېتىپ ، دىققەتسىزلىكتىن «ياشىسۇن» دەيدىغان يەرگە «يوقالسۇن» دەپ سېلىپ ، جىق كۆڭۈلسىزلىكلەرگە ئۇچراپ «شـوئار تـوۋلاش مـەنسـپـى» دىن ئېلىپ تاشلانغانىدى .

ئايگۈل مېھمانخانا بىلەن ئاشخانا ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا يۈگۈرۈپ يۈرۈپ ، ئۈستەلنى يېمەكلىكلەر بىلەن تولدۇرۇۋەتتى . ئىسمائىل بىرىنچى رومكىنى قولىغا ئېلىپ ، قـەدەھ سۆزىنى باشلىدى :

— بۈگۈن ھەرقايسىڭلارنى ئاۋارە قىلىپ دەرقەمتە ئولتۇرۇپ بىرەر پىيالىدىن چاي ئـچـىپ كېتىشكە چاقىرغىنىمىزنىڭ سەۋەبى...

ئىسمائىلنىڭ نېمىلەرنى دەۋاتقانلىقى ئەلىنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى ، قارىماسلىققا تىرىشسىمۇ ، ئىختىيارسىز ئۇنىڭ كۆزلىرى ئىبادەت تەرەپكە كېتىپ قالاتتى . ئەلىنىڭ بۇ رەقىبىنىڭ پېشانىسى بىلەن كۆزلىرى ئەتراپىنى قورشىغان قورۇقلار تەقدىرنىڭ ئۇنىڭغىمۇ خېلى ئىشلارنى

كۆرسەتكەنلىكىدىن دېرەك بېرىپ تۇرغان بولسىمۇ، ئۇ ئانچۇۋالا ئۆزگىرىپ كەتمىگەنىدى، تېخى ياش، بېجىرىم تۇراتتى. ئەينى يىللاردا ئۇنىڭ يەنئەندىكى ئىنقىلابچى ئاياللارنى دوراپ كەستۇرۇۋەتكەن چاچلىرى هازىر بۇدۇر قىلىنغانىدى. ئۇنىڭ تۆت يانچۇقلۇق سېرىق چاپىنىنى ئىتتىرىپ تۇرىدىغان كېلەڭسىز كۆكسى، ئارقىسىغا دۇگىلەك ياماق سېلىنغان (يىرتىلمىغان بولسىمۇ) بۇرۇلكىغا تىقىلىپ قالغان ساغرىلىرى هازىر تارتىلىپ كەتكەن بولۇپ، بۇرۇنقىغا قارىغاندا ئورۇقلاپ سىپتا، چىرايلىق بولۇپ قالغاندەكمۇ كۆرۈنەتتى… ئەلىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئايال ئۇنىڭ ئىبادەتكە قاراپ قالغانلىقىنى سەزگەن بولسا كېرەك، ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئىبادەت توغرىسىدا پىچىرلىغىلى تۇردى:

— ئۇنى مەكتەپتىكى چاغدا قالتىس ئاكتىپ ئىدى دەيدىغۇ؟ سىزنىڭ تۇرمىگە كىرىپ كېتىشىڭىزگىمۇ شۇ سەۋەبچى بولغانىكەن ـ هە!؟… هازىرغىچە ئەرگە تەگمىدى. قاراڭ، چاچلىرىنى بۇدۇر قىلىپ يۈرۈشى ئاشۇ…

— نېمە ئىش قىلىدۇ؟— قىزىقىپ سورىدى ئەلى.

— قايتا تەربىيە ئالغىلى چۈشكەن يېرىدە ئۇزۇن يىل سۆرىلىپ يۈرۈپ، ئاران قايتىپ كېلەلىدى. سودا ئىدارىسىگە تەرجىمان بولۇپ ئورۇنلاشقان. باشلىقى بىلەن چىقىشالماپتۇدەك. هازىر يېمەكلىكلەر ماگىزىنىدا كەمپۈت ساتىدۇ.

— كەمپۈت ساتىدۇ؟!— ئەلى بۇ گەپكە ناهايىتىمۇ هەيران بولۇپ، ئاچچىق كۈلدى.

ئەر مېهمانلار بىر ـ ئىككى رومكىدىن هاراق ئىچىشىپ قىزىغاندىن كېيىن، ئەلىدىن يەنە باشقىدىن ئەهۋال سورىشىپ كەتتى. ئەرلەرنىڭ بۇ كەيپىياتى ئاردىكى ياتسىراشنى تۈگىتىپ،

ئاياللارمۇ ئازادىلىشىپ قالغاندەك بولۇپ، گۇدۇڭلىشىپ پاراڭغا چۈشۈپ كېتىشتى.

— ئايال يولداشلارغا هاراق قويمىدىم. ئىختىيار قىلىدىغانلار بولسا قىزىل هاراق بار، ئايگۈل مېھمان قىلسۇن، — دەپ ئېلان قىلدى ئىسمائىل.

ئاياللارنىڭ ئىچىدىن «ئىچەيلى» دەپ جۈرئەت قىلىدىغانلار چىقمىدى.

— ئۈرۈمچىنىڭ خوتۇنلىرىغۇ سۇدەك ئىچىدىكەن، — دەپ گەپ ئالدى هېلىقى چەت ئەل ماللىرىغا ئورىلىۋالغان نۇرنىسا.

— نېمە دەيدىغانسىز؟ — دەپ ئۇنىڭغا قاراپلا قالدى ئايگۈلنىڭ بىر ساددا قوشنىسى.

— ئاۋۋال پىۋىدىن باشلايدىكەن، ئاندىن قىزىل هاراققا ئۆتىدىكەن، ئەرلىرى مەست بولۇپ كەتكەندىن كېيىن ئېقىنىمۇ نېرى تۇر دېمەيدىكەن. «خوتۇن كىشىمۇ هاراق ئىچكەن بارمۇ؟ توۋا!» دەپلا قاپتىمەن...

شۇنداق سورۇنلارنىڭ قانچىسىغا قاتنىشىپ ئاق هاراقنى خېلى يۇتقانلىقى كۆزىدىن چىقىپ تۇرسىمۇ، نۇرنىسانىڭ ئاغزىدىن شۇ گەپلەر چىقتى.

— يولداشلار، هەنىپە بىزگە بىر - ئىككى ناخشا ئېيتىپ بەرسە قانداق؟ — دەپ ۋارقىرىدى ئارىدىن بىرى.

ئاياللار تەرەپتىن چاققانغىنا كىيىنگەن بىرى تۇردى.

— ئاۋازىمغۇ ياخشى ئەمەس، بوپتۇ، كۆپچىلىكنىڭ تەلىپى بويىچە بىر ناخشا ئېيتىپ بېرەي، — دەپ ناخشا باشلىدى ئۇ:

ئالماڭنى ئىرغىتمامسەن،
سۆيۈگىنىڭ ئېقىشىغا.

يازغان خەتلىرىڭ تەگدى ،
يۇرەكىنىڭ بېغىشىغا .
......

ئۇ ناخشىنى ناھايىتى ياخشى ئېيتتى ، يېنىك ، يېقىملىق بۇ ئاۋاز كىشىگە ھوزۇر بېغىشلايتتى . كۆپچىلىك چاۋاك چالدى . ناخشىچى ئىلھاملىنىپ ئوقۇغۇچى ۋاقتىدا ئۆزى پىپەن قىلغان خەلق ناخشىلىرىدىن بىرقانچىسىنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئېيتىۋەتتى :

باغدا بىر گۈل بار ئىدى ،
شېخىدا بۇلبۇل سايرىدى .
ئول خۇدانىڭ تەقدىرى ،
بۇلبۇلنى گۈلدىن ئايرىدى .
......

ئارقىدىنلا ئۇستەللەر تام تەرەپكە تارتىلىپ ، تانسا ئۇچۇن مەيدان بوشىتىلدى . نېپىز كىيىم كىيگەن ئاياللاردىن كۆتۈرۈلگەن خوش پۇراق ھاۋا ، ئەرلەرنىڭ ھاراقتىن قىزارغان چىرايلىرى ، مول داستىخان ، ساھىبخانىنىڭ مېھماندوستلۇقى ، تانسىغا چۈشكەنلەرنىڭ جۇشقۇن قىياپىتى بۇ ئولتۇرۇشنىڭ كەيپىياتىنى بارغانسېرى يۇقىرى كۆتۈرمەكتە ئىدى . ئەمما ، ئەلىنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىكسىز بىر غەشلىك قاپلاپ تۇراتتى . مۇشۇ ئۆيدە ئىبادەت پەيدا بولغاندىن باشلاپلا ئۇنىڭ كەيپىياتى بۇزۇلغانىدى . كۈتۈلمىگەندە ، ئاسماندىن چۈشكەندەكلا بوسۇغىدا

جالال پەيدا بولۇپ قالدى .

— ئوھوي ، ساۋاقداشلار جەم بوپسەلەرغۇ ! سالام ھەممىڭلارغا ، بولدى ـ بولدى قوزغالماڭلار .

جالال كۆزنگە تارتىۋالغان قارا كۆزەينەكنى قولىغا ئالدى . ئۇنىڭ يۈزى گىرىم قىلىپ چىققان ئارتىسنىڭ يۈزىدەك پارقىراپ تۇراتتى . ئۇ سورۇندىكىلەر بىلەن قول ئېلىپ كۆرۈشۈپ ، ئەلىنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى .

— بىر يىغىن مۇناسىۋىتى بىلەن بۇ يەرگە كېلىپ قالدىم . ئا ··· ئايروپىلاندىن ھازىرلا چۈشۈشۈم . سا ··· ساۋاقداشلارنى بۇ يەرگە جەم بولدى ، دەپ ئاڭلاپ ، ئۇدۇللا كېلىشىم ، — دېدى ئۇ كۆپچىلىككە قاراپ ،— قې ··· قېنى ، تانسا قىلىۋېرىڭلار .

— كەلگەن قەدىمىڭگە رەھمەت ، ئەمىسە قاتاردا بىر رومكا كۆتۈرۈۋەت ! — دەپ ھاراق سۇندى ئىسمائىل .

جالال ئورنىدىن تۇرۇپ قولىنى كۆكسىگە ئاپاردى .

— ئۇ ··· ئۆزۈڭ بىلىسەنغۇ ؟ مە ··· مەن ئىچمەيمەن .

— بىر رومكا ئىچىپ قويۇڭ ، — دېيىشتى بىرنەچچەيلەن .

جالال مايىلىشىپ تۇرغان يۈزىگە كۈلكە يۈگۈرتتى ـ دە ، ئىسمائىلنىڭ قولىدىكى رومكىنى ئېلىپ ئەتراپىغا قارىدى .

— بو ··· بوپتۇ ، كۆپچىلىكنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن بىر رومكا ئىچىپ قوياي ، مۇ ··· مۇشۇ رومكىدىن كېيىن زورلىمايسىلەر ـ ھە ؟ !

يەنە مۇزىكا ياڭراپ تانسا داۋاملاشتى . جالال ئورۇندۇقىنى ئەلى تەرەپكە سۈرۈپ يېقىنلاشتى .

— قا ··· قانداق ؟ جەمئىيەتىمىزدە كۆپ ئۆزگىرىشلەر بولۇپ كېتىپتىمۇ ؟ سو ··· سولچىلىق تۈگىدى . خە ـ خەلقنىڭ

تۇرمۇشى ياخشىلىنىپ كەتتى ... سى - سىنى ئۆيگە بىر چاقىرىۋالاي ، دەپ ئۇقۇشسام كىتىپ قاپسەن... ئۇ كۈنى ئىدارە ئالدىدا چالا - پۇچۇقلا كۆرۈشۈپ قالدۇق ، نىمىشقا تا ... تا ... تانسا ئوينىمايسەن ؟

— بىز مەكتەپتىكى چاغدا نەدە تانسا قىلاتتى . كىيىن ھىلىقى سارائ ئىنقىلاب باشلىنىپ كەتتى . ئۇنىڭدىن كىيىن ئۆمرۈم تۈرمىدە ئۆتتى... نەدە يۇرۇپ تانسا ئۆگىنىمەن ؟ !

— راست ئىيتتىڭ ، ئۇ چاغدا ئەجەب بىر ئىشلار بولۇپ كەتتىغۇتاڭ ! ھىلىمۇ سالامەت چىقىپسەن ، شۇ ... شۇنىسى غەنىيمەت... سا ... سا ... ساڭا ئىيتىدىغان بىر گىپىم بار ... بار ئىدى .

— ئىيت !

— ئا ... ئانچە ... مۇھىممۇ گەپ ئەمەس . بىراق ، ئا ... ئا ... ئارىنى ئوچۇق قىلىۋەتمىسەكمۇ بولمايدۇ . گە ... گەپ شۇ...

ئەلى ئورۇندۇقنى ئارقىغا تارتىپ تامغا يۆلەندى . جالال ئورۇندۇقنى يۆتكەپ كىلىپ ، تىخىمۇ يىقىن ئولتۇردى .

— گىپىڭنى قىلىۋەر .

— خوش ، تا ... تا ... تاماكا يوقمۇ ؟

— مەن چەكمەيمەن .

— مە ... مەنمۇ چەكمەيمەن . كۆ ... كۆ ... كۆرسەم خۇمارى...

ئۇ نىرىدا تۇرغان ئۇستەل ئۇستىدىكى تاماكىدىن بىر تال ئىلىپ ، تۇتاشتۇرۇپ قايتىپ كەلدى .

— خو ... خوش ،— دىدى ئۇ يەنە ،— مەكتەپتىكى چاغدا

سېنىڭ ياتىقىڭنى ئاختۇرۇپ ئاچقىپ كەتكەن قولىيازمىلىرىڭنىڭ بەزىسى مېنىڭ قولۇمغا چۈشۈپ قالغانىدى . مەن كېيىن ئەلىنىڭ ئۆزىگە قايتۇرۇپ بېرىۋېتەرمەن ، دەپ ساقلىغان… ھە . ئىشلار ھېلىقىدەك بولۇپ قولغا ئېلىنىپ كەتتىڭ . سېنى ئىككى يىل كېچىكتۈرۈپ ئېتىشقا ھۆكۈم قىلىنغانلىقىنى ئاڭلاپ «ئەي يامان بولدى ، ئەمدى ئەلى ئېتىلمىغان تەقدىردىمۇ ئۆمرى تۈرمىدە تۈگەيدىغان بولدى» دەپ ناھايىتى ئېچىندىم . قولۇمدا ساقلانغان شېئىرلىرىڭنى ئوقۇپ باقسام ، يامان ئەمەس يېزىلغانىكەن . بۇ بىچارىنىڭ ئەسەرلىرى بولسىمۇ ئېلان قىلىنىپ كەتسە بولاتتى ، دەپ ئويلىدىم . ئۆزۈڭ بىلىسەن ، ئۇ چاغدا سېنىڭ نامىڭدا بىر نەرسە ئېلان قىلغىلى بولمايتتى . سالامەت قايتىپ چىقالىشىڭ كىمنىڭ خىيالىغا كەپتۇ دەيسەن ؟ ئەسەرلىرىڭنىڭ ئۆلمەسلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ ، بىر قىسىم شېئىرلىرىڭنى مەن ئۆز نامىمدا ئېلان قىلدىم… بۇ … بۇ … بىۇ ئىشتىن خەۋەردار بولۇپ قالساڭ ، ئۇ… ئۇ … ئۇقۇشماي باشقىچە گەپ بولۇپ يۈرمىسۇن…

— ئېلان قىلغان شېئىرلىرىڭنى كۆردۈم . ئەمدى نېمە دېمەكچىسەن ؟ ئوچۇق دېگىنە !

— كۆ … كۆ … كۆردۈڭما ! نېمە دېمەكچىدىم ، باشقىلارنىڭ ئالدىدا : «شۇ شېئىرلارنى مەن يازغان ، جالال ئۆزىنىڭ نامىدا ئېلان قىلىۋاپتۇ» دەپ گەپ تارقىتىپ يۈرمە دېمەكچىمەن ، ئە … ئەھۋالنى ئېيتتىمغۇ ، مەن ئۇنى يا … يا … ياخشى نىيەت بىلەن…

— شېئىرلار مېنىڭ بولغاندىكىن مېنىڭ دەيمەن- دە !…

— ئە … ئە … ئەلى ، سېنى غەرەز ئۇقمدۇ ، دەپ گەپنى ئوچۇقلا ئېيتتىم . قا … قالغىنىنى ئۆزۈڭ بىل . جەمئىيەتكە

يېڭى چىقتىڭ . بىر ـ بىرىمىزگە تېخى لازىم بولۇپ قالىمىز . ۋىلايەتكە سېنى «ژۇرنالدا ئىشلىسۇن» دەپ تونۇشتۇرغان ئا ... ئا ... ئادەم كىم ، بىلەمسەن ؟

— كىم ؟

— مە ... مە ... مەن !

— سەن تونۇشتۇرغان ئىش بولسا كۆتۈر ئۇنداق ژۇرنىلىڭنى !

— ئەلى ، مۇ ... مۇشۇنداق كا ... كا ... كاجلىقىڭدىنمۇ جىق زىيان تا ... تا ... تارتتىڭ ...

— نېمە ! ؟

ئەلى ئۇنى بىلىكىدىن كاپ قىلىپ تۇتۇپ ، سۆرىگىنىچە ياندىكى ئىشىكى قىيا ئوچۇق تۇرغان كىچىك ئۆيگە ئەكىرىپ كەتتى ـ دە ، «گۇپ» قىلىپ ئىشىكنى ياپتى .

— هازىر نېمە دېدىڭ ؟ راست دەيسەن ، مەن كۆپ زىيان تارتتىم . ساڭا ئوخشاش ساختىپەزلەر هازىرغىچە پايدا ئېلىۋېتىپتۇ . لېكىن مېنى ئۇنچىلىك بوزەكمىكىن دەپ قالما ، مەن تېخى ساڭا تېتىيمەن .

— قو ... قو ... قولۇڭدىن نې ... نې ... نېمە كېلەر ؟ !

— قولۇمدىن نېمە كېلەتتى . مېنىڭ ئەسەرلىرىمنى ئەينى ۋاقىتتا قانداق تارتىپ چىقىپ كېتىشكىنىڭنى ، كېيىن سېنىڭ بۇ شېئىرلارنى ئۆزگەرتىپ ، مەزمۇنىنى پۇچەكلەشتۈرۈپ ئۆز نامىڭدا ئېلان قىلىنىۋالغىنىڭنى يېزىپ چاۋاڭنى چىتقا يايىمەن . «جالال — ئىجادىيەت ئوغرىسى» دەپ خەلقئالەم ئالدىدا رەسۋايىڭنى چىقىرىمەن...

شۇ چاغدا ئىشىكنى ئېچىپ ئىسمائىل كىرىپ قالدى ـ دە ،

ئىككىسىنىڭ ئەلپازىغا قاراپ ھەيران بولدى . ئەلى غەزەپتىن تىترەپ كەتكەن ، جالال تامدەك تاتىرىپ كىتاب جازىسىغا يۆلىنىپ قالغانىدى .

— ھوي ، ئاغىنىلەر ، نېمە بولدۇڭلار ؟— دېدى ئىسمائىل ،— ھەرقانچە گەپ بولسا مېھمانلار كەتكەندە قىلىشىڭلار .

ئەلى چىقىپ كەتتى . چوڭ ئۆيدە گېزىتخانىنىڭ مۇھەررىرى كۆپچىلىككە نېمە توغرىسىدىدۇر ھېكايە قىلىپ بېرىۋاتاتتى . ئاياللار قاتتىق كۈلۈشمەكتە ئىدى . ئاشخانا تەرەپتىن ئايگۈل چىقىپ ، ئەلىنى شەرەت قىلىپ قىچقاردى . ئەلى مېھمانلارنى ئارىلاپ ئۆتۈپ ئاشخانىغا چىقتى .

— نېمە بولدىڭىز ، چىرايىڭىز بىر قىسىملىغۇ ؟— دېدى ئايگۈل .

— ھېچنېمە ، سىزگە شۇنداق كۆرۈنۈۋاتامدىكىن .

— سىزگە بىرنىڭ ئامانەت گېپى بار ئىدى ، گېپىمنى يىرماي ماقۇل دەرسىزمۇ ؟

— نېمە گەپكىن ئاڭلاپ باقاي…

— قاراڭ ،— دېدى ئايگۈل چىنە - قاچىلار دەستىلەپ قويۇلغان ئۈستەلگە يۆلىنىپ تۇرۇپ ،— باياتىن بېرى ئىبادەت يېنىمغا ئىككى - ئۈچ چىقتى . «ئەلىنى بىزنىڭ ئۆيگە باشلاپ بارساڭلار » دەيدۇ . «مېھمان قىلىدىغان ئادەم ئۆز ئاغزىڭ بىلەن بىرنېمە دېمەمسەن » دېگەنتىم ، ھازىر يەنە چىقىپ : «ئەلى مەكتەپتىكى چاغدا مەندىن قاتتىق رەنجىگەن . كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا گەپ قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدىم . جېنىم ئايگۈل ، مېنىڭ ئۈچۈن سەن بىرنېمە دەپ باقساڭ » دەپ يالۋۇرۇپ كەتتى . سىزنى

شۇڭا قىچقارغانىدىم . ئەتە...

— بولدى ! — دەپ ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى ئەلى ، — بۇ گەپنى قويۇڭ . مەن ئۇنىڭ ئۆيىگە دەسسىمەيمەن .

— ئۇمۇ ساۋاقدىشىڭىز بولغاندىكىن بېرىپ قويسىڭىز يامان كەتمەيتتى . بىچارىنىڭ كۆڭلى بەك يېرىم ، ھازىر ئۇ بۇرۇنقىدىن كۆپ ئۆزگىرىپ كەتتى...

— ئۇ بىر ئىت ! — دەپ ۋارقىرىۋەتتى ئەلى ،— «ھويت كۇش ـ كۇش» دەپ بېرىدىغانلارلا بولسا يەنە ئادەم چىشلەيدۇ .

— بوپتۇ ، ئىختىيار ئۆزىڭىزدە ، ئەمدى ئىبادەتكە نېمىمۇ دەرمەن ؟ ... — دېگىنىچە تۇرۇپ قالدى ئايگۈل .

ئەلى مېھمانلار بار ئۆيگە قايتىپ چىقتى . چىقىپلا كۆزى تىكىلىپ قاراپ تۇرغان ئىبادەتكە چۈشتى . ئەلى ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئېتتىك قاچۇردى ـ دە ، قەيەرگە بېرىپ ئولتۇرۇشىنى بىلمەي تېڭىرقاپ قالدى . شۇ تاپتا شائىر ئابدۇراخمان «شاۋقۇنى» ئوتتۇرىدا ئۆرە تۇرۇپ ، ئۇزۇن بىر قەغەزگە يېزىۋالغان شېئىرىنى ئىشتىياق بىلەن ئوقۇۋاتاتتى . نېرىقى كىچىك ئۆينىڭ قىيا ئوچۇق تۇرغان ئىشىكتىن ، ئۇ يەردە جالالنىڭ ئىسمائىلغا تېخىچە نېمىلەرنىدۇر دەپ دادلاۋاتقىنى كۆرۈنۈپ تۇراتتى... نېمىشقىدۇر ئەلىنىڭ بۇ سورۇندىن يوقالغۇسى ، ساپ ھاۋاغا چىقىپ ، كەڭ بىر دالاغا قاراپ ماڭغۇسى كەلدى . ئۇ تامغا يۆلەپ قويغان ئۇستەللەرنىڭ بىرىدە ئاغزى ئوچۇق تۇرغان بوتۇلكىدىن ئىككى رومكا ھاراق قۇيۇپ ئارقا ـ ئارقىدىن كۆتۈرۈۋەتتى ـ دە ، تالاغا چىقىپ كەتتى .

ئەلى قورۇدىكى گۈللۈك يېنىدىن ئىتتىك ئۆتۈپ ، دەرۋازىنى ئېچىپ يولغا چىقتى . ھاۋا مۇزدەك ۋە تازا ئىدى .

ھېلىلا يامغۇر يېغىپ توختىغان بولسا كېرەك. ئاسفالت يول نەم ئىدى. قاپقارا بۇلۇتلار ئارىسىدا ئۈزۈپ يۈرگەن ئاي مۆكىمۆكۈلەڭ ئويناۋاتقان بالىلاردەك بىر كۆرۈنۈپ، بىر كۆرۈنمەي قالاتتى. ئەلى چوڭ كوچىنىڭ چېتىدىكى دەرەخلەر ئاستى بىلەن مېڭىپ كەتتى... ئاز ئۆتمەي ئۇ بىرىنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان ئاياغ تاۋۇشىنى ئاڭلىدى. ئەلى توختاپ قارىدى. چوڭ يولنىڭ ئوتتۇرىسى بىلەن بىرەيلەن يۈگۈرۈپ كېلىۋاتاتتى.

— ئەلى!

— كىم؟

— مەن!

ئاي يورۇقىدا ئەلى يولنى كېسىپ ئۆتكەن ئىبادەتنى ئېنىق كۆردى ــ دە، قارىماي مېڭىپ كەتتى.

— ئەلى!

ئۇ تېخىمۇ قاتتىقراق ۋارقىرىدى. ئاي بۇلۇتلار ئارىسىغا يوشۇرۇنۇپ، يەنە ھەممە نەرسە قاراڭغۇلۇق ئىچىگە چۆكتى. ئەلى تۇرۇپ قالدى. ئىبادەتمۇ ھاسىراپ يېتىپ كېلىپ ئۇنىڭ ئالدىدا توختىدى.

— نېمە، گېپىڭ بارمىدى؟

— مەنمۇ سىزنىڭ ساۋاقدىشىڭىزغۇ، بىر ــ ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ قويسىڭىز نېمە بولىدۇ؟!

— مېنىڭ ساڭا قىلىدىغان گېپىم يوق!

— ئەلى، نېمشقا بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنىلا مېنىڭدىن كۆرىسىز؟...

— كىم ھەممىنى سېنىڭدىن كۆرۈپتۇ؟ شۇ چاغدىكى مۇھىت

ساڭا ئوخشاش چايانلارنىڭ ئادەم چېقىشىغا شارائىت تۇغدۇرۇپ بەرگەن . بۇنى مېنىڭ چۈشەنگۈچىلىكىم بار... ساڭا مەن ھېچنېمە دېمىدىمغۇ ، نېمىدەپ كۆزۈمگە كىرىۋالىسەن ؟ !

— ئۇ چاغدا ھەممىمىز گۆدەك ، ساددا ئوقۇغۇچىلار ئىدۇققۇ ؟... شۇ چاغدىكى تەشۋىقات ، سىياسىي چاقىرىقلار بىزنى شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر قىلغانغۇ... سىزنىڭ ماڭا ھېچنېمە دېمىگىنىڭىزنىڭ ئۆزى بىر ئازاب... سىز مېنى تىللاڭ ، ئۇرۇڭ...

— سېنىڭ ماڭا قىلغان زىيانكەشلىكىڭ ئوقۇشماي قىلىپ قويىدىغان چەكتىن ئېشىپ كەتكەن . مېنىڭ ئۇستۇمدىن يازغان پاش قىلىش ماتېرىياللىرىڭنىڭ ھەممىسىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم . ئېيتىپ باققىنا ، شۇ يازغانلىرىڭنىڭ قانچىلىكى راست ؟ سەن زادى مېنىڭ يۈرىكىمنى قانچىلىك چۈشىنىسەن ؟...

ئىبادەتنىڭ بېشى چۈشۈپ كەتتى .

— سەنلەر مېنى ئۆلۈمگە ئىتتەرگەنىدىڭ ، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى ئەلى ، — مەن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىپمۇ بولغان ، لېكىن ئىشنىڭ ئاخىرى سەنلەر كۈتكەندەك بولۇپ چىقمىدى .

— ئەلى ، — دېدى ئىبادەت بېشىنى كۆتۈرۈپ ، — راستىمنى ئېيتسام ، بۇ ئىشلارغا شەخسىي غەرەزىمۇ ئارىلىشىپ كەتكەن . مەن سىزنى ياخشى كۆرەتتىم...

— مېنى ؟ مېنى ياخشى كۆرەتتىڭ ؟ !

— گېپىمنى ئاڭلىماسىز . مەن سىزنى ياخشى كۆرەتتىم . بىراق ، سىز مېنى زادىلا كۆزىڭىزگە ئىلىپ قويمىدىڭىز . كېيىن ، رابىيە ئىككىڭلار يېقىن بولۇپ كەتتىڭلار ، مەندە

كۆچلۈك ھەسەت تۇغۇلدى. كېيىنكى ئىشلارغا كۆڭلۈمدىكى مۇشۇ ئاداۋەت ئارىلىشىپ كەتتى... ئىشىنەمسىز؟ كېيىن مەن قىلغانلىرىمغا پۇشايمان قىلىپ قانچە ـ قانچە قېتىم يىغلىدىم، لېكىن ۋاقىت ئۆتكەنىدى... قانۇن بەزىدە ئادەم ئۆلتۈرگەن جىنايەتچىنىمۇ كەچۈرىدىغۇ؟ سىز مېنى زادىلا كەچۈرمەمسىز؟ مېنىڭ جىنايىتىم شۇنچىلىك ئېغىرمۇ؟

— راست ئېيتتىڭ، جەمئىيەت مۇرەككەپ، بەزىدە ئادەم ئۆلتۈرگەن قاتىل كەچۈرۈمگە ئىگە بولىدۇ؛ بەزىدە بىگۇناھ ئادەملەر يىللاپ تۈرمىدە ئازابلىنىدۇ... ماڭا قىلغان زىيانكەشلىكىڭ مېنىڭ بىلەنلا كەتمىدى. بىچارە رابىيە «ئەكسىلئىنقىلابچىنىڭ ئايالى» دەپ خورلىنىپ ئۆلۈپ كەتتى. قانۇن كەچۈرەمدۇ، كەچۈرمەمدۇ ئۇ قانۇننىڭ ئىشى. لېكىن، مەن سەندەكلەرنى ئۆمۈر بويى كەچۈرمەيمەن!...

بۇلۇتلار ئىچىدىن يەنە ئاي كۆرۈندى ـ دە، ئەتراپ يورۇپ يول بويىدىكى دەرەخلەر ئۇزۇن سايە تاشلىدى. ئەلى ئىبادەتنى بىر چەتكە ئىتتىرىۋېتىپ ئۆتۈپ كەتتى.

— توختاڭە، ئاخىرقى بىر ئېغىز گېپىم!— دەپ نېمىگىدۇر پۇتلىشىپ دەل ئەلىنىڭ ئايىغى ئاستىغا كېلىپ يىقىلدى ئىبادەت. ئۇ ئورنىدىن قوپماي سۆزلەپ كەتتى، — سىز تۈرمىگە رابىيەنىڭ نامىدىن خالتا كىرگۈزۈپ تۇرغان ئادەمنىڭ كىملىكىنى ئىزدىگەنسىز!...

قانداقتۇر بىر گۇماندىن ئەلىنىڭ يۈرىكى ئېغىپ كەتتى.

— ئىزدىدىم، — دېدى ئۇ.

— تاپتىڭىزمۇ؟

— تاپالمىدىم...

— قىلغان خاتالىقلىرىمنىڭ توۋىسى ئۈچۈن ، رابىيەدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىڭىزنى بىلىندۈرمەسلىك ئۈچۈن خالتىلارنى مەن ئەۋەتىپ تۇرغان…

ئەلىنىڭ كۆز ئالدى بىردىنلا قاراڭغۇلىشىپ كەتتى . ھەممە نەرسە — بۇلۇتلار ئارىسىدا ئۈزۈپ يۈرگەن تولۇن ئاي ، تومۇرلاردا ئېقىپ تۇرغان ئىسسىق قان ، ھەتتا پىرقىراۋاتقان يەر شارىمۇ بىر مىنۇتقا توختاپ قالغاندەك بىلىندى . ئۇ ، مەن ئالدىنىپتىمەن ، ئەۋەتكەن ھەممە نەرسەڭنىڭ پۇلىنى ھېسابلاپ ئال ، دېمەكچىدى . بۇ گەپنىمۇ ئېغىزدىن چىقارماي ئىچىگە يۇتتى- دە ، نەم يول ئۈستىگە يىقىلغان ئىبادەتنى يۆلەپ ئورنىدىن تۇرغۇزدى . قىز ئەلىنىڭ بوينىغا ئېسىلغىنىچە يىغلىۋەتتى… ئۇ نېمىشقا يىغلايدۇ ؟ ئۇنىڭ قەلب دېڭىزىنى چايقاۋاتقان مۇھەببەتمۇ ، ھەسرەتمۇ ياكى پۇشايمانمۇ ؟…

ئەلى قىزنىڭ باغرىدىن تەستە ئاجراپ ، بۇرۇلۇپ مېڭىپ كەتتى . ئىبادەت نېمە قىلىشنى بىلمەي ئۆز ئورنىدا تۇرۇپ قالدى . ئەلى ئالغا قاراپ توختىماي كېتىپ باراتتى . ئۇ ئۆزىنىڭ قەيەرگە بېرىشىنىمۇ ئۇقمايتتى . شۇ تاپتا ئۇنىڭ خىيال دۇنياسىدا : بۇ ئالەمنىڭ غوۋغاسىدىن تويۇپ ، پاك بولۇۋېلىشنى ئەۋزەل كۆرگەن كامال ، ساختىپەزلىك بىلەن يۇقىرىغا ئۆرمىلەپ كېتىپ بارغان جامال ، تۇرمۇشتا ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى جۈپتىنى تاپالماي بەختسىز بولۇپ قالغان سارە ، بىر ئۇلۇغ قەھرىمان بولۇپ چىقىشنى ئارمان قىلىپ ، ئاخىردا ھېچنېمە بولالمىغان ئەزىز ، ۋاقىتنىڭ بىر تىيىنلىك قەدىر - قىممىتى بولمىغان شۇ يىللاردا پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي بىلىم ئىگىلەپ ، پەقەت ئون نەچچە يىلدىن كېيىنلا ئۆزىنىڭ لايىقىدا خىزمەت

ئۇرنىنى تاپالىغان ئىسمائىل ۋە يەنە ئۇنىڭ ئايىغى ئاستىدىكى نەم تۇپراققا كېلىپ يىقىلغان ئىبادەت بىر - بىرىگە ئارىلىشىپ پىرقىراپ يۈرەتتى… شۇ تاپتا ئەلى راخمان مۇئەللىمنى سېغىنغانىدى . ھايات ، كىشىلىك تۇرمۇش ، ئىنسانلار قەلبى ۋە يەنە نېمىلەر توغرىسىدىدۇر ئاشۇ ئاجايىپ ئادەم بىلەن پىكىرلەشكۈسى كېلەتتى . مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىدىكى ھېلىقى كىچىك قاۋاق مۇشۇنداق چاغدىمۇ ئوچۇق بولاتتىمىكىن ؟ چىلىغان سامساقنى زاكوسكا قىلىپ بىر رومكا ھاراق ئىچسە…

## 12

ئاجايىپ ئىش شۇ بولدىكى ، ئەلى شۇ كەتكىنىچە قايتىپ كەلمىدى . ئۇنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم كۆرگەن كىشى ئىبادەت بولۇپ قالدى . ئۇ ئاخىرقى قېتىم بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىغاندا ئەلى يىراقلاپ كەتكەن ، شۇنداق بولسىمۇ ئالدىدىن ئۇرغان شامالدا ئۇنىڭ چاپانلىرىنىڭ پەشلىرى يەلپۈنۈپ تۇرغانلىقى ئاي يورۇقىدا ئېنىق كۆرۈنگەنىدى… ئۇنىڭ قەيەرگە يوقالغانلىقىنى ھېچكىم بىلەلمىدى . ئىسمائىل كىچىك ماشىنىغا ئولتۇرۇپ ئەتراپىنى بىرنەچچە كۈن ئىزدىدى . شىۋاقلىق دۆڭدىكى قەبرىستانلىققىچە باردى . قايتىشتا ھېلىقى شارقىراتما ئۈستىدىكى كۆۋرۈكتە ئۇزاق خىيال سۈرۈپ تۇردى . ئەلىنىڭ زادى قەيەرگە يوقىلىپ كەتكەنلىكىگە ئۇنىڭ پەقەت ئەقلى يەتمىدى…

ئاردىن ئىككى يىل ئۆتۈپ كەتتى . بۇ ئىككى يىل ساۋاقداشلار تۇرمۇشىغا نۇرغۇن يېڭىلىقلارنى ئەكەلدى . سارە

بىلەن ئەزىز يىراق ـ يېقىندىكى ھەممە ساۋاقداشلىرىنى دېگۈدەك چاقىرىپ چوڭ توي قىلدى . بۇ تويدا ئۇلار ئەلىنىڭ بولمىغانلىقىغا ناھايىتى ئېچىنىشتى… ئەلىنىڭ ئاكىسى ئوسمان «ئىنىم مېنىڭدىن رەنجىپ قالغانمىدىكىن ؟ » دېگەن گۇمان بىلەن قىينىلىپ ، ھاراقنى بىراقلا تاشلاپ جىمغۇر بولۇپ قالدى .

جالالنىڭ مەدەنىيەت ئىدارىسىدىكى مەنسىپى ئېلىپ تاشلاندى . لېكىن ، ئۇ ئەلى يوقىلىپ كېتىپ ، خەلقئالەم ئالدىدا «ئوغرى شائىر» دېگەن بىر چوڭ رەسۋاچىلىقتا قېلىشتىن قۇتۇلۇپ قالغانلىقىغا خۇشال بولۇپ يۈرەتتى… كامالنى جالالنىڭ ئورنىغا باشلىق قىلىپ ئۆستۈرمەكچى بولغانىدى . لېكىن ، ئۇ : «مەن باشلىق بولمىسام ، مېنى مۇشۇ تەرجىمانلىقتىنلا ئازاد قىلىۋەتسەڭلار… » دەپ تۇرۇۋالدى . بۇ بىر ـ ئىككى يىل ئىچىدە ئۇ بىرنەچچە كىتابنى تەرجىمە قىلىپ نەشرىياتقا بېرىۋەتتى ، ئۇنىڭ ئايالى زۆھرە ھازىرمۇ ھەركۈنى ئەتىگەنلىكى كامالغا كۆرگەن چۈشىنى سۆزلەپ ، ئۇنىڭ يوقىلىپ كەتكەن ئاغىنىسىنىڭ تەقدىرى توغرىسىدا ئاجايىپ قىياسلارنى قىلاتتى .

بۇ قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە ئىبادەتنىڭ چاچلىرى ئاقىرىپلا كەتتى . ئۇنى مائارىپ ئىدارىسى چاقىرىپ يېمەكلىككەر دۇكىنىدىن قايتىپ كېلىپ مۇئەللىم بولۇشقا تەكلىپ قىلغانىدى . ئۇ رابىيە بىلەن قايتا تەربىيە ئېلىشقا چۈشكەن ھېلىقى خىلۋەت يېزىغا قايتىپ بېرىپ ، يېزا بالىلىرىنى ئوقۇتۇشنى تەلەپ قىلدى . يېزىنىڭ يېنىدىكى قەبرىستانلىقتا ئۇ پات ـ پات چىقاتتى . ئۇ يەردە ، سىلىقلانمىغان بىر تاشقا مايماق ـ سايماق قىلىپ يېزىپ قويۇلغان «رابىيەنى تاپالمىدىم . ئەلى» دېگەن سۆزنى قايتا ـ قايتا ئوقۇيتتى . بۇ بىر جۈملە سۆز ئۇنىڭ خاتىرىسىگە

ئۆتمۈش ھەققىدىكى نۇرغۇن ئىشلارنى سالاتتى...
يەنە كىم قالدى؟ ھە، ئىسمائىل. ئۇ رايون مەركىزىدىكى بىر ئىلىم - پەن تەتقىقات ئورنىغا ئۆستۈرۈلۈپ ئۇرۇمچىگە كەلدى. ئۇ راخمان مۇئەللىمنى يوقلاپ پات - پات كېلەتتى. مۇئەللىمنىڭ روھى يەنىلا كۆتۈرەڭگۈ ئىدى. پىروفېسسور، ئەلى كەلگەندە يېزىۋاتقان كىتابنى قولىدىن چىقارغانىدى، بىرلەشمە سىنىپتا ئوقۇغۇچىلارغا يەنە قىزغىن نۇتۇقلارنى سۆزلەيتتى.
— سەن ئەلىنى ئۆلۈۋالدى دەپ پەرەز قىلامسەن؟— دەپ سورىدى مۇئەللىم بىر كۈنى ئىسمائىلدىن،— سىڭىلچە، ئۇ ھېلىقى شارقىراتمىغا ئۆزىنى ئېتىۋالغانمىدۇ؟... ئۇ شۇنداق ئەخمەقلىقنىمۇ قىلغانمىدۇ - ھە!
ئىسمائىل مۇئەللىمنىڭ سوئالىغا ئېنىق بىرنېمە دېيەلمىدى. راخمان مۇئەللىم ئۆز مۇلاھىزىسىنى يەنە داۋاملاشتۇرۇپ كەتتى.
— ئەلى، ھەي بۇ بالا چوڭلا ئادەم بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ماھىيەتتە تېخى گۆدەك ئىدى. ئۇ بۇ جاھانغا تۇرىلىپ نېمە كۆردى؛ يېزىدا چوڭ بولدى، يېزىدىنلا مەكتەپكە كەلدى، ئاندىن تۇرمىگە كىردى. ئۇنىڭ جەمئىيەتكە ئارىلاشقان ۋاقتى پەقەت بىرنەچچە ئايلا بولۇپ قالدى. بىرنەچچە ئاي!... ئىبادەت ئۇنىڭغا ئەگىشىپ چىققان كېچىسى ئەلىنىڭ قەلبىدە قانداق بورانلار كۆتۈرۈلۈپ، قانداق دولقۇنلار ئۆركەشلىدى، بۇنى كىم بىلىپتۇ؟... ئۆلۈمنى دېسەڭ، ھەممىمىز ئۆلۈپ كېتىمىز، ئادەمنىڭ ئۆمرى بىر تونېلدىن چىقىپ، ئىككىنچى بىر تونېلغا قاراپ كېتىۋاتقان پويىزغا ئوخشىشىدۇ. قۇياش بۇ ھايات ھارۋىسى ئۈستىدە پەقەت بىرنەچچە كۈنلا پارلاپ قالىدۇ - دە،

ئاندىن ئۇ يەنە بىر قاراڭغۇلۇققا كىرىپ غايىب بولدۇ، مەڭگۈگە غايىب بولدۇ…

يەنە بىر كۈنى ئىسمائىل ئىشكتىن كىرىپلا:
— ئاڭلىدىڭىزمۇ، — دەپ مۇئەللىمگە يېڭى خەۋەر يەتكۈزدى، — ئەلى ئۆزىنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يېزىسىدىكى كىشىلەرنىڭ كۆزىدىن نېرى بىر ئۆيدە تۇرۇپ، بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى كىتاب قىلىپ يېزىۋاتقۇدەك… ھېلىقى چاغدا قەبرىستانلىقتىن قايتقان كۈنىمىز، ئەلى ماشىنىدا ئولتۇرۇپ: «راخمان مۇئەللىمنى سېغىندىم» دېگەنىدى. ئۇ ھاياتلا بولسا، چوقۇم سىزنى يەنە ئىزدەپ كېلىدۇ.
— شۇنداق بولماي! — دەپ ئىشەنچ بىلەن ئېيتتى مۇئەللىم، — ئۇنىڭ كىتابىنىڭ بىرىنچى ئوقۇغۇچىسى چوقۇم مەن بولىمەن…
شۇ كۈنى كەچتە، مۇئەللىم مەكتەپنىڭ ئالدىدىكى قاۋاققا كىرىپ بىرنەچچە رومكىنى ئوشۇق ئىچىۋەتتى. ئاخىرىدا: «سىلەر بۇ دۇكانغا نېمىشقا چىلىغان ساماساق ئەكېلىپ قويمايسىلەر!» دەپ ۋارقىراپمۇ كەتتى. دۇكاندىكىلەر بۇ كونا خېرىدارنىڭ نېمە بولغانلىقىنى چۈشىنەلمەي ھەيران بولۇشتى.

1985 ـ يىل، غۇلجا

图书在版编目(CIP)数据

多棱角杯:维吾尔文/买买提依明·乌守尔著—
乌鲁木齐:新疆青少年出版社,2010.5
(买买提依明·乌守尔作品集.第3辑)
ISBN978-7-5371-8535-6

Ⅰ.Ⅰ多… Ⅱ.Ⅰ买… Ⅲ.①中篇小说—作品集—
中国—当代—维吾尔语(中国少数民族语言)
②短篇小说—作品集—中国—当代—维吾尔语
(中国少数民族语言) Ⅳ.①I247.7

中国版本图书馆CIP数据核字(2010)第081054号

责任编辑:阿布里克木·艾山
卡丽拜努尔·卡德尔·阿尔斯朗
责任校对:阿布列孜·阿巴斯
封面设计:阿里甫·夏

买买提依明·乌守尔作品选(3)
多棱角杯(维吾尔文)
买买提依明·吾守尔 著

新疆青少年出版社出版
(乌鲁木齐市胜利路二巷1号 邮编:830049)
新疆新华书店发行
乌鲁木齐市海洋彩印有限公司印刷
850×1168毫米 32开本 11.875印张
2010年5月第1版 2010年5月第1次印刷
印数:1—5000

ISBN978-7-5371-8535-6 定价:30.00元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换





# قىرلىق ئىستاكان

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: غالىب شاھ
خەتتات: ئابلىكىمجان زۇنۇن جۇلانى

ISBN 978-7-5371-8535-6
9 787537 185356 >
باھاسى: 30.00 يۈەن